


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئاپتورىنىڭ رۇخسىتى ۋە تەلپى بىلەن ئېلكىتاب توردا تۇنجى بولۇپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org


ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

ئۆمەر ئىمىن

# ئاتا-ئانام نەدە؟

## لاگېر پاجىئەلىرىدىن ئوچېرىك ۋە ھېكايىلەر (2)



ئۆمەر ئىمىن

ئاتا-ئانام نەدە؟

دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى

As part of a decades-long campaign to subjugate the Turkic-speaking and predominately Muslim ethnic Uyghurs in the northwestern region of Xinjiang, China forced about 8 million people over six years into reeducation camps. There, according to Western nations and human rights advocates, they are subjected to torture (including rape) and indoctrination into Communist Party teachings, forced to renounce Islam and learn Mandarin, and required to declare their fealty to the Chinese government. The Trump administration appropriately described China's efforts as genocide, a conclusion Joe Biden reached before he took office as president

*(Los Angeles Times, May 28, 2021 )*

نەچچە ئون يىل داۋاملاشقان شىنجاڭنىڭ (شەرقىي تۈركىستاننىڭ) غەربىي شىمالىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ۋە مۇسۇلمانلىقنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، جۇڭگو (خىتاي) ئالتە يىل جەريانىدا تەخمىنەن 8 مىليون ئادەمنى قايتا تەربىيىلەش لاگېرىغا مەجبۇرىي سولىدى. غەرب دۆلەتلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ يەردە ئۇلار قىيىن-قىستاققا ئېلىنغان (باسقۇنچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە كومپارتىيىنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىشكە زورلانغان، ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىشكە ۋە خىتاي تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلانغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگو (خىتاي) ھۆكۈمىتىگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ترامپ ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ (خىتاينىڭ) بۇ تىرىشچانلىقنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ مۇۋاپىق تەسۋىرلىدى، بۇ جو بايدىن پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتىن بۇرۇن چىقارغان يەكۈن ئىدى.

*لوس - ئانجېلىس ۋاقتى گېزىتى، 2021 - يىلى 28 - ماي*

9 788269 194852

ئۆمەر ئىمىن

# ئاتا-ئانام نەدە؟

## لاگېر پاجىئەلىرىدىن ئوچېرك ۋە ھېكايىلەر ( 2-قىسىم)

ئۇيغۇر يازغۇچىلار نەشرىياتى

# ئاتا-ئانام نەدە؟

لاگېر پاجىئەلىرىدىن ئوچېرىك ۋە ھېكايىلەر (2-قىسىم)

Where Are My Parents?
Wo sind meine Eltern?
Anne ve Babam Nerede?

Author: Ömer Imin

ئاپتور: ئۆمەر ئىمىن
تەھرىر: نۇرگۇل رۇزى
بەتچىك: ئالىمجان ئىبراھىم
كوررېكتور: مەمەتئېلى نىياز ئۇيغۇربەگ
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: شەبنەم ھاشىم
نەشىر قىلغۇچى: ئۇيغۇر يازغۇچىلار نەشرىياتى
2021 - يىلى 9 - ئاي

ISBN 978-82-691948-5-2

ھەمكارلاشقۇچى: ئېلكىتاب تورى
www.elkitab.org
ئېلكىتاب

# مۇندەرىجە


سىلەرمۇ بىر قەھرىمان!................................................................... I
قەلبىنىڭ قەلبىگە سىغدۇرالمىغان پاجىئەلەر ..................................... 1
9 - نومۇرلۇق تۇتقۇن گۈلباھار گۇناھسىز ئىدى.................................. 37
گۈلباھارنىڭ گۇۋاھلىقى كۆز يېشى بىلەن چىقاتتى................................ 79
مۇراجىئەتچى مىرادىل ھەسەن ئېيتقان ئۈچ ۋەقە .................................. 113
ئايخان ئانىنىڭ ئاخىرەتلىرىگە بارالمىغان ئوغلى ھەسرەتتە!................ 145
ۋارىسىنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتى سىرلىق ئىدى........................................ 169
ئاياق ئىچىدىن چىققان مەخپىي خەتنىڭ سىرى.................................. 213
گۈلجامالنىڭ گۈلى سولۇپ كېتەرمۇ؟................................................... 227
دەريادىن سۈزۈۋېلىنغان قۇرئان........................................................ 245
ئاتا - ئانام نەدە؟................................................................................ 263
مېنىڭ بالىلىرىم نەدە؟ ....................................................................... 275
ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئىدى...................................................................... 299
ئۇ مېنىڭ قىزىم ئىدى!....................................................................... 319
ئۇ نېمىشقا ئۆلتۈرۈلدى؟..................................................................... 331




بۇ بالىلار ئۆز كىملىكىگە ئىگە بولالامدۇ؟



# سىلەرمۇ بىر قەھرىمان!

سىلەرمۇ بىر قەھرىمان ئەي جەسۇر شاھىتلار!
لاگېردا تارتتىڭلار كۆپ ئازاب - ئوقۇبەت!
قىسمىتىڭلارنى ئۆزۈڭلارنىڭ باشتىن كەچۈرگەن،
ئۇنتۇيالمايسىلەر قارا كۈننى ئەبەدىل - ئەبەد!

سىلەرمۇ بىر قەھرىمان ئەي جەسۇر شاھىتلار!
كەلدى بېشىڭلارغا بەكمۇ ئېغىر دەرت.
قۇتۇلۇپ چىقىپ سىلەر گۆر ئاغزىدىن،
بىلدۈردۈڭلار زالىملارغا تېخىمۇ نەپرەت!

سىلەرمۇ بىر قەھرىمان ئەي جەسۇر شاھىتلار!
سىلەر بىلەن بىلدى دۇنيا لاگېر سىرىنى.
پاش قىلىپ بىرمۇ - بىر خىتاي زۇلمىنى،
ئېچىپ تاشلىدىڭلار دۇنياغا ئەپتى-بەشىرىسىنى.

سىلەرمۇ بىر قەھرىمان ئەي جەسۇر شاھىتلار،
تۆھپەڭلارنى ئۇيغۇر خەلقى تەقدىرلەيدۇ!
قۇتۇلدۇ چوقۇم تۇتقۇنلار لاگېر-زىنداندىن،
ئەۋلادلار سىلەرنى مەڭگۈ قەدىرلەيدۇ!




ئاپتور جازا لاگېرى شاھىتى قەلبىنۇر خانىم بىلەن
بىرگە (2021-يىلى 6-ئاي، لوزان)

# قەلبىنۇرنىڭ قەلبىگە سىغدۇرالمىغان پاجىئەلەر

(مەن كۆرگەن بۇ ۋەھشىيلىكلەرنى قانداقمۇ قەلبىمگە سىغدۇرالايمەن؟

(قەلبىنۇر سىدىق)

قەلبىنۇر سىدىق خانىم 1969 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچىدە بىر ئۆزبېك مۇھاجىرى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۈرۈمچىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ خىتاي تىلى كەسپىدە ئوقۇپ، ئوقۇشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغاندىن كېيىن 1990-يىلى 9-ئايدا ئۈرۈمچى شەھەر مەركىزىدىكى سايباغ رايونلۇق يىگىرمە تۆتىنچى باشلانغۇچ مەكتەپتە خىتاي تىلىدىن دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەش بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنى باشلىغان. ئۇزاق قالماي قەلبىنۇر - ھەسەن ئىسمايىل ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر يىگىتى بىلەن توي قىلىپ بەختلىك بىر ئائىلە قۇرۇپ ۋە بىر پەرزەنتلىك بولۇپ، بەختلىك ئائىلە ھاياتىنى باشلىغان ئىدى.

قەلبىنۇر ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ ئىلغار ئوقۇتقۇچى، نەمۇنىلىك سىنىپ مەسئۇلى بولۇپ 30 يىلغا يېقىن خىزمەت قىلغان ئىدى. قەلبىنۇر ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنىڭ ئاخىرقى يىلىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى قۇرغان ئاتالمىش: «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دەۋالغان يىغىۋېلىش لاگېرىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، بۇ يەردە دەھشەتلىك پاجىئەلەرنىڭ

گۇۋاھچىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېچ ئويلاپ باقمىغان ئىدى.

**1 - قەلبىنۇرنىڭ لاگېردىكى ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنىڭ باشلىنىشى**

2017 - يىلى نورۇز ئېيىنىڭ ھارپا كۈنى ئىدى. قەلبىنۇر مەكتەپ رەھبەرلىكى تەرىپىدىن ئىشخانىغا چاقىرتىلدى. ئۇ ئىشخانىغا كىرىپ مۇدىرنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىككى يوچۇن كىشىنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ قالدى ۋە ئۇلارغا سالام قىلايمۇ - قىلمايمۇ؟ - دەپ بولغۇچە، ئۇلار گەپنى باشلىۋەتتى:

– سەن قەلبىنۇر سىدىق بولامسەن؟

– ھەـئە، مەن شۇ.

– بىز شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن كەلدۇق، سەن ئەتە سايباغ رايونلۇق مائارىپ ئىشخانىسىغا يىغىنغا بارىسەن؟ - دەپلا ئۇنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىنلا سۆزىنى داۋام قىلىپ، - سەن بۇ مەكتەپتە ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولغاچقا، سېنى باشقا بىر ئالاھىدە خىزمەتكە يۆتكىمەكچى بولۇپ كەلدۇق. مەخسۇس چوڭلار ئۈچۈن قۇرۇلغان: «ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەكتىپى»دە خىتاي تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولىسەن! ئەتە سېنى بىز يېڭى خىزمەت ئورنۇڭغا ئۆزىمىز ئاپىرىپ قويىمىز. خوش! ئەمسە، بىز كەتتۇق - دەپلا قەلبىنۇرنىڭ بىر ئېغىز ياق ياكى ماقۇل دېگەن جاۋابىنى كۈتمەستىنلا چىقىپ كېتىشتى.

قەلبىنۇرغا مەكتەپ مۇدىرى: - سىز بىر شەرەپلىك خىزمەتكە يۆتكەلدىڭىز، تەبرىكلەيمەن! ھازىردىن باشلاپ ئۆيىڭىزگە كېتىپ، يېڭى خىزمەت ئورنىڭىزغا ئىشقا چۈشۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋېلىڭ - دەپ، قەلبىنۇرنىڭ بىر نېمە دېيىشىنى كۈتمەستىنلا ئىشتىن چۈشسە بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. قەلبىنۇر يولدا كېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ يېڭى خىزمەت ئورنىنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدى: «ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەكتىپى دەيدىغۇ؟ ئەمما، تېخى ئۆتكەندىلا رايونىمىزدىكى رادىيو-تېلېۋىزىيىلىرىدە

ئۈرۈمچىدە ساۋاتسىزلىق تۈگىدى دېيىشىۋاتاتتىغۇ؟ ئۇنداق بولغاندا بۇ ساۋاتسىزلار نەدىن پەيدا بولغاندۇ؟ ئۈرۈمچىدە ئۇنداق بىر مەكتەپنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن؟ ئۇلارنىڭ بۇنى ئۇنداق يوشۇرىدىغانغا قانداق مەكتەپ بولغىيدى؟ بارغاندا كۆرەرمەن، بەلكى چوڭلار مەكتىپىنىڭ ئىشى ئاسانراق بولىدىغاندۇ؟ نېمىشقا ئۇ يەرنىڭ ئورنىنى ماڭا دەپ بەرمەيدىغاندۇ؟ دەپ بەرسە ئۆزۈملا تېپىپ بارماتتىم؟ ھازىر ئىشلار بارغانچە غەلىتىلىشىپ كېتىپ بارىدىغۇ؟ بۇ يېڭى خىزمەت ئورنۇمغا كۆنەلەرمەنمۇ؟ مەيلى نېمىلا بولمىسۇن باراي! بارمايمەن دېيىش ئەركىنلىكىم بولمىغاندىن كېيىن، بېرىشقا مەجبۇرمەن! قالغىنىنى باشقا كەلگەندە كۆرەرمەن!»

2017 - يىلى نورۇز ئېيىنىڭ 1 - كۈنى ئىدى. بۈگۈن سائەت سەككىز بولمايلا قەلبىنۇرنىڭ ئۆيىنىڭ قوڭغۇرىقى چېلىندى. قەلبىنۇرنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويىدىغانلار كەلگەن ئىدى. قەلبىنۇر ئۆيدىن چىقىپ قارىۋىدى، بىر ساقچى ماشىنىسىغا ئوخشايدىغان «ئالاھىدە ئەترەت» دېگەن خەت يېزىلغان ماشىنىدا تونۇگۈنكى ئىككى كىشى تۇراتتى. ئۇلار بۈگۈن باشقا بىر خىل ساقچى فورمىسىدىكى ئالاھىدە كىيىم كىيىۋالغان ئىدى. قەلبىنۇر ماشىنىغا چىقىپ ئۇلارغا سالام بەرمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئېچىشىغىلا، ئۇلار: ھە-ئە، كەلدىڭمۇ؟ ماڭايلى - دەپ يېنىدىكى خىزمەتدىشىغا بۇيرۇق قىلىپ، ماشىنىنى ھەيدەپ مېڭىشتى. ئۇلار سالام قىلىشنى بىلمەيدىغان مۇردىلاردەك مۇز چىراي كۆرۈنەتتى. تۇرقىدىن تەكەببۇرلۇقى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. ماشىنا ئالاھەزەل يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن بىر دۆڭلۈك جايغا سېلىنغان ۋە شەكلى تۈرمىگە ئوخشايدىغان بىنالار بولغان بىر يەرگە كېلىپ توختىدى. قەلبىنۇر ساقچىلاردىن بىرسىنىڭ : «ھەئە، مانا! سەن ئىشلەيدىغان يەرگە كەلدۇق» دېگەن گېپىدىن قەلبىنۇر بۇ يەرنىڭ ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى دۆڭلۈك رايون - تۆشۈك تام ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى.

ئۇلار قەلبنۇرنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ ھېچقانداق بىر ۋىۋىسكا ئېسىلمىغان بىر ئورۇننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. دەرۋازا يېنىدىكى كونترول ئۆيىدىن ئىككى ساقچى چىقىپ، ئۇلارنىڭ كىملىك - كىنىشكىلىرىنى تەكشۈرۈپ دەرۋازىدىن كىرگۈزدى. دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن قەلبنۇر شۇنداق ئەتراپىغا قاراپلا بىر خىل غەلىتىلىكنى كۆردى. ھويلىسى ئېگىز تام بىلەن قوشۇلغان، تۆت بۇلۇڭدا كۆزىتىش مۇنارلىرى بولغان، تام ئۈستىگە تىكەنلىك سىم بېكىتىلگەن مەنزىرە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. كەڭ كەتكەن ھويلىدا تۆت قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان قاتارىسىغا كەتكەن تۆت - بەش بىنا بار ئىدى. ئۇلار ھەربىر بىنانىڭ تۆمۈردىن ياسالغان ئىشىكىدىن يەنە ئىككى ساقچىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ ئىچىگە كىردى. قەلبنۇر كارىدورغا كىرىپلا چۆچۈپ كەتتى. ئۇ كارىدوردا قاتارىسىغا كەتكەن نۇرغۇن تۆمۈر ئىشىكلىك ئۆيلەرنى كۆردى. ھەر بىر بۇلۇڭدا ۋە ئىشىك ئۈستىدە كۆزىتىش كامېرالىرى ئورنىتىلغان ئىدى. كارىدوردا قوراللىق ساقچىلار يۈرۈشەتتى. شۇندىلا قەلبنۇر بۇ جاينىڭ لاگېر بولۇشى مۇمكىنلىكىنى تەخمىن قىلدى.

ساقچىلار قەلبنۇرنى كارىدورنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئىشخانىغا ئېلىپ كىردى. ئىشخانىدا بىر نەچچە نەپەر ساقچى فورمىسى كىيگەن كىشىلەر تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سېمىزرەك كەلگەن، كۆزئەينەك تاقىۋالغان، ئوتتۇرا بوي بىرىسى سۆز ئېچىپ: قەلبنۇرنىڭ بۇ يەردە خىتاي تىلىدىن دەرس ئۆتىدىغانلىقىنى ۋە بۇ يەردىكى ئىشلارنى سىرتقا ئاشكارىلىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىر مۇنچە قائىدە-تۈزۈملەرنى سۆزلەپ، ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا قەتئىي رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئارقىدىن قەلبنۇرنى ئىككىنچى قەۋەتكە باشلاپ چىقىپ، ئۈستىگە 220 نومۇر يېزىلغان ئىشىكنى كۆرسىتىپ: «بۇ يەرگە كىرگىن، سەن دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇغۇچىلار بۇ يەردە» دەپ كۆرسىتىپ قويۇپ، تېزلا كەتتى.

قەلبىنۇر سىنىپقا كىرىپلا چەكلەنگەنلىكى ئېسىدە يوق: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالدى. ئەمما ھېچكىم بۇنىڭغا: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب بەرمەيۋاتاتتى. ئەكسىنچە، ھەممىسى بېشىنى يەرگە ساڭگىلاتقان ھالدا يەر تېگىدىن قەلبىنۇرغا قاراۋاتاتتى. بەزىلىرىنىڭ كۆزىدىن ياش ئېقىۋاتاتتى. قەلبىنۇر شۇندىلا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان كىشىلەر بولۇپ، ھەممىسىنىڭلا ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، پۇت - قولىنىڭ كىشەنلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭمۇ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ زورىغا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا، ساقچى ۋە كامېرالارنىڭ دىققەت نەزىرىگە چۈشۈپ قالماسلىققا تىرىشتى. ئەگەر ئۇنىڭ ۋە باشقا تۇتقۇنلارنىڭ ھازىرقى ھالىتى كامېرالارغا چۈشۈپ قالسا ئۇلار ئۈچۈن خەتەرلىك ئىدى. قەلبىنۇر دەرھال ئېسىنى يىغىپ ئۆزىنى: «مەن سىلەرگە خىتاي تىلىدىن دەرس بېرىدىغان مۇئەللىم» دەپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە شۇنى ھېس قىلدىكى، تۇتقۇن ئوقۇغۇچىلار قەلبىنۇرغا خۇددى بىر تۇغقان سىڭلىسىغا قارىغاندەك، ئۇنىڭدىن بىر ياردەم كۈتىۋاتقاندەك تەلمۈرۈپ قاراشماقتا ئىدى. بۇ قەلبىنۇرنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ غەش قىلىۋەتتى. ئەمما ئۇ بۇ ھالەتنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن دەرھال دوسكا تەرەپكە قارىۋېلىپ، بىر قانچە خىتايچە خەتلەرنى يېزىپ، ئۇنىڭ قانچە بۆلەكتىن تۈزۈلگەنلىكى، مەنىسى، ئوقۇلۇشى ۋە تەلەپپۇزىنى سۆزلەپ چۈشەندۈردى.

تۇتقۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى خىتايچە بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا كۆپ قىسىملىرى ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەندەك قاراپلا ئولتۇراتتى. قەلبىنۇر ئۇلارغا خىتايچە خەتلەرنىڭ تەلەپپۇزىنى قايتا - قايتا ئۈنلۈك ئوقۇتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوقۇدى. ئەمما، قەلبىنۇر ئۇلاردا ئۆزى بۇرۇن دەرس بەرگەن باشلانغۇچ مەكتەپتىكى باللاردەك قىزغىنلىقنى كۆرمىدى. ئۇلار خىتايچىنى ئۆگىنىشكە باشقىلار تەرىپىدىن مەجبۇرلانغاندەك تۇراتتى. قەلبىنۇرنىڭ سورىغان

سوئاللىرىغا ھېچكىم جاۋاب بېرىشنى خالىمايۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چېچى چۈشۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، باشلىرى خۇددى قوغۇن پىلەكلىرىدىكى پىشىش ئولتۇرغان سويمىلاردەك پارقىراپ تۇراتتى. قەلبىنۇر بۇ بىرىنچى كۈندىكى دەرسنى ناھايىتى تەستە ۋە غەلىتىلىك ئىچىدە ئاخىرلاشتۇردى.

قەلبىنۇرنى ئەتىسىدىن باشلاپ،ئۆزى ئۆيىدىن چىقىپ،مەلۇم بىر بىكەتتە ھېلىقى كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئاندىن ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشىدىغان بولدى. ئۇنىڭغا ئالاھىدە بىر كارتا تەييارلاپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ قاتمۇ - قات ئىشىكلەردىكى توساقلاردىن كارتا ۋە كىملىكىنى كۆرسىتىپ، قاتتىق تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتۈپ، لاگېر ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلاتتى ۋە خىتاي باشقۇرغۇچى ئورۇنلاشتۇرغان سىنىپلارغا كىرىپ دەرس ئۆتەتتى. ئۇ بۈگۈن باشقا بىر سىنىپقا دەرسكە كىردى. ئۇ يەنە ئېسىدە يوق: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگىلى تاس قالدى - يۇ، ئەمما بۇ سۆزنىڭ چەكلەنگەنلىرىگە ئېسىگە كېلىپ، گېپىنى ئىچىگە يۇتىۋەتتى. لاگېرنىڭ قائىدىسى بويىچە خىتاي تىلىدا : (نى خاۋ )ياخشىمۇ سىلەر دېيىش كېرەك ئىدى. ئەمما، قەلبىنۇرنىڭ ئۇنداق دېگۈسى كەلمىدى - دە، پەقەت بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا بىر قۇر قاراپ چىقتى. بۇ سىنىپتا يۈز ئەتراپىدا ئادەم بار بولۇپ، كۆپىنچىسى ياش باللار ئىدى. ئەمما ھەممىسىنىڭلا روھى چۈشكىن، بېشى يەرگە ساڭگىلاقلىق تۇراتتى. قەلبىنۇر ئۇلارنىڭ بۇنداق سولغۇن چىرايىغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى - دە، دوسكىغا خىتايچە خەتلەرنى يېزىپ توشقۇزىۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى. دوسكىغا ئۇيغۇرچە خەت يېزىشقا رۇخسەت يوق ئىدى. ئەمما خىتايچە خەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئۇيغۇرچە دەپ بەرسە بولاتتى. لېكىن گەپنى ئاۋۇتۇپ مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولمايتى. ئەگەر ئۇنداق بولغاندا سىنىپقا قويۇلغان كۆزىتىش كامېرالاردىن ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغان گۇندىپايلار ۋارقىراپ

ئاگاھلاندۇرۇش قىلاتتى. ئەمما، تۇتقۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر بولغاچقا، ئۇلار بىر ئېغىز ئۇيغۇرچە گەپنى ئاڭلىغان ھامان ئورنىدىن مىدىرلاپ ۋە بىر - بىرسىگە قارىشىپ مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەندەك قىلاتتى. ئالدىنقى سىنىپتىكى ئوخشىمايدىغان يېرى بۇ بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى خىتايچە بىلىدىغان بولۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەردەك قىلاتتى. تۇتقۇن ئوقۇغۇچى ياش بالىلاردىن بىرسى نەچچە قېتىم قەلبىنۇردىن:

— مۇئەللىم دەرسىمىز قاچانلىققا تۈگەيدۇ؟ بىز قاچانلىققا ئوقۇش پۈتتۈرىمىز؟ — دەپ، لاگېردىن بالدۇرراق چىقىپ كېتىشكە تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ سوئال سورىغان ئىدى. قەلبىنۇر ئۇ بالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمىگەن ئىدى. قەلبىنۇرنىڭ لاگېردىكى ئوقۇتقۇچىلىق كۈنلىرى ئۈچىنچى، تۆتىنچى كۈنلىرىگە قەدەم قويدى. تۇرۇپلا يېڭى ئەھۋاللار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. بىر كۈنى قەلبىنۇر دەرس ئۆتۈۋاتاتتى. دەرس ئارىلىقىدىلا قوراللىق تۆت گۇندىپاي كىرىپ تۇتقۇن ئوقۇغۇچىلارنى بىردىن - بىردىن ئىسمىنى چاقىرىپ، سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك تۆتتىن - بەشتىن گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ، ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. قەلبىنۇر بۇلارنىڭ نەگە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتى. ئۇنى گۇندىپايلاردىن سوراشقىمۇ بولمايتى. سىنىپتىكى تۇتقۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ چىرايىنىڭ ئۆڭۈپ - ساغىرىپ كېتىپ بارغانلىقى - ياخشى بولمىغان بىر ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى: «ۋايجان، ۋايەي! مېنى ئۇرماڭلار! مەندە گۇناھ يوق، مەن گۇناھسىز!» دېگەندەك ئاۋازلار ئەكس سادا قايتۇرۇپ كارىدور ۋە سىنىپلارغا ئاڭلاندى. بۇنى ئاڭلىغان سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلاردا قورقۇنچ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە يىغا ئۇلاشتى. قەلبىنۇر شۇ چاغدىلا بۇ بىنانىڭ يەر ئاستى قەۋىتىدە قىيناش - سوراق قىلىش ئۆيىنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بولۇپ، زېھنى چېچىلىپ ئۆزىنىڭ نېمە دەپ

دەرس ئۆتۈۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قالغان ئىدى.

قەلبىنۇرنىڭ لاگېردا دەرس ئۆتۈۋاتقانلىقىغا مانا بىر ھەپتىدىن ئاشتى. ئۇ بۇگۈن سىنىپقا كىرىپ يەنە بىر يېڭى ئەھۋالنى بايقىدى. سىنىپتا خېلى جىق ئورۇن بوش تۇراتتى. ئەمما، ئۇنىڭ: «سىنىپتا كىم بار - كىم يوق؟ ئوقۇغۇچىلار نەگە كەتتى؟» دەپ سوراش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئەمدى ئېسىگە كېلىپ، شۇنى بىلدىكى، سىنىپتا يوق ئوقۇغۇچىلار ئالدىنقى كۈنى سوراققا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەنلەر ئىدى. ئۇنىڭ تەخمىن قىلىشىچە: ئۇلار سوراقتىن كېيىن كېسىم كېسىلىپ، تۈرمىگە يۆتكەپ كېتىلگەن بولۇشى ياكى قىيناقتا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، بىر ساقچى قەلبىنۇرغا قىيناش ئۇسۇللىرىنىڭ دەھشەتلىكى ھەققىدە مۇنداق دەپ بەرگەن ئىدى: «بۇ لاگېردا تۈرمىدىكى قىيناش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسىلا بار بولۇپ، ھەممىدىن دەھشەتلىك بولغىنى - توك بىلەن قىينايدىغان مۇنداق تۆت خىل ئۇسۇلدىن ئىبارەت ئىدى:

بىرىنچى: توك سوقتۇرۇش ۋە توك كالتىكىنى مەقئەتكە تىقىپ قىيناش.

ئىككىنچى: توك پەلىيى كەيدۈرۈپ، توك سوقتۇرۇش.

ئۈچىنچى: توك ئورۇندۇقىغا ئولتۇرغۇزۇپ، بەدەنگە توك ماڭغۇزۇش.

تۆتىنچى: توك قەلىمى بىلەن بەدەنلىرىنى سىزىش». بۇنداق توك بىلەن قىيناش ئۇسۇلى بەك خەتەرلىك بولۇپ، بۇنىڭدا قىينالغۇچىلار دائىم ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇراتتى.

قەلبىنۇر بۇ لاگېرغا مۇئەللىم بولۇپ كېلىپ، ئۈچ ھەپتىگىچە بولغان ئارىلىقتا سوراق جەريانىدا قاتتىق يارىلىنىپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللارغا بىرقانچە قېتىم شاھىت بولدى. ئۇلارنىڭ بىرى يېشى ئەللىكتىن ھالقىغان ئوسمان ئىدى. ئوسمان ئۈرۈمچىدىكى

بىر مېۋە - چېۋە توپ تارقىتىش بازىرىنى ھۆددىگە ئالغان چوڭ سودىگەر بولۇپ، ئۇ سوراق جەريانىدا قاتتىق ئۇرۇۋېتىلگەچكە ئېغىر يارىلىنىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىش جەريانىدا يولدىلا نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. يەنە بىرى سېلىم ئىسىملىك ياش بولۇپ، ئۇ بالدۇر قويۇپ بېرىلىش ئۈمىدىدە خىتاي تىلىنى ۋە قانۇنلىرىنى بەكمۇ تىرىشىپ ئۆگەنگەن ئىكەن. ئەمما ئۇ بىر قېتىم سوراقتا ئېلىپ چىققاندا قاتتىق ئۇرۇۋېتىلگەنلىكتىن ھەمدە ئىلگىرى كامېردىكى ۋاقىتلىرىدا ۋاقتى - ۋاقتىدا خالاغا بېرىشقا رۇخسەت قىلىنمىغانلىقتىن مەزى بېزى ياللۇغى بىلەن ئاغرىغان بولسىمۇ، داۋالىنىشقا رۇخسەت قىلىنماي كېسىلى ئېغىرلىشىپ لاگېردىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

قەلبىنۇرنىڭ لاگېرغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگىنىگە ئۈچ ھەپتە ئۆتكەن ئىدى. ئۇ 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى پەۋقۇلئاددە بىر ئەھۋالغا گۇۋاھچى بولۇپ قالدى. ئۇ بۇنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئۇ كۈنى ئەتىگەندە ئىشقا كەلگەن قەلبىنۇر يېڭى قورۇلغان بۇ لاگېردىكى پۈتۈن بىنادىكى ئۆيلەرنىڭ قاماقخانىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى، ھەر بىر كامېرغا ئەللىك - ئاتمىش ئادەم قامالغانلىقىنى كۆرۈپ: بۇلار كىمدۇ؟ نېمىشقا بۇ يەرگە قامالغاندۇ؟ - دەپ ئويلايدۇ. تۆت سائەتلىك دەرسنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن ياردەمچى قىزلاردىن سورايدۇ. ياردەمچى قىزلارنىڭ ئۇنىڭغا دەپ بېرىشىچە، بۇ يېڭى تۇتۇپ كەلگەن تۇتقۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى - چەتئەللەردە ئوقۇغانلار، چەتئەللەرگە ئوقۇغىلى چىقماقچى بولغان باللار بولۇپ، يانفونلىرىغا نامەلۇم ئەپلەرنى چۈشۈرگەن ۋە يانفونلىرىدا چەتئەل تىلىدىكى دەرسلىك ماتېرىياللار چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇپ كېلىنگەنلەر ئىكەن. قالغانلىرى بولسا ئوقۇتقۇچى، دۆلەت خىزمەتچىسى كارخانىچى، يازغۇچى - شائىرلار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياش باللار ئۆزلىرىدە نېمە گۇناھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەن. گۇندىپايلار ئۇلارنى بۇ يەرگە سىغدۇرۇش ئۈچۈن

پۈتـۈن بىنانــى تۈرمــە - كامېرغــا ئايلانــدۇرۇپ، كىشــىلەرنى قوتانغــا سـولىغاندەك سـولاپ قويۇشـقان ئىكـەن.

قەلبىنــۇر ئــۇ كۈنــى دەرس ئۆتۈلۈشــكە ئورۇنلاشــتۇرۇلمىغان ئىــدى. قەلبىنــۇر ئــۇلار سـولانغان بىــر زالغــا كىرىــپ قــاراپ ھەيــران قالــدۇ. ھەممىســىلا يــاش ۋە شــۇ قــەدەر كېلىشــكەن چىرايلىــق بالىــلار بولــۇپ، ھەممىســىلا گۇناھسىــز تۇتــۇپ كېلىنگەنلــەر ئىــدى. بىــر نەچچــە كــۈن ئۆتكەندىــن كېيىــن قەلبىنــۇر بــۇ تۇتقۇنلارنىــڭ بەزىلىرىنــى ھېــچ كۆرمەيــدۇ. ئۇنىــڭ پــەرەز قىلىشــىچە، ئــۇلار سوراق قىلىنغاندىــن كېيىــن باشــقا يەرگــە يۆتكــەپ كېتىلگــەن بولۇشــى ياكــى بەزىلــرى سـوراقتا قاتتىــق ئۇرۇلــۇپ، ئېغىــر يارىلاندۇرۇلغانلىقتىــن ھــەر خىــل كېســەللەرگە گىرىپتــار بولــۇپ، ئۆلــۈپ كەتكــەن بولۇشــى مۇمكىــن ئىــدى. بــۇ يــەردە يېڭىدىــن تۇتــۇپ كېلىنگەنلــەر بــەك كــۆپ بولغاچقــا، ئۇنىــڭ ئۈســتىگە ۋاقتــى - ۋاقتىــدا خالاغــا بېرىشــقا رۇخســەت بېرىلمىگەچكــە، كۆپىنچــە ياشــلار سـۈيدۈك يولــى ۋە مــەزى بېــزى كېســىلىگە گىرىپتــار بولــۇپ، داۋالىنىشــقا رۇخســەت بەرمــەي ئۆلــۈپ كېتەتتــى. ئۆلمــەي ســاق قالغانلــرى بولســا : «بالــدۇرراق لاگېردىــن چىقىــپ كەتســەك ئىكــەن» دەپ، ئۈمىــد قىلىــپ تىرىشــىپ ئوقۇغــان بولســىمۇ، ئەممــا قەلبىنــۇر بــۇ لاگېردىــن ھېــچ بىركىمنىــڭ ئوقــۇش پۈتتــۈرۈپ چىققانلىقنــى كۆرمەيدۇ.

قەلبىنــۇر لاگېــردا ھــەر كۈنــى يېڭــى بىــر ئىشــلارغا شــاھىت بولــۇپ تۇراتتــى. بىــر كۈنــى لاگېــر ھويلىســىدا ســاقچىلارنىڭ بىــر مۇنچــە كىيىــم - كېچەكنــى دۆۋىلــەپ قويــۇپ، قاينــاق سـۇ چېچىــپ، مازلارچــە كۈلــۈپ پاراڭلىشــىۋاتقانلىنى كــۆرۈپ، ئۇلاردىــن: نېمــە ئىــش قىلىۋاتقانلىقىنــى ســورىغاندا، ئــۇلار: بــۇ تۇتقۇنلارنىــڭ كىيىملىرىنــى پىــت بېســىپ كېتىپتىكــەن، پىتلارنــى ئۆلتــۈرۈش ئۈچــۈن قايناقســۇ چېچىۋاتىمىــز. قارىمامســەن؟ بــۇ پىتلارنىــڭ ئەســكىلىكىنى، خــۇددى ئاشــۇ تۇتقۇنــلاردەك يامانلىــق قىلىــپ، بىــز بىلــەن جېدەللىشــىۋاتىدۇ. ئۇلارنىــڭ پىتلىرىمــۇ ئــۇلاردەك جېنــى چىــڭ نېمىلــەر ئىكــەن. شــۇنچە قىينىســىمۇ ئۆلمەيدىكــەن، شــۇڭا بىــز بــۇ پىتلارنــى قايناقســۇغا بېســىپ

ئۆلتۈرۈپ يوقاتماقچى بولىۋاتىمىز - دەيدۇ. گۇندىپايلار لاگېردىكى تۇتقۇنلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ پىتلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا تۇتقۇنلارنى يۇيۇنۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەستىن. ئەكسىنچە، سەۋەبنى تۇتقۇنلارغا ئارتىدۇ. ئەمەلىيەتتە لاگېردا تۇتقۇنلارغا يۇيۇش ئىمكانىيىتى يوق بولۇپ، ئۇلار ئايلاپ - ئايلاپ يۇيۇنالمايتى. ئۇلارغا ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ئىچ كىيىملەرنى كىيىشكە رۇخسەت قىلىنمايتى. بەلكى مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تۇتقۇنلار كامېردا يالىڭاچاندۇرۇلۇپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

قەلبىنۇرنى ھەر كۈنى لاگېرغا بېرىشتا ئالدى بىلەن ئاپتوبۇستا بەلگىلەنگەن بىر جايغا باراتتى. ئاندىن كېيىن ئىككى ساقچى ماشىنىدا ئۇنى لاگېرغا ئېلىپ باراتتى. بىر كۈنى قەلبىنۇر ئۇلار بىلەن يولدا ماشىنىدا كېتىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ دېيىشكەن گېپىنى تاقەت قىلىپ ئاڭلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالدۇ. ئىككى ساقچى مۇنداق دېيىشىدۇ: «ھۆكۈمىتىمىز بۇ لاگېرلارنى قۇرۇپ بەك ياخشى قىلدى. بۇ ئۇيغۇر دېگەن نادان - ياۋايىلارنىڭ ئەدىپىنى شۇنداق بېرىشىمىز كېرەك! ئۇلارغا قىلچىلىك رەھىم قىلىشقا بولمايدۇ. ھازىر لاگېرلاردا بىر قىسمى ئۆلۈۋاتىدۇ. بىر قىسمى كېسەل - ساراڭ بولۇپ كەتتى. ئۇلارنى ئەمدى قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇلارنى قويۇۋەتسەك قالايمىقانچىلىق چىقىرىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنى مۇشۇنداق قىيناپ، كېسەل - ساراڭ قىلىۋېتىشىمىز كېرەك!

قەلبىنۇر مۇشۇنداق ئازابلىنىش ئىچىدە ئۆيىگە قايتاتتى. ئەمما ئۇ ئاخشىمى خېلى ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمايتى. بەزىدە يولدىشى ھەسەنجانغا سۆزلەپ بېرەتتى. ئەمما سىرتتا باشقا ھېچكىمگە دېيەلمەيتى. ئۇ ھەر كۈنى كېچىچە ئاشۇ لاگېردا قالغانلارنى ئويلاپ چىقاتتى.شۇنداقلا لاگېردا «ئەتە نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر؟» -دەپ ئويلايتى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا بولسا لاگېرغا زورىغا ۋە ئىلاجسىز ھالدا باراتتى. شۇنداق ئىلاجسىزلىق ئىچىدە قەلبىنۇر 6 ئاينى بەك

تەستە توشقۇزغان ئىدى. ئۇ يەنە شۇ چاغدا ئۆزىدە بىر نەرسىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكىدەك ئېچىلىپ - يايراپ كۈلەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

**2 - قەلبىنۇرنىڭ ئاياللار لاگېرىدىكى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرى**

قەلبىنۇر ئەرلەر لاگېرىدىكى قاباھەتلىك 6 ئاينى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن 2017 -يىلى 9-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ ئاياللار لاگېرىغا يۆتكەۋېتىلدى. قەلبىنۇر ئاياللار لاگېرىغا: «ياشانغانلار ساناتورىيە دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان دەرۋازىدىن ئېلىپ كىرىلدى. ئۇ بىر ئالتە قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان بىناغا ئۈچ يەردىكى كونترولدىن ئۆتكۈزۈلۈپ كىرگۈزۈلدى. ئۇ ئاياللار لاگېرىغا كىرگەن شۇ سائەتنىڭ ئۆزىدىلا بىر پاجىئەگە گۇۋاھچى بولدى: قەلبىنۇر كارىدوردىن ئۆتۈپ دەرسخانىغا كېتىۋاتاتتى. ئۇدۇلدىن كەلگەن تونۇش بىر ساقچى ئايالغا ئۇچراپ قالدى. ئۇلار ئۆز-ئارا قىسقىچە ئەھۋال سورىشىپ گەپلىشىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا قەلبىنۇرنىڭ كۆزى ئىككى ساقچىنىڭ كارىدوردىن بىر قىزنى زەمبىلگە سېلىپ ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا چۈشۈپ قالدۇ. قىزنىڭ چىرايى ساپ-سېرىق سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئورۇقلاپ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئىدى. قەلبىنۇرنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئەمما دەرھال نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇ ساقچى تونۇشى بىلەن خوشلىشىپ، ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ، تۆت سائەتلىك دەرسنى ئاران تەستە ئۆتۈپ بولۇپ، چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىغا چىققاندىلا ئاندىن ھېلىقى ساقچىلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن قىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولالىدى: ياردەمچى قىزنىڭ دېيىشىچە، ئۇ قىزغا ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئوكۇلى ئۇرۇلغان ۋە دورىسى بېرىلگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن بىر يېرىم ئايغىچە ھەيىزى توختىماي قان كېلىپتۇ، ئۇ داۋالىنىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما داۋالىنىشقا رۇخسەت قىلىنماپتۇ. ئۇ

قىزدىن قان ھەددىدىن زىيادە كۆپ چىقىپ كەتكەچكە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشكەن ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قىزنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ھېچكىم ئاڭلىماپتۇ.

قەلبىنۇر ئەتىسى لاگېرغا كەلگەنىدە، ئۆزى بۇگۈن دەرس ئۆتىدىغان سىنىپقا كىرىپ ھەيران قالدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ توقسان پىرسەنتىدىن كۆپرەكى يىگىرمە ياشلار ئەتراپىدىكى ياش قىزلار ئىدى. ئاندا-ساندا ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان ئاياللارمۇ باردى. ئۇتتۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چېچى قىرقىۋېتىلگەن بولۇپ، كۆلرەڭ مەھبۇسلۇق كىيىمى كىيگۈزۈلۈپ قويۇلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇيغۇر بولۇپ باشقا مىللەتتىن قىز-ئاياللار يوق ئىدى. ئۇتتۇنلارنىڭ روھى شۇ قەدەر چۈشكىن ئىدىكى، ھەممىسىنىڭ بېشى يەرگە ساڭگىلاقلىق بولۇپ، كۆزلىرىدىن قورقۇنچ ۋە ئەندىشە ئالامىتى كۆرۈلۈپ تۇراتتى. قەلبىنۇر سىنىپتا دەرس ئۆتۈۋاتقاندا ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇرچە گەپ قىلالمايتتى. بىر قىز سوئال سورىماقچى بولۇپ، ئۇيغۇرچە گەپ قىلىۋىدى، كۆزنىتىش كامېراسىدىن: «ھەي، ئىككىڭلار ئۇيغۇرچە گەپلەشمەڭلار! بولمىسا جازالىنىسىلەر» دېگەن ئاۋاز كەلدى. قەلبىنۇر ئۇ قىزنىڭ نېمە دەپ، سوئال سورىماقچى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدى. دەرسلەر شۇ قەدەر كۆڭۈلسىز ئىدى. چۈنكى، ئۇتتۇن قىز-ئاياللار تۇزۇك ئۇخلىيالمايدىغان بولغاچقا ھەممىسىلا ھارغىن كۆرۈنەتتى. قەلبىنۇر تۆت سائەتلىك دەرسنى بەك تەستە تۈگەتتى.

قەلبىنۇرنىڭ ئاياللار لاگېرىغا كەلگەنلىكىنىڭ ئىككىنچى ھەپتىسى ئىدى. ئۇ بۇ كۈنى يەنە غەلىتە بىر ئەھۋالغا شاھىت بولدى. قەلبىنۇر بۇ ئەھۋالنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: لاگېرنىڭ دوختۇرلۇق بەلگىسى ئېسىلغان ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا ئون مىڭدەك ئايال رەتلىك ھالدا ئۆچرەتتە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلارغا بىر خىل سىرلىق ئوكۇل ئۇرۇلۇۋاتاتتى. ئۇلاردىن يەنە قان ئېلىنىدۇ ۋە ئاق رەڭلىك بىر خىل دورا كۈملىچى ئىچكۈزۈلىدۇ. قەلبىنۇر بۇنىڭدىن

ئەجەبلىنىپ، بىر خىتاي سېستىرادىن: «ئايالLارغا نېمە دورا بېرىۋاتىسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ سېستىرا خىتاي: تۇتقۇنلارنىڭ كالتىسىغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا كالتىسىي تولۇقلاش دورىسى بېرىۋاتقانلىقىنى، قان تەكشۈرۈشتىكى مەقسەتنىڭ بولسا، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بايقاش ئىكەنلىكىنى، ئاخىرىدا ئىچكۈزۈلگەن دورىنىڭ بولسا ئۇلارنىڭ ئۇخلىشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

قەلبىنۇر ئاياللار لاگېرىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك دەھشەت ۋە ۋەقەلەرگە شاھىت بولۇپ تۇرىدۇ. بىر كۈنى ئۇ سىنىپقا دەرس ئۆتۈشكە كېتىپ بارغاندا بىر تۇتقۇن ئوقۇغۇچىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ ماڭغان ئايال ساقچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. بۇ يەر لاگېرنىڭ كارىدورى بولۇپ، كامېراسىز ئورۇن ئىدى. شۇڭا ئۇلار پاراڭلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان ئىدى. ئايال ساقچى قەلبىنۇرغا: ئۆزىنىڭ تۇغۇت چەكلەش بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغانلىقىنى، بۇ يەردە ئۇلار تۇتقۇنلارغا ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسى بەرگەنلىكىنى، ھەتتا قىزلارنىڭ بايقاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇ دورىنى ھورنانىنىڭ ئىچىگە مەخپىي سېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ يەنە دېيىشىچە، ئۇ جەسەتنى ئېلىپ ماڭغان قىزغا ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسى بەك كۆپ يېگۈزۈۋېتىلگەچكە ئۇنىڭ ھەيزى توختىماي قانسىراپ ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن.

يەنە بىر كۈنى قەلبىنۇر دەرس ئۆتۈۋاتقاندا يىگىرمە ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ياش قىز سوراققا چاقىرتىلىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىلىدۇ. ئۇ قىز تەخمىنەن ئىككى سائەتتىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ. ئەمما ئۇ قىزنىڭ چىرايى شۇ قەدەر سولغۇن بولۇپ، ئىنتايىن ئازابلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بىئارام بولغىنىدىن ئولتۇرالماي قىلىۋاتاتتى. بىر ئازدىن كېيىن سىنىپتىكى كامېرادىن ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ قالغان ساقچىلار ئۇنى سىنىپتىن ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قىز سىنىپقا قايتا

قايتىپ كەلمەيدۇ. قەلبىنۇر ھەر دائىم: «ئۇ قىزنى نەگە ئېلىپ كەتكەندۇ؟ ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ ياكى بولمىسا ئىچكى ئورگانلىرىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئوپېراتسىيەخانىدا ئۆلتۈرۈۋېتىلىپ، ئاندىن جەسىتىنى كۆيدۈرۈۋاتقانمىدۇ؟» دەپ ئويلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قىزنى قەلبىنۇر ھېچ ئۇنتۇيالمايدۇ. قەلبىنۇر ئۇ قىزنى ھەر قېتىم ئەسلىگەندە: «ئاپئاق يۈزى، قاڭشارلىق بۇرنى، قوشۇما قاشلىرى ۋە ئويماقتەك لەۋلىرى ئۇنى تىپىك گۈزەل ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۆرنىكى ھالىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇ شۇ گۈزەللىكى بىلەن ئەسلىدە كېلىشكەن بىر يىگىت بىلەن توي قىلىپ، بەختلىك بىر ئائىلە قۇرۇپ ۋە پەرزەنتلىك بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدىغۇ؟» دەپ ئويلايتتى. ئەمما بۇ رەزىل جەمئىيەت ئۇنىڭ بۇ ھوقۇقىنى تارتىۋالغان ۋە ھاياتىنى نابۇت قىلغان ئىدى.

قەلبىنۇرنىڭ ئاياللار لاگېرىدىكى كۈنلىرى داۋام قىلماقتا ئىدى. بۇ لاگېرلاردا خىزمەتچى خادىملارنىڭ ھەممىسى خىتاي، ئاشپەزلىرى تۇڭگان ئىدى. بىر كۈنى قەلبىنۇر لاگېر ئاشخانىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئاشخانىدا تاماق يېيىشكە كۆڭلى تارتمايدۇ. ئەمما ئۇ رەسمىيەت ئۈچۈن چايمۇ بولسا ئىچمىسە بولمايتتى. شۇڭا ئۇ قايناقسۇ قاچىلاپ قويۇلغان بىر باكتىن سۇ ئېلىپ ئىچمەكچى بولۇۋىدى، بىر تۇڭگان ئايال خادىم يۈگۈرۈپ چىقىپ: «قەلبىنۇر مۇئەللىم، سىز بۇ چايدىن ئىچىسىڭىز بولمايدۇ! سىزگە بىز باشقا چاي دەملەپ بېرەيلى!» دەيدۇ. قەلبىنۇر بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەي: نېمىشقا مەن بۇنىڭدىكى چايدىن ئىچسەم بولمايدۇ دەپ سورىغاندا، ئۇ ئاشپەز ئايال دۇدۇقلاپ: «بۇ سۇلار بەزىدە تولۇق قايناپ قالىدۇ. شۇڭا سىزگە زىيان قىلىپ قالمىسۇن دەپ ئويلىدىم» دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قەلبىنۇر لاگېر ئاشخانىسىدىن قايناقسۇ ئىچمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ كاللىسىغا مۇنداق گۇمان چۈشىدۇ: «نېمىشقا ئۇلار بۇ

سوئاللارنى مەھبۇسلارغا ئۇنداق دېمەي بېرىدۇ؟ بۇ قايناقسۇغا دورا سېلىنغانمۇ قانداق؟ ھورنالارغا دورا سېلىنىدىكەن دەپ ئاڭلىغان ئىدىم، قايناقسۇغىمۇ دورا سېلىنغان بولسا، بۇ بىر ئېغىر جىنايەت ئەمەسمۇ؟ ئاھ، خۇدا! بۇ ھۆكۈمەت ـ نېمىدېگەن رەزىل ئىنسانلار باشقۇرىدىغان ھۆكۈمەتتۇر. بىزنى بۇ رەزىل، رەھىمسىز ئىنسانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن. ئامىن!»

قەلبىنۇرنىڭ ئاياللار لاگېرىغا كەلگىنىگە بىر ئايدىن ئاشقان ئىدى. ئۇ نۇرغۇن پاجىئەلەرگە گۇۋاھچى بولدى. بىر كۈنى دەرس تۈگەپ، تۇتقۇن ئۇيغۇرچىلار تاماقتا ماڭغاندا ئۇلارنى كونترول قىلىشقا كەلگەن ساقچى بىلەن پاراڭلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان ئىدى. ئۇ ساقچى قەلبىنۇرغا ھېچكىمگە تىنماسلىق شەرتى بىلەن لاگېردا بولغان مۇنداق ئىشلارنى دەپ بېرىدۇ: «ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھەر كۈنى تۆت-بەش قىز سوراق باھانىسىدا چاقىرتىلىپ، لاگېرنىڭ ئەمەلدار ۋە ساقچىلىرىغا كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن تۇتۇپ بېرىلىدىكەن. ئۇلار قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ مەقسىتىگە يېتىپ بولغاندىن كېيىن بولدى قىلماستىن، قىزلارنىڭ ئەۋرىتى ۋە مەقئىتىگە توك كالتىكىنى تىقىپ، قاقلاپ كۆلۈپ ھوزۇر ئالىدىكەن».

قەلبىنۇرنىڭ بۇ ئاياللار لاگېردا كۆرگەن ئېچىنىشلىق ۋەقەلىرى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىدى. لاگېردا ھەتتا بىر قىسىم چەت ئەللەردە بىلىمى ئېلىۋاتقان ـ ئوقۇۋاتقان قىزلارمۇ ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈۋگە ئېلىۋېلىش ئارقىلىق قورقۇتۇلۇپ، قايتۇرۇپ كېلىنگەن بولۇپ، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا قىيىن ـ قىستاق، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش، باسقۇنچىلىق قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشتەك قىسمەتلەرگە ئۇچرىغان ئىدى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن قەلبىنۇر: «مۇبادا مېنىڭ گوللاندىيەدە ئوقۇۋاتقان قىزىممۇ مۇشۇ قىزلاردەك مەجبۇر قايتۇرۇپ كېلىنىپ، خۇددى مۇشۇ قىزلاردەك قىسمەتكە ئۇچرايدىغان ئىش بولسا ـ قىزىمنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەندىن ئۆلۈۋالغىنىم ياخشى

دەپ ئويلىدىم، ئەگەر قىزىمنىڭ بېشىغىمۇ بۇنداق قىسمەت كېلىپ قالسا ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن دورىلارنى تەييارلاپ، يېنىمدا ئېلىپ يۈرگەن ئىدىم» دەيدۇ.

ئاياللار لاگېرىدىكى يۇقىرىقىدەك دەھشەتلىك پاجىئەلەرگە ئۇن چىقىرالماي يۈرىكى ئېزىلگەن قەلبىنۇر ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمەي قالىدۇ. بىر كۈنى ئۇ لاگېردىن قايتىپ كېلىپ كارىۋاتقا چىقىشىغا ئاران ئۈلگۈردى - دە، كارىۋاتقا چىقىپلا ھوشىدىن كەتتى. ئېرى ھەسەن ئىسمايىل ئىشتىن كېلىپ، قەلبىنۇرنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنى چاقىرتىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. ئۇ جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن ھەددىدىن زىيادە قان چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئەتىسى قەلبىنۇرنىڭ ئىشقا كەلمىگەنلىكىنى بىلىشكەن لاگېر ساقچىلىرى ۋە مائارىپ ئىدارىسىدىكى ئەمەلدارلار جىددىيلىشىپ ئۇنى ئىزدىمىگەن يېرى قالمىغان ئىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ ئېرى ھەسەن ئىسمايىل ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، دوختۇرخانىغا ئىزدەپ كېلىپ: «بۇ دېگەن ئېغىر ئىنتىزامسىزلىق، بۇنىڭ ئاقىۋىتىگە قانداق مەسئۇل بولۇشنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، قەلبىنۇرنىڭ ھەقىقەتەن كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلىشىپمۇ قويۇشمىغان ئىدى. ئەكسىنچە ئۇلار: «قەلبىنۇرنى قېچىپ كەتكەنمىدۇ؟» دەپ ئويلىشىپ كېتىشكەن ۋە بەكمۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. قەلبىنۇر دوختۇرخانىدا بىر ھەپتىدەك يېتىپ داۋالانغاندىن كېيىن ياخشى بولۇپ ئۆيىگە چىقتى. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن لاگېرغا قايتا چاقىرتىلمىدى. ئۇنىڭ 9 ئاي سۈرگەن لاگېردىكى ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتى ئاخىرلاشقان ئىدى.

**3 - ھەمكارلاشمىسىڭىز جازالىنىسىز – مەجبۇرى ئۆزۈك سېلىنىش.**

قەلبىنۇر لاگېردىكى ھەر كۈنلۈك دەرس ئۆتۈش ۋەزىپىسىنى

تامامەن ئۆيىگە قايتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا نامەلۇم كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى نازارەت قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. مەھەللىگە يېتىپ كەلگەندە بولسا ـ تېخىمۇ ۋەھىمىلىك ھالەتنى كۆرۈشكە باشلايتى: پۈتۈن كوچا ۋە مەھەللىگە سان ـ ساناقسىز كامېرالار ئورنىتىلغان بولۇپ، ھۆكۈمەت ھەر بىر كىشىنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىنى كونتروللۇققا ئېلىۋالغان ئىدى. ھېچكىم كوچىلارغا كىملىكسىز چىقالمايتى ۋە تاللا بازىرىغا كىرەلمەيتتى. بىر ـ بىرى بىلەن ئۇنلۇكرەكمۇ گەپلىشەلمەيتى. ھەممە ئادەم قورقۇنچ ئىچىگە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ساقچىلارنىڭ خالىغان ۋاقىتتا تۇيۇقسىز تەكشۈرۈپ كىرىشلىرى ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. ھەممە ئادەم تۇتۇلۇپ كېتىش نۆۋىتىنىڭ ئۆزلىرىگە كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك تۇيغۇدا بولۇپ، ئاخشاملىرى نورمال كىيىم بىلەنلا ئۇخلىشاتتى.

2017 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى تۇتقۇن قىلىش دولقۇنى كۈچەيگەن بولۇپ، قەلبىنۇرنىڭ مەھەللىسىدىكى 600 ئۇيغۇر ئاھالىسىدىن 190 ئائىلە تۇتۇلۇپ كېتىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىلگەن خوشنىلىرى ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر دىنىي ئالىم ۋە جەمئىيەت ئەربابى مۇھەممەت سالىھ داموللاھاجى، ئۇنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئوقۇپ كەلگەن قىزى نەزىرە مۇھەممەت سالىھ ۋە كۈيئوغلى داڭلىق شائىر ئادىل تۇنىياز ـ شۇنداقلا ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي قۇرئان كەرىمنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان بۇيۈك ئالىم مۇھەممەت سالىھ داموللا ھاجىم تۈرمىدە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنىپ شېھىت قىلىنغان ئىدى.

قەلبىنۇر 2017 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاھالىلەر كومىتېتى تەرىپىدىن تۇيۇقسىزلا چاقىرتىلىپ: «پىلانلىق تۇغۇت تەكشۈرۈشى»دىن ئۆتۈش ئۇقتۇرۇشى تاپشۇرۇۋالدۇ. قەلبىنۇر بىرلا قىزى بار ھەم پىلانلىق تۇغۇت كىنىشكىسى ئېلىپ بولغان ئائىلە بولسىمۇ،

يەنىلا بۇ تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش 18 ياشتىن - 59 ياش ئارىلىقتىكى بارلىق ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، يېشى ئەللىكتىن ئاشقان قەلبىنۇرمۇ: «ھەمكارلاشمىسىڭىز جازالىنىسىز، ئۆزىڭىزگىلا ئەمەس، ئائىلىڭىزگىمۇ پايدىسى يوق» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشتىن كېيىن، 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاھالىلەر كومىتېتى مەخسۇس بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا تەكشۈرتۈشكە باردى. قەلبىنۇر كۆردىكى، بۇ يەردە نۇرغۇن ئاياللار ئۆچرەتتە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ھەممىسىلا ئۇيغۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياش قىزلار ئىدى. نۆۋەت قەلبىنۇرغا كەلگەندە ئۇنىڭغا، بۇ ئىشنىڭ ئەسلى ئۇقتۇرۇشتا دېيىلگەندەك بىر تەكشۈرۈش ئەمەس بەلكى بىر ئەمەلىي «تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيە چارىسى» ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتى. خادىملار قەلبىنۇرنى مەخسۇس تەييارلانغان بىر بۆلۈمگە ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن كارىۋاتقا ياتقۇلۇزۇپ، نېمە دېسە شۇنى قىلىشقا مەجبۇرلاندى. بۇ ۋەزىپىلىك خادىملار ئادىمىيلىك تەربىيەسى ئالمىغان بولۇپ، ئۆزلىرىنى بىمارلارنىڭ خوجايىنىدەك قوپاللىق بىلەن : «ئاۋۇ يېرىڭنى ئۇنداق قىل، ماۋۇ يېرىڭنى مۇنداق قىل، مۇنداقتۇر، ئۇنداقتۇر!»-دەپ، بىر دوختۇردەك ئەمەس، بەلكى بىر خوجايىندەك مۇئامىلە قىلىپ يۈرۈپ، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈزۈكىنى سالدى. قەلبىنۇر بۇ مەجبۇرلانغان ۋە قوپاللىق بىلەن قىلىنغان جەرياندىن ئىنتايىن خورلۇق ھېس قىلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالماي يىغلاپ كەتكەن ئىدى.

**4-قوشماق تۇغقانچىلىقمۇ بىر ئېغىر زۇلۇم بولدى.**

خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندا لاگېرلارنى قۇرۇشتىن بۇرۇنلا «قوشماق تۇغقانلىشىش سىياسىتى»نى يولغا قويغان بولۇپ، بۇ تۈزۈم ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە نۇرغۇن قولايسىزلىقلارنى كەلتۈرگەن ئىدى. قوشماق تۇغقان قىلىنغان خىتايلار «ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى، ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى» دېگەننى

باھانە قىلىپ، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە كىرىۋېلىپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشقا باشلايدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە قوشماق تۇغقانچىلىقتا : «بەشتە بىللە بولۇش سىياسىتى»نى ئېلان قىلىپ، قوشماق تۇغقانچىلىقنى رەسمىي بىر سىياسەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە بولغان بېسىمنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ سەۋەبىنى خىتاي ھۆكۈمىتى: «بۆلگۈنچىلىك، ئاشقۇنلۇق ۋە تېررورچىلىقدىن ئىبارەت ئۈچ خىل رەزىل كۈچنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» دەپ چۈشەندۈرۈشتى. بۇنىڭ بىلەن قوشماق تۇغقانلارنىڭ خورىكى ئۆسۈپ، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە خالىغانچە كىرىپ-چىقىپ ۋە يەپ-ئىچىپ، ھەتتا ئاخشىمى كەتمەي سوپا ۋە كارىۋاتلاردا بىللە يېتىۋالىدىغان بولۇشتى.

قەلبىنۇرنىڭ ئائىلىسىگە - قەلبىنۇرنىڭ ئېرى ئىشلەۋاتقان شىركەتنىڭ دىرېكتورى 56 ياشلىق فاڭزوڭ ئىسىملىك بىر خىتاي ۋە ئۇنىڭ ئايالى قوشماق تۇغقان قىلىپ قويۇلغان بولۇپ، بۇ خىتاي خوجايىن دەسلەپتە ئايالى بىلەن بىللە كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنچە يالغۇز كېلىدىغان بولىۋالىدۇ. 2017 - يىلى 12 - ئايدا خىتاي ھۆكۈمىتى ئايدا بىر قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەپتىلىكىنى ئېلان قىلىپ، بۇ بىر ھەپتىدە خىتاي تۇغقانلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ بىللە بولۇشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى «بەشتە بىللە بولۇش - يەنى بىللە ياشاش، بىللە تاماق ئېتىش، بىللە تاماق يېيىش، بىللە ئۆگىنىش قىلىش، بىللە ئۇخلاش»نى ئىزچىللاشتۇرۇشنى ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن قوشماق تۇغقانلار ھەددىدىن ئېشىپ، ھەپتىلەپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىدە يېتىۋالىدىغان بولۇشتى.

بىر قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەپتىلىكىدە قەلبىنۇرنىڭ قوشماق تۇغقىنى فاڭزوڭ ئۆزى يالغۇز كەلگەن ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم باشقىچە كېيىنلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھاراق ئىچىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىجازەتسىز ھاراق ئىچىپ، مەست بولىۋالغاندىن كېيىن

سەت قىلىقلارنى قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ قەلبىنۇرغا: ئۇنى سۆيۈشنى، قولىنى تۇتۇشنى، ھەتتا كەچتە بىللە ئۇخلاشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئېرىنىڭ ئالدىدىلا ئۇنى سۆيمەكچى، قولىنى تۇتماقچى بولىدۇ. ھەتتا قەلبىنۇرنىڭ يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە تاماقلىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ گەپلەرنى قەلبىنۇرنىڭ ئېرى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ. ئەمما قەلبىنۇر ئېرىنىڭ مەست بولۇپ قېلىپ، جېدەل چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇنى ئامال بار ھاراق ئىچمەسلىككە ياكى ئاز ئىچىشكە دەۋەت قىلاتتى. خىتاي قوشماق تۇغقىنى بولسا ئېرىنىڭ بۇ يەردە قارشىلىق قىلالمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماستىن قەلبىنۇرغا زورلۇق قىلىشقا ئۇرۇناتتى، قەلبىنۇر بۇ ۋاقىتتا ئەقلىنى ئىشلىتىپ بىر ئاماللارنى قىلىپ، ئۇنىڭ زورلۇق قىلىشىدىن قېچىپ قۇتۇلاتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ خىتاي: «مەن سىلەر بىلەن تۇغقان بولغاندىن كېيىن قانۇنلۇق ھالدا سېنى سۆيەلەيمەن، قۇچاقلىيالايمەن ۋە سەن بىلەن بىللە ئۇخلىيالايمەن» دەپ تەھدىت سالاتتى. قەلبىنۇر ۋە ئېرى ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېيەلمەيتى. قەلبىنۇر ئۆيدە ئۆزى يالغۇز قېلىشتىن قورقاتتى. ئۇ يالغۇز قالسىلا خىتاي قوشماق تۇغقان ئۇنىڭغا ھەددىدىن ئاشقان ھەۋەسلەرنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇخلاشنى تەلەپ قىلاتتى. بىر قېتىم قەلبىنۇر ئاشخانىدا يالغۇز قالغاندا ئۇنىڭغا جىنسىي پاراكەندىچىلىك سېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇنىڭ كۆكسىنى سىلايدۇ. يۈزىگە سۆيىدۇ. ئۇ ھەتتا ھەددىدىن ئېشىپ، قولىنى تۆۋەنگە سوزۇشقا باشلىغاندا، قەلبىنۇر بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغان ئىدى. قەلبىنۇر بۇ ئىشلارنى ئەسلىگەندە ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېلىپ: «بىز ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسىتەلمەيتۇق، ئەگەر قارشىلىق قىلساق ساقچىغا چاقسىلا، بىزنى تۇتۇپ لاگېرغا ئېلىپ كېتەتتى»دەيدۇ.

قەلبىنۇر ھەسرەت بىلەن يەنە مۇنداق دەيدۇ: قوشماق تۇغقانلىرىمىز كەلگەندە بەك ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك ئىدى.

ئېغىزىمىزدىن خاتا گەپ ـسۆزلەر چىقىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇتۇلۇپ قېلىشىمىزدىن بەكمۇ قورقاتتۇق. ئۇمۇ بىزنى سىناۋاتقاندەك ھەممە گەپ ـ سۆزلىرىمىز ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىمىزگە دىققەت قىلىپ تۇراتتى. بىر قېتىم ئۇنىڭ: «بۇ ئۆيدە چوشقا گۆشى يېمەيدىكەنسىلەر؟» دېگەن سوئالىغا جاۋاب بېرىشىمىز ئىنتايىن تەس بولدى. ئۇنىڭغا: بىز مۇسۇلمان، مۇسۇلمانلارغا چوشقا گۆشى يېيىش ھارام دېيەلمەيتتۇق، ئەگەردە ئۇنداق دېسەك بىزنى ساقچىغا مەلۇم قىلسا دەرھال لاگېرغا ئېلىپ كېتەتتى. شۇڭا بىز گەپنى ياساپ: چوشقا گۆشى يېمەسلىككە باشقا سەۋەب يوق، ئۇ بەك سېمىز ۋە مايلىق بولغانلىقتىن يېيەلمەيدىكەنمىز ـ دەپ ئاران قۇتۇلغان ئىدۇق».

قوشماق تۇغقان خىتاي ھەر قېتىم ئۆيگە كەلگەندە يۇقىرىقىدەك، زورلۇق-زومبۇلۇق ۋە نومۇسسىز قىلىقلارنى قىلغاچقا قەلبىنىۇر ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار ھەپتىلەپ بىر ـ بىرى بىلەن تۈزۈك گەپلەشمەيتى. قەلبىنىۇر ئېرىنىڭ خىتاي بىلەن جېدەللىشىپ قېلىپ، لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىشىدىن قورقاتتى. ئېرى بولسا قەلبىنىۇرغا: «سەن يول قويدۇڭ، قارشىلىق قىلمىدىڭ؟»دېگەندەك قىلىپ، قىيداپ تۇرۇۋالاتتى. ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىلىسىلا چارىسىز ئىدى. چۈنكى، ئۇلار قۇربانلىق قىلىنىدىغان قوزا بولۇشقا مەجبۇر ئىدى. بولمىسا ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىك بولاتتى. ھەتتا بىر قېتىم قوشماق تۇغقان خىتاي قەلبىنىۇرنىڭ ئۆزىنى تۇتقۇزمايۋاتقانلىقىدىن نارازى بولۇپ: «سىلەر مېنى ياخشى كۆرمىدىڭلار، مەن بۇ تۇغقاندارچىلىقتىن پەقەت ھۇزۇر ئېلىپ باقمىدىم، باشقا تۆۋەنگە چۈشكەن كادىرلار قوشماق تۇغقان ئائىلىلاردىن بەكمۇ ھۇزۇرلىنىپتۇ، ماڭا يانفونلىرىدا ۋىدېئو قىلىپ تارتىپ، كۆرسىتىپ قويدى» دەپ، قوشماق تۇغقاندارچىلىق سىياسىتىنىڭ رەزىل، پاسكىنا ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ بەرگەن ئىدى.

**5 - مەكتەپتىكى ئۆزگىرىشلەر، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يوقاپ كېتىشى ۋە ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى.**

2016 - يىلى 9 - ئايدا يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدىن باشلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تىلىنى مائارىپتا قوللىنىشتىن ئەمەلدىن قالدۇرغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مەكتەپلىرى خىتاي مەكتەپلىرى بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن ئىدى. شۇنداقلا ئەسلىدىنلا ئوقۇش سائىتى زور دەرىجىدە قىسقارتىۋېتىلگەن ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات دەرسلىك كىتابلىرىنى ئۆتۈش پۈتۈنلەي چەكلەندى. يېڭى ئەدەبىيات دەرسلىك كىتابلىرىدا بولسا، خىتاي تىل - ئەدەبىياتىنى ئاساس قىلغان تەرجىمە دەرسلىككە ئۆزگەرتىلگەن ۋە خىتاي كىلاسسىك شېئىرلىرى كىرگۈزۈلۈپ، پۈتۈنلەي خىتايچىلاشتۇرۇلغان ئىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 2017 - يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ ئۈچ مىليوندىن بەش-مىليونغىچە ھەر ساھەدىكى ئۇيغۇرلار ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېيىلىۋاتقان يىغىۋېلىش لاگېرىغا تۇتقۇن قىلىنىپ قامالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى، مائارىپچى ۋە شائىرلار بار ئىدى. داڭلىق ئوبزورچى يالقۇن روزى ۋە پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى پىروفېسسور كامىل رېھىم قاتارلىقلار نى: «دۆلەتنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان ۋە بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىق جىنايىتى» بىلەن ئەيىبلەپ، ئېغىر جازاغا ھۆكۈم قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى دەرسلىكىگە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كىرگۈزگەنلىكى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىلىپ، ئۇنىڭغا قاتناشقان ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىمۇ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ كېتىشتى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرلىرىنى تۇتقۇن قىلىشقا باھانە قىلغان يەنە بىر سەۋەب بولسا: باشلانغۇچ مەكتەپ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن ئاتا تۈرۈك مۇستاپا كامال ھەققىدىكى

بىر قىسقا ھېكايە بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ: «بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا تۈركىيە ـ ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، دۈشمەنلەر ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، تۈركىيەنى بېسىۋېلىپ، تۈرۈك خەلقىنى مۇنقەرز قىلماقچى بولغانىدى. بۇنىڭغا قارشى بارلىق تۈرۈك خەلقى دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. بىر كۈنى مۇستاپا كامال ئاتا تۈرۈك ئالدىنقى سەپنى كۆزدىن كۆچۈرۈۋاتقاندا بىر ئايالنىڭ، بىر ھارۋىدا ئەمدىلا بىر نەچچە ياشقا كىرگەن بالىسىنى يامغۇرنىڭ يېغىشقا قارىماي ئۇچۇق قويۇپ، ئەدىيالدا باشقا بىر نەرسىنى يۆگەپ قويغانلىقىنى كۆرىدۇ ـ دە، ئەجەبلىنىپ ئايالدىن سورايدۇ: ئەدىيالغا يۆگەپ قويغىنىڭىز نېمە؟ نېمىشقا ئەدىيالنى بالىڭىزنىڭ ئۈستىگە يۆگىمەي، ئۇنىڭغا يۆگەپ قويدىڭىز؟ ئۇ ئايال مۇستاپا كامال ئاتاتۈرۈككە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەدىيالغا يۆگەپ قويغىنىم ھەربىي قورالدۇر. بۇ قوراللار ھۆل بولۇپ بۇزۇلۇپ كەتسە، ۋەتەن مۇنقەرز بولىدۇ. بىز ۋەتەنسىز ياشىيالمايمىز، ئۇ بالا بولسا ـ مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ، ئۇ ئۆلۈپ كەتسە، مەن يەنە بالا تۇغۇۋالالايمەن!». بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان مۇستاپا كامال كۆزىگە ياش ئېلىپ، مانا مۇشۇنداق ئانىلىرى بولغان مىللەت ھەرگىزمۇ دۈشمەنگە مۇنقەرىز بولمايدۇ!» دەيدۇ.

قەلبىنۇرنىڭ لاگېر ھەققىدىكى پاجىئەلىك ئەسلىمىلىرى ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆپ ئىدى. ئۇ يەنە بىر ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: 2017 ـ يىلى 2 ـ ئايدا باشلانغان يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدە ئۆزى خىزمەت قىلغان سايباغ رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى تارمىقىدىكى مەكتەپلەردىن لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە تۇتۇپ كېتىلگەن ئوقۇتقۇچىلار 500 دىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. قەلبىنۇر ئۆزى ئىشلىگەن 24 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىنمۇ مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرى ۋە ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 18 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن ئىكەن، ئۇلارنىڭ

بەزىلىرى ئۈچ ئايلىق مېڭە يۇيۇش تەربىيەسىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن ئىش ئورنىغا قايتىپ كەلگەن بولسا، بەزىلىرى تۈرمىلەرگە قامالغان ياكى ئىشتىن بوشىتىۋېتىلگەن. مەسىلەن: سايباغ رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش - تەتقىقات ئىشخانىسىدىن رەيھانگۈل ھاشىم تۇتقۇن قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئېغىر جەرىمانە قويۇلغان ۋە يەتتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. يەنە 20 - باشلانغۇچ مەكتەپتىكى خەلچەم تۇتۇلغانچە خەۋىرى بولمىغان. 50 - باشلانغۇچ مەكتەپتىكى مەريەم مۇئەللىممۇ تۇتۇلغانچە ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغان.

قەلبىنۇر 2018 - يىلى 2 - ئايدا لاگېردىكى ئوقۇتقۇچىلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي ھوشىدىن كېتىپ، دوختۇرخانىدا داۋالىنىپ ساقايغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئەمما ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ مەكتەپ دەرۋازىسىغا قاراشقا باقاۋۇل قىلىپ قويۇلىدۇ. شۇ جەرياندا ئۇ سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزى سىنىپ مەسئۇلى بولۇپ كەلگەن 5 - يىللىق 3 - سىنىپتىكى 44 بالىدىن يىگىرمىدىن كۆپرەكىنىڭ ئازلىقى ۋە 5 - يىللىق 4 - سىنىپتىكى 38 بالىدىن 10 نەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى باشقا ئوقۇتقۇچىلاردىن سورىغاندا ئۇلار مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: يوقاپ كەتكەن بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسى لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يېڭىدىن قۇرۇلغان «يېتىم بالىلارنى تەربىيەلەش مەكتىپى»گە ئېلىپ كېتىلىپتۇ، ھەتتا بىر قىسىملىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى نامەلۇم، سىرلىق جايلارغا ئېلىپ كېتىلگەن ئىكەن. ئۇلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بالىسى يوق خىتايلارغا بالا قىلىپ بېرىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

قەلبىنۇرنىڭ يەنە ئەسلەپ ئۆتۈشىچە، ئاتالمىش «قوش تىل مەكتەپلىرى» خىتاي مەكتەپلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرچە دەرسلەر پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ،

مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ساقلىغان بارلىق دەرسلىك كىتاب ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئارقىدىنلا بارلىق ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ۋە دەرسلىك كىتابلار خىتايچە بېسىلىپ تارقىتىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى - مائارىپتىن پۈتۈنلەي سىقىپ چىقىرىلىپ تاشلانغان. قەلبىنۇرنىڭ قەلبى بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن ئازابلانغان ئىدى. بۇ ئەھۋاللارنى ئۇ مۇنداق بىر جۈملە سۆز بىلەن خۇلاسىلەيدۇ: ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ يوقىتىلىشى - ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يوقىتىلىشىنىڭ باشلانغۇچىدۇر. مىللىي مائارىپى بولمىغان مىللەت - يوق بولۇشقا مەھكۇمدۇر، خالاس!

### 6 - ئىككى نەپەر ۋىجدانلىق ئوقۇتقۇچىنىڭ قىسمىتى

قەلبىنۇر لاگېردا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەشتىن ئىلگىرىمۇ بەزى ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرگە شاھىت بولغان ئىدى. ئۇ بولسىمۇ بۇ مەكتەپتىكى ئىككى نەپەر ۋىجدانلىق تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىلىشى ۋە بىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئىدى. ئۇ بۇ ۋەقەنى مۇنداق ئەسلەيدۇ: 2016 - يىلى خىتايلار ئۇيغۇر تىلىنى مائارىپتىن ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ خىتايلاشتۇرغان ئىدى. مەكتەپتىكى ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار بولسا قىسقارتىلىپ، ئىككىنچى سەپكە چىقىرىلىپ، كېرەكسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈلۈپ قويۇلىدۇ. 24 - باشلانغۇچ مەكتەپكە لىپي فېڭ جىن ئىسىملىك بىر خىتاي مۇدىر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار داۋاملىق تەنقىت ۋە زەربە بېرىش نىشانىغا ئايلانغانىدى. ئۇ خىتاي مۇدىر ئوچۇق ئاشكارا ھالدا ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ: «مەن سىلەر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىشتۇرىۋېتىمەن. ھازىر دېگەن بىز خەنزۇلار ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇمىز، سىلەر ئۇيغۇرلار - قۇلغا ئوخشاش» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ھاقارەتلىرىگە چىداپ تۇرالمىغان تەنتەربىيە

ئوقۇتقۇچىسى ئەخمەت تۇرغۇن كۆكرەك كېرىپ چىقىپ: «سەن ھەددىڭدىن بەكمۇ ئاشتىڭ، بىز بۇ يەرنىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى. سەن بولساڭ بىر كەلگۈندى. بىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارمىز، سېنىڭ بۇنداق دېيىشكە ھەققىڭ يوق» دەپ، ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خىتاي مۇدىر - ئەخمەت تۇرغۇن مۇئەللىمگە ئىچىدە غۇم ساقلاپ يۈرىدۇ.

2017 - يىلى 4 - ئايدا خىتاي ھۆكۈمىتى ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» نامىدىكى لاگېرلارغا ئۇيغۇرلارنى قاماش ھەرىكىتىنى باشلىغاندا ئەخمەت تۇرغۇن مۇئەللىممۇ تۇتقۇن ئوبيېكتى بولىدۇ. بۇ ياز مەزگىلى بولغاچقا ئەخمەت تۇرغۇن مۇئەللىم مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا باشقا ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. توساتتىن بىر ساقچى ماشىنىسى كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئالتە نەپەر قوراللىق ساقچى چۈشىدۇ - دە، ئەخمەت مۇئەللىمنىڭ قولىغا كويزا سېلىنىپ، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈلۈپ، تۇتۇپ كېتىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەت مۇئەللىمنىڭ ئىز - دېرىكى بولمايدۇ. 45 ياشلىق ئەخمەت تۇرغۇن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن زىيالىي بولۇپ، ئائىلىسى ۋە بىر بالىسى بار ئىدى. ئۇ كەسپچانلىقى ۋە قابىلىيىتى يۇقىرى ئوقۇتقۇچى بولۇپ، مەكتەپنىڭ چېلىش ۋە پۇتبول كوماندىلىرىنىڭ مەشقاۋۇلى ئىدى. ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان مەكتەپ پۇتبول كوماندىسى يۈزلىگەن ئالتۇن مېدال ۋە تەقدىرنامىلەرگە ئېرىشىپ، مەكتەپكە شان - شەرەپ كەلتۈرگەن ئىدى.

قەلبىنۇر يەنە بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ پاجىئەسىنى مۇنداق ئەسلەيدۇ: «24 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئەكبەر داۋۇت ئىسىملىك يەنە بىر تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، 40 ياشقا كىرگەن، ئىككى بالىسى ۋە ئىناق ئائىلىسى بار، مەكتەپتىكى ھەممە ئادەمنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن ئېسىل سۈپەت ھەم قابىلىيەتلىك تالانت ئىگىسى ئىدى. ئۇ 2018 - يىلى 9 - ئايدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ

قاراقاش ناھىيەسىدىكى بىر يېزا مەكتىپىگە بىر يىللىق خىزمەتكە چۈشۈرۈلدۇ. ئۇ بىر كۈنى مەكتەپ مەيدانىدا كېتىۋاتقاندا بىر قىزنىڭ ئېچىنىشلىق چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئۇ بىنانىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىسا ئىچكىرىدىن كەلگەن بىر خىتاي ئوقۇتقۇچى ئون بىر ياشلار ئەتراپىدىكى 5 - يىللىقتا ئوقۇيدىغان بىر قىز ئوقۇغۇچىنى قاتتىق ئۇرۇۋاتقان ئىكەن. ئەكبەر مۇئەللىم ئۇ خىتاي ئوقۇتقۇچىنىڭ يېنىغا بېرىپ: قولۇڭنى تارت، بىر ئوقۇغۇچىنىمۇ مۇشۇنداق ئۇرامسەن؟ - دەپ ئۇنى گەپ بىلەن توسماقچى بولسىمۇ، ئۇ خىتاي ئوقۇتقۇچى قىز ئوقۇغۇچىنى ئۇرۇشتىن توختىمايدۇ. ئەكبەر مۇئەللىم ئۇنىڭغا نەسىھەت ئاڭلىتالمىغاندىن كېيىن، ئاچچىقىدا ئۇنىڭ گېلىنى سىقىپ، تامغا بىر نەچچىنى ئۈستۈرۈۋەتكەن ئىكەن. ئەسلىدە ئۇ خىتاي ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇيغۇر قىز ئوقۇغۇچىنى ئۇرۇشىدىكى سەۋەبى بولسا - قىز ئوقۇغۇچىنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىيەلمىگەنلىكى ۋە خىتايچە دەرسلەرنى چۈشىنەلمىگەنلىكى ئىكەن. چۈنكى، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار تېخى تۈزۈك خىتايچە بىلمەيدىكەن. ئۇلار مائارىپنى مەجبۇرىي خىتايچىلاشتۇرۇشنىڭ قۇربانى بولغان بولۇپ، ھېچكىمنىڭ ئۇلارنىڭ خىتايچە دەرسلەرنى چۈشىنەلمىگەنلىكى بىلەن كارى بولمىغان.

ئۇ خىتاي ئوقۇتقۇچى ئەكبەر مۇئەللىم تەرىپىدىن تامغا ئۈستۈرۈلگەنلىكىدىن ساقچىغا شىكايەت قىلغان بولۇپ، ھايال ئۆتمەي بىر نەچچە ماشىنىدا ئالاھىدە ساقچىلار كېلىپ، ئەكبەر مۇئەللىمنى تۇتۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئەكبەر مۇئەللىم ئون كۈنلۈك سولاقتىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، يەنە ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قايتا تۇتۇلۇپ لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن ۋە لاگېردا ئېغىر قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ، قاتتىق يارىلاندۇرۇلغان ھەم داۋالاشقا ئېلىپ بېرىلمىغاچقا بەختكە قارشى ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتى ساقچى دائىرىلىرى تەرىپىدىن: «كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى» دەپ يالغان باھانە ئويدۇرۇپ چىقىرىلىپ، ئائىلىسىگە

تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. (رەھمەتلىكنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن،ئامىن! )

**7-مەجبۇري ئەمگەكچىلەرنىڭ ئېلىپ كېلىنىشى**

قەلبىنۇرنىڭ ئېرى ھەسەن ئىسمايىل بىر كۈنى كۆڭلى يېرىم ھالدا ئۆيگە كېلىپ، ئۆزى ئىشلەۋاتقان تەڭرىتاغ رايونلۇق قۇرۇلۇش ماتېرىيالى شىركىتىدە بولغان بىر ئەھۋالنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىدۇ: ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، تۇنۇگۈن ۋە بۈگۈن ئۇنىڭ شىركىتىگە جەنۇبتىن 150 نەپەر ئىشلەمچى ئۇيغۇر ياشلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «ئەرزان باھالىق ئىشچى» بولۇپ ئېلىپ كېلىنىپتۇ. ئۇلار خىتايچىنى ئانچە ياخشى بىلمەيدىكەن، شۇڭا بۈگۈن قەلبىنۇرنىڭ ئېرى ئۇلار بىلەن شىركەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىشچىلىق توختامنامىسى ئۈچۈن سۆزلىشىشكە تەرجىمانلىق قىلىپتۇ. ئەسلىدە توختاملار ئاللىقاچان تۈزۈلۈپ بولغان بولۇپ، ئىشچىلارنىڭ قولىغا يەرلىك دائىرىلەر ئۇلارنى ئەۋەتكەن ۋاقىتتىلا بىللە تۇتقۇزۇپ قويغان ئىكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق شىركەت توختامنامىگە ئۆزلىرى ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، ئىشچىلار بىلەن رەسمىيەت ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم سۆزلىشىپتۇ، ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك توختامنامىگە قارشىلىق قىلماپتۇ ۋە پىكىر بىلدۈرمەپتۇ. ھەسەن ئىسمايىل ئۇنىڭغا ھەيران قېلىپ، ئۇلارغا ئىش كۆرسىتىش جەريانىدا ئاقسۇنىڭ-توقسۇ ناھىيەسىدىن كەلگەن سەمەت مەمەت ئىسىملىك بىر بالىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتىكەن، ئۇ بالا كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا: ئاكا، بىز ئەسلى «كەسىپي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» گە تۇتۇلۇپ، ئىككى يىللىق تەربىيەلەش ۋاقتىمىزنى تولدۇرغان ئىدۇق، لېكىن ۋاقتىمىز توشقاندا بىزنى قويۇپ بەرمىدى. ئەكسىچە بىزگە قويۇپ بېرىشنىڭ شەرتى قىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرى ۋە شىركەتلەرگە ئىشچىلىققا بېرىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەنلەرنى : «ھۆكۈمەتكە قارشىلىق قىلدى»دېگەن باھانە بىلەن تۈرمىگە

ئېلىپ كەتتى. قارشىلىق قىلمىغانلارنى يىغىپ، بىر نەچچە قېتىم يىغىن ئېچىپ توختامنامىلەرنى قولىمىزغا تۇتقۇزۇپ، مەجبۇرىي قول قويدۇردى ـ دەپتۇ ۋە يەنە سۆزىنى داۋام قىلىپ ـ ئاكا، بىزنىڭ باشقا چىقىش يولىمىز قالمىدى. بىز بۇ توختامنامىغا نارازى بولۇپ، ئىشچىلىقنى قوبۇل قىلمىساق، تۈرمىگە كىرىشكە مەجبۇر بولاتتۇق. بىز بۇ يەردە ئىشلەشنى، تۈرمىدە ياتقاندىن ياخشىراق دەپ قارايمىز ـ دەپتۇ.

ئۇ بالىنىڭ گېپىدىن ھەسەن ئىسمايىل بۇ ئىشچىلارنىڭ مەجبۇرىي ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى چۈشىنىۋالىدۇ. ئەمما بۇ ئىش ئۇنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتمىگەن ئىدى. چۈنكى، بۇ ئىشلەمچى بالىلارنىڭ مائاشى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، تامىقى ئۈچۈن ئارانلا يېتەتتى. ئەگەر ئۇلارغا ئوپچە بولسىمۇ ياتاق بېرىلمىگەن بولسا، ئۈرۈمچىدەك ئىستېمال سەۋىيەسى يۇقىرى شەھەردە تۇرۇپ، ئىشلەپ ـ جان بېقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ھەسەن ئىسمايىل يەنە شىركەت خوجايىنىنىڭ رەھىمسىزلىكىگە تېخىمۇ ھەيران قالىدۇ. نورمال ئىشچىلار كۈنلۈكى 8 سائەتلا ئىشلىسە، بۇ ئىشلەمچى بالىلار كۈنىگە 12 سائەت ئىشلىتىلەتتى. ئىشنى ياخشى قىلماي بۇزۇپ قويسا، خىتاي باشقۇرغۇچىلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ـ تىللاپ خورلىناتتى ۋە مۇئاشىدىن پۇل تۇتۇپ قالاتتى. ئۇ بالىلار بۇنىڭغا ھېچقانداق قارشىلىق قىلالمايتتى. پەقەت ئىككى يىللىق توختام ۋاقتىنىڭ توگەپ يۇرتىغا قايتىپ كېتىشنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتىشەتتى. بىر كۈنى قەشقەرنىڭ مارالبېشى ناھىيەسىدىن كەلگەن نۇرەخمەت دېگەن ئىشچى بالا ھەسەن ئىسمايىل بىلەن خالىي بىر جايدا ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىڭدىن: ئاكا، بىزنى توختام ۋاقتىمىز توشقاندا قويۇپ بېرەرمۇ؟ يۇرتىمىزغا قايتىپ كەتكىلى قويارمۇ؟ ـ دەپ سورايدۇ. ھەسەن ئىسمايىل ئۆزىنىڭ بۇ ئىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق تىلەپ، ھېسداشلىق قىلغان ئىدى. دېمىسىمۇ بۇ ئىشلارنى خىتاي

باشلىقلار ھەممە كىشىدىن يوشۇرۇن تۇتاتتى. چۈنكى، شىركەتنىڭ ئۇ ئىشلەمچى باللار كەلگەن جايلاردىكى لاگېرلار بىلەن مەخپىي توختامى بولۇپ، خالىسا ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇزارتىۋالالايتى.

بۇ ئىشچىلار شىركەتكە كەلگەندىن بۇيان شىركەت كۆپ پايدا ئېلىۋاتاتتى. شۇڭا توختامنى ئۇزارتىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر شۇنداق بولغاندا تېخىچە ئۆيلەنمىگەن بويتاق باللارغا بەكمۇ ئۇۋال قىلىنغان بولاتتى. بۇلار تېخى 20 ـ25 ياش ئارىسىدىكى ياش باللار بولۇپ، ئائىلە قۇرۇش ۋە پەرزەنتلىك بولۇپ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئىچىدە ياشاشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلىنارمۇ؟ رەھىمسىز ۋە ھايانكەش خىتايلار پايدا ـ مەنپەئەتتىن ۋاز كېچەلەرمۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىش ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

### 8-ئەلۋىدا ۋەتەن!

قەلبىنۇر 2017 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاياللار لاگېرىدا ئىشلەۋېتىپ، ئۇ يەردىكى ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى ۋەھشىيلىك ۋە مەجبۇرىي سالدۇرغان ھاملىدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈزۈكىنىڭ تەسىرىدە ھالسىزلىنىپ، كارىۋاتتا يىقىلىپ چۈشكەندىن كېيىن خېلى ئۇزاق داۋالاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئايالار لاگېرىغا قايتا چاقىرتىلماي، ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنى بولغان 24 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە قايتىپ كەلگەن ئىدى. لېكىن باشقا 10 نەپەر ئوقۇتقۇچى بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىكار قىلىنىپ، مەكتەپ دەرۋازىسىغا قاراشقا قويۇلغان ئىدى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپلا ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىنمۇ بوشىتىۋېتىلدى. ئىشسىز قالغان قەلبىنۇر ئۆزىنىڭ ئۆزبېك مۇھاجىرلىق سالاھىيتىنى پايدىلىنىپ ھەم گوللاندىيەدىكى قىزىنى يوقلاش باھانىسى بىلەن پاسپورتقا ئىلتىماس قىلدى. ئۇ بىر چەت ئەل مۇھاجىرى تۇرۇپمۇ، بىر نەچچە كۈندە پۈتىدىغان پاسپورت ئۈچۈن نەچچە ئاي يول

ماڭـدى. ئاھالىلـەر كومىتېتىدىــن ـ ساقچىخىچە بولغـان 23ئورۇنىنـىڭ تەلـەپ قىلغـان شـەرتىنى ھازىـرلاپ، تەستىقلىشــدىن ئۆتكۈزگەندىــن كېيىــن، ئاخىـرى ئۇنىڭغا: «داۋالىنىـپ بولـۇپ، تېـزلا قايتىـپ كېلىـش شــەرتى» بىلــەن ھــەم ئېــرى ۋە تۇغقانلىرىدىــن بىــر نەچچىنــى كېپىللىككـە قويـۇپ، مىـڭ تەسـلىكتە پاسـپورت ئالالــدى. شـۇنىڭ بىلــەن بېيجىڭغـا بېرىــپ 2019 ـ يىلـى 9 ـ ئاينىــڭ 15 ـ كۈنــى گوللاندىيــە كونسـۇللۇقىغا ۋىــزا ئىلتىماســى سـۇنغان ئىــدى. 10 ـ ئاينىـڭ 19 ـ كۈنـى ۋىزاسـى چىقىـپ، شـۇ كۈنـى گوللاندىيەگـە قـاراپ يولغـا چىقتـى.

قەلبىنــۇر ئايروپىلانغــا چىققاندىــن كېيىنــلا، ئــۇھ! ـ دېــدى ۋە كۆزىنــى يۇمــۇپ، لاگېــردا كۆرگــەن دەھشــەتلىك پاجىئەلەرنــى ئايروپىلانــدا بولســىمۇ، ئۇنتــۇپ كېتىشــكە تىرىشــتى. ئــۇ زۇلمەتلىــك دۇنيادىــن ـ ئەركىــن دۇنياغــا چىقىــش ئالدىــدا تۇراتتــى. ئۇنىڭغــا ئايروپىــلان شــۇنداق ئاســتا ئۇچۇۋاتقانــدەك بىلىنمەكتــە ئىــدى. بىــر سائەت، ئىككـى سـائەت.... قەلبىنـۇر سائەت سـاناپ ئاخىـرى ھېرىــپ قالغانــدا، ئايروپىــلان ئامستېردام ئايرودۇرۇمىغـا قونـدى. ئۇنىـڭ قەلبـى ھاياجاندىــن دۈپۈلــدەپ ســوقۇپ كەتتــى. ئــۇ ئەركىــن دۇنياغــا، شــۇ ئەركىــن دۇنيـادا ياشاۋاتقان قىزىنىــڭ يېنىغـا كەلگـەن ئىـدى. چىقىـش ئىشــىكىدە قىــزى ۋە كۈيئوغلــى ســاقلاۋاتاتتى. ئــۇ تەكشۈرۈشــلەر تۈگىگەندىــن كېيىــن چىقىــش ئىشــىكىگە كېلىپــلا ئۇلارنــى كــۆردى ـ دە، شــۇھامان كۆزىگــە ئىسســىق يــاش كەلــدى. ئانــا ـ بــالا يىغــلاپ تــۇرۇپ قۇچاقلىشــىپ كۆرۈشــتى. كۈيئوغلــى بىلەنمــۇ سالاملىشــىپ كۆرۈشـتى. ئاندىـن ئۇلارنىـڭ ماشىنىسـىغا ئولتـۇرۇپ تەخمىنـەن يېرىـم سـائەتتىن كېيىــن قىزىنىــڭ ئۆيىگــە يېتىــپ كەلــدى.

قەلبىنــۇر قىــزى ئەتكــەن ھــاردۇق ئېشــىدىن ئىچىــپ بولــۇپ، ئــۇلار بىلــەن ئــۇزاق پاراڭلاشــتى. قەلبىنۇرنىــڭ گېپــى تۈگەيدىغانــدەك ئەمــەس ئىــدى. گــەپ ئارىلىقىــدا ئۇنىــڭ كــۆزى ياشــقا تولاتتــى. ئــۇ نېمىشـقىدۇر بۆگـۈن شـۇنداق يېنىكلـەپ قالغانـدەك، ئۈسـتىدىن بىر تاغ

ئېلىنىۋېتىلگەنىدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ۋەتەنىدىكى ۋاقتىدا ئۇستىدىن بىر تال تاغ بېسىپ تۇرغانىدەك ۋە ئۇنى ھېلىلا ئېزىۋېتىدىغانىدەك ھېس قىلاتتى. ئۇ ئەمدى بۇ تاغنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇ بولسىمۇ زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن خەلقنىڭ ئۇستىگە چىقىۋالغان قانخور ھاكىمىيەت ۋە ئىككى قولى خەلقنىڭ قېنى بىلەن بويالغان زالىم ئەمەلدارلار ئىدى.

قەلبىنۇر بىر مەزگىل داۋالىنىپ ۋە دەم ئېلىپ ئەسلىگە كېلىۋالدى. ئۇ ئەمدى بىراز راھەت ئۇخلىيالايدىغان ۋە كۈلەلەيدىغان بولدى. ئەمما نېمىشقا يەنىلا كۆڭلى يېرىم ئىدى. ۋەتەنىدىكى ئۇ بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مۇدھىش ۋە دەھشەتلىك لاگېرلار، ئۇ يەردە بولۇۋاتقان پاجىئەلەر، بىگۇناھ تۇتقۇنلارنىڭ يىغا - زارى ۋە ئۆلۈم - يېتىملار زادىلا ئېسىدىن كەتمەيتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتەيمۇ؟ بۇ يەردە ياخشى ياشاپ، ئويناپ - كۈلۈپ يۈرەيمۇ؟ ئۇ كۆڭلىگە كەلگەن بۇ سوئاللارغا بىر جاۋاب تېپىشى كېرەك ئىدى: ياق! ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ ! - دەپ، قەتئىي بىر قارارغا كەلدى ۋە مۇنداق ئويلىدى: «مەن چوقۇم ۋەتەنىدىكى ئاشۇ دەھشەتلىك لاگېرلاردا ئازاب تارتىۋاتقان خەلقنى ئۇنتۇپ قالسام بولمايدۇ! ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان دەھشەتلىك پاجىئەلەرنى دۇنياغا ئاشكارىلىمىسام بولمايدۇ. ئەگەر مەن ئۇنداق قىلمىسام، قانداقمۇ ئۆز ۋىجدانىمغا يۈز كېلەلەيمەن! مەن تېخى ۋىجدانىمنى يوقىتىپ قويمىدىم ھەم مەڭگۈ يوقاتمايمەن!»

قەلبىنۇر ئورنىدىن دەرس تۇردى. ئۇ لاگېرلاردا قامالغان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغانىدى. ئۇ ئالدى بىلەن گوللاندىيەدە قۇرۇلغان «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى»غا بېرىپ ۋەتەنىدىكى لاگېردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى بىرمۇ - بىر بايان قىلدى. ئاندىن ئامېرىكىدىكى ئالەم قاتنىشى ئىدارىسىنىڭ ئېنژېنېرى دوكتور ئەركىن سىدىق

ئەپەندىگە تېلېفون قىلىپ، لاگېردىكى پاجىئەلەرنى بىرمۇ - بىر سۆزلەپ بەردى. ئاندىن يەنە نورۋېگىيەدىكى ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ، ئامېرىكىدىكى ئىنسانشۇناس دېرىن بايلېرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ۋەتەندە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان پاجىئەلىرىنى بىرمۇ - بىر بايان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە سېلىۋاتقان دەھشەتلىك زۇلۇملىرىنى پاش قىلدى. دېرىن بايلېر ئۇنى ئامېرىكىدىكى ئاخباراتلاردا ئېلان قىلدى ۋە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يەتكۈزۈپ بەردى. 2020 - يىلى 6 - ئايدا يەنە فرانسىيەدىن كەلگەن ژۇرنالىست لاۋرېنسىنىڭ نەق مەيدان زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ فىرانسىيە مەتبۇئاتلىرىدا خەۋەر قىلىشى بىلەن خىتاينىڭ يىغىۋېلىش لاگېرىدا ئۇيغۇر خەلقىگە يۈرگۈزۈۋاتقان پاجىئەلەر فىرانسىيەدە زور تەسىر قوزغاپ، فىرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايىنى ئەيىبلىشىگە سەۋەبچى بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قەلبىنۇر ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرچە خەۋەر پىروگراممىسى ئارقىلىق لاگېردا بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىرىگە قوشۇپ، ئۆزى ئىشلىگەن مەكتەپتىن تارتىپ - ئۆزى ئولتۇرغان مەھەللىگىچە بولغان جايلاردىكى ھەددىدىن ئاشقان كونتروللۇق، مىللىي كەمسىتىش، مىللىي مائارىپنىڭ يوقىتىلىشى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، دۇنياغا ئاشكارلىدى.

قەلبىنۇر بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماي يەنە سىياسىي پائالىيەتلەرگىمۇ ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇ 2020 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئامستېردامنىڭ دام مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىدە: «ھۆرلۈك ئۇ-نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ!» تېمىسىدا نۇتۇق سۆزلەپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى.

ئۇنىڭ نۇتۇقىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: مەن ۋەتىنىمىز

شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن لاگېر شاھىتى قەلبىنۇر سىدىق بولىمەن. ھەر قايسىڭلار بىلەن گوللاندىيەدە - ۋەتىنىمىزدە ئىككى قېتىم قۇرۇلغان جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ خاتىرە كۈنىنى بىرگە ئۆتكۈزگەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن! ئۇچىنچىسىنى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتكۈزۈشكە، بايرىقىمىزنى ۋەتىنىمىز ئاسمىنىدا لەپىلدىتىشكە ئاللاھ نېسىپ قىلسۇن! مېنىڭ تۆۋەندە سۆزلىمەكچى بولغىنىم: ھۆرلۈك ئۇ - نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ : ھۆرلۈك - ئانا تىلدا سۆزلەش، ئانا تىلدا ئوقۇش، ئانا ۋەتەننى سۆيۈش، ئانا ۋەتەننى قوغداش دېمەكتۇر. ھۆرلۈك-ئاتا - ئانىنى، قان - قېرىنداشنى، ئانا يۇرتنى كۆرۈشكە، سۆيۈشكە ئۇلار بىلەن بىللە كۈلۈشكە نېسىپ بولۇش دېمەكتۇر! ھۆرلۈك - ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلغان سەبىي بالىلارنىڭ كۆز قارچۇغى دېمەكتۇر! ھۆرلۈك - ئەرلىرىدىن ئايرىلغان مەزلۇم ئاياللارنىڭ ئىپپەت نومۇسى دېمەكتۇر ! ھۆرلۈك - غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغان، بىچارە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلەملىك نالىسىنىڭ ئاخىرلىششى دېمەكتۇر! ھۆرلۈك - قىيپالىڭاچلىنىپ چاچلىرى چۈشۈرۈۋېتىلگەن، ياشاشتىن ئۆلۈمنى ئارتۇق بىلگەن، لاگېرلاردا دەھشەتلىك زۇلمەتكە مەھكۇم بولغان، بىر پارچە نانغا، بىر پىيالە پاكىز سۇغا زار بولغان، ئازغىنە كۈن نۇرىغا تەلپۈنگەن بىگۇناھ تۇتقۇنلارنىڭ بىباھا ئارمانىدۇر! ھۆرلۈك - قۇلۇپلانغان مەسچىتلەر، ئۆيلەر ۋە قۇلۇپلانغان قەلبلەرنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىدۇر! ھۆرلۈك - ئانىلارنىڭ مىراسى، ئاتىلارنىڭ دۇئاسى، ئاياللارنىڭ جۇلاسى، بالىلارنىڭ كۈلكە - ساداسى، ئەرلەرنىڭ قەلب - چېكى ساماسىدۇر! ھۆرلۈك-بىر ئىمتىياز ئەمەس، ئۇ بىر ئەقەللىي ھوقۇقتۇ! ھۆرلۈك - غۇرۇرىمىز بىلەن ياشاشنىڭ شەرتىدۇر! ئەنە شۇ ھۆرلۈكنىڭ كاپالىتى بولسا - ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقىدۇر! يېقىنقى تارىختا ۋەتىنىمىزدە ئىككى قېتىم مۇستەقىللىق ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ مۇستەقىل ۋەتىنىمىز - بۈنىڭدىن يەتمىش يىل بۇرۇن خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ئىدى. بۇ يەتمىش يىل مابەينىدە

خەلقىمىز خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ سىستېمىلىق چەتكە قېقىشى، مىللىي كەمسىتىشى، تىل - ئەدەبىيات بۇزغۇنچىلىقى، مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىش، مەجبۇرىي توي قىلدۇرۇلۇش، ئومۇمىيۈزلۈك نازارەت، قاتتىق باستۇرۇش، نوپۇس چەكلەش قىرغىنچىلىقى ۋە يىغنۋېلىش لاگېرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يوقۇلۇشقا مەھكەم بولۇشتەك دەرىجىدىن تاشقىرى ئېغىر زۇلۇملارغا ئۇچراپ كەلدى. شۇڭا بىز ئۈچۈن يەنە ھۆرلۈك - مەھبۇسلۇق، قوللۇق، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە مۇستەملىكىچىلىكتىن قۇتۇلۇش دېمەكتۇر! ھۆرلۈك - خىتاي سالغان قورقۇنچتىن، روھىي كىشەندىن قۇتۇلۇپ، بىر ئىنسان كەبى ۋىجدانى، ئىمانى ۋە ئىنسانىي قەدىر - قىممىتى ئۈچۈن ئۈنلۈك چۇقان سېلىش دېمەكتۇر! ھۆرلۈك - شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق خەلقىمىزنىڭ ئارزۇسىدۇر! شۇ ئارزۇ ئۈچۈن يۈز يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقى قان تۆكۈپ، جان بېرىپ قۇربانلىق بېرىۋاتقان، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان ئۇلۇغ غايىدۇر! شۇڭا بۇ ھەقلىق غايىمىز ئۈچۈن دۇنياغا مۇنداق مۇراجىئەت قىلىمىز: ئەي! دۇنيا خەلقى ئاڭلاڭلار!: شەرقىي تۈركىستان -بىر ئەركىن، مۇستەقىل دۆلەت بولۇشىمىز كېرەك! بۇ نىيىتىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىز - سىزلەرنىڭ قوللىشىڭلارغا موھتاجمىز، سىزلەر يەتكۈزگەن ھەر - بىر دوستلۇق، سىزلەر ئورناتقان ھەر بىر ئىشەنچ رىشتىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىكى قولغا كېلىدۇ! باشقىلارغا ھۆرلۈكنى راۋا كۆرمىگەنلەر - ئۆزلىرىمۇ ھۆرلۈككە لايىق ئەمەستۇر!

# 9 - نومۇرلۇق تۇتقۇن گۈلباھار گۈناھسىز ئىدى

(خىتايدا قانۇن يوق ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ئۇيغۇر بولۇشنىڭ ئۆزى جىنايەت ئىكەن

- گۈلباھار خاتىۋاجى



گۈلباھار خاتىۋاجى 1966 - يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئالتە شوئار مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. غۇلجىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1984 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، 1988 - يىلى ئوقۇشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتتۈرگەندىن كېيىن قاراماي‌غا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، قارامايدىكى ماشىنىسازلىق باش شىركىتىگە خىزمەتكە قوبۇل قىلىنغان ھەمدە ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشى ئابدۇكېرىم دېگەن يىگىت بىلەن توي قىلىپ ئىككى باللىق بولغان ئىدى. ئۇ بىر مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر زىيالىسى بولۇپ، ئۆز خىزمىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، شۇنداقلا ئۇ مۇنەۋۋەر بىر ئانا بولۇپ، ئىككى پەرزەنتىنى ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشقان كۆيۈمچان ۋە پەزىلەتلىك بىر ئانا ئىدى.

گۈلباھارنىڭ يولدىشى ئابدۇكېرەم خاتىۋاجىمۇ بىر مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر زىيالىيسى ۋە ئىنژېنېر بولۇپ، قارامايىنىڭ نېفىت سانائىتى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشقان پەخىرلىك ئۇيغۇر ئوغلانلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ بىر ئىنژېنېر بولۇشقا قارىماي قارامايدا خىزمەت قىلىش جەريانىدا خىتايلار تەرىپىدىن يەكلىنىپ ۋە چەتكە قېقىلغانلىقتىن، بۇنداق تەڭسىزلىككە قارىتا ئىچىدە

نارازىلىقنى بىلدۈرۈپ كەلگەن ئىدى. شۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ 2002 - يىلى ياۋروپاغا سایاھەتكە قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، ياۋروپاغا كېلىدۇ ۋە چەت ئەلدە مۇھاجىر بولۇپ قېلىپ، ۋەتىنىگە خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن نورۋېگىيەگە بېرىپ، سىياسىي پانالىق ئىلتىماسى سۇنۇپ، نورۋېگىيەدە قېلىپ قالغان ئىدى. ئەپسۇسكى، ئابدۇكېرىمنىڭ ياۋروپاغا كېلىش ۋىزاسى فىرانسىيەنىڭ بولغاچقا بىر يىلدىن كېيىن فىرانسىيەگە قايتۇرۇلدى ۋە فىرانسىيەدە ئۇلتۇراقلىشىپ قالدى. ئۇزاق قالماي ئۇنىڭ فىرانسىيەدىكى سىياسىي پانالىق تىلەش ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنىپ، بارلىق رەسمىيەتلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، 2006 - يىلى ئايالى گۈلباھار ۋە ئىككى قىزىنى فىرانسىيەگە ئېلىپ كېلىپ يەرلەشتۈرگەن ئىدى. كېيىنچە ئابدۇكېرىم ۋە ئىككى قىزى فىرانسىيە ۋەتەنداشلىقىغا قوبۇل قىلىندى. گۈلباھارغا بولسا فىرانسىيەدە ئۇزاق مۇددەت تۇرۇش رۇخسىتى بېرىلگەن ئىدى.



گۈلباھار فىرانسىيەدە ئائىلىسى بىلەن خاتىرجەم ۋە بەختلىك ياشاۋاتاتتى. 2016 - يىلى 11 - ئاي مەزگىلى ئىدى. پارىژدا كۈز پەسلى ئاخىرلىشىپ، قىش يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. گۈلباھار ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ناشتا قىلىپ بولۇپ، بالىلىرىنى مەكتەپكە يولغا سېلىۋېتىپ، ئەمدى ئۆينىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىنى باشلاي دەپ تۇرۇشىغا، ئەتىگەندىلا يانفونىغا ئۈندىدىن ئۇچۇر كەلگەنلىك سىگنالى چېلىندى. ئۇ كەلگەن ئۇچۇرغا قارىۋىدى، ئۇ ئۇچۇرلار ئۇ قارامايدا ئۆزى ئىلگىرى خىزمەت قىلغان شىركەتتىكى ئومۇمىي باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان شەۋكەت دېگەن بىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئۇچۇرىدا: «گۈلباھارنىڭ تېزدىن قارامايغا كېلىپ، پېنسىيە رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىۋېلىشى كېرەكلىكى» ئېيتىلغان ئىدى.

گۈلباھار ئالدىنقى قېتىم ۋەتەنگە بارغان ۋاقتىدا پېنسىيەگە چىقىش ئىلتىماسى سۇنۇپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قاچان

تەستىقلىنىشىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتى ۋە ئۇنىڭغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپمۇ كەتمىگەن ئىدى. مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇنىڭغا بۇنداق خەۋەرنىڭ كېلىشى ئۇنى بىر ئاز ئەجەبلەندۈردى. ئۇ شەۋكەت دېگەن كىشىگە ئۇچۇر قايتۇرۇپ: مەن پېنسىيە رەسمىيىتىنى بېجىرىش ئىشىنى باشقىلارغا ۋاكالەتچىلىككە بەرسەم بولامدۇ؟ - دەپ سورىۋىدى، مۇئاۋىن مۇدىر شەۋكەت ئۇنىڭغا: ئىككى كۈندىن كېيىن جاۋاب بېرەي دەپ، ئىككى كۈندىن كېيىن: ياق، بولمايدىكەن، ئۆزىڭىز كېلىشىڭىز كېرەك ئىكەن - دەپ ئۇچۇر يوللىدى. گۈلباھار تېخى بىر نەچچە ئاينىڭ ئالدىدىلا ۋەتەنگە ئانىسىنى يوقلاش ئۈچۈن بارغان بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا بۇ توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋەر بولمىغان ئىدى. نېمە ئۈچۈن ئەمدى تۇيۇقسىزلا بۇنداق خەۋەر كېلىدۇ؟ ئۇ بۇ توغرىسىدا يولدىشى ئابدۇكېرىمگە مەسلىھەت سالدى. ئۇلار ئەر - ئايال ئىككىسى ئۇزاق مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن، بەلكى بۇ : «بالدۇر پېنسىيەگە چىقىرىش يېڭى سىياسىتى بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ، گۈلباھارنىڭ قارامايغا بېرىپ - كېلىشىنى قارارلاشتۇردى. ئەمما ئۇنىڭ بىر تۇزاق ئىكەنلىكىنى ئۇلار ھېچ ئويلىمىغان ئىدى.

گۈلباھار ئىككى كۈن جىددىي تەييارلىق قىلىپ، 2016 - يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئاستانا ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، ئۈرۈمچىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپلا 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قارامايغا يېتىپ كەلدى. قارامايدا ئاللىقاچان قىش كىرىپ، ھاۋا سوۋۇپ كەتكەن بولۇپ، سوغۇق شامال گۈلباھارنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانجىلىپ: «قارىماي سېنى قارشى ئالمايدۇ، ھازىرقى قارىماي سەن ئىلگىرى تۇرغان ۋاقىتتىكى قاراماي ئەمەس، ئەمدى بۇ يەردە ياز بولمايدۇ!» دېگەندەك قىلىۋاتاتتى.

پارىژنىڭ ئىللىق ھاۋاسىغا كۆنۈپ قالغان گۈلباھار سوغۇق شامالدىن بىرئاز ئەندىكتى - يۇ، ئەمما يۈزىنى شارپا بىلەن

ئورنۇۋېلىپ، قارامايىنىڭ سوغۇق قىش پەسلىنى ئەسلىگەچ ئۇدۇل ئۆزى ئىشلىگەن شىركەتكە بېرىپ مۇئاۋىن مۇدىر شەۋكەت بىلەن كۆرۈشتى. مۇئاۋىن مۇدىر شەۋكەت گۈلباھارنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران قالدى: خوش كەلدىڭىز، قارشى ئالىمىز! پېنسىيە رەسمىيەتلىرىڭىز بېجىرىلىۋاتىدۇ. ئامال بار تېزرەك بېجىرىشقا تىرىشىمىز. بەزى نەرسىلەرگە سىز ئۆزىڭىز ئىمزا قويمىسىڭىز بولمايدىكەن ـ دەپ، نۇرغۇن قائىدە ـ تۈزۈملەرنى سۆزلەپ، ئۇنى گەپكە تۇتىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا 3 ساقچى كېلىپ: «سىز بىلەن ئازراق سۆزلىشىدىغان گەپ بار ئىدى» دەپ، ئۇنى ماشىنىسىغا چىقىرىپ، يېقىن ئەتراپتىكى بىر ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ كېلىشتى.

گۈلباھارنى ساقچىلار بىر ئىشخانىغا باشلاپ كىرىشتى. ئۇ يەردە يەنە بىر نەچچە ئۇيغۇر ساقچى تۇراتتى. گۈلباھار قارامايدىكى بەزى ساقچىلارنى تونۇسىمۇ، ئەمما بۇلارنى تونۇمىدى. بەلكى ئۇلار بىر نەچچە يىلدىن بۇيان يېڭىدىن كەلگەنلەردەك قىلاتتى ۋە بىردەم ھەجايىغاندەك كۆرۈنسە،يەنە بىردەم قاپاقلىرىنى تۈرۈپ تۇرۇشاتتى. گۈلباھارنىڭ يۈرىكى سېلىپ، بىراز جىددىيلەشكەندەك بولدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ: «مەندە بىرەر گۇناھ بولمىسا، نېمىدىن ئەندىشە قىلاتتىم» دېگەننى ئويلاپ، ئۆزىدىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىشكە تىرىشتى. ئۇلار گۈلباھارنىڭ، باش ـ ئايىغىغا بىرەر قۇر قاراپ چىقتى ـ دە، سالامىمۇ قىلماستىن قوپاللىق بىلەن ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ئۇلار گۈلباھاردىن: فىرانسىيەگە قاچان بارغان؟ نەدە تۇرغان؟ نېمە ئىش قىلغان دېگەندەك نۇرغۇن سوئاللارنى سورىدى. گۈلباھار قىلچىلىك ھودۇقماستىن ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى. سوراق شۇ كۈنى كەچكىچە داۋام قىلدى. سوئال ـ سوراقلارنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىۋاتاتتى. گۈلباھار بۇنىڭغا ھەيران قېلىپ تۇرۇۋىدى. ئۇلار گۈلباھارغا: پاسپورتۇڭنى چىقار! ـ دەپ ئېلىۋېلىپ، ئۇزاق قاراپ تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن،ئۇنىڭ پاسپورتىنى ئېلىپ

قىلىپ، ئۇنىڭغا: بۇگۈنكى سۆھبىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن. ئەمدى سىنىڭ يىراققا كېتىشىڭگە بولمايدۇ! نېمە ئىش قىلساڭ بىزگە مەلۇم قىلىپ تۇرىسەن. بىز سىنىڭ مەسىلەڭنى تەكشۈرىمىز - دەپ ئاگاھلاندۇرۇش قىلىپ، گۈلباھارنىڭ ساقچى پونكىتىدىن ئايرىلىشىغا رۇخسەت قىلدى.

گۈلباھار ئەمدى چۈشەندىكى، مۇئاۋىن مۇدىر شەۋكەتنىڭ «پېنسىيە رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بېرىمىز» دېگىنى بىر قىلتاق بولۇپ، ئۇ ئەمدى قەپەسكە سولانغان بىر قۇش قىلىپ قويۇلغان ئىدى. گۈلباھار ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن قاتتىق ئازابلاندى. ئەمما ئۇ ھەر دائىم قەلبىدە: «مەندە گۇناھ يوق!-دەپ قارىغاچقا، بىر ھەپتىدىن كېيىن، «ساقچى پاسپورتۇمنى قايتۇرۇپ بېرەر؟» دېگەننى ئويلاپ، ساقچىخانىدىن چىقتى.

ئۇ كۈنى كەچ بولۇپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۇدۇل بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ،ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشقاچ شۇ يەردە قونۇپ قالغان ئىدى. ئەتىسى گۈلباھار ئۇ دوستىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، قارامايدىكى باشقا دوست ۋە تۇغقانلىرىنى يوقلىغاچ، پاسپورتىنىڭ قايتۇرۇلۇپ بېرىلىشىنى كۈتۈپ، قارامايدا بىر ھەپتىدەك تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ پارىژغا قايتىش ۋاقتى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئىدى. ۋاقىت توشىدىغانغا ئىككى كۈنلا قالغان ئىدى. بۇ ئاخىرقى ئىككى كۈن ھەپتە ئاخىرى بولغاچقا گۈلباھار: «ساقچىلار ھەپتە ئاخىرىدا ئىش بېجىرمەيدۇ، ئەمدى مېنىڭ پاسپورتۇمنى قايتۇرۇپ بەرمەيدىكەن» دەپ ئويلاپ، پاسپورتىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتوبۇس بىلەن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى.

گۈلباھارنى ئۈرۈمچىدە ئاتايىتەن غۇلجىدىن كەلگەن ئانىسى ۋە كىچىك سىڭلىسى بىلەن بىللە چوڭ سىڭلىسىنىڭ ئۆيىدە ساقلاۋاتقان ئىدى. ئۇ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا ئۇدۇل سىڭلىسىنىڭ

ئۆيىگە بېرىپ، سىڭلىسى ئېيتىپ بەرگەن ھاردۇق ئېشىنى ئىچىپ بولۇپ، ئانىسى ۋە سىڭىللىرى بىلەن ئۇزاق مۇڭداشتى. گۈلباھار ئانىسىغا پاسپورتىنىڭ تارتىۋېلىنغانلىقى ۋە سوئال - سوراققا تارتىلغانلىقىنى ئېيتىپ، كۆڭلىنى يېرىم قىلىشنى خالىمايتتى. ئۆزىنىڭ كۆڭلىنىڭ يېرىملىقىنىمۇ چاندۇرمىدى. بۇ جەرياندا ئۇ ھەپتىدە بىر قېتىم قارامايغا بېرىپ، ساقچى ئىدارىسىغا : ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇپ، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلىپ، پاسپورتىنىڭ قاچان قايتۇرۇلۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى سوراپ كېلەتتى. يارمەمەت ئىسىملىك بىر ساقچى ئۇنىڭدىن ئۇرۇمچىدىكى سىڭلىسىنىڭ ئادرېسىنى سوراپ ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ باشقا يەرلەرگە بارماسلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي گۈلباھار خىتايلارنىڭ چاغان بايرىمى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن يەنى 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، رەھمەتلىك دادىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلىغاچ بىرەر ھەپتە تۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن غۇلجىغا كەلگەن ئىدى.

خىتايلارنىڭ چاغان بايرىمى يېتىپ كەلگەن ئىدى. نۇرغۇن ئىدارە جەمئىيەت ۋە ئائىلىلىكلەر بىناسىغا خىتايلارنىڭ پانۇس ۋە مەسىنەۋىلىرى ئېسىلغان بولۇپ، غۇلجا شەھىرى خۇددى بىر خىتاي شەھىرىگە ئوخشىتىپ قويۇلغان ئىدى. ئەجەبلىنەرلىكى، بۇ قېتىمقى چاغان بايرىمى خۇددى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بايرىمىدەك، ئۇلارمۇ بايرامنى تەبرىكلەشكە مەجبۇرلانغان بولۇپ، نۇرغۇن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ئىشىكلىرىگە خىتايچە مەسىنەۋى ئېسىلغان ئىدى. گۈلباھار بۇ ئىشلارغا ئىنتايىن ھەيران قالدى. بۇنداق ئەھۋاللارنى ئۇ ئىلگىرى كۆرمىگەن ئىدى. بىر نەچچە يىلنىڭ ئىچىدىلا ۋەزىيەتنىڭ بۇ قەدەر ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭغا بەكلا غەلىتە بىلىنمەكتە ئىدى. گۈلباھارنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا: قىزىم بۇ ئىشلارغا ھەيران قالماڭ، جاھان تەتۈر يولغا كېتىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئېتىبارىمىز چۈشۈۋاتىدۇ، ئالدىمىزدا ئېغىر كۈنلەر يېتىپ كېلىدىغان ئوخشايدۇ

- دەپ خورسىنىپ قويغان ئىدى. گۈلباھار ئۆزىنىڭ غېمىنى قايرىپ قويۇپ، ئانىسىغا نۇرغۇن تەسەللىي بەردى ۋە بىر نەچچە كۈننى ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئۆتكۈزدى.

گۈلباھارنىڭ غۇلجىغا كەلگىنىگە تېخى ئىككى كۈن بولغان ئىدى. ئۇ ئانىسى بىلەن ناشتا قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا ھېلىقى يارمەمەت دېگەن ساقچىدىن تېلېفون كەلدى. ئۇ يانفونىدا گۈلباھارغا: ئۇنىڭ تېزدىن قارامايغا قايتىپ كېلىشى كېرەكلىكىنى، سۆزلىشىدىغان مۇھىم ئىشلار بارلىقىنى ئېيتتى: خىتايلارنىڭ چاغان بايرىمى ئەمدىلا باشلانغان بولغاچقا،گۈلباھار قاتناشنىڭ توختىتىپ قويۇلۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇ ساقچىغا: بىرەر ھەپتىدىن كېيىن بارسام بولمامدۇ؟ - دېۋىدى، ئۇ ساقچى ئۇنىڭغا: ۋۇي! ھەدە، پاسپورتىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرىمىز دېسەكمۇ كەلمەمسىز؟ تېز كېلىشىڭىز كېرەك ! - دەپ، بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن گۈلباھار ئەتىسىلا قارامايغا ئۇچىدىغان ئايروپىلان بېلىتىنى ئېلىپ، 2017 - يىلى 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن قارامايغا يېتىپ كەلدى.



ئۇ ساقچىلارنىڭ ئۆزىنى چاقىرغانلىقىنى مۇنداق تەخمىن قىلغان ئىدى: «ھازىرغىچە ھېچقانداق ئىش بولمىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇلار پاسپورتۇمنى قايتۇرۇپ بېرىپ، مېنى فرانسىيەگە يولغا سېلىپ قويۇشى مۇمكىن، پاسپورتۇم قايتۇرۇلۇپ بېرىلىپ قالسا دەرھال غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، ئاپام بىلەن يەنە بىر نەچچە كۈن قانغۇچە مۇڭدىشىۋالغاندىن كېيىن يولغا چىقارمەن!» دەپ ئويلاۋاتاتتى. ئەمما ئىش گۈلباھارنىڭ ئويلىغىنىدەك چىقماي قالدى. گۈلباھار ئويلىنىش ئىچىدە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ دېگۈدەك ساقچى ئىدارىسىگە يېتىپ كەلدى. گۈلباھارنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ساقچىلار ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، چوڭ بىر جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈرۈۋالغاندەك چىرايلىرىغا كۈلكە يۈگۈرتۈشۈپ، گۈلباھارنى يەنە قايتىدىن سوراق قىلىپ،سوراق خاتىرىسىنى كومپيۇتېرغا ئېلىشقا باشلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ بارماق ئىزى،

كـۆز مۈڭگـۈز پەردىسى، چىـراي - شـەكلى، بـوي - تۇرقـى قاتارلىقلارنـى سـۈرەتكە ئېلىۋېلىـپ، ئاخىرىـدا ھېچقانـداق چۈشـەنچە بەرمەيـلا ئۇنـى ماشـىنىغا چىقىرىـپ، قاراماي شـەھەرلىك دوختۇرخانىغا ئېلىـپ بـاردى. ئـۇ يـەردە گۈلباھارنىـڭ ئىككـى بىلىكىدىـن ئىككـى قېتىـم قـان ئالدى. قـان بېسـىمىنى ئۆلچىـدى. بىـر خىـل ئېلېكترونلـۇق تەكشـۈرۈش ماشىنىسـىدا ئۇنىـڭ يـۈرەك، جىگـەر، ئۆپكـە قاتارلىـق ئىچكـى ئەزالىرىنى تەكشـۈرۈپ چىقتـى. تەكشـۈرۈش تۈگىگەندىـن كېيىـن دوختـۇرلار سـاقچىلارغا: گۈلباھارنىـڭ قـان بېسـىمى يۇقىـرى ئىكـەن جۇمـۇ، دىققـەت قىلىـڭلار! - دەپ ئالاھىـدە ئەسـكەرتىپ قويۇشـتى. گۈلباھـار بۇنىڭدىـن ھەيـران قالغـان ئىـدى. تەكشۈرۈش تۈگىگەندىـن كېيىـن سـاقچىلار گۈلباھارنـى ماشىنىسـىغا چىقىرىـپ ئېلىـپ مېڭىشـتى.

ئـۇلار تەخمىنـەن چـارەك سائەتتەك ماڭغاندىـن كېيىن،«قارامـاي شـەھەرلىك تۇتـۇپ تـۇرۇش ئورنـى» دەپ ۋىۋىسـكا ئېسـىلغان بىـر يەرگــە كېلىـپ، يوغـان بىـر دەرۋازىدىـن كىرگەندىـن كېيىـن، گۈلباھارنــى ماشــىنىدىن چۈشــۈرۈپ، 3 قەۋەتلىــك بىــر بىنانىــڭ بىرىنچـى قەۋىتىدىكـى بىـر ئىشـخانىغا ئېلىـپ كىرىشـتى ۋە بىـر ۋاراق قەغەزنـى ئۇنىـڭ ئالدىغـا قويـۇپ: بۇنىڭغـا ئىمـزا قويـۇڭ - دېـدى. ئۇلارنىـڭ ئىچىدىكـى ياشـراق بىـر ئۇيغـۇر سـاقچى. گۈلباھـار قەغەزنـى قولىغـا ئېلىـپ قـاراپ، بىـر قـۇر كـۆز يۈگۈرتـۈپ چىقتـى. ئۇنىڭـدا: «گۈلباھـار خاتىۋاجـى ئـادەم تopـلاپ، جەمئىيـەت تەرتىپىنـى بۇزماقچـى بولغان»دېگـەن جۈملـە يېزىلغـان ئىـدى. بـۇ خەتنـى ئوقۇغـان گۈلباھار بەكمـۇ ھەيـران قالـدى ۋە ئۇلاردىـن: نېمىشـقا مېنـى تۆھمـەت بىلـەن تۇتقـۇن قىلىسـىلەر؟ - دەپ سـورىدى. ئـۇ يـاش سـاقچى كۆزىنـى ئويناتقانچـە ھەييارلىـق بىلـەن: تـولا سـوئال سـورىماڭ ھـەدە، ئـۇ دېگـەن بىـر رەسـمىيەت ئۈچۈنـلا قىلىنىدىغـان ئىـش - دېـدى ئۇنىڭغـا، گۈلباھـار بولسـا: مـەن نېمىشـقا بۇنىڭغـا ئىمـزا قويۇشـۇم كېـرەك؟ مـەن ھېچقاچـان ئـادەم توپـلاپ، جەمئىيـەت تەرتىپىنـى بۇزمىدىـم - دەپ، سـاقچى بىلـەن تـالاش - تارتىشـقا چۈشـۈپ كەتتـى ۋە مـەن ئۇنىڭغـا

ئىمزا قويالمايمەن، نېمىشقا ماڭا تۆھمەت قىلىسىلەر؟ مەن نېمىشقا يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىگۈدەكمەن؟ - دەپ، ئىمزا قويۇشنى رەت قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ياش ئۇيغۇر ساقچى يالۋۇرغاندەك قىلىپ: ھەدە! بۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئىش بولمايدۇ. بۇ پەقەت ئادەتتىكى رەسمىيەت، سىزنى ۋاقىتلىق تۇتۇپ تەكشۈرۈش ئۈچۈن بۇنىڭغا ئىمزا قويۇشىڭىز كېرەك! بولمىسا سىزنى سەۋەبسىز بۇ يەردە تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدۇ. مەن سىزگە ۋەدە قىلاي: ئەگەر مۇشۇ ئىمزا بىلەن سىزگە بىر ئىش بولسا، ماۋۇ ئۈستۈمدىكى ساقچى كىيىمىنى سىزگە سېلىپ بېرىمەن جېنىم ھەدە! بىر ئىمزا قويىۋېتىڭ! -دەپ خۇددى ئىتتەك كۈچۈكلىنىپ كېتىۋاتاتتى. گۈلباھار ھەر قانچە قىلىپمۇ ياش ساقچىغا گېپىنى ئاڭلىتالمىدى.ئۇ خۇددى ئۆزى غالچىلىقنى قىلىۋاتقان قىسىق كۆزلەردەك جاھىل ۋە ھىيلىگەر بولۇپ كەتكەن بولۇپ، توختىماي گەپ يورغىلىتىۋاتاتتى . ئاخىرىدا ئۇ گۈلباھارغا تەھدىت سېلىشقا باشلىدى: ھەدە، سىز بۇنداق قىلىپ پايدا ئالالمايسىز، ئەگەر بۇنىڭغا قول قويمىسىڭىز، سىزنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ. قاماقخانىدا بىكاردىن - بىكار ئۇزاق يېتىپ كېتىسىز، بەلكى ئېغىر جازالىنىپ كېتىشىڭىز مۇمكىن! چۈنكى، ئۇ ۋاقىتتا سىزگە :«بىزگە ماسلاشمىغان» دېگەن جىنايەتنى قوشۇپ ئارتىمىزدە، ئۇ چاغدا سىزنىڭ ئىشىڭىز چاتاق بولىدۇ. گۈلباھار ئىلاجىسىز ئەھۋالدا قېلىۋاتاتتى. ئەگەر ئۇ قەغەزگە ئىمزا قويمىسا، بۇ ساقچىلاردىن بۇگۈن - ئەتىنىڭ ئىچىدە قۇتۇلۇپ كېتىشكە كۆزى يەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «بوپتىلا! مەن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بىر جىنايەت ئۆتكۈزمىگەندىن كېيىن، رەسمىيەت ئۈچۈن بولىدىغان ئىشلا بولسا ئىمزا قويۇۋېتەي» دەپ ئىمزا قويۇپ بەردى. ئۇ: «بۇ بەلكى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭ قائىدىسى بولۇشى كېرەك!» دەپ ئويلىغانىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ ساقچىلارنىڭ گۇناھسىز كىشىلەرنى تۇتۇپ، ئالدىنئالا بىرەر جىنايەتنى ئارتىش ئارقىلىق ھەر خىل جازالارغا ھۆكۈم قىلىشىدىكى بىر ئۇسۇلى ئىدى.

گۈلباھارغا ئىمزا قويىدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ساقچىلار ئۆزىچە چوڭ بىر ئىشنى ھەل قىلىۋالغاندەك كۆرەڭلەپ، گۈلباھارغا خوشمۇ دېمەستىن ئۇنى گۇندىپايلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ كېتىشتى. بىر ئايال گۇندىپاي گۈلباھارنى كارىدورغا ئېلىپ چىقىپ، كىچىك بىر ئۆينى كۆرسىتىپ، سېرىق رەڭلىك، بىر مەھبۇس كىيىمىنى بېرىپ، ئۇنى كىيىپ چىقىشقا مەجبۇرى قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئۇزۇن چېچىنى قۇلاق تۈۋىدىن كېسىۋېتىپ، خىتاي ئاياللىرىغا ئوخشىتىپ قويۇشتى. ئاندىن ئۇنى بىر كامېرغا ئەكىرىپ سولاپ قويۇشتى.

بۇ يېرىم كېچە بولۇپ قالغان ۋاقىت ئىدى. كىچىككىنە كامېرغا ئون ئىككى نەپەر ئايال قامالغان بولۇپ، بىر نۆۋەتچى مەھبۇستىن باشقىلىرى ئۇيقۇغا كېتىشكەن ئىدى. گۈلباھار نۆۋەتچى مەھبۇسنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن بىر ئارىلىققا قىستىلىپ كىرىپ، گۇندىپاي ئايال بەرگەن بىر يوتقاننى يېپىنىپلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ بىر كۆڭۈللۈك سوراق ۋە تەكشۈرۈشتىن بەكمۇ چارچاپ كەتكەن ئىدى. ئۇ قانچىلىك ياتتىكىن بىلەلمىدى. بىر ۋاقىتتا يەنە بىر نۆۋەتچى مەھبۇسنىڭ: ئۇنى ئاستا نوقۇپ، ھەي، خا! ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ! تاڭ ئاتتى - دەپ،ئويغىتىشى بىلەن تەستە كۆزىنى ئېچىپ، ئويغاندى - دە، ئۇلارغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇلار ئورۇقلاپ ئەرۋاھلارغا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، كۆپىنچىسىنىڭ روھى ئىنتايىن چۈشكۈن كۆرۈنۈۋاتاتتى .

گۈلباھار كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ، ئۇلارغا تەپسىلىي قاراپ چىققاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى تونۇدى. ئاياللاردىن ئىككىسى گۈلباھارنىڭ قىزلىرىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى. بەزىلىرى گۈلباھارنىڭ قىزلىرىنىڭ يەسلىدىكى بالا باققۇچىلىرى ئىدى. بىر قىسمى دوختۇر ۋە مەمۇرىي خىزمەتچىلەر ئىدى. ئۇ ئاياللار ئاللىقاچان ئوتتۇرا ياشتىن ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، كۆپىنچىسى پېنسىيەگە چىققان ۋە ئۆيدە دەم ئېلىۋاتقان ئاياللار ئىدى. تۇتقۇن ئاياللارنىڭ بىر قىسمى گۈلباھارغا

باش لىڭشىتىپ، بوش ئاۋازدا سالام قىلدى. بەزىلىرى تونۇش كۆرۈنسىمۇ، ئەمما سالام قىلىشنىمۇ بىلمەي ئۆزىنىڭ دەردى بىلەن بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بىر نەچچىسى توختىماي ۋايسايتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ۋايساپ:

— مىنى نېمىشقا تۇتقۇن قىلىدۇ؟ مەن نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدۈم؟ چەتئەلگە چىقمەن دېگەنگىمۇ تۇتقۇن قىلامدۇ؟ - دېسە، يەنە بىرسى: مەن ھەجگە بېرىش ئۈچۈن پاسپورت ئىلتىماس قىلغانلىقىم ئۈچۈن تۇتقان قىلامدۇ؟ - دەۋاتاتتى. شۇ ئارىدا ياشانغانراق بىر ئايال ئاستا گەپ قىلىپ: مەن گۇناھسىز! مەن بېشىمغا ياغلىق ئاتقانلىقىم ئۈچۈن، ناماز ئوقۇغىنىم ئۈچۈن تۇتۇپ كېلىشتى. ئۇنداق ئىشلار نورمال ئىشقۇ؟ قانۇنغا خىلاپ ئەمەسقۇ؟-دەپ قاقشاپلا كەتتى. دېمەك، بۇ ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلغان ئوقۇتقۇچى، دوختۇر ۋە مەمۇرىي خىزمەتچىلەر بولۇپ، تايىنى يوق بىر باھانىلەر بىلەن تۇتۇپ كېلىنگەنلەر ئىدى. شۇڭلاشقا بىر قىسىملىرى ئۆزىنىڭ نېمىشقا تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ساراڭ بولۇپ كېتىش ھالىتىگە كېلىپ قالغان ئىدى. توختىماي يىغلاپ - قاقشايتى.

كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەن ئىدى. تۇتقۇنلارغا ناشتىلىق ئۈچۈن بىر قاچىدىن گۈرۈچ شورپىسى ۋە بىر تالدىن ھورنان تارقىتىپ بېرىلدى. شورپىغا تۇزمۇ قويۇلمىغان بولۇپ، شۇ قەدەر تەمسىز ۋە لاۋزا ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ تۇتقۇنلار ھورنانلىرىنى شورپىغا چىلاپ ئېچىرقاپ كەتكەن كىشىلەردەك بىردەمدىلا يەپ بولۇشتى. گۈلباھار شورپىنى بىرىنچى قېتىم ئاغزىغا سېلىپلا ياندۇرۋەتكىلى تاسلا قالدى. گۈلباھار نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا ياشانغانراق بىر تۇتقۇن ئايال ئاغزىنى ماكىلدىتىپ: نېمىگە قاراپ تۇرىسىز؟ شورپىڭىزنى ئىتتىك ئىچىپ، نېنىڭىزنى يەۋېلىڭ، بولمىسا سىزگە ئەتىدىن باشلاپ تاماق بېرىلمەيدۇ، ئېغىر جازالىنىسىز - دەپ، كۆڭۈل بۆلگەندەك قىلىپ گۈلباھارغا ئاگاھلاندۇرۇش قىلدى.

گۈلباھار ئۇ ئايالغا قاراپ: شورپىنىڭ يېرىمىنى سىزگە بۆلۈپ بېرەيمۇ؟ ـ دېۋىدى. ئۇ ئايال ئۇھسىنغان ھالدا يەنە ئاغزىنى ماكىلدىتىپ: شۇنداق قىلسىڭىزغۇ بەك ياخشى بولاتتى! بۇلارنىڭ تامقىدا مېنىڭ قورسىقىمۇ تويمايدۇ. ئەمما ئۇنداق قىلسىڭىز، كامېرادىن كۆزىتىۋاتقان گۇندىپايلار كۆرۈپ قالسا، ھەر ئىككىلىمىزنى جازالايدۇ. بۇ يەردە ھېچكىمنىڭ ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىشىغا، بىر ـ بىرسىگە تاماق بېرىشىگە، بىر ـ بىرسىگە خالىغانچە گەپ قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ ـ دېدى ئاستا پىچىرلاپ، شۇنىڭ بىلەن گۈلباھار ھەر قانچە ئىچكۇسى كەلمىسىمۇ بىر قوشۇقتىن، بىر قوشۇقتىن ئاغزىغا سېلىپ، ئاخىرى كۆكتات شورپىسىدىن ئىچىپ، ھورنانىنىمۇ بەك تەستە چايناپ، ئاز ـ ئازدىن يەپ تۈگەتتى.

شۇ ئارىدا بىر گۇندىپاينىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى: گۇندىپايلار كامېرلارنىڭ كىچىك تۆشۈكىنى ئېچىپ، تاماق يېيىش ۋاقتى تۈگىدى. ئۆگىنىشنى باشلاڭلار ـ دەپ، بۇيرۇق قىلىۋاتاتتى. بۇنىڭ بىلەن تۇتقۇن ئاياللار تاماق قاچىسىنى ناھايىتى تېزلىكتە بىر بۇلۇڭغا يىغىشتۇرۇپ، تامغا يۆلەنگەنچە چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، قولىدىكى دەپتەرنى ۋارقىراپ ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا بىر گۇندىپاي كىرىپ، گۈلباھارغىمۇ دەپتەردەك قىلىپ تۈپلەنگەن بىر خىل خىتايچە ئۆگىنىش قوللانمىسىنى تۇتقۇزۇپ: مانا! بۇنى ئال! سەنمۇ مۇشۇلار بىلەن بىللە ئوقۇپ، ئۆگىنىشنىڭ كېيىنىرەك ـ دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن گۈلباھارمۇ باشقا تۇتقۇن ئاياللارغا ئەگىشىپ ئۆگىنىش قوللانمىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى: «شى جىنپىڭنىڭ ياشىسۇن! ئۇ جۇڭگونى توغرا يولغا باشلايدۇ! بىز ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىپ ماڭىمىز! جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھەممىدىن ئۇلۇغتۇر! بىز كوممۇنىستىك پارتىيەنى چىن دىلىمىزدىن ھىمايە قىلىمىز! جۇڭگو ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ! بىز ھەممىمىز جۇڭخۇا مىللىتى، ئۇيغۇرلارمۇ شىنجاڭغا باشقا يەردىن كەلگەن، شىنجاڭ ئەزەلدىن

جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، ئۇنى ھېچكىم جۇڭگونىڭ قويىنىدىن بۆلۈپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ! بىز بۆلگۈنچى ۋە تېررورچىلارنى خۇددى كوچىدىن ئۆتكەن چاشقاننى ئۇر-ئۇر قىلىپ يوقاتقانغا ئوخشاش يوقىتىمىز!»

تۇتقۇنلارنىڭ ئەتىگەنلىك ئۆگىنىشى 4 سائەتتەك داۋام قىلغاندىن كېيىن بىر گۇندىپاي كامېر ئىشىكىنىڭ يېنىغا كېلىپ ۋارقىراپ، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش قىلىپ، كامېر ئىشىكىدىكى كىچىككىنە تۆشۈكنى ئېچىشقا مەھبۇس ئايالار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، قاتارىسىغا تىزىلىپ، چۈشلۈك تامىقى ئۈچۈن بېرىلگەن گۆشسىز يېسىۋېلەك شورپىسى ۋە بىر تالدىن مۇشتۇمچىلىك ھورنانىنى ئېلىشىپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىشىپ، شاپىلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. بۇ يېسىۋېلەك شورپىسىمۇ شۇ قەدەر لاۋزا ۋە تەمسىز ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ تۇتقۇنلار ئۇنى بىردەمدىلا ئىچىپ بولۇشتى. گۈلباھارمۇ ئاستا - ئاستا ھەممىنىڭ ئارقىسىدا ئىچىپ تۈگەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەھبۇسلارنىڭ يېرىم كۈنلۈك مەشغۇلات ۋاقتى ئاخىرلاشقان ئىدى.

تۇتقۇنلارغا تاماقتىن كېيىن بېرىلگەن يېرىم سائەتلىك تازىلىق ۋە تاھارەت قىلىش ۋاقتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، چۈشتىن كېيىنلىك مەشغۇلاتىنى باشلىدى. ئۇلار چۈشتىن كېيىن ئالدى بىلەن 2 سائەتتەك تۈرمىنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنى ئۆگەندى. ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنقى كۈنى نېمىنى خاتا قىلغانلىقى، نېمىنى توغرا قىلغانلىقى ھەققىدە كامېر باشلىقى ئايالغا دوكلات قىلىپ، ئۇنىڭ نېمە دېيىشكە تەييارلىنىدىغانلىقىغا قاراشتى. ياشانغان كامېر باشلىقى بولسا، ئاق پېشماق كەلگەن، 60 ياشلاردىكى خېلى ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئايال بولۇپ، تۇتقۇنلارغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ھېچكىمگە - ھېچنېمە دېمەيلا ئولتۇرغانچە خىيالغا كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ نېمىنى خىيال قىلىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. بەلكى

ئۇ بۇ يەرگە ناھەق قامالغانلىقىنى، ئىلگىرىكى ئەركىن ۋاقىتلىرىنى، كۆرگۈسى كەلگەن بالا-چاقىلىرى ۋە نەۋرىلىرىنى، يەنە قاچانلىققىمۇ ئەركىنلىككە چىقىپ، ئۇلار بىلەن دىدار - غەنىمەت كۆرۈشۈشنى خىيال قىلىۋاتقاندۇ...

تۇتقۇنلارنىڭ كەچلىك تامىقى ئۈچۈنمۇ سۇيۇق گۈرۈچ شورپىسى بىلەن بىر تالدىن هورنان بېرىلگەن ئىدى. تۇتقۇنلار كەچلىك تامىقى ئۈچۈن بېرىلگەن شورپىنىمۇ هور ناننى چىلاپ، بىردەمدىلا يەپ بولۇشتى. گۈلباھارمۇ بۇ تەمسىز گۈرۈچ شورپىسىنى ئاستا - ئاستا ئىچىپ تۈگەتتى. تۇتقۇنلارغا كەچتە ھېچقانداق بىر پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان بولۇپ، ئۇلار قاتارىسىغا تام ياقىلىشىپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ خىيالغا كېتىشكەن ئىدى. بەزىلىرى ھەتتا مۈگدەپ ئۇيقۇغا كېتىشكەن ئىدى. كامېر باشلىقى ئايال مۈگدەپ قالغانلىرىنى ئويغىتىۋېتىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. بەلكى ئۇ قايسى بىر مۇتەپەككۇرنىڭ: «ئۇخلاپ قالغان قۇلنى ئويغىتىۋەتمە، ئۇ بەلكى ئەركىنلىكنى چۈشەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن!» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ قالغان بولسا كېرەك.

گۈلباھارمۇ خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ، ۋاقىتنىڭ قانچە بولغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدى. بىر ۋاقىتتا ئۇخلاش سىگنالى چېلىندى. شۇنىڭ بىلەن تۇتقۇنلار ئۇخلاش ئۈچۈن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىراقلا يېتىشىغا رۇخسەت يوق ئىدى. ئۇلاردىن بىرسى ئۇخلىماستىن ئىككى سائەتتىن نۆۋەتچىلىك قىلىشى كېرەك ئىدى. گۈلباھار بۇ ئاخشىمى نۆۋەتچىلىك قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆزىگە ھېچ ئۇيقۇ كەلمەيۋاتاتتى. چۈنكى، كامېرغا يېقىپ قويۇلغان ئېلېكتىر چىراغ كېچىچە ئۆچۈرۈلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇتقۇنلارغا ئۆلچەملىك يوتقان بېرىلمىگەچكە بىر تال نېپىز يوتقان بىلەن يېپىنىپ ئىسسىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گۈلباھار كامېردىكى بۇ تۇنجى كېچىنى سوغۇقتىن توڭۇپ،

ئۈيىقۇسىز دېگۈدەك ئۆتكۈزدى.

گۈلباھارنىڭ بۇ ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىكى كۈنلىرى مەجبۇرىي مەسىلە پاش قىلىش، مەجبۇرىي سوراق قىلىنىپ - ئىقرار قىلدۇرۇلۇش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. تۇتقۇنلار بۇ ۋاقىتلىق تۇتۇش تۇرۇش مەركىزىدە ھەر دائىم سوراققا تارتىلىپ تۇراتتى. تۇتقۇنلارنى سوراق قىلىشتا گۇندىپايلار تۇتقۇنلارنى بىردىن ، بىردىن بىنانىڭ يەر ئاستى قەۋىتىگە ئېلىپ چۈشۈپ، مەخسۇس سوراقخانىدا قويۇلغان قارا رەڭلىك تۆمۈر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ باغلاپ، مىدىر - سىدىر قىلالماس قىلىپ باغلاپ قويغاندىن كېيىن سوراقنى باشلايتتى. 2017 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى گۈلباھار سوراققا ئېلىپ چېقىلدى. گۇندىپايلار ئۇنى سوراقخانىغا ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، قارا تۆمۈر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، پۇتىدىكى ئىشكەلنى ئالمايلا ئورۇندۇققا چاتتى ۋە قولىنىمۇ ئورۇندۇقنىڭ يان تەرىپىدىكى دۈگىلەك چەمبىرەكچىگە باغلاپ، مىدىر - سىدىر قىلالماس قىلىپ قويدى - دە، سوراقنى باشلىدى: سوراقچىلار ئىككى كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئوتتۇرا بويى كەلگەن، ئاق پىشماق، يۇمىلاق يۈزلۈك بىرسى ئۈچ كىشىنىڭ رەسىمىنى چىقىرىپ، گۈلباھارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، ئۇلارنى تونۇيدىغان-تونۇمايدىغانلىقىنى سورىدى. گۈلباھار رەسىملەرگە سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— ئىككىسىنى زادىلا تونۇمايدىكەنمەن، بىرسىنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن-دېدى. ئەمما ئۇنى نەدە كۆرگەنلىكىنى، ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. سوراقچىلار گۈلباھارغا ئىشەنمىگۈدەك قىلىپ:

— راست ئۇلارنى تونۇمامسىز؟ ئۇلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىڭىز يوقمۇ؟-دەپ، قايتا - قايتا سوراۋەردى. گۈلباھارمۇ باشتا دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇلارنى ھەقىقەتەن تونۇمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، گەپتە چاندۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشتى.

سوراق ئەتىگەندىن -كەچكىچە داۋاملاشقاندىن كېيىن، ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىغان ساقچىلار ئۇنىڭغا: ياخشى ئويلىنىش ھەققىدە بىر مۇنچە تەھدىتلەرنى قىلىپ،ئاندىن گۈلباھارنى كامېرىغا ئېلىپ چىقىپ سولىۋەتتى.

ئىككىنچى قېتىملىق سوراق 2017 - يىلى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قىلىندى. تۇتقۇنلار ئەتىگەنلىك ناشتىلىقنى قىلىپ تۈرۈشىغلا ئىككى ساقچى كىرىپ، ئۇنى چاقىرتىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار گۈلباھارنى يەنە كامېرىنىڭ يەر ئاستى قەۋىتىدىكى سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىپ، ئالدىنقى قېتىمغا ئوخشاش يولۋاس ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ باغلىغاندىن كېيىن سوراقنى باشلىدى: بۇ قېتىم بىر ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن، ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر ساقچى سوراقنى باشلىدى: بىز بىلىمىز - دېدى ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن -شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىڭىز سۆزلەپ بېرىشىڭىز كېرەك! يولدىشىڭىز ئابدۇكېرىم نېمىشقا فرانسىيەدىن سىياسىي پاناھلىق تىلىدى؟ قانداق پائالىيەتلەرنى قىلدى؟ نېمىشقا تەشكىلاتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى؟ سىز نېمىشقا ئىلگىرى بۇ ئىشلارنى بىزگە پاش قىلمىدىڭىز؟ بۇنىڭ ئۆزى ئېغىر بىر جىنايەتتۇر! ئەمدى سىز چوقۇم بۇ مەسىلىلەرنى ئىقرار قىلىپ، بۇنىڭ بىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىڭىز كېرەك! بولمىسا سىزگە ئېغىر جىنايەت ئارتىلىدۇ - دەپ، گۈلباھارنى ئالداشقا ۋە قورقۇتۇشقا ئۇرۇنماقتا ئىدى. گۈلباھار بۇنىڭدىن قىلچە ھودۇقۇپ قالماستىن: «مەن بۇ ئىشلارنى بىلمەيمەن، مەن يولدىشىمدىن ئۈچ يىل كېيىن فرانسىيەگە چىقتىم، مەن چىققاندا ئۇنىڭ فرانسىيەدە مەڭگۈلۈك تۇرۇش ئىجازەتنامىسى بار ئىكەنتۇق، ماڭا ئۇنداق ئىشلارنى سۆزلەپ بەرمىدى. تەشكىلاتقا مۇئاۋىن رەئىس بولغانلىقىنىمۇ ماڭا دېمىگەن ئىدى. مەن تەشكىلات دېگەن گەپلەرنى ئۇ يەردە ئاڭلاپ باقمىدىم، ئۇ سىرتقا چىققاندا نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ماڭا دېمەيتى. مەن بۇرۇندىنلا يولدىشىمنىڭ

ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىنى خالىمايتتىم.» دەپ، گۈلباھار بۇ ئىشتىن ئۆزىنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، باشتىن - ئاخىر شۇ بىرلا گېپىدە چىڭ تۇردى. بۇ بۇ قېتىمقى سوراقمۇ نەتىجىسىز ئاخىرلاشقان بولۇپ، ئۇ ساقچىمۇ گۈلباھارغا بىر مۇنچە تەھدىتلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭغا: ياخشى ئويلىنىپ جاۋاب بېرىش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش قىلدى.

ئۈچىنچى قېتىملىق سوراق 2017 - يىلى 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قىلىندى. بۇ قېتىممۇ يەنە ئىككى ياش ئۇيغۇر ساقچى سوراققا كىرگەن بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى گۈلباھارنىڭ پاسپورتىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا: سېنىڭ پاسپورتۇڭ جۇڭگو پاسپورتى ئىكەن، ئەمما بەش يىللىق مۇددىتى بار پاسپورتقا نېمىشقا ئون يىللىق تۇرۇش رۇخسىتى ئېلىۋالدىڭ؟-دەپ سورىدى. گۈلباھار: تۇرۇش رۇخسىتىنى مەن ئالمىدىم، فىرانسىيە ھۆكۈمىتى بەرگەن. چۈنكى، مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن يولدىشىم ۋە بالىلىرىم فىرانسىيە ۋەتەندىشى بولغاچقا، مەن ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرۇش رۇخسىتى ئېلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان ئىدىم - دېدى گۈلباھار قىلچىلىك ھودۇقماستىن.

— ھىم! دېدى ئۇ ساقچى قاپىقىنى تۈرۈپ: سەن ئەسلىدە ئۈچ ئايلىق ۋىزا بىلەن فىرانسىيەگە بېرىپتىكەنسەن، نېمىشقا ئۈچ ئاي ئىچىدە قايتىپ كەلمەي، دۆلىتىمىزگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇ يەردە ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ قالدىڭ؟ گۈلباھار ئۇنىڭ گەپلىرىگە ھەيران قالغان ھالدا– بۇ قانداق جۇڭگوغا ئاسىيلىق بولسۇن؟ مەن فىرانسىيەنىڭ ئائىلە جەم بولۇش قانۇنىغا ئاساسەن جۇڭگو پاسپورتىغا تۇرۇش رۇخسىتى ئېلىپ، ئۇ يەردە ئولتۇراقلاشتىم! بۇ نۇرغۇن مۇھاجىرلار قىلىدىغان نورمال ئىشقۇ؟نۇرغۇن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى فىرانسىيەدە ئاشۇنداق تۇرۇش رۇخسىتى رۇخسىتى بىلەن ياشاۋاتىدىغۇ؟ - دەپ رەددىيە بەردى ئۇنىڭغا، ئۇ سوراقچى گۈلباھارنىڭ بۇ جاۋابىغا - جاۋاب قايتۇرالماي قاپىقىنى خۇددى

ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان مايمۇننىڭ قاپىقىدەك ئويناتقان ھالدا تېمىنى يەنە باشقا تەرەپكە يۆتكەپ ۋە يەنە قانۇندىن گەپ سېتىپ: سېنىڭ باللىرىڭنى فرانسىيەگە ئېلىپ چىقىشىڭنىڭ ئۆزىمۇ قانۇنسىزلىقتۇر. چۈنكى، سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بىزدىن رۇخسەت ئالمىغان، باللىرىڭنى قايتۇرۇپ كەلمەيدىغانلىقىڭنى بىزگە دېمىگەن، بۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر جىنايەتتۇر - دېدى. گۈلباھار بۇنىڭغىمۇ رەددىيە قايتۇرۇپ: مەن باللىرىمنىڭ پاسپورتىنى ئىلتىماس بىلەن ھۆكۈمەتكە تەستىقلىتىپ، قانۇنلۇق ئالغان ۋە قانۇنلۇق ۋىزا بىلەن فرانسىيەگە ئېلىپ بارغان، باللىرىم فرانسىيەدە قېلىشنى ئۆزى تاللىدى. مەن ۋە دادىسى مەجبۇرلىمىدۇق، بۇ ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىغۇ؟ قانداقمۇ بۇنى جىنايەت دېگىلى بولسۇن؟ - دېدى. سوراقچىلار ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەي: سەن قاراپ تۇر! بۇ قىلمىشلىرىڭ ئۈچۈن ئېغىر جازالىنىسەن! دېگەنچە گۈلباھارغا نۇرغۇن پوپوزىلارنى قىلىپ سوراقنى ئاخىرلاشتۇردى.



گۈلباھارنىڭ بۇ ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىكى كۈنلىرى مۇشۇنداق مەجبۇرىي مەسىلە پاش قىلىش، مەجبۇرىي سوراق قىلىنىپ - ئىقرار قىلدۇرۇلۇش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. 2017 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەتىگىنى ئىدى. باھار ئېيىنىڭ كىرىپ قېلىشىغا قارىماي، قارامايدا يەنە ھاۋا سوغۇق ۋە جۇدۇنلۇق ئىدى. تۇتقۇن ئاياللار ئەتىگەنلىك ناشتىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قاچىلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، ئۆز جايلىرىدا ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا، ئىككى گۇندىپاي كىرىپ، گۈلباھارنى باشقا بىر كامېرغا ئېلىپ چىقىپ، پۇتىغا ئىشكەل سېلىپ، قولىغا كويزا سېلىپ، كويزىنى كارىۋاتقا بېكىتىلگەن يۇمىلاق چەمبىرەككە زەنجىر بىلەن چېتىپ باغلاپ قويۇشتى. گۈلباھار گۇندىپايلارنىڭ بۇ غەلىتە ئىشىغا ھەيران قېلىپ، ئۇلاردىن سورىدى: نېمىشقا مېنى باغلاپ قويۇسىلەر؟ بۇ بىر تۆرمە تۇرسا، يەنە كېلىپ، تۆرمىنىڭ ئىشىكى تاقاقلىق تۇرسا؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ پۇتۇمدا ئىشكەل، قولۇمدا

كويىزا تۇرسا مەن بۇ يەردىن قانداق قېچىپ كېتەلەيمەن؟ بۇنى ئاڭلىغان گۇندىپايلار: بىز بۇنى بىلمەيمىز، بۇ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى، بىز پەقەت بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىغۇچىلارمىز - دېدى بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ۋە گۈلباھارنىڭ يېنىغا ھاجەت ئۈچۈن بىر تال سولياۋ چېلەكنى قويۇپ بېرىپ ئىشىكنى تاقاپ چىقىپ كېتىشتى. زەنجىرنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر غۇلاچتەكلا كېلىدىغان بولۇپ، گۈلباھار پەقەت بىر - ئىككى قەدەملا چامدىيالايتتى.

گۈلباھار نېمە قىلىشنى بىلمەي كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى: «بۇ قانداق ئىش؟ - دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، نېمىشقا ئۇلار بىز تۇتقۇنلارنى ھايۋانغا ئوخشاش كۆرىدۇ؟ نېمىشقا ئىتقا ئوخشاش باغلاپ قويىدۇ؟ ئۇنىڭسىزمۇ بىز بۇ قاتمۇ - قات ئىشىكلەردىن، قاتمۇ - قات قورشاۋلاردىن، ھەممە يەردە كۆزىتىۋاتقان كامېرالاردىن قانداق قىلىپ قېچىپ كېتەلەيتتۇق؟ قارىغاندا ئۇلار مېنى ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزدى دەپ ھېسابلاپ قاتتىق قىينىماقچى بولغانغا ئوخشىمامدۇ؟ مەن ئىلگىرى: پەقەت ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭلا پۇتىغا ئىشكەل سېلىپ باغلاپ قويىدۇ - دەپ ئاڭلىغان ئىدىم، ئۇلار مېنىمۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلارمۇ؟ ئەمما نېمىشقا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ؟ مەن ھېچقانداق بىر جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن تۇرسام، ئۇلار ماڭا ئۆزلىرى: «ئادەم توپلاپ، توپىلاڭ چىقارماقچى بولغان» دېگەن جىنايەتنى ئېتىراپ قىلدۇرۇپ، ئۆز ۋاقتىدا مەجبۇرلاپ ئىمزا قويدۇرۇۋالغان ئىدىغۇ؟ نېمىشقىمۇ ئىمزا قويغان بولغىيتتىم؟ ھەي! ئەخمەقلىقىم، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋە تۆھمەتلەرنى ئېتىراپ قىلمايمەن، ئىمزامۇ قويمايمەن - دەپ ئۆز-ئۆزىگە ۋەدە بېرىپ كەتتى»

گۈلباھار ئاستا - ئاستا بۇ ئىشنىڭ تېگىنى چۈشىنىشكە باشلىدى: ئۇلار بەلكى مېنى مۇشۇنداق باغلاپ قويۇپ قورقۇتۇش ئارقىلىق ئىرادەمنى سۇندۇرماقچى، جىسمانىي كۈچۈمنى ئاجىزلاتماقچى بولغاندۇ؟ - دەپ، ئويلىدى - دە، قەتئىي ئىرادىگە

كېلىپ، جىسمانىي كۈچىنى ساقلاپ، قىيىنچىلىققا تېز پۈكمەسلىككە، ئېغىر كۈنلەرگە چىداشلىق بېرىپ، زالىملار بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىشقا ۋە بۇ يەردىن ساق - سالامەت چىقىپ كېتىشكە بەل باغلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەتىگەندىن - كەچكىچە ھەسرەت چېكىپ تۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ھەرىكەت قىلىشنى قارار قىلدى. ئۇ ئىلگىرى فىرانسىيەدىكى ۋاقتىدا دائىم سۇ ئۈزۈش ھەرىكىتى ۋە ھەر خىل تەنتەربىيە بىلەن چېنىقىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ قانداق چېنىقىشنى بىلەتتى. ئۇ پۇت - قوللىرىنى سوزۇپ پەيلىرىنى توختىماي ھەرىكەتلەندۈردى. ئالدى - ئارقىغا ئىككى قەدەمدىن مېڭىپ توختىماي ھەرىكەت قىلدى. گۇندىپايىلار ئۇنى كامېرادىن كۆزىتىپ، بىر نەچچە قېتىم كىرىپ ھەيۋە قىلىپ، ھەرىكەت قىلىشنى چەكلىمەكچى بولۇشىدى، ئۇ بۇنىڭغا قەتئىي ماقۇل بولمىدى ۋە ھەرىكەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. گۇندىپايىلارمۇ ئۇنىڭغا گەپ ئاڭلىتالماي ئۇنى توسۇشتىن زېرىكىپ توختاپ قالدى.

گۈلباھارنىڭ ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا قامالغىنىغا تۆت ئايدىن ئاشقان ئىدى. كارىۋاتقا چېتىپ باغلاپ قويۇلغىنىغا بولسا، تەخمىنەن يىگىرمە كۈندەك ۋاقىت ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەتىگەنلىكى ناشتىلىق ئەكىرىپ بەرگەن گۇندىپاي ئۇنىڭ چىقىپ كەتمەستىن ئۇنىڭ ناشتىلىق قىلىپ بولۇشىنى ساقلاپ تۇردى. ناشتىلىققا بېرىلگەن سۇدەك سۇيۇق شورپىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، گۇندىپاي گەپ -سۆزمۇ قىلماستىن گۈلباھارنىڭ قولىدىكى زەنجىرنى بوشىتىپ، پۇتىدىكى ئىشكەلنىمۇ ئاجرىتىپ بولۇپ، ئاندىن ۋارقىرىغان ئاۋازدا: نەرسە - كېرەكلىرىڭنى ئال! بارلىق تۇتقۇنلار باشقا يېڭى ئورۇنغا يۆتكىلىدۇ. سەنمۇ يۆتكىلىسەن! - دەپ ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدى. كارىدوردا تاراق - تۇرۇق، جاراڭ - جۇرۇڭ ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، بارلىق تۇتقان ئاياللار تىزىلدۇرۇلۇپ، كامېرنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا ئېلىپ چىقىلدى - دە، ئاپتوبۇسلارغا

چىقىرىلىپ تەخمىنەن چارەك سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن يېڭىدىن سېلىنغان، ئېگىز تاملىق، تام ئۈستى تىكەنلىك سىم بىلەن قورشالغان، ھەربىر بۇلۇڭدا كۆزىتىش مۇنارى بولغان، ئىچىدە تۆت - بەش قەۋەتلىكتىن قىلىپ سېلىنغان بىنالار بولغان، ئەمما ھېچقانداق ۋىۋىسكىسى بولمىغان بىر يەرگە ئەكېلىپ، ئاپتوبۇستىن چۈشۈردى - دە، مەيدانغا قاتارىسىغا تىزىلدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، تۇتقۇن ئاياللارنى ئون بەش ۋە يىگىرمىدىن بۆلۈپ كامېرلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىدى. تۇتقۇن ئاياللار شۇندىلا ئۆزلىرىنىڭ يېڭىدىن سېلىنغان چوڭ بىر لاگېرلارغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى بىلىشتى.

لاگېرغا ئېلىپ كېلىنگەن تۇتقۇنلار ئەتىگىنى سائەت ئالتىدىلا ئويغۇتۇۋېتىلىپ، تىزىلدۇرۇلۇپ مەيدانغا ئېلىپ چىقىلدى. گۈلباھار مەيداندىكى بىر تۇتقۇن ئايالنىڭ كىيىمگە بېسىلغان «511-نومۇر» غا قاراپ، تۇتقۇن ئاياللارنىڭ تەخمىنەن بەش يۈزدىن جىقراق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. گۈلباھار بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ھالدا ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپ: «ئۇنچىۋالا كۆپ كىشىنى نېمىشقا تۇتۇپ ئېلىپ كەلگەندۇ؟»-دەپ، خىيال قىلىپ ئۇنىڭغا جاۋاب تېپىپ بولغۇچە يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. تۇتقۇن ئاياللارنىڭ ھەممىسى كانايغا ئەگىشىپ ناخشا ئوقۇشنى باشلىدى. گۈلباھارمۇ باشقىلارنى دوراپ ئاغزىنى ئېچىپ، ياڭراتقۇغا ئەگىشىپ قىزىل ناخشىنى ئوقۇدى. ناخشا تاماملانغاندىن كېيىن ياڭراتقۇدىن دۆلەت مارشى قويۇلۇپ، تۇتقۇنلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دۆلەت مارشىنى ئوقۇشماقتا ئىدى. گۈلباھارمۇ تۇتقۇنلارغا ئەگىشىپ، ئۇنى يادقا بىلمىسىمۇ مەجبۇرىي ئوقۇدى.

تەخمىنەن بىر سائەتتەك ۋاقىت قىزىل ناخشا ئېيتىش ۋە دۆلەت مارشى ئوقۇش تاماملانغاندىن كېيىن، تۇتقۇن ئاياللار يەنە قاتارىسىغا تىزىلدۇرۇلۇپ، ياتاقلىرىغا ئېلىپ كېلىندى-دە، ئۇلارغا ئون بەش

مىنۇتتەك ھاجەتكە بېرىش ۋاقتى بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇتقۇنلار يەنە قاچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، قاتارىسىغا تىزىلدۇرۇلۇپ ناشتىلىق تاماققا ئېلىپ چىقىلدى. تۇتقۇنلارغا ئەتىگەنلىك ناشتىلىقى ئۈچۈن بىر قاچىدىن گۈرۈچ شورپىسى ۋە بىر تالدىن ھورنان بېرىلگەن ئىدى. تۇتقۇن ئاياللار تاماقلىرىنى ياتاقلىرىغا ئېلىپ كېلىشىپ، تېزلىك بىلەن يېيىشتى ۋە قاچىلىرىنى يۇيۇپ، بىر بۇلۇڭغا تىزىپ قويۇشتى -دە، يەنە قاتارىسىغا تىزىلىپ، ئىككى گۇندىپاينىڭ يالاپ ئېلىپ مېڭىشى بىلەن ئىككىنچى قەۋەتتىكى بىر دەرسخانىغا ئېلىپ چىقىلدى. كىچىككىنە بىر سىنىپقا ئەللىكتەك تۇتقۇن ئايال ئېلىپ كىرىلدى. سىنىپنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئوتتۇرا بويى، كالتە چاچ كەلگەن بىر خىتاي ئايال تۇراتتى. قارىغاندا ئۇ ئوقۇتقۇچى بولسا كېرەك؟ چىرايىدىن تەكەببۇرلۇق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بىردىنلا چىرقىراق ئاۋازدا ۋارقىراپ: دەپتەرلىرىڭلارنى ئالدىڭلارغا قويۇپ ماڭا ئەگىشىپ ئوقۇڭلار - دەپ، شى جىن پىڭ ئۈزۈندۈرلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئۈزۈندە ئوقۇش ئىككى سائەتتەك داۋاملاشقاندىن كېيىن، تۇتقۇن ئوقۇغۇچىلار قىسقا دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلدى - دە، يەنە يىغىۋېلىنىپ، دەرس تېمىسى ئۆزگەرتىلىپ، تۇتقۇنلارغا لاگېرنىڭ قائىدە - قانۇنلىرى ۋە بۇ يەرگە تۇتۇلۇپ كېلىشىنىڭ سەۋەبى چۈشەندۈرۈلدى.

گۈلباھار ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز ھالدا: «توۋا» دېگۈسى كېلىپ، ئۆزىنىڭ ياقىسىنى چىشلىۋەتكىلى تاس قالدى. خىتاي ئوقۇتقۇچى شالۋاقلىرىنى چاچراتقان ھالدا ۋارقىراپ: «سىلەرنىڭ بۇ يەرگە ئوقۇشقا كېلىشتىكى سەۋەبىڭلار شۇكى، سىلەرنىڭ ئىدىيەڭلەرنىڭ چاتاق بولغانلىقىدىندۇر! سىلەر ھەممىڭلار ئەسەبي ئىدىيە بىلەن يۇقۇملانغان، مىللەت، ئۆرپ - ئادەت، دىن، قائىدە - يوسۇن دېگەندەك نەرسىلەر كاللاڭلارنى چىرمىۋالغان! سىلەر بۇ يەردە ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇنداق ئەسەبي نەرسىنى چىقىرىپ تاشلىشىڭلار كېرەك! چۈنكى، ھازىر ئۇنداق

نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. جۇڭگودا ھازىر مۇھىم بولۇۋاتقىنى - شى جىنپىڭنىڭ ئىدىيەسى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى، جۇڭخۇا مىللىتى تەرەققىي قىلىشى ۋە دۇنياغا خوجايىن بولۇشى كېرەك! شۇنداق بولغاندىلا دۇنيادا كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر بۇ يەردە ياخشى ئوقۇشۇڭلار، دۆلەت تىلى ۋە قانۇننى ئۆگىنىپ، ئەسەبىي ئىدىيەلەرنى كاللاڭلاردىن چىقىرىپ تاشلاپ، ھەقىقىي جۇڭخۇا مىللىتىگە ئايلىنىشىڭلار كېرەك!»

تۆت سائەتتەك داۋاملىشىدىغان چۈشتىن بۇرۇنقى دەرس شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان ئىدى. تۇتقۇن ئوقۇغۇچىلار قاتارىسىغا تىزىلدۇرۇلۇپ يەنە ئىككى گۇندىپاينىڭ يالاپ ئېلىپ مېڭىشى بىلەن كامېرغا ئېلىپ كېلىنىپ، ئون بەش مىنۇتتەك ھاجەتكە بېرىش ۋاقتى بېرىلدى - دە، يەنە گۇندىپايلارنىڭ ۋارقىراپ - جارقىرىشى بىلەن تىزىلدۇرۇلۇپ، چۈشلۈك تاماققا ئېلىپ چىقىلدى. چۈشلۈك تاماققا يېسىۋىلەك شورپىسى بىلەن بىر تالدىن هورنان بېرىلدى. تۇتقۇن ئوقۇغۇچىلار تاماقلىرىنى ئېلىشىپ بولغاندىنكېيىن، ياتاققا قايتۇرۇلۇپ كېلىنىپ، داق يەردە ئولتۇرۇپ تامقىنى يېيىشتى. تاماق يېيىش ۋاقتى ئۈچۈن ئون بەش مىنۇت ۋاقىت بېرىلگەن ئىدى. تۇتقۇن ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى تېزلىكتە تاماقنى يېيىشىپ، قاچىلىرىنى يۇيۇپ بىر بۇلۇڭغا دۆۋىلەپ قويۇشتى. تۇتقۇنلارنىڭ مەشغۇلات ۋاقتى ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارغا ھېچقانداق دەم ئېلىش پۇرستى يوق ئىدى. تۇتقۇن ئوقۇغۇچىلار يەنە گۇندىپايلارنىڭ ۋارقىراپ - جارقىرىشى بىلەن كارىدورغا ئېلىپ چىقىلىپ تىزىلدۇرۇلۇپ، دەرسخانىغا يالاپ ئېلىپ كېلىندى.

ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشىغىلا، بىر خىتاي ئوقۇتقۇچىمۇ يېتىپ كەلدى - دە، يەنە شى جىن پىڭ ئۇزۇندىلىرىنى ئۇنلۇك ئوقۇپ، تۇتقۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىپ ئوقۇشىنى تەلەپ قىلدى. تۇتقۇن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىغا ئەگىشىپ،

ئۆزۈندىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا مەجبۇر ئىدى. تۇتقۇنلارنىڭ ئاۋازى ئۈنلۈك ۋە ئوخشاش چىقىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر كىمدە ـ كىم پەسرەك ئاۋازدا ئوقۇپ قالسا ياكى ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ دىققىتىنى يىغالماي قالسا ئوقۇتقۇچى ۋارقىرىغانچە كېلىپ، ئۇ تۇتقۇن ئوقۇغۇچىنى تىللاپ كېتەتتى ۋە:

ــ سېنىڭ كاللاڭ چاتاق، ماڭا قارشىلىق قىلىۋاتىسەن، ھۆكۈمەتكە قارشىلىق قىلىۋاتىسەن! ئەگەر يەنە ئىنتىزامسىزلىق قىلساڭ ئېغىر جازالىنىسەن ـ دەپ تەھدىت سالاتتى. بەزى ياشانغان ئاياللارنىڭ خىتاي تىلى سەۋىيەسى ئانچە ياخشى بولمىغاچقا، ئوقۇتقۇچىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرىپ بولالماي باشقىلار بىلەن تەڭ ئوقۇشتا قىينىلىناتتى. گۈلباھار بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ قوپال ۋە مۇتىھەملەرچە مۇئامىلىسىدىن ھەيران قالدى ۋە ئىچىدە: «بۇ بىر ئوقۇتقۇچىمۇ ياكى بۇمۇ ساقچى گۇندىپايلارغا ئوخشاش تۇتقۇنلارنى جازالىغۇچىمۇ؟ ئوقۇتقۇچى دېگەن ئىلمىي، مۇلايىم بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ نېمىشقا بۇ ئوقۇتقۇچى ئۇنداق ئەمەس؟ بەلكى ئۇ، ئۆزىنى خىتاي مىللىتىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى دەپ ئويلىماي، ھۆكۈمران ياكى باشقۇرغۇچى دەپ ئويلاۋاتامدىغاندۇ نېمە؟» دەپ ئويلىدى.

چۈشتىن كېيىن كۈنلۈك دەرسمۇ مۇشۇنداق قۇرۇق ئۆزۈندىلەر ۋە شوئارلارنى يادلاش بىلەن تۈگەپ، ئاندىن داۋاملاشتۇرۇلۇپ كېيىن قوڭغۇراقنىڭ چېلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. تۇتقۇن ئوقۇغۇچىلار قاتارىسىغا تىزىلدۇرۇلۇپ، كامېرغا ئېلىپ كىرىلدى. ئۇلارغا يەنە ئون بەش مىنۇت ھاجەتخانىغا بېرىش ۋاقتى بېرىلدى. كامېردا بىرلا كىچىك ھاجەتخانىسى بولۇپ، ئاياللار نۆۋەت بويىچە ئۆچىرەتتە تۇرۇپ، ھاجەتلىرىنى قىلىشتى ۋە سولياۋ قاچىسىنى كۆتۈرۈشۈپ گۇندىپايلارنىڭ يالاپ ئېلىپ مېڭىشى بىلەن كەچلىك تاماققا ئېلىپ چىقىلدى. كەچلىك تاماق ئۈچۈن بىر قاچىدىن گۈرۈچ شورپىسى ۋە بىر تالدىن مۇشتۇمچىلىك ھور نان بېرىلەتتى. تۇتقۇن

ئايالىلار تاماقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كامېرغا كىرىپ داق يەردىلا ئولتۇرۇپ تاماقلىرىنى يېيىشكە مەجبۇر ئىدى. كامېردا تاماق يېيىش ئۈچۈن نە ئۈستەل، نە ئورۇندۇق قويۇپ بېرىلمەيتى. دېمەك ئۇلار بىر جىنايەتچى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىۋاتاتتى.

تۇتقۇن ئايالىلار تاماق يېيىش ئۈچۈن بېرىلگەن چارەك سائەت ۋاقىت ئىچىدە خۇددى ئەسكەرلەردەك ناھايىتى تېزلىكتە تاماقلىرىنى يېيىشىپ، قاچىلىرىنى چايقاپ بىر بۇلۇڭغا تىزىپ قويۇشتى - دە، ھەر كۈندىكىدەك ئاۋۋال كۈندۈزى تۆلگەن دەرسلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇپ، تەكرار قىلىشتى. تۇتقۇنلار كۈندۈزى دەرسخانىدا ئۆتۈلگەن خىتاي رەئىسى شى جىن پىڭ ۋە كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئۆزۈندىلىرىنى مەجبۇرىي يادلىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر يادقا ئوقۇپ بېرەلمىسە ئۇلارغا ھەر خىل جازا بېرىلەتتى. تاماق بېرىلمەي ئاچ قويۇلاتتى. تۇتقۇنلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى باھالايدىغان نومۇر دەپتىرىدىن نومۇر كولىناتتى. تەخمىنەن بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئۆزۈندە ۋە قائىدە - قانۇنلار يادلانغاندىن كېيىن، گۇندىپايلارنىڭ بۇيرۇقى قىلىش بىلەن مەسىلە پاش قىلىش باشلاندى. تۇتقۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن،ئەمما ئەينى ۋاقىتتا خاتالىق ۋە جىنايەت دەپ ھېسابلانمىغان، ئۆزلىرىگىمۇ نامەلۇم بولغان مەسىلىلەرنى پاش قىلىشى كېرەك ئىدى: مەن ناماز ئوقۇغان، مەن روزا تۇتقان، مەن ئوغلۇمنىڭ تويىدا نىكاھ ئوقۇتقان، مەن ئاتا - ئانام تۆگەپ كەتكەندە نەزىر ئۆتكۈزگەن، يىغلىغان، تۇپراق بېشىغا بارغان دېگەندەك ئادەتتىكى ئىشلارمۇ تۇتقۇنلارنىڭ خاتالىقى دەپ قارىلىپ، ئۆز - ئۆزىگە پاش قىلدۇرۇلدى. تۇتقۇنلارغا ئىلگىرىكى بىرەر خاتالىقنى پاش قىلمىغۇچە ئۇخلاشقا رۇخسەت بېرىلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بەزى تۇتقان ئايالىلار ئۆزلىرى قىلمىغان ئىشنىمۇ «مەن قىلدىم»دەپ، پاش قىلىش ماتېرىيالى يېزىپ بېرىپ، ئاندىن ئۇخلاش باسقۇچىغا ئۆتەلەيتتى.

بۇ يېڭىدىن سېلىنغان لاگېردىكى تۇتقان ئايالىلار ئۆزلىرىنىڭ

تۇتۇلۇش سەۋەبى، مەجبۇرىي ئېتىراپ قىلدۇرۇلغان جىنايەتلىرىگە قاراپ ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنگەن ئىدى. بۇلار: 1 ـ ئالاھىدە قاتتىق باشقۇرۇلىدىغانلار تۈركۈمى 2 ـ قاتتىق باشقۇرۇلىدىغانلار تۈركۈمى 3 ـ ئادەتتىكىدەك باشقۇرۇلىدىغانلار تۈركۈمى. گۇلباھار ئالاھىدە قاتتىق باشقۇرۇلىدىغان تۈركۈمگە ئايرىلغان بولۇپ، خۇددى سىياسىي جىنايەتچىلەرگە مۇئامىلە قىلىنغاندەك ـ مۇئامىلىگە ئۇچرىغان ئىدى. ئۇنىڭ پۇتىغا كىچىلىرى بىر مەزگىل ئىشكەل سېلىپ قويۇلدى. ئۇنىڭ سىرت بىلەن ئالاقە قىلىشىغا ۋە تۇغقانلىرىنىڭ يوقلاپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنمىدى. قاتتىق باشقۇرۇش رايونىغا قامالغانلار ـ چەتئەلدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەنلەر، چەتئەلگە چىقماقچى بولغانلار، تام ئاتلاپ چەتئەلنىڭ رادىيو ـ خەۋەرلىرىنى ئاڭلىغانلار، چەتئەلگە پۇل سالغانلار قاتارلىق چەت ئەلگە مۇناسىۋەتلىك ئالاقىلەرگە باھانە قىلىنىپ تۇتقۇن قىلىنغانلار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ چەتئەلدىكى تەشكىلات ۋە پائالىيەتچىلەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، ئۇلار: «خەتەرلىك كىشىلەر، تېرروررچىلار، بۆلگۈنچىلىك» دەپ قارالغان ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ دەرىجىگە ئايرىلغانلارنىڭ بېشىغا ئېغىر غەم چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار دائىم بىر ـ بىرى بىلەن مۇنازىرە قىلىشىپ: «بىز قانداق قىلساق بۇنىڭدىن يېنىكرەك بولغان قاتتىق باشقۇرۇلىدىغان دەرىجىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق قىلساق ئادەتتىكىدەك باشقۇرۇلىدىغان دەرىجىگە چۈشەلەيمىز؟» دەپ غەم ئەندىشە قىلىشاتتى. گۇلباھار ئۇلارنىڭ ئەندىشىگە كۆڭۈل بولۇپ قۇلاق سالغان بولدى ـ يۇ، ئەمما باشقىلاردەك ھەددىدىن زىيادە قايغۇرۇپ كەتمىدى. چۈنكى، ئۇ ھېچقاچان ئۈمىدۋارلىقنى يوقاتمىغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى.

يېڭى سېلىنغان بۇ لاگېر قاراماي شەھىرىنىڭ جەرەن بۇلاق رايونىدا بولۇپ، كۆلىمى خېلى چوڭدەك قىلاتتى. ئەمما، قانچىلىك ئادەمنىڭ سىغدىغانلىقىنى تەخمىن قىلغىلى بولمايتتى، باشقا ئۈچ

ئورۇندىكى ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئاياللار تەخمىنەن بىرەر - ئىككى مىڭ ئەتراپىدا چىقىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرىگە نومۇر سېلىپ قويۇلغان ئىدى. گۈلباھارمۇ 9 - نومۇر دېگەن تۇتقۇنلۇق نومۇرى بىلەن تىزىمغا ئېلىندى ۋە شۇ نومۇر بىلەن چاقىرىلىدىغان بولدى. يېڭى لاگېرنىڭ شارائىتى ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭكىگە قارىغاندا بىر ئاز ياخشىدەك قىلاتتى. بۇ يەردىكى كامېرلاردا يۇز يۇيۇش ئورنى، مۇنچا، ھاجەتخانا دېگەندەك نەرسىلەر كامېرنىڭ ئىچىگە سېلىنغان ئىدى. ئەمما كارىۋات قويۇلمىغان بولۇپ، تۇتقۇن ئاياللار داق يەرگىلا ئەدىياللىرىنى سېلىپ يېتىشقا مەجبۇر ئىدى. گۈلباھار ئويلىدىكى: «بۇ لاگېرنىڭ شارائىتى ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا قارىغاندا ياخشىدەك قىلسىمۇ، ئۇ بەربىر بىر تۈرمە ئىدى»

يېڭى لاگېرغا بۇرۇنقى لاگېردىكى گۈندىپايلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە باشقا خىزمەتچىلەرمۇ تۇتقۇنلارغا ئوخشاشلا ئالماشتۇرۇلماستىن يۆتكەپ كېلىنگەن بولۇپ، باشقۇرۇش قائىدە -تۈزۈملىرى ۋە مەجبۇرىي ئۆگىنىش، مەجبۇرىي ئېقرار قىلدۇرۇش ۋە خورلىنىشلار ئوخشاشلا داۋام قىلىنىشقا باشلىدى. تۇتقۇن ئاياللار ھەر كۈنى سائەت ئالتىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇرۇنقىدەكلا ئەتىگەندە مەيدانغا يىغىلىپ، قىزىل ناخشا ۋە دۆلەت مارشى ئوقۇشتىن باشلىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە كامېرغا قايتۇرۇپ كېلىنىپ قىسقا ھاجەتكە بېرىش ۋە تەييارلىق ۋاقتىدىن كېيىن ناشتىلىق بېرىلىپ، سائەت سەككىزدىن باشلاپ دەرسخانىغا ئېلىپ چىقىلىپ، ئەتىگەندىن - كەچكىچە شى جىن پىڭ ئۆزۈندىلىرى، دۆلەت قائىدە -قانۇنلىرى ۋە ھەر خىل شوئارلار يادقا ئالدۇرۇلاتتى. دەرس ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن تۇتقۇن ئاياللاردىن سوئال سورىلاتتى. مەجبۇرىي ئىپادە ئېلىناتتى. گۈلباھار بۇ ئىپادە ئېلىنىش جەريانىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: لاگېر ئوقۇتقۇچىلىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك تۇتقۇن ئوقۇغۇچىلاردىن: «سۆھبەت قىلىمىز» دېگەن باھانە بىلەن ئۆگەنگەن نەرسىلەر ئۈستىدىن، ئۆتكۈزگەن

خاتالىقلىرىدىن ۋە ئىدىيەسىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ئىپادە ئالاتتى. تۇتقۇن ئاياللارنىڭ بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئىپادە بىلدۈرمەي قۇتۇلالمايتتى. بىر كۈنى مەندىنمۇ ئىپادە ئېلىندى. مەن ئىپادەمدە: دۆلىتىمىز جۇڭگو چوڭ دۆلەت، شى جىن پىڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھەممىدىن ئۇلۇغ، جۇڭگودا ھەممە مىللەتلەر باراۋەر ۋە بەختلىك ياشىماقتا، مەن چەتئەلگە چىقىپ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، دۆلىتىمىزدە ياشىغان بەختلىك كۈنلەرنى ئۇنتۇپ قالدىم، غەربنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشىغا بېرىلىپ كەتتىم، ئېرىمنىڭ قىلمىشلىرىغا ياخشى كۆز - قۇلاق بولالمىدىم ۋە توسالمىدىم، بالىلىرىمنى ياخشى تەربىيىلىيەلمىدىم دېگەنلەرنى ئىپادىلىگەن ئىدىم. ئەمما، لاگېر ئوقۇتقۇچىسى بۇنىڭغا قايىل بولماي: سەن تېخى بارلىق ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتمىدىڭ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيت! بۇ ئىپادەڭ ياخشى بولمىدى، قوبۇل قىلىنمايدۇ - دەپ تۇرىۋالدى. مەن ئۇنىڭغا: ئۇنداق بولسا قانداق ئىپادە بىلدۈرسەم ياخشى بولىدۇ؟ - دەپ ئېيتىۋىدىم، ئۇ ماڭا: سېنىڭ ئېرىڭ فىرانسىيەدە جۇڭگوغا قارشى پائالىيەتكە قاتنىشىپتۇ، سەن بۇلارنى پاش قىلىشىڭ كېرەك! سەن شۇنى ئېنىق ئېيتىشىڭ كېرەككى - سېنىڭ ئېرىڭ ئابدۇكېرىم دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشتىمۇ؟ ئۇ رابىيە قادىرغا ياردەم قىلدىمۇ؟ ئۇنى قوللىدىمۇ؟ مۇشۇلارغا قارىتا بىلىدىغانلىقىڭنى ئېيتىشىڭ ۋە بۇنىڭ توغرا بولمىغانلىقى توغرۇلۇق ئۆز ئىپادەڭنى بىلدۈرۈشۈڭ كېرەك - دەپ، گۇلباھارنىڭ كۆزىگە كىرىۋالىدۇ. ئىلاجىسىز قالغان گۇلباھار ئاخىرى: «مېنىڭ ئېرىم ئابدۇكېرەم - دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ فىرانسىيەدىكى تارماق تەشكىلاتىغا قاتناشقان ھەم ئۇنىڭغا مۇئاۋىن رەئىس بولغان ئىكەن. ئەمما ئۇنى ماڭا بىلدۈرمىگەچكە، مەن ئۆز ۋاقتىدا بىلمىگەنىكەنمەن، ئۇ يەنە ماڭا رابىيە قادىر فىرانسىيەگە كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ئېيتمىغان ئىكەن» دەپ يازىدۇ. ئەمما، رابىيە قادىرنىڭ ئىسمىنى ئېغىزىغا

ئالغان ۋاقتىدا ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا: ئۇھ! تارتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، يەنە خىتاي ئوقۇتقۇچىنىڭ قاتتىق سوئال - سوراقىغا دۇچ كېلىدۇ. خىتاي ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا: سەن نېمىشقا رابىيە قادىرنى ئېغىزىڭغا ئالغاندا: «ئۇھ!» تارتىسەن؟ نېمىشقا ئۇنى قاتتىق تىللاپ - ئەيىبلىمەيسەن؟ - دەپ بىر مۇنچە چالۋاقاپ، گۈلباھارنى ئىپادىنامىنى قايتا يېزىشقا مەجبۇرلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۈلباھار ئۆزىنىڭ ئىپادەنامىسىنى قايتا يېزىپ، ئېرى ئابدۇكېرىمنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى فىرانسىيە شۆبە تەشكىلاتىغا قاتناشقانلىقى ۋە رابىيە قادىرنى قوللىغانلىقىنى ئەيىبلەپ، باشقىدىن ئىپادە بىلدۈرۈپ چىقىدۇ.

گۈلباھار يېڭى لاگېردا يەنە نۇرغۇن ناھەق، ۋەھشىي ۋە چىدىغۇسىز ئىشلارغا گۇۋاھچى بولىدۇ. تۇتقۇنلار ھەر كۈنى مەجبۇرىي ئۆگىنىش ۋە ئىپادە بىلدۈرۈشكە مەجبۇرلىنىشتىن باشقا يەنە نۇرغۇن قىيناشلارغا دۇچ كېلىدۇ. گۈلباھار ئۇ ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: قىش كۈنلىرى قارامايدا دەھشەتلىك سوغۇق بولاتتى. گۈلباھار يېڭى لاگېرغا يۆتكىلىپ كېلىنگەن يىلى قىشتا قارامايدا تېخىمۇ قاتتىق سوغۇق بولۇپ كەتكەن بولۇپ، تېمپېراتۇرا ئوتتۇز دەرىجىگە يەتكەن ئىدى. تۇتقۇن ئايالالارغا قىشلىق چاپانلار تارقىتىپ بېرىلمىگەن بولۇپ، گۇندىپايلار تۇتقۇنلارنى «كۈن كۆرسىتىمىز» دېگەن باھانە بىلەن مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ، يېرىم سائەتتىن - بىر سائەتكىچە سوغۇقتا تۇرغۇزۇپ قاتتىق قىينايدۇ. تۇتقۇن ئايالالار سوغۇقتا توڭلاپ،دىر - دىر تىترەپ، قاقشاپ تۇۋلاشسىمۇ كارى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلغانلار بولسا، ئايىغى سالدۇرۇپ يالىڭاچلىنىپ، قار - مۇز ئۈستىدە تۇرغۇزۇپ قويۇلىدۇ . بۇ قىيناقلار بىر نەچچە كۈن داۋاملاشقاندىن كېيىن نۇرغۇن ئايالالارغا سوغۇق تېگىپ، يۆتىلىپ ئاغرىپ قېلىشقا باشلايدۇ. ئاغرىپ قالغانلارنىڭ دوختۇرغا كۆرۈنۈشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ. پەقەت ئاغرىقلار سەكراتقا چۈشۈپ قېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەندىلا، ئاندىن دوختۇر

چاقىرتىپ، رەسمىيەت ئۆچۈنلا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ كېسىلىگە دورا بېرىلمەستىن، باشقا نامەلۇم بىر دورىلار بېرىلىپ، ئۇنىڭ ساقىيىش ۋە ساقايماسلىقى بىلەن كارى بولمايدۇ. بىر قىسىم ئېغىر كېسەللەرنى بولسا، «دوختۇرخانىغا تەكشۈرتىمىز» دېگەن باھانە بىلەن ئېلىپ چىقىپ كېتىلىپ، كېيىن قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى.

لاگېرغا نۇرغۇن تويي قىلمىغان ياش قىزلار گۇناھسىز ھالدا تۆھمەت ئارتىلىپ تۇتۇلۇپ كېلىنگەن بولۇپ، ئۇلارغا نامەلۇم سىرلىق دورا بېرىلگەنلىكتىن ۋە بىر نەچچە قېتىم نامەلۇم ئوكۇل سۈيۈقلۇقى ئۇرۇلغاندىن كېيىن، كۆپىنچىلىرىنىڭ ھەيز كۆرۈشى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ ۋە توختاپ قېلىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىزلار كەلگۈسىدە پەرزەنت كۆرەلمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ، زار - زار قاقشايدۇ ۋە يىغلىشىدۇ. بۇ ئىشلار گۈلباھارنىڭ كاللىسىغا بەكمۇ تەسىر قىلىدۇ! گۈلباھار: «بۇ نېمە دېگەن رەھىمسىزلىك، نېمىشقا تۇتقۇنلارغا ئوكۇل ۋە دورىنىڭ قانداق دورا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەستىن قالايمىقان بېرىلىدۇ؟ بۇ بىر مەقسەتلىك قىلىنىۋاتقان ئىشمۇ نېمە؟ ماڭىمۇ ئىككى قېتىم ئوكۇل ئۇرۇلدى. ئەمما مېنىڭ ئاللىقاچان ھەيزىم توختاپ بولغاچقا ئۇنىڭ قانداق تەسىرى بولغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئەمما بۇ ياش قىزلارنىڭ نېمىشقا ھەيزى توختاپ قالىدۇ؟ بۇ بىر ئېغىر جىنايەت ئەمەسمۇ؟ مەقسەتلىك قىلىنغان زىيانكەشلىك ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بۇ ياش قىزلار كەلگۈسىدە بۇ لاگېردىن ھايات چىققان تەقدىردە، تويي قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ تويي قىلغاندىن كېيىن پەرزەنت كۆرۈشى كېرەكقۇ؟ ئەگەر پەرزەنت كۆرەلمىسە ئۇلارنىڭ بەختلىك بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئاھ! خۇدا! بۇ نېمە دېگەن رەھىمسىزلىك، نېمە دېگەن ئېپلاسلىق!؟» دەپ ئويلاپ ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە قايغۇردى.ئەمما گۈلباھارنىڭ قولىدىن ئۇلارغا تەسەللىي بېرىشتىن باشقا بىر ئىش

كەلمەيتتى.

يىل ئاتلاپ، 2018 - يىلمۇ يېتىپ كېلىدۇ. جەرەنبۇلاقتىكى ئاياللار لاگېرغا تېخىمۇ كۆپ ئاياللار تۇتقۇن قىلىنىپ قامىلىدۇ. لاگېر تۆرۈمى كۈندىن-كۈنگە چىڭىتىلىپ، تۇتقۇنلارغا بولغان بېسىم ۋە خورلاشلار تېخىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. ئەمما گۈلباھار ھېچقاچان ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ قويمايدۇ. ئۇ ھامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ بۇ يەردىن ساق چىقىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. چۈنكى ئۇ، بارلىق تۇتقۇنلارغا ئوخشاش گۇناھسىز ھالدا تۆھمەت بىلەن بۇ يەرگە قامالغان ئىدى. بۇ تۇتقۇن قىلىنىشلارنىڭ نورمال بىر ئىش ئەمەسلىكىگە، بۇنىڭ بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى بىكار قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە فىرانسىيە ۋەتەنداشلىقىدىكى ئېرى ۋە قىزلىرىنىڭ ئۇنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىغا ۋە تۇتقۇنلۇقتىن قۇتقۇزۇش داۋاسىنى قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەمما يولدىشى ئابدۇكېرىم ۋە قىزلىرىنىڭ كېچە - كۈندۈز توختىماي فىرانسىيەدە ئۇنىڭ داۋاسىنى قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

گۈلباھارنىڭ قارامايى جەرەنبۇلاقتىكى يېڭىدىن قۇرۇلغان لاگېرغا قامالغىنىغا ھايت - ھۇيت دېگۈچە مانا بىر يىلدىن ئېشىپ قالغان ئىدى. قارامايىنىڭ قەھرىتان سوغۇقى لاگېردىكى تۇتقۇنلارنى تېخىمۇ ئېغىر قىيىنماقتا ئىدى. لاگېردا يېتەرلىك ئىسسىنىش سىستېمىسى بولمىغاچقا، كامېرلار ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. گۈلباھار شۇ دەھشەتلىك لاگېرغا تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىنلا قىش سوغۇقىنىڭ ئىنسانغا نەقەدەر ئېغىر زۇلۇم بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمەكتە ئىدى. نۇرغۇن تۇتقۇن ئايالار سوغۇقتىن ئۆپكىسىگە سوغۇق ئۆتۈپ يۆتىلىپ، كېسەلچان بولۇپ كېتىپ باراتتى. كېچىككىنە بىر كامېرغا ئوندىن - يىگىرمىگىچە تۇتقۇنلار قامالغاچقا، ئۇلار ئۆز - ئارا مېھرىبانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىقلا سۈنئىي ھارارەت بەرپا قىلىپ، سوغۇقنى يېڭىشكە مەجبۇر بولماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ

گۈلباھار ئۆزىنىڭ ئۈمىدىنى ھېچقاچان يوقاتمىدى. ئۇ ئۇزاق قالماي باھار يېتىپ كېلىپ، لاگېردىكى دەھشەتلىك سوغۇقنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنىڭمۇ باھار كۈنلىرىنىڭ ھامان بىر كۈنى يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا، بۇ ناھەق تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىغا بولغان ئۈمىدىنى يوقاتمىغان ئىدى.

2018 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئەتىگەنلىك ناشتىلىقتىن كېيىن تۇتقۇن ئاياللار دەرسخانىغا مېڭىش ئالدىدا تۇراتتى. تۇيۇقسىز گۈلباھار گۇندىپايلار تەرىپىدىن چاقىرتىلىپ، لاگېر ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىلدى. ئىشخانىدا ئىلگىرى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان ۋە باشقىچە بىر خىل ساقچى فورمىسى كېيىشكەن ئىككى ساقچى تۇراتتى. ئۇلار گۈلباھارنى ساقچى ماشىنىسىغا چىقىرىپ، ئۇ ئىلگىرى تۇرغان ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىگە ئېلىپ كېلىشتى - دە، گۈلباھارنى گۇندىپايلارغا تاپشۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بىر ھازا سۆزلەشكەندىن كېيىن، گۈلباھارغا قاراپ: بىز بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يەنە كېلىمىز، سىز بىلەن سۆزلىشىدىغان مۇھىم ئىشلار بار - دەپلا كېتىپ قېلىشتى. گۈلباھار ئۆزىنىڭ نېمىشقا بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى چۈشەنمىسىمۇ، ساقچىلارنىڭ باشقىچە مۇئامىلىسىدىن بىرەر ياخشىلىق ئالامەتلىرىنى سەزمەكتە ئىدى. دېگەندەك 2019 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2-كۈنى ئەتىگەندىلا ئۇلار يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار گۈلباھارنىڭ قولىدىكى كويزىنى چىقىرىۋەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى يەر ئاستىدىكى ئالاھىدە سوراقخانىغا ئەكىرىپ، قارا تۆمۈر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ باغلىماستىن، نورمال بىر ئىشخانىدىلا گەپ سوراشقا باشلىدى: قانداق ئەھۋالىڭىز؟ نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە تۇتقۇن قىلىندىڭىز؟ قانداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدىڭىز؟ ھازىرقى سالامەتلىكىڭىز قانداقراق؟ سىزنى قىيناشمىغاندۇ؟ يارىلىنىش - زەخىملىنىش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەندۇ؟ گۈلباھار دەسلەپتە ئۇلارنىڭ سوئالىغا نېمە

دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. چۈنكى، بۇ رەسمىي بىر سوراقتەك ئەمەس ئىدى. گۈلباھار باشقا بارلىق تۇتقۇنلارغا ئوخشاش لاگېردىكى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قىيىن كۈنلەرنى، لاگېردىكى ناچار ئوزۇقلۇق، سوغۇق مۇھىت، قوپال مۇئامىلە ۋە قاتتىق بېسىملار ئۈستىدىن ئۇلارغا زارلىنىشنى خالىمىدى. ئۇ پەقەت: ھېچقانداق ئالاھىدە ئىش بولمىدى. باشقىلارغا نېمە بولغان بولسا ماڭىمۇ شۇ بولدى.-دەپلا ئۇلارغا بولغان جاۋابىنى تۈگەتتى. ئۇلارغا نېمە دېسۇن پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى ئىدى خالاس!

گۈلباھار ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىگە قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن بىرئاز راھەتلىنىپ قالغاندەك بولدى. ئۇنىڭغا جەرەن بۇلاقتىكى چوڭ لاگېردىكى تۇتقۇن ئاياللارغا مۇئامىلە قىلىنغاندەك قوپال مۇئامىلە، خارلاش ۋە زورلاشلار قىلىنمىدى. ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسىدىكى بۇ ئۆزگىرىشتىن گۈلباھار بىر ئىشنى سەزمەكتە ئىدى 2019-يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ھېلىقى ساقچىلار يەنە كەلدى. ئۇلار بۇ قېتىممۇ گۈلباھارغا قوپاللىق قىلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بەرىبىر گۈلباھارنى جىنايەتچى قاتارىدا كۆرۈپ، يەر ئاستىدىكى سوراقخانىغا ئەكىرىپ، قارا تۆمۈر ئورۇندۇققا باغلاپ سوراقنى باشلىدى:

– نېمە ئىشقا سىز مەسىلىلەرنى تولۇق تاپشۇرمىدىڭىز؟

– قايسى مەسىلىلەرنى دەيسىلەر؟ - دېدى گۈلباھار تېڭىرقاپ قېلىپ،

– قايسى مەسىلە ئىكەنلىكىنى سىز ئوبدان بىلىسىز، بىزنىڭ دېيىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق.

– بۇ قانداق گەپ، سىلەر دېمىسەڭلار مەن نېمە بىلىمەن. مەندە قانداقمۇ مەسىلە بولسۇن؟ مەن ھېچقانداق بىر سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئارىلاشمىغان تۇرسام، شۇ چاغدىلا خۇپسەنلىك

قىلىۋاتقان ساقچىلار دېمەكچى بولغان گېپىنى ئوچۇق ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى.

– بىز سىزنىڭ ئېرىڭىزنىڭ مەسىلىسىنى دەۋاتىمىز

– ھەئە، مۇنداق دېمەمسىلەر؟ شۇ چاغدا گۈلباھارنىڭ ئېسىگە، سوراق جەريانىدا ئۆزىگە مەجبۇرىي ئارتىلغان يولدىشى ئابدۇكېرىم ۋە قىزلىرىنىڭ فرانسىيەدىكى پائالىيەتلىرى ئېسىگە كەلدى-دە، ئىلگىرى بىر سوراقتا مەجبۇرى ئىقرار قىلدۇرۇلغان يولدىشى ئابدۇكېرەم ۋە قىزلىرىنىڭ فرانسىيەدىكى پائالىيەتلىرىنى تەكرارلاشقا باشلىدى: مېنىڭ يولدىشىم ئابدۇكېرىم فىرانسىيەدە ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشقان، تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، قىزلىرىم دادىسىغا ئەگىشىپ نامايىشقا چىقىپ، شەرقىي تۈركىستان دۆلەت بايرىقىنى كۆتۈرگەن ئىكەن، ئۇلار ماڭا دېمىگەچكە مەن خەۋەر تاپالمىغان ئىكەنمەن.

ــ ياق، بۇنداق دېيىشىڭىز بولمايدۇ ! - دېدى ساقچىلار گۈلباھارنىڭ دېگەنلىرىدىن قانائەت تاپماي جىددىيلەشكەنچە

– ئۇنداقتا قانداق دېيىشىم كېرەك؟سورىدى گۈلباھارمۇ تېڭىرقاپ.

ــ دېگەنلىرىڭىز ئۆلچەمگە چۈشمىدى. يەنە قايتا دېيىشىڭىز كېرەك - دېدى ساقچىلار قاپىقىنى تۈرۈپ، گۈلباھار بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن باياتىن دېگەن گەپلىرىگە يەنە بىر نەچچە جۈملە قىستۇرما قىلدى: مېنىڭ يولدىشىمنىڭ ۋە قىزلىرىنىڭ تەشكىلاتقا قاتنىشىپ، نامايىشقا چىققانلىقى توغرا بولمىغان قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەردۇر، مېنىڭ ئۇلارنى ۋاقتىدا پاش قىلمىغىنىم بىر خاتالىقتۇر! مەن ئۇ خاتالىقىمنى ئېتىراپ قىلىمەن.

– يەنە بولمىدى.– دېدى ساقچىلار چىچاڭشىپ، ئۇ ۋاقىتتا گۈلباھارمۇ تېرىكىپ قالماقتا ئىدى.

– ئۇنداقتا قانداق دېيىشىم كېرەك؟ مەن سىلەرگە بۇرۇن

دېگەن گەپلىرىمنى ئەينەن دېدىمغۇ؟

– بۇ دېگەنلىرىڭىز ئىش قىلىپ ئۆلچەمگە چۈشمەيۋاتىدۇ. يەنە بىر قېتىم دەڭ. - دېدى ساقچىلار. گۈلباھار ئوخشاش گەپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ بەردى. ساقچىلار بۇ قېتىممۇ قانائەت تاپمىغان ئىدى. ئۇلار بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئايرىم كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن، بىر تال قەغەز بىلەن قەلەم كۆتۈرۈپ كېلىپ، مانا بۇ قەغەزگە رەتلىك يېزىپ چىقىڭ، ئاندىن بىزگە ئوقۇپ بېرىڭ، بىز ئۇنى ۋىدىئوغا ئېلىشىمىز كېرەك - دېدى. شۇ چاغدىلا گۈلباھار ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك بولدى ۋە ئويلىدى: «بۇلار مېنىڭ گەپلىرىمنى ۋىدىئوغا ئېلىۋېلىپ. نېمە قىلىدىغاندۇ؟ ئۇنى تېلېۋىزورلارغا چىقىرىپ تەشۋىق قىلىپ، مېنى خەلقى -ئالەم ئالدىدا سازايى قىلماقچىمىدۇ؟ ياكى بولمىسا كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى باھانە قىلىپ جازالاش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ ياكى بولمىغان بىر ئىشقا جىنايەت ئارتىپ، يەنە ئۇنىڭغا پۇشايمان قىلدۇرۇش ئوخشامدۇ نېمە؟ توۋا!بۇنداق قىلغۇزۇش نېمە دېگەن مەنتىقسىزلىق ھە!»

شۇنداق قىلىپ كۈندە ئوخشاش شەكىلدە داۋام قىلغان پۇشايمان قىلدۇرۇش سورىقى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئالتە كۈن داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا گۈلباھار شۇنى ئېنىق تونۇپ يەتتىكى، ساقچىلار گۈلباھارنىڭ ئۆزىنىڭ جاۋابكار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە پۇشايمان قىلغان تۆۋەنامىسىنى ۋىدىئوغا ئالماقچى بولۇشقان ئىدى. گۈلباھار ئۇنى نېمگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتى.شۇنداق بولسىمۇ، گۈلباھار ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. شۇڭا ئۇ قەغەزگە يەنە باشقىدىن بىر مۇنچە گەپلەرنى قوشۇپ يېزىپ، يازغانلىرىنى ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بەردى. ئەمما ساقچىلارغا بۇمۇ يارىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار گۈلباھارنىڭ يازغانلىرىغا يەنە بىر مۇنچە گەپلەرنى قوشۇپ باشقىدىن يازدۇردى. ئاندىن گۈلباھارغا ئوقۇتتى.

ئىككى تەرەپ بىرلىكتە يازغان بۇ ئەڭ ئاخىرقى نۇسخىسى ئۇلارغا يارىغاندەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار گۈلباھارغا ئۇنى ئالتە - يەتتە قېتىمدەك ئوقۇتۇپ ۋىدىئوغا ئېلىۋالدى.

ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، 2019 - يىلى 3 - ئاينىڭ 12 -كۈنى يەنە ھېلىقى ساقچىلار كېلىپ، گۈلباھارنى كامېردىن ئېلىپ چىقىپ، گۇندىپايلار بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇنى تۇتقۇن ئاياللار تۇرىدىغان بىنادىن يۆتكەپ، مەخسۇس لاگېر باشقۇرغۇچىلىرى ۋە ساقچى گۇندىپايلار تۇرىدىغان بىناغا ئېلىپ كېلىپ، مەخسۇس بىر ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياخشى تاماقلاردىن بېرىپ ئالاھىدە كۈتۈشكە باشلىدى. ئەمما ئۇلار تېخىچە ئۇنىڭغا نېمىشقا بۇنداق مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقى، ئۇنىڭ قويۇپ بېرىلىدىغان ياكى قويۇپ بېرىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشمىدى. ئەمما گۈلباھارنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پات يېقىندا ئەركىنلىككە چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنمەكتە ئىدى. چۈنكى، ھازىر گۈلباھارغا نورمال پۇقرالارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلىدەك مۇئامىلىدە قارىلىۋاتاتتى.

ئەمما گۈلباھار يەنىلا قەپەسكە سولاپ قويۇلغان بىر قوش ئىدى. ھەتتا قەپەسكە سايلاپ قويۇلغان قۇشچىلىكمۇ سايراش يەنى ئەركىن گەپ قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ئەھۋالى لاگېردىكىلەرنىڭكىدىن خېلىلا پەرقلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچى يەنىلا سىقىلماقتا ئىدى. ئۇنى ئەتىدىن - كەچكىچە 7-8 نەپەر ئايال ساقچى نازارەت قىلاتتى. ياتاققا تېلېۋىزور قويۇپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىنىدى. ئەمما نېمىشقىكىن، ئۇنىڭ پەقەت تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ۋە مەملىكەت خەۋەرلىرىنى كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىنغان ئىدى. ئەمما، خەلقئارا خەۋەرگە كەلگەن چاغدا ئايال پايلاقچى دەرھال كېلىپ، تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋېتەتتى ۋە ئۇنىڭغا:خەلقئارا خەۋەرلەرنى كۆرۈشۈڭگە بولمايدۇ. بۇ يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى - دەپ، تەھدىت قىلاتتى.

گۈلباھار بۇ ئىشنى چۈشەنمەي، خەلقئارادا نېمە بولۇپ كېتىپ بارىدىغاندۇ؟ دۇنيا ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىپ بارامدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ كېتەتتى ۋە ئۇنىڭ خىيالىغا فرانسىيەدىكى يولدىشى ۋە ئىككى قىزى كېلىۋالاتتى: «ئاللاھ! يولدىشىم ئابدۇكېرىم جاپاغا قالغانمىدىغۇ؟ ھېلىمۇ ياخشى باللىرىمنىڭ قىز بولۇپ قالغىنى؟ ئۇلار دادىسىغا تاماق قىلىپ بېرەلەيدۇ، كىر -قاتلارنى يۇيۇپ بېرەلەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بەربىر بىر ئۆيدە ئايال كىشى بولمىسا قانداق بولاتتى؟ باللىرىم مېنى سېغىنغانسىلەر ھەرقاچان؟ مەنمۇ سىلەرنى ئىنتايىن سېغىندىم. ئىنشائاللاھ! بىز ھامان بىر كۈنى جەم بولىمىز، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!» - دەپ،ئۆز-ئۆزىگە خىتاپ قىلاتتى.

گۈلباھارنىڭ مىرزا قاماقتىكى بۇ زېرىكىشلىك كۈنلىرى ئىككى ئايدەك داۋام قىلغاندىن كېيىن، 2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يەنە ھېلىقى ساقچىلار كېلىپ، گۈلباھارغا سىلىق سىپايە مۇئامىلە قىلغان ھالدا: كىيىم - كېچەكلىرىڭىزنى ئېلىڭ! بۇ يەردىن باشقا يەرگە يۆتكىلىسىز - دەپ، ئۇنى ماشىنىغا چىقىرىپ، چارەك سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن بىر ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىغا كېلىپ توختاپ، ئۇنى ماشىنىدىن چۈشۈرگەندىن كېيىن، بىر ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا ئېلىپ كىردى ۋە: ئەمدى بىر مەزگىل مۇشۇ يەردە تۇرىسىز! - دەپ ئۇنىڭغا غەلىتە قاراپ قويۇپ، بىر نەچچە نازارەتچى ساقچىلارنى ئۇنىڭغا قاراشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كېتىپ قېلىشتى. بۇ بىر نورمال سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆي بولۇپ، ئۇزۇندىن بېرى بىر كىم ئولتۇرمىغاندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ، تېلېۋىزور، سايا،كارىۋات دېگەندەك نەرسىلەر قويۇلغان بولۇپ، ھەرھالدا بىر ئۆيگە ئوخشاۋاتاتتى. بۇ يەردە گۈلباھارنىڭ سىرتقا چىقىپ تاماق ئېلىپ يېيىشىگە ۋە نەرسە كېرەكلەرنى ئېلىپ كىرىشىگە، فرانسىيەگە تېلېفون قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى.ئەمما ئارقىسىدا ھەمىشە ئىككى نەپەر پايلاقچى ئەگىشىپ يۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ گۈلباھار

ئۆزىنىڭ يەنە بىر ئاز ئەركىن يۈرەلەيدىغان بولغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ئۆزىنى خۇددى قەپەستىن قويۇپ بېرىلىپ، ئەركىنلىككە چىققان قۇشتەك ھېس قىلىۋاتاتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ پات يېقىندا قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى تېخىچە بىلمەيتتى.

گۈلباھارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەتىدىن - كەچكىچە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈش، چۈش ۋاقتى، كەچ ۋاقتى بولغاندا سىرتقا چىقىپ تاماق يېيىش ۋە ئۇخلاشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر مىرزا قاماق بولۇپ، ئۇ يەنىلا تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇ تولۇق ئەركىنلىككە چىقىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئۆزىنىڭ نېمىشقا بۇ يەردە بىكار تاماق يەپ، ئەتىدىن - ئۇخلاپ، تېلېۋىزور كۆرۈپ ياتىدىغانلىقىنىڭ سىرىنى ئەمدى چۈشىنىشكە باشلىدى. ئەسلىدە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان بولۇپ، ناۋادا لاگېردىن مۇنداقلا ئېلىپ چىقىپ قويۇپ بېرىلسە، بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ۋە روھىي جەھەتتىن ئازاب چەككەن ھالىتى بىلەن ئۇنىڭ جازا لاگېرىغا قامالغانلىقىنىڭ بىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇشقان ئىدى. بۇنىڭدىن گۈلباھار - خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرى بەرپا قىلغان لاگېردىن ۋە ئۇ يەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان قىيىن -قىستاق، ۋەھشىيلىكلەرنىڭ دۇنياغا ئاشكارىلىنىپ كېتىشىدىن ئىنتايىن قورقىدىغانلىقىنى بىلىۋالغان ئىدى.

گۈلباھار تەقەززالىق ۋە زېرىكىشلىك ئىچىدە ئىككى ئاينى بەك تەستە دېگۈدەك ئۆتكۈزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر كۈنمۇ بولسا بالدۇرراق ئەركىنلىككە چىقىپ، فىرانسىيەگە قايتىپ، ئائىلىسى بىلەن جەم بولۇشىنى، ئۇماق پەرزەنتلىرىنى قۇچاقلاپ، ئۇلارنى ئىسسىق قويىنىغا ئېلىشىنى، ئۇلارغا ئانىلىق مېھرى ئاتا قىلىشىنى ۋە ئائىلىسىدىكى ئاياللىق بۇرچىنى ئادا قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى.

تومۇز ئېيى يېتىپ كېلىپ، قاراماي ئادەتتىن تاشقىرى ئىسسىپ كەتكەن ئىدى. گۈلباھار نېمىدۇر - بىر نېمىنى خىيال قىلىپ ئولتۇراتتى. ھېلىقى بىز دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىن كەلدۇق دېگەن ساقچىلار يەنە كېلىپ: ئۇنىڭ ئاتايىن ئىسمىنى چاقىرىپ، خۇددى ئۇنىڭغا خوش - خەۋەر ئېلىپ كېلىپ، سۆيۈنچە بېرىلىشنى كۈتۈۋاتقان كىشىدەك كەيپىياتتا ئۇنىڭغا: گۈلباھار سىز قويۇپ بېرىلىدىغان بولدىڭىز - دەپ، ئۇنىڭ قانداق بىر ئىپادىدە بولىدىغانلىقىنى كۆرۈشنى تەقەززا قىلىۋاتقاندەك قارىشىپ تۇراتتى. ئەمما گۈلباھار خۇددى بۇنى ئاڭلىمىغاندەك، ھە-ئە، دەپ قويۇپلا باشقا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەستىن ئولتۇرغان ئىدى. ئۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەن ساقچى گۈلباھارنى ئاڭلىمىغان ئوخشايدۇ دېگەندەك قىلىپ، يەنە بىر قېتىم: سىزنى قويۇپ بېرىدىغان بولدۇق - دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا ئۇنىڭغا قاراپ توۋلىغان ئىدى. گۈلباھار ئۇنىڭغا قاراپ، يەنە ھە-ئە دېگەندەك قىلىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئولتۇرىۋەردى. ئۇنىڭ بۇ ئىپادىسىدىن ساقچى ھەيران قالغاندەك قىلىۋاتاتتى. ئەمما، گۈلباھار ئۆزىمۇ - ئۆزىگە ھەيران قېلىۋاتاتتى. نېمشقا ئۇ ئۆزىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى توغرۇلۇق خەۋەردىن خۇشال بولۇپ، سەكرەپ كەتمىدى؟ گۈلباھار بۇنى ئۆزىمۇ ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. بەلكى بۇنى گۈلباھارنىڭ بۇ يەرگە گۇناھسىز قامالغانلىقى، ئۆزىنى بىر جىنايەتچىلەردەك كۆرمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن دەپ، تەخمىن قىلىشقا بولاتتى.

شۇنداق قىلىپ گۇناھسىز قامالغان گۈلباھار 2019 - يىلى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلىنىپ،ئارىدىن يەنە ئىككى ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قويۇپ بېرىلىپ، كىملىك ۋە پاسپورتلىرىمۇ قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئۇنىڭ فىرانسىيەگە كېتىشىگە رۇخسەت قىلىنغان ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ساقچى تەرەپ ئۇنىڭغا ئەسكەرتمە قىلىپ: ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن ۋەدىسى ۋە مەجبۇرىي يازدۇرۇلغان ئىپادەنامىسىنى

ئۇنتۇپ قالماسلىقنى ئالاھىدە جېكىلەشتى. گۈلباھار ئۇنىڭغا بېشىنى لىڭشىتىپلا ماقۇللۇق بىلدۈرگەن بولدى. چۈنكى، ئۇ ھاياجاندىن بولسا كېرەك، كەم سۆز بولۇپ قالغانىدى. بىرسىگە ئارتۇق كەم گەپ ـ سۆز قىلىشنى خالىمايتتى. پۈتۈن خىيالى فىرانسىيەگە قاراپ يولغا چىقىش ئىدى. ئۇ ئائىلىسىنى، بولۇپمۇ ئوماق ئىككى قىزىنى ئىنتايىن سېغىنغان ئىدى.

گۈلباھار ئىككى ئايدىن ئارتۇق كۈتۈلۈش جەريانىدا خېلى سەمرىپ، چىرايىمۇ ئاقىرىپ-سۈزۈلۈپ، ئەسلىدىكى گۈزەل ھالىتىگە ئۆتۈۋاتاتتى. گۈلباھار قارامايدا ئانچە ئۇزاق تۇرمايلا، شۇ كۈنلا ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ سىڭلىسى بىلەن بىر ـ ئىككى كۈنلا بىللە بولدى ـ دە، ئۇ قىزىنىڭ ھاملىدار ئىكەنلىكىنى، ئاي ـ كۈنىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، 2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئاستانىغا كېلىپ، ئاستانا ئارقىلىق ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ پارىژغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇنىڭغا ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشى شۇ قەدەر ئاستا بىلىنمەكتە ئىدى.ئۇ شۇ تۇرقىدا قانات ياساپ ئۇچۇپ، بىر نەچچە دەقىقە ئىچىدىلا پارىژغا يېتىپ كېلىپ، ۋاپادار يولدىشى ۋە ئوماق پەرزەنتلىرىنى مەھكەم قۇچىقىغا بېسىپ، ئاز كەم ئۈچ يىللىق جۇدالىقتىن كېلىپ چىققان سېغىنىش ئوتلىرىنى كۆز يېشى بىلەن ئۆچۈرۈشنى ئويلايتتى.

ئەتىگەندە ئۇچقان ئايروپىلان ئۇيۇق قىزىللىقتا پۈركىنىشتىن بۇرۇن پارىژغا يېتىپ كەلدى. گۈلباھارنىڭ يۈرىكى سوقۇپ، جىددىيلىشىۋاتقاندەك بولۇپ، ھاياجاندىن يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۇنىڭدىكى سېغىنىش ئوتىنىڭ نەقەدەر دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن ئىدى. مانا! ئايروپىلان پارىژ ئايرودۇرۇمىغا قوندى. ئۇ تاموژنا تەكشۈرۈشىنى تاماملاپ، چىقىش ئىشىكىگە كەلگەندە يولدىشى ئابدۇكېرىم، كۈيئوغلى ۋە ئىككى قىزى قوللىرىنى پۇلاڭلاتقانچە ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ـ بىرىدىن ئىتتىك مېڭىشىپ

كېلىۋاتاتتى. مانا!دىدار غەنىمەت دېگەن، مېھرى - مۇھەببەت دېگەن! گۈلباھار قىزلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، مەڭزىلىرىنى - مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشتى. يۈرەك پارىلىرىنى قانغۇچە پۇرىۋالدى. ۋاپادار يولدىشى ئابدۇكېرىمگە نېمە دېيىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. بەلكى ئۇنىڭغا جاپا تارتتىڭىز، مېنى سېغىندىڭىزمۇ؟ دېمەكچى بولغىيدى، ئەمما ئۇنى ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى. نىھايەت ئاخىرى جەم بولغان بۇ بىر بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى دۇنيا مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان پارىژ شەھىرىنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدىكى ئۆيىگە يېتىپ كېلىپ، ئالدىن - ئالا تەييارلاپ قويۇلغان ھاردۇق ئېشىنى ئىچكەچ ھەسرەتلىرىنى تۆكۈشۈپ ۋە ئۇزاق - ئۇزاق مۇڭدىشىپ، يېرىم كېچە بولۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قېلىشقان ئىدى.

ئەركىنلىك دېگەن - نېمە دېگەن قىممەتلىك-ھە! ئۈچ يىللىق ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغان گۈلباھار ئائىلىسىنىڭ يول مېڭىشى ۋە فىرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا بېسىم ئىشلىتىشى بىلەن، خىتاينىڭ دەھشەتلىك جازا لاگېرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، فىرانسىيەگە قايتىپ كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىلا ئەركىنلىكنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى. ئەمما ئۇ خىتاينىڭ جازالار لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلىۋاتقان، ئىنسانىي قەدىر - قىممىتى پايخان قىلىنغان، ھەر كۈنى دېگۈدەك خورلىنىۋاتقان، ئەجەل تۇمانلىرى باش ئۈستىدىلا ئايلىنىپ تۇرۇۋاتقان نەچچە مىليون قېرىنداشلىرىنى ئويلىغىنىدا بولسا، كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولاتتى. گۈلباھار پارىژدا بىر مەزگىل كۈتۈنۈپ ئەسلىگە كېلىۋالغاندىن كېيىن، ئاشۇ تۇتقۇندىكى چارىسىز قېرىنداشلىرى ئۈچۈن بىر ئىش قىلىشنى ئويلىدى - دە، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى يولى بولسا - ئاشۇ دەھشەتلىك جازا لاگېرىدا بېشىدىن كۆچۈرگەن پاجىئەلەرنى قەلەمگە ئېلىپ، تاشقى دۇنياغا ئاڭلىتىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ فىرانسىيەلىك ژۇرنالىست روزىن مورگان خانىمنىڭ ياردىمىدە لاگېردا باشتىن كەچۈرگەن،

ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان دەھشەتلىك پاجىئەلەرنى قەلەمگە ئېلىپ: «مەن جازا لاگېرىدا قانداق ھايات قالدىم؟» ناملىق بىيوگرافىيىسىنى فرانسۇز تىلىدا نەشر قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق پاجىئەسىنىڭ فرانسىيەدە تونۇلۇشى ئۈچۈن زور ھەسسە قوشتى.

گۈلباھار خانىۋاجى خىتاينىڭ جازا لاگېرىدىن ھايات چىققالىغان9 نەپەر ھايات شاھىتنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شۇنداقلا بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى دۇنياغا پاش قىلىپ، گۇۋاھلىق بەرگەن بىر ھايات شاھىت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلغان ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن گۈلباھار فرانسىيەدە ژورنالىستلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم زىيارەت قىلىندى. ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. شۇنداقلا يەنە ئۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن: «قەھرىمان ھايات لاگېر شاھىتى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان ئىدى. ئاللاھىم! بارلىق تىرىك لاگېر شاھىتلىرىغا ئۇزۇن ئۆمۈر، تىنچلىق - خاتىرجەملىك، بەخت-سادا سائادەت ئاتا قىلغايسەن، ئامىن!

# گۈلباھارنىڭ گۇۋاھلىقى كۆز يېشى بىلەن چىقاتتى

(مەن ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە بىر قېتىم خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنى سوتقا تارتىشنى ئارزۇ قىلىمەن - گۈلباھار جېلىلوۋا)



گۈلباھار جېلىلوۋا 1964 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ۋىلايىتى چۇنجا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان ئىدى. ئۇ 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى شەرقىي تۈركىستاندىن قازاقىستانغا كۆچۈپ چىققان بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇنىڭ ياشلىق مەزگىلى قازاقىستاننىڭ سوۋېت رۇسسىيەسىنىڭ يەتمىش يىللىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، يېڭىدىن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن دەۋرىگە توغرا كەلدى. قازاقىستاننىڭ مۇستەقىللىقىدىن قازاقلارلا ئەمەس ئۇيغۇرلارمۇ ئىنتايىن خۇشال بولغان ئىدى. جۈملىدىن گۈلباھارنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ بارلىق ئۇيغۇرلار قاتارىدا قازاق خەلقىنى چىن دىلىدىن تەبرىكلىگەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا گۈلباھارمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلىشىپ، قازاق قېرىنداشلىرىنى تەبرىكلىگەن ئىدى. ئەمما ئۇ مۇستەقىللىقنىڭ نە قەدەر مۇھىملىقىنى ئۇ زامانلاردا ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيتى. گۈلباھار مۇستەقىللىقنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئۇ خىتاي تۈرمىسىگە قامالغاندىن كېيىن، قازاق دۆلىتىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن خىتاي چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىنلا ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى.

گۈلباھار ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپنى قازاقىستاندىكى رۇس

مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان بولسىمۇ، ئائىلە تەربىيەسى سەۋەبى بىلەن ئۇيغۇرچىنىمۇ ياخشى ئۆگەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ يۇقىرىلاپ ئوقۇش ئارزۇسى بولسىمۇ، يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان قازاقىستاندىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار ۋە ئائىلە شارائىتىنىڭ يار بەرمەسلىكى سەۋەبىدىن يۇقىرىلاپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ بوش تۇرۇشنى خالىماي چۇنجادىن ئالمۇتاغا كۆچۈپ كېلىپ، تىجارەت يولىغا كىرىشكەن ئىدى. ئۇ تىجارەت باشلاپ ئانچە ئۇزاق بولمايلا ئالمۇتالىق بىر ئۇيغۇر يىگىتى بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، توي قىلىپ بەختلىك بىر ئائىلە قۇرغان ۋە 4 پەرزەنتلىك بىر ئانا بولۇپ قالغان ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن گۈلباھار بىر تەرەپتىن ئائىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ بالىلىرىنى تەربىيەلەپ چوڭ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تىجارەت قىلىشنى توختىتىپ قويمىغان ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە ئۈرۈمچىدە سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئۈرۈمچىگە نۇرغۇن قېتىم بېرىپ كەلدى. ئەجدادلار يۇرتى ئۈرۈمچى ـ ئۇنىڭ تىجارىتىگە بەرىكەت ئېلىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۈرۈمچىگە دائىم بېرىپ كېلەتتى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ تىجارىتى بىلەنلا بولۇپ، ھېچ قانداق يەرلىك كىشىلەر بىلەن ئارىلاشمىغان ئىدى. ئۈرۈمچىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مۇھىتىنى ئانچە بەكمۇ چۈشىنىپمۇ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى ئۆزىنىڭ تىجارىتىنى روناق تاپقۇزۇپ، ئالمۇتىدا چوڭ بىر تىجارەتچىگە ئايلىنىش ۋە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى قامداش ئىدى.

گۈلباھار ھەر دائىم ئۈرۈمچىگە بېرىپ مالنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى قازاقىستانغا مال توشۇمىچىلىق قىلىدىغان شىركەتكە يوللاشقا بېرىۋېتىپ، بىر قىسمىنى ئۆزى ئېلىپ ئالمۇتىغا قايتىپ كېلەتتى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم يەنى 2017 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مالغا بارغاندىمۇ شۇنداق قىلغان ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم

مالنى زاكاز قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى بۇرۇن مال سالغان توشۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بىر قازاق ئايالغا ماللىرى كەلگەندىن كېيىن ئالمۇتىغا سېلىۋېتىشنى ھاۋالە قىلىپ، پۇللىرىنى تۆلەپ، تالون -ھۆججەتلەرنى ۋە ئۆزى كۆتۈرەلىگۈدەك بىر قىسىم ماللىرنى ئېلىپ ئالمۇتىغا قايتىپ كەلگەن ئىدى.

گۈلباھار ئالمۇتىغا قايتىپ كېلىپ بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىن ئۇنىڭغا تېلېفون كېلىدۇ. بۇ تېلېفون - ئۇ مېلىنى سېلىۋېتىشنى ھاۋالە قىلغان قازاق ئايالنىڭ قىزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ قىز تېلېفوندا: گۈلباھار ھەدە، ئاپام ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان ئىدى، سىزنىڭ مېلىڭىز كەلگەن ئىكەن، ئەمما ئىسكىلاتتا بېسىلىپ قاپتۇ. ئاپام ھازىر مېلىڭىزنىڭ يىتۈپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلماقتا، شۇڭا سىز ئۆزىڭىز كەلمىسىڭىز بولمايدىكەن - دەپ، قايتا - قايتا بىر نەچچە قېتىم تېلېفون قىلىدۇ. گۈلباھار ئۇلارغا: مېنىڭ ھازىر ئۈرۈمچىگە بارغۇم يوق، بۇ يەردە ئىشلىرىم بار، بىر ئامال قىلىپ مالنى ئۆزىڭىز ئەۋەتىۋەتىسىڭىز! - دەپ يالۋۇرسىمۇ ئۇ قىز ئامال قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، گۈلباھارنى ئۈرۈمچىگە كېلىشكە ئۈندەيدۇ!

ئەسلىدە بۇ ساقچىلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن قىلىنغان بىر قىلتاق ئىدى. بۇنىڭدىن نەچچە ئاي ئىلگىرى ئۇ ئايال باشقا بىرسىگە 17 مىڭ يۈەن خىتاي پۇلىنى يانفون ئارقىلىق يوللاپ بەرگەن ئىكەن، كېيىن ساقچىلار ئۇنىڭ يانفونىنى كونترول قىلغاندا ئۇنى بىلىۋېلىپ، ئۇ ئايالنى تۇتۇپ كەتكەن ئىكەن، سوراقتا ئۇ ئايال بۇ پۇلنى «قازاقىستاندىن كەلگەن گۈلباھارنىڭ پۇلى ئىدى» دەپ ئىقرار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار گۈلباھاردىن باشقىچە گۇمانلىنىپ، ئۇ قازاق ئايالغا بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇنى گۈلباھارنى چاقىرىپ كېلىشكە مەجبۇرلايدۇ. ئۇ ئايالنىڭ بۇيرۇشى بىلەن ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن قىزى گۈلباھارغا تېلېفون قىلىپ، بۇ

قىلتاقنى روياپقا چىقارغان ئىدى.

گۈلباھار 2017-يىلى 5-ئاينىڭ 21-كۈنى مىلنىڭ ئىز- دىرىكىنى قىلىش ئۈچۈن يەنە ئۈرۈمچىگە كېلىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ بۇ قېتىم كەلگەندە ئۈرۈمچىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن بىر ئاز غەلىتىلىك ھېس قىلىدۇ. نۇرغۇن دۇكانلار تاقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ئۇيغۇرلار ئىنتايىن ئازلاپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۆزى تونۇيدىغان بەزى ئۇيغۇر تىجارەتچى تونۇشلىرى ئوتتۇرىدىن غايىب بولغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۆز غېمى بىلەن بولۇپ، بۇ ئىشلارغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىگەن ئىدى. چۈنكى، ئۇ بىر نەچچە قېتىم قازاقىستان دائىرىلىرى تەرىپىدىن چېگرانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكەندە ھېچقانداق ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى بىلەن كارى بولماسلىق ۋە باردى - كەلدى قىلماسلىق، ئۆز ئىشى بىلەنلا بولۇش توغرۇلۇق قانچە قېتىم ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىدى. شۇڭا گۈلباھار يەنە ئۈرۈمچىگە بېرىپ، مىلنى تېپىپ تونۇشۇغۇچىغا بېرىۋەتكەندىن كېيىنلا ئالمۇتىغا قايتىپ كېتىشنى ئويلاۋاتاتتى.

گۈلباھار بۇ قېتىممۇ ئۇ ئۆزى ئىلگىرى چۈشكەن مېھمانخانىغا چۈشكەن ئىدى. سائەت تېخى ئەمدى سەككىز بولغان ئىدى. ئۇ ئەتىگەنلىكى ناشتا قىلىپ بولۇپ، ئەمدى سىرتقا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، ياتاقنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق قېقىلدى. گۈلباھار ئىشىكنى ئېچىپ شۇنداق قارىۋىدى، ئۇلار ئىككى خىتاي ۋە بىر قازاق كىشى بولۇپ،جەمى ئۈچ ساقچى ئىكەن. ئۇلار گۈلباھارنى ئاتايىن ئىزدەپ كېلىشكەن ئىدى. ساقچىلار تۇيۇق چۈشەندۈرۈش بەرمەستىنلا گۈلباھارنىڭ پاسپورتىنى سورايدۇ. گۈلباھار پاسپورتىنى ئاخشام ياتاققا چۈشۈشتىن بۇرۇنلا مېھمانخانا مۇلازىمەتچىلىرىگە بېرىپ قويغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ساقچىلار ئۇنىڭدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنداق بولسا سەن بىز بىلەن كەل!- دەپ،ئۇنى پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ، پاسپورتىغا قاراپمۇ قويماستىن تارتىۋېلىپ، ئاندىن: سەن

بىز بىلەن بىللە ماڭغىن!سورايدىغان ئىككى - ئۈچ ئېغىز گەپ بار دەپ، ئاتالمىش «دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش ساقچىخانىسى» غا ئاپىرىپ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ يانفونىنى قاچان، نەدە ئالغانلىقىنى سورىغاندىن كېيىن، يانفونىڭنى تەكشۈرەيمىز دەپ ئېلىۋېلىپ، سائەت ئۈچكىچە يانفونىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق بىر مەسىلە تاپالمىغان بولسىمۇ، خۇددى بىر ھەقىقىي جىنايەتچىنى تۇتۇۋالغاندەك قوپاللىق بىلەن ئۇنى سوراق قىلىشقا باشلايدۇ: ئالدى بىلەن ساقچىلار گۈلباھاردىن: نەدە تۇغۇلدۇڭ؟ نەدە تۇردۇڭ؟ مىللىتىڭ نېمە؟سەن مۇسۇلمانمۇ؟ ناماز ئوقۇمسەن؟ بالىلىرىڭ ناماز ئوقۇمدۇ؟ دېگەندەك سوئاللارنى سورايدۇ. گۈلباھار ئۇنىڭغا قارىتا: مەن قازاقىستان ۋەتەندىشى، ئەمما مىللىتىم ئۇيغۇر، ئۆزۈم مۇسۇلمان، نامازمۇ ئوقۇيمەن، چۈنكى قازاقىستاندا ھېچكىمنىڭ ناماز ئوقۇشى چەكلەنمەيدۇ - دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىنمۇ قۇسۇر تاپالمىغان سوراقچىلار سوئالنى باشقا تېمىغا يۆتكەپ، سەن تۈركىيەگە بېرىپتىكەنسەن، تۈركىيەدە نېمە ئىش قىلدىڭ؟ - دەپ قوپاللىق بىلەن ۋارقىرايدۇ ئېگىز بوي، ياپما قاپاق كەلگەن خىتاي ساقچى خۇددى بىر قاۋان تۇڭگۇزدەك ۋارقىراپ، ئۇ بۇلارنىڭ باشلىقىدەك قىلاتتى. گۈلباھار خىتايچە بىلمىگەچكە، ئۇنىڭ سۆزىنى قازاق ساقچى گۈلباھارغا ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ. گۈلباھار كاللىسىدا: «تۈركىيەگە بېرىش دېگەن نورمال بىر ئىشقۇ؟» دەپ قارىغاچقا ئۇنىڭغا مەنسىتمىگەندەك قىلىپ مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: مەن تۈركىيەگە تىجارەت قىلىشقا باردىم. بىز قازاقىستانلىقلار دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىگە بارالايمىز، بۇ بىزنىڭ ئادەتتىكى ئەركىنلىكىمىز، مەن جىق دۆلەتلەرگە بارغان. بۇ يەرگىمۇ يىگىرمە يىلدىن بۇيان ھەر يىلى نەچچە قېتىم كېلىپ تىجارەت قىلىۋاتىمەنغۇ؟ تۈركىيەگە بارسام سىلەرنىڭ نېمە ئىشىڭلار؟ ئۇنىڭ بۇ مەغرۇرانە جاۋابىنى ئاڭلىغان خىتاي ساقچى چىچاڭشىغانچە قاپىقىنى تۈرۈپ ۋارقىراشقا باشلايدۇ:

–ھەي! ھەددىڭنى بىلىۋال! بۇ قەيەر بىلەمسەن؟ سەن بىز نېمىنى سورىساق شۇنىڭغا جاۋاب بېرىشىڭ كېرەك! بولمىسا سېنىڭ نەدە ئىكەنلىكىڭنى ھازىرلا كۆرسىتىپ قويىمىز، قېنى ئېيتە! سەن نېمىشقا گۇمانلىق كىشىلەرگە پۇل ئاغدۇرۇپ بەردىڭ؟

–ياق، مەن بۇ يەردە ھېچكىمگە پۇل ئاغدۇرمىدىم. كىم شۇنداق ئېيتىدۇ؟ قېنى شۇ كىشى بىلەن مېنى يۈزلەشتۈرۈڭلارچۇ؟ - دەپ جاۋاب بېرىدۇ گۈلباھار ھەيران قالغان ھالدا، گۈلباھارنىڭ بۇ جاۋابىغا ئۇ ساقچى گەپ تېپىپ بېرەلمىگەندىن كېيىن، يەنە بىر ئۇتتۇرا بوي كەلگەن، چوشقىدەك سەمرىپ كەتكەن ختاي ساقچى ئېغىز ئېچىپ گەپ قىستۇرىدۇ: ئۇ يەردىن - بۇ يەرگە پۇل ئەۋەتىش، پۇل يۆتكەشتە بىرەر مەقسىتىڭ بولۇشى مۇمكىن؟ بەلكى سەن تېرروروچىلارغا ياردەم قىلماقچى بولغان بولۇشۇڭ مۇمكىن؟

– ياق، ئۇنداق ئەمەس! مەن تىجارەت قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيمەن. تېرروروچىلارنىمۇ تونۇمايمەن. بۇ يەردە تېرروروچى بار دەپمۇ ئاڭلىمىدىم - دەيدۇ گۈلباھار ئۇلارنىڭ گېپىگە جاۋاب قايتۇرۇپ،

–ئاڭلىمىغان بولساڭ، ئەمدى مەن ئاڭلىتىپ قوياي ! - دەپ يەنە چالۋاقايدۇ ئۇ: بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى تېرروروچى، سەنمۇ ئۇيغۇر بولغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە سەنمۇ بىر تېرروروچى بولىسەن–دە، قېنى راستىڭنى ئېيت! زادى نېمە ئۈچۈن بۇ پۇلنى يۆتكىگەن ئىدىڭ؟

–مەن دېدىمغۇ تىجارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن، مەن يىگىرمە يىلدىن بۇيان ئۆزۈمچىگە بېرىپ - كېلىپ تىجارەت قىلىۋاتىمەن، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەنمۇ ئارىلاشمايمەن. ھېچكىمنى تونۇمايمەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تېرروورلۇق قىلغىنىنىمۇ كۆرۈپ باقمىدىم.

–ھەي، تولا كاپشىما! بىز ساڭا ئىشەنمەيمىز، چۈنكى سەنمۇ بىر ئۇيغۇر بولغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە تېرروروچىلارغا ياردەم قىلماقچى

بولغان بولۇشۇڭ مۇمكىن، قېنى ماۋۇنىڭغا ئىمزا قوي ! - دەپ بىر پارچە ئۈستىگە ئىككى - ئۈچ جۈملىدەك خەت يېزىلغان قەغەزنى كۆتۈرۈپ كېلىدۇ ۋە ئۇنى گۈلباھارنىڭ كۆزىگە تىقىۋېتىدىغاندەك يېقىن ئەكېلىپ، مانا بۇ سېنىڭ جىنايەتلىرىڭ، بۇنىڭغا قول قوي!

- دەيدۇ بىزەڭلىك بىلەن ۋارقىراپ، گۈلباھار خىتايچە يېزىلغان ئۇ قەغەزگە قاراپ: مەن بۇنى چۈشەنمەيمەن، مەن يا خىتايچە بىلمىسەم، نېمىشقا بۇنىڭغا ئىمزا قويىمەن؟ ئۇ نېمە دېگەن گەپ؟

- دەيدۇ، بۇ ۋاقىتتا ياندا قاراپ تۇرغان قازاق ساقچى خەتنى ئېلىپ گۈلباھارغا ئوقۇپ تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان ئىدى: «مەن گۈلباھار جېلىل تېررورلۇقنى قوللىدىم، مەنمۇ بىر تېرروررچى، مەن بۇ جىنايىتىمنى ئېتىراپ قىلىمەن».

گۈلباھار بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ، ئۆز قۇلىقىغا ئۆزى ئىشەنمەيلا قالىدۇ ۋە ئىمزا قويۇشنى رەت قىلىدۇ: سىلەرنىڭ مېنى تۇتۇش ۋە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇرلاش ھەققىڭلار يوق، چۈنكى مەن قازاقىستاننىڭ پۇقراسى، سىلەر نېمىشكە چەتئەللىكلەرنى تۇتىسىلەر؟ -دەپ، ساقچىلارغا قاراپ سوئال قايتۇرىدۇ.

– ھەي، تولا كاپشىما! سەن قازاقىستانلىق بولساڭ نېمە بولۇپتۇ، سەنمۇ بەربىر ئۇيغۇرغۇ؟

– ئۇيغۇر بولسىلا تېرروررچى بولامدۇ؟ - سورايدۇ گۈلباھار يەنە بۇ گەپنى ئاڭلىغان قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەن ھالدا

– ھەئە، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى تېرروررچى، شۇڭا سەنمۇ بىر تېرروررچى!چۈنكى، سەن ئۇلارغا پۇل بىلەن ياردەم قىلماقچى بولدۇڭ - دەپ، قوپاللىق بىلەن ۋارقىرايدۇ ئۇ ساقچى يەنە

– سەن زادى ئىمزا قويامسەن - قويمامسەن؟-دەپ ئوخشاش سوئالنى تەكرارلايدۇ.

–ياق، مەن بۇنىڭغا ئىمزا قويالمايمەن!-دەيدۇ گۈلباھار قەتئىيلىك بىلەن.

–ئۇنداق بولسا بىز سىنى ئىمزا قويىدىغان يەرگە ئېلىپ بارىمىز، ئۇ يەردە ئىمزا قويمىغىنىڭنى كۆرەيلى قېنى؟ ـ دەپ، يېرىم كېچە بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي، گۈلباھارنى ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ مېڭىشىدۇ.

ساقچى ماشىنىسى شەھەر ئىچىدە كېتىپ باراتتى. كېچىسى بولغاچقا گۈلباھار نەدە كېتىپ بارغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئەمما ئۇ ماشىنا گۈلباھار چۈشكەن ياتاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. تەخمىنەن يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن ئۇلار يوغان دەرۋازىلىق، ئېگىز تاملىق، تاملىرى تىكەنلىك سىم بىلەن قورشالغان بىر يەرگە كېلىپ ماشىنا توختىتىشتى ۋە يانفونلىرى بىلەن تېلېفون قىلىپ، دەرۋازىنى ئاچتۇرغاندىن كېيىن گۈلباھارنى دەرۋازىدىن ئۆتكۈزۈپ، بىر بىناغا ئېلىپ كىرىدۇ. ئىشىكتىن كىرىپلا گۈلباھارنىڭ يان تەرەپتىكى كومپيۇتېر ئورنىدا ئولتۇرغان ياش بىر ئۇيغۇر قىزنى كۆرىدۇ. ساقچىلار ئۇدۇل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ،خىتاي تىلىدا بىر نېمىلەرنى دەپ گەپلەشكەندىن كېيىن، ئۇ قىز كومپيۇتېردا خەت ئۇرۇپ، بىرئازدىن كېيىنلا كىملىككە ئوخشاش نۇرغۇن رەقەم يېزىلغان قەغەزدىن بىر تال قەغەزنى بېسىپ چىقىرىپ ساقچىلارغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. ساقچىلار ئۇ قەغەزنى گۈلباھارنىڭ چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويىدۇ.ئۇنىڭدا گۈلباھارنىڭ ئىسمى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن بولۇپ، خىتايچە تەلەپپۇزدا: «گۈلى باھالى جېلىلى» دەپ يېزىلغان ئىدى. دېمەك بۇ يەردە شۇ نەرسە ئېنىق بولدىكى، ساقچىلار يالغاندىن كىملىك چىقىرىپ، گۈلباھارنى خىتاي پۇقراسى قىلىپ قويغان ئىدى. بۇ ئارقىلىق ئۇلار گۈلباھارنى ئۆزلىرى خالىغانچە جازالىماقچى بولغان ئىدى.

ساقچىلار گۈلباھارنى بىر نەچچە ئىشىكتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن 742 ـ نومۇرلۇق كامېرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. كامېرنىڭ ئىشىگى تار ۋە ئۈستى قىسمى تۆمۈر سىم بىلەن ئېتىۋېتىلگەن بولۇپ، ئېگىشمىسە كىرگىلى بولمايتى، ساقچىلار

گۈلباھارغا: بۇ يەرگە كىرگىن - دەپ ۋارقىرىغانچە ئىتتىرىپلا ئۇنى كامېرىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىۋېتىدۇ. بۇ ۋاقىت يېرىم كېچە بولغاچقا تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۇخلاۋاتقان بولۇپ، گۈلباھار بىرسىنىڭ ئايىغىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالىدۇ. شۇندىلا ئۇ ئەتراپىغا قاراپ، كامېرىنىڭ ئىچىدە ياتقان ئاياللارنىڭ تەخمىنەن يىگىرمە بەش - ئوتتۇز ئەتراپىدا كىشى ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، ئۇ نىمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا نۆۋەتچىلىكتە تۇرۇۋاتقان ئوتتۇرا ياش، ئاق پىشماق كەلگەن بىر ئايال ئۇنىڭ ھېرىپ - چارچاپ ئۇيقۇسىراپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ: ھەي! يېڭى كەلگەن قىز، بۇ يەرگە كېلىڭ - دەپ بىر جاينى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، گۈلباھار ياشىراق بىر تۇتقۇن ئايالنىڭ يېنىغا قىستىلىپ كىرىپ، يانچە يېتىپلا غەرق ئۇيقۇغا كېتىدۇ.

شۇ ياتقانچە گۈلباھار بىر كېچە - كۈندۈز ئۇخلىغان ئىدى. ئەمما ئۇ قانچىلىك ۋاقىت ئۇخلىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىر چاغدا ئۇ بىرسىنىڭ ئۇنى نوقۇپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى سېزىپ كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى. ياشانغانراق بىر ئايال ئۇنىڭغا قاراپ: ھەي،قىز ! ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ناشتىلىق بېرىۋاتىدۇ. ناشتىلىقىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ! بۇنداق يېتىۋەرسىڭىز ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىسىز - دەپ، ئۇنى ئويغىتىۋاتقان ئىكەن. گۈلباھار ئاستا ئورۇنىدىن تۇرۇپ: سۇ بارمۇ؟ ماڭا سۇ بېرىڭلارچۇ - دەپ ئۇ ئايالغا قارايدۇ. ئۇ ئايال يەنە ئېغىز ئېچىپ: مەن سىزگە دېدىمغۇ؟ مانا ئەتىگەنلىك ناشتىلىق بېرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ سۈدىن ھېچ پەرقى يوق. ئۇلارنىڭ گۈرۈچ شورپىسى دېگىنى سۇغا ئوخشاشلا سۇيۇق، ئۇنى ئىچسىڭىز ئۇسسۇزلۇقىڭىز قانىدۇ - دەپ، گۈلباھارنى يۆلەپ تۇرغۇزىدۇ. ئۇنىڭغىچە ياشراق يەنە بىر تۇتقۇن ئايال گۈلباھارغا بېرىلگەن بىر چىنە سۇيۇق گۈرۈچ شورپىسى ۋە بىر تال مۇشتۇمچىلىك ھورنانىنى ئەكېلىپ بېرىدۇ. گۈلباھار بېرىلگەن ناشتىلىقنى يەپ بولۇپ، ئەتراپىدىكى تۇتقۇنلارغا بىر قۇر سەپ سېلىپ قاراشقا باشلايدۇ -

دە، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدۇ.تۇتقۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى ياش قىزلار بولۇپ، ئاندا ـ ساندا ياشانغان ئاياللارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ يېشى ناھايىتىمۇ بەك پەرقلىق بولۇپ، يېشىنىڭ ئەڭ كىچىكى 15ياش ئەتراپىدا، ئەڭ چوڭى بولسا، 80 ياشلاردا ئىدى. دەماللىققا ھېچكىم ئۈنىڭدىن: سەن كىم؟ ساڭا نېمە بولغان؟ نەدىن كەلدىڭ؟ قانداق تۇتۇلدۇڭ؟ دېگەندەك سوئاللارنىمۇ سوراشمايدۇ. ئەكسىنچە، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقاندەك بىچارىلەرچە قاراپ تۇرۇشىدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ گۈلباھارنىڭ تۈرمە ھاياتى باشلىنىدۇ.

تۇتقۇن ئاياللار ناشتىلىقلىرىنى قىلىشىپ بولۇپ، قاچا-قۇچىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇشىغىلا، گۈندىپايلارنىڭ: ھەممىڭ دىققەتتە تۇرۇش، ئۆگىنىشنى باشلاڭلار! ـ دېگەن بوغۇق ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى دەپتەرلىرىنى ئېلىشىپ خىتايچە بىر نېملەرنى ئوقۇشقا باشلايدۇ. گۈلباھار بولسا ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپلا قالىدۇ. شۇ ئارىدا بىر گۈندىپاي كىرىپ ئۇنىڭغا ۋارقىراپ: سەن نېمىشقا ئوقۇمايسەن ـ دەيدۇ، گۈلباھار بولسا: ئۆزىنىڭ قازاقىستانلىق ئىكەنلىكىنى، خىتايچە بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇ چاغدىلا تۇتقۇنلار بۇ يېڭى كەلگەن بۇ تەقدىردىشىنىڭ خىتاي پۇقراسى ئەمەس، بەلكى قازاقىستان پۇقراسى ئىكەنلىكىنى بىلىشىدۇ ـ دە ياقىلىرىنى چىشلىشىپ، تۇۋۋا دېيىشىپلا قالىدۇ.

ئۆگىنىش ماتېرىيالىنىڭ ئۇيغۇرچىسى يوق ئىدى. بۇ يەردە ئۇيغۇرچە ئوقۇش ـ يېزىش ۋە سۆزلەش چەكلەنگەن ئىدى. شۇڭلاشقا گۈندىپاي گۈلباھارغا قاراپ: سەن جۇڭگو تىلى ئۆگىنىشىڭ كېرەك، بولمىسا ئىشىڭ چاتاق بولىدۇ ـ دەپ، ئۇنىڭغىمۇ بىر پارچە تۈپلەنگەن خىتايچە ئۆگىنىش قوللانمىسىنى بېرىپ چىقىپ كېتىدۇ. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ گۈلباھارنىڭ تۈرمىدىكى جاپالىق كۈنلىرى باشلىنىدۇ.

تۈرمىــدە تۇتقۇنــلار بىــر دەممــۇ بىــكار قويۇلمايدىغــان بولــۇپ، ئەتىگەندىــن - كەچكىچە مەجبۇرىــي ھالــدا دۆلــەت مارشــى، شــى جىــن پىــڭ ئۆزۈندىلىــرى ۋە تۈرمىنىــڭ قائىــدە - تۈزۈملىــرى ئۆگىنىــش قىلدۇرۇلاتتــى. تۇتقۇنلارغــا 5 تــال قىزىــل ناخشــىنى ئۆگىنىــش شــەرت قىلىنغــان بولــۇپ، ئۇنــى ئۆگىنەلمىگەنلــەر گۇندىپايــلار تەرىپىدىــن ھــەر كۈنــى تايــاق - توقماققــا تۇتۇلاتتــى. بــۇ ناخشــىلار خىتايچــە بولغاچقــا، خىتايچــە بىلمەيدىغــان گۈلباھــار ئۈچــۈن «باشــقا تــاغ يېقىلغانــدەك» ئېغىــر بىــر ئىــش ئىــدى. شــۇنداق بولســىمۇ گۈلباھارغــا ئــۇ ناخشــىلارنى ئۆگەنمــەي باشــقا چــارە يــوق ئىــدى. چۈنكــى، گۈلباھــار قازاقىســتان ۋەتەندىشــى بولســىمۇ، ئــۇ بىــر ئۇيغــۇر پەرزەنتــى بولغانلىقــى ئۈچــۈن ئۇنىــڭ كىملىكــى ئۆزگەرتىلىــپ، ياســاپ چىقىلغــان خىتــاي كىملىكــى بېرىلگــەن ئىــدى. ئــۇ ئەمــدى ئۆزىنــى «جۇڭخــۇا مىللىتــى» دەپ قارىشــى كېــرەك ئىــدى. گۈلباھــار بۇنىڭغىمــۇ كۆنــدى. ئۇلارنىــڭ بۇنىڭغا كۆنىشــىگە سەۋەب بولىدىغــان نەرســە بولســا - شــۇ كامېردىكــى ئــۆزى بىلــەن تەقدىــرداش ھــەم قانــداش بولغــان ئۇيغــۇر تۇتقۇنلىــرى ئىــدى. كامېردىكــى تۇتقۇنلارنىــڭ يــاش پەرقــى ئالاھىــدە پەرقلەنســىمۇ، ئەممــا، ئۇلارنىــڭ بېشــىغا كېلىۋاتقــان كۈلپەتلىــرى ئوخشــاش بولغاچقــا، ئــۇلار بىــر - بىرىنــى چــوڭ - كىچىــك ۋە يــاش -قېرى دېمەســتىن بىللــە دەرد تارتىشــقا مەجبــۇر قىلىنغــان ئىــدى.

گۈلباھارنىــڭ ناھــەق تۇتۇلــۇپ قامالغىنىغــا، مانــا ھايــت - ھۇيــت دېگۈچــە ئىككــى ھەپتىگــە يېقىنلىشــىپ قالغــان ئىــدى. ئۇنىڭغــا تۈرمىدىكــى بــەزى ئىشــلار ئىنتايىــن ئېغىــر كەلمەكتــە ئىــدى. ئــۇ بولســىمۇ مەھبۇســلارنىڭ مەجبۇرىــي قىزىــل ناخشــا ئۆگىنىشــى بولــۇپ، تۇتقۇنــلار يېشــى چــوڭ - كىچىــك بولۇشــىدىن، خىتــاي تىلىدىكــى ناخشــالارنى بىلىــش - بىلمەسلىكىدىن قەتئىــي نــەزەر دۆلــەت مارشــىنى ئــۆز ئىچىگــە ئالغــان بــەش تــال قىزىــل ناخشــىنى مەجبۇرىــي ئۆگىنىشــى كېــرەك ئىــدى. گۈلباھــار خىتايچــە بىلمىگەچكــە بــۇ ناخشــىلارنى ئۆگىنىشــتە بەكمــۇ قىينالــدى. ئۇنىڭغــا ئۆگەنمــەي باشــقا چــارە يــوق

ئىدى. ئۇ مەجبۇرىي ھالدا ۋە باشقا تۇتقۇن قىزلارنىڭ ئوقۇپ بېرىشى بىلەن، ناخشىلارنىڭ ئوقۇلۇشىنى رۇسچە يېزىۋېلىپ، ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدى.

گۈلباھارغا كامېردا سائەت ئون بولغاندا تۆۋلىنىدىغان «چىلەي،چىلەي يەنى ئورنۇڭدىن تۇر قوزغال، قول بولۇشنى خالىمىغانلار» دېگەن ناخشا بەكمۇ غەلىتە بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ بۇ ناخشىنى تېخى تولۇق ئۆگىنىپ بولالمىغان بولسىمۇ، تۇتقۇن ئاياللارنىڭ بۇ ناخشىنى ناھايىتى جۇشقۇن، ھاياجانلانغان ھالدا ئېيتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران قالاتتى ۋە بۇ ناخشىدىن كېيىن ئۆزلىرى زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ۋە قولدىن بەتتەر ھايات كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزلىرى خۇددى ھۆكۈمرانلارغا قارشى قوزغىلىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالىدىغان پرولېتارىياتلارغا ئوخشاش مەغرۇر سېزىشىپ كېتەتتى. ناخشا تۈگىگەندىن بولسا يەنە ئۆزلىرىنىڭ تۇتقۇن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ،باشلىرى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى.



گۈلباھار بۇ غەلىتىلىكتىن شۇنداق ئويلارغىمۇ كېلىپ قالدى: «ئاجايىپ ئىشقۇ بۇ، ئۆزىنى چەتئەلنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ، ئېزىلگەن دەيدىغان خىتايلار ئاللىقاچان ئازادلىققا ئېرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىگە ئىگە بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە تەرەققىي قىلىپ دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم دېگەن نەرسىلەردىن چەتنەپ كەتكەن تۇرسا، زۇلۇمنى، ئېزىش ۋە ئېزىلىشنى يوقىتىمىز دېگەن غايىدىكى بۇ كوممۇنىستلار ئەمدىلىكتە ئۆزىدىن ئاجىز باشقا مىللەتلەرنى مۇشۇنداق تۇتۇپ - سولاپ ۋە خورلاپ، ئېغىر دەرىجىدە كەمسىتىۋاتقان تۇرسا، يەنە نېمىشقا ئۆزلىرى بۇنداق قىزىل ناخشىلارنى تۆۋلاپ يۈرىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز تۇتقۇنلارغا يوق جىنايەتلەرنى ئارتىشىپ، ناھەق جازالارغا ھۆكۈم قىلىپ ۋە سىياسىي ھوقۇقىمىزدىن مەھرۇم قىلىپ، ئېغىر زۇلۇم سېلىپ

تـۇرۇپ، يەنـە كوممۇنـىزم، سوتسـىيالىزم ياخشـى دەپ تووۋلاشـلار قانـداق ئەقىلگـە سىغسـۇن؟» گۈلباھـار قانچـە ئويلىسـىمۇ بـۇ ئىشـنىڭ تېگىگـە يېتەلمـىدى. ئۆزىنىـڭ بىـر چەتئـەل ۋەتەندىشـى تـۇرۇپ تۇتقـۇن بولغىنىنـى ئويلىغىنىـدا بولسـا، ھېچنېمىنـى چۈشـىنەلمەي كـۆز ئالـدى تېخىمـۇ قاراڭغۇلىشىشـقا باشـلايتى.

مانـا گۈلباھارنىـڭ 3 - تۇرمىگە سولانغىنىغا بىر ئايغا يېقىنلىشـىپ قالـدى. ئـۇ كامېرداشـلىرىنىڭ ھەممىسـى بىلـەن تونۇشـۇپ چىقتـى. ھەتتـا بىـر قىسـىملىرىنىڭ ئىسـىم فامىلىسـى، نەدىـن كەلگەنلىكـى، نـەدە ئوقۇغانلىقـى، نـەدە ئىشـلەيدىغانلىقى؟ نېمـە بولـۇپ تۇتۇلغانلىقـى قاتارلىقلارنىمـۇ بىلىۋالـدى. باشـقىلارمۇ گۈلباھارنىـڭ قازاقىسـتانلىق ئۇيغـۇر ئىكەنلىكىنـى بىلىشـتى-دە، ھەيـران قېلىشـتى. بۇنـى چۈشـىنەلمىگەن بىـر قىـز ئۇنىڭدىـن: ھـەدە، سـىز بىـر چەتئەللىـك ئىكەنسـىز! بـۇلار چەتئەللىكلەرنىمـۇ تۇتۇۋالامـدۇ؟ ياكـى سـىز بىـرەر جىنايـەت ئۆتكۈزگەنمـۇ؟ - دەپ سـورىغان ئىـدى. گۈلباھـار ئـۇ قىزغـا نېمـە دەپ جـاۋاب بېرىشـنى بىلەلمـىدى - دە، بىـردەم تـۇرۇپ كەتكەندىـن كېيىـن جـاۋاب بېرىـپ: سـىڭلىم مەنمۇ چۈشـەنمىدىم. بـۇ بەلكـى مېنىـڭ ئۇيغـۇر بولـۇپ قالغانلىقىـم ئۈچۈنـدۇر، ئەمەلىيەتتـە مـەن ھېچقانـداق جىنايـەت ئۆتكۈزمىگـەن ئىدىـم. نورمـال بىر تىجـارەت بىلەن شـۇغۇللىنىۋاتقان ئىدىـم. ئـۇلار مـاڭا تۆھمـەت ئارتماقچـى بولىشـىۋاتىدۇ: «تېررورچىغـا يـاردەم قىلغـان، سـەنمۇ بىـر تېرروىرچـى» دەيـدۇ، ئەممـا مـەن ئۇنـى ئېتىـراپ قىلمىدىـم. نېمىشـقا مـەن قىلمىغـان بىـر ئىشـنى - مـەن قىلغـان دەپ ئېتىـراپ قىلىدىكەنمـەن؟ ئۇنـداق قىلسـام مـاڭا بىكاردىـن بىكارغـىلا جىنايـەت ئارتىـپ، جـازا ھۆكـۈم قىلسـا، مـەن بـۇ يەردىـن سـاق چىقالامدىـم؟ - دەپ، كۆڭلىدىكـى خىياللىرىنـى ئېيتىـپ بەرگـەن ئىـدى ئـۇ قىزغـا، شـۇنىڭدىن كېيىـن باشـقا تۇتقـۇن ئايالـلار گۈلباھارغـا ئالاھىـدە قارايدىغانـلا بولۇشـقان ئىـدى. ئـۇلار گۈلباھارنـى: غۇرۇرلـۇق ئايـال ئىكـەن، چەتئەللـىك ئىكـەن، ئـۇ ھامـان بىـر كۈنـى بـۇ يەردىـن قويـۇپ بېرىلىـدۇ! - دەپ قارىشـىپ قالغـان ئىـدى.

گۈلباھارنىڭ 3 - تۈرمىدىكى تۇتقۇنلۇق ھاياتى داۋام قىلماقچى ئىدى. مانا! ھايت - ھۇيت دېگۈچە بىر ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئىشلارغا گۇۋاھچى بولدى. تۇتقۇن ئايالـلار بولۇپمۇ ياش قىزلار ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە خورلىناتتى. تۈرمىدە بۇنداق خورلاشلار ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە دېگۈدەك يۈز بېرىدىغان بولۇپ، گۈلباھار بۇ ۋەھشىيلىكلەرنى ئەسلەپ مۇنداق بايان قىلىدۇ: گۇندىپايلار كېچىسى كىرىپ ياش قىزلارنى بىردىن - ئىككىدىن ئىسىملىرىنى چاقىرىپ ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى. بۇ قىزلاردىن بەزىلىرى يېرىم جان ھالدا ئەتىگەنلىكى قايتۇرۇلۇپ ئەكىرىلىپ قويۇلاتتى.ئەمما،كۆپىنچىلىرى قايتۇرۇپ كېلىنمەيتتى. قايتىپ كەلمىگەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بەلكى ئۇلار قىيناق ئاستىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشى ياكى ئورگانلىرىنىڭ ئوغرىلىنىپ ئېلىنىشى ئۈچۈن مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. قايتۇرۇلۇپ ئەكىرىپ قويۇلغان قىزلار بولسا، يۈزدە - يۈز باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كامىرغا قايتىپ كىرگەندىكى چاچلىرى چۇۋۇۋېتىلگەن، يۈز - كۆزلىرى تاتىلىۋېتىلگەن، سولغۇن ھالىتى ۋە يىغا زارىسىدىن بۇنى ئوچۇق بىلگىلى بولاتتى.

گۈلباھار بۇ خىلدىكى پاجىئەدىن بىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى كەچقۇرۇن بۇخەلچەم ئىسىملىك بىر قىز گۇندىپايلار تەرىپىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن ئىدى. ھەممىمىز ئۇنىڭدىن: «بۇخەلچەم قايتىپ كېلەلەرمۇ - كېلەلمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولار؟»دەپ، ئىنتايىن ئەندىشە قىلغان ئىدۇق. بۇ ئەندىشىمىزمۇ ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى. چۈنكى، نۇرغۇن قىزلار بۇخەلچەمدەك ئاخشىمى ئېلىپ چىقىپ كېتىلىپ، كېيىن قايتۇرۇپ كېلىنمىگەن ئىدى. ھەر قېتىم قىزلار ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەندە ھەممىمىزنى قورقۇنچ باساتتى. بىزگە قاچانلىققا نۆۋەت كېلەر؟ - دەپ، قورقۇنچ ئىچىدە كېچىچە كۆزىمىزگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى.

تاڭغا يېقىن بۇ بۇخەلچەم قايتۇرۇپ كېلىندى. ئۇ ئىغىر دەرىجىدە ھالىدىن كەتكەن بولۇپ، بىزنى كۆرۈش بىلەنلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتكەن ئىدى. تۇتقۇنلاردىن بىرسى ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، تەسەللىي بەرگەچ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ: بىر مۇلازىمەتچى ئايال تەرىپىدىن كارىۋاتقا باغلىنىپ، كىيىملىرى سالدۇرۇلۇپ، قىيپالىڭاچ قىلىنغاندىن كېيىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئاندىن ئۈچ نەپەر ماسكىلىق ئەركىشى كىرىپ، نۆۋەت بىلەن ئۆزىگە باسقۇنچىلىق قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. گۈلباھار سەل يىراقتا بولغاچقا، ئۇ قىزنىڭ پىسسىلداپ قىلغان گېپىنى ئاڭلىيالمىغان ئىدى. ئەمما ئۇنىڭغا ئېغىر بىر قىيىنچىلىق بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتقان ۋە ھېسداشلىق قىلغان ئىدى. كېيىن باشقىلار پىچىرلاپ ئۇنىڭغا ۋەقەنىڭ جەريانىنى دەپ بەرگەندە بولسا، بۇ ۋەھشىي ھايۋانلارغا بولغان قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

گۈلباھارنىڭ ئۈچىنچى تۈرمىدىكى ۋاقتى ئۇزارغانسېرى يەنە نۇرغۇن ئىشلارغا گۇۋاھچى بولدى. ھەمدە خىتايلارنىڭ بىگۇناھ كىشىلەرگە تۆھمەت ئارتىپ، تۈرمىگە سولىشىنىڭ ماھىيىتىنى بارا - بارا چۈشەنمەكتە ئىدى! ئۇ بولسىمۇ - خىتايلارنىڭ سان - ساناقسىز ۋاستىلار ئارقىلىق ئادەم قىيناش، ساراڭ قىلىۋېتىش ۋە ھەر خىل كېسەللەرگە مۇپتىلا قىلىپ كاردىن چىقىرىش ئىدى. بۇنداق ۋاستىلارنىڭ بىرى بولسا، كېچە - كۈندۈز توختىماي ھەر بەش - ئون مىنۇتتا ياكى ھەر سائەتتە نەچچە قېتىم چىرقىرىتىلىدىغان يۇقىرى ئاۋازلىق سىگنال ئاۋازى ئىدى. تۇتقۇنلار بۇنداق يۇقىرى ئاۋازلىق سىگنال توختىتىلماي دېگۈدەك بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇخلىيالمايتى ۋە ياكى ئۇخلاۋاتقان بولسىمۇ ئويغىتىۋېتىلىپ، مېنىڭ بېشىمغا نېمە ئىش كېلەر؟ كىمنىڭ بېشىغا نېمە ئىش كېلە؟ - دەپ چۆچۈپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە، بارا بارا ئەقلىي - ھوشىنى يوقىتىپ، ساراڭ بولۇپ كېتىشەتتى. ئۇ ئاشۇنداق

ئەقلىي - ھوشىنى يوقىتىش ۋەقەسىدىن بىرنى ئەسلەپ مۇنداق بايان قىلىدۇ: «مەن ياتقان كامېردا رىزۋانگۈل ئىسىملىك 25 ياش ئەتراپىدىكى بىر قىز بولۇپ، نەچچە قېتىم گۇندىپايلار تەرىپىدىن چاقىرتىلىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن ۋە ئېغىر قىيىن - قىستاققا ئۇچرىغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ گەپلىرىدىن ئېزىپ تاققا - تۇققا سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ كامېرنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئەينەكلىك قىلىپ ياسالغان ھاجەتخانىسىغا - ھاجەت قىلغىلى كىرىپ كېتىدۇ. ئادەتتە تۇتقۇن ئاياللار ئەينەك تامدىن كامېر ئىچىدىكى باشقا تۇتقۇنلارنى كۆرۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئىزا تارتىپ ھاجەت قىلىشتا ناھايىتى قىينىلاتتى. ئەمما رىزۋانگۈلدە بۇ قېتىم ھېچقانداق تارتىنىش كۆرۈلمەيدۇ. ئۆزىگە باشقىلارنىڭ قارىۋېلىشىغىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ. ئەكسىچە پورت - پورت قىلىپ، ئاۋاز چىقىرىپ تەرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن ئۆزىگە گەپ قىلغانچە قوللىرى بىلەن ئۆزىنىڭ پوقىنى ماجۇقلاپ تۇتۇپ، كالپۇك ۋە زاڭاقلىرىغا سۈركەپ، باشقىلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «مەن ئەركەك بولۇپ قالدىم، مەن ئەمدى بىر ئەركەك، مەن ھېچكىمدىن قورقمايمەن، مېنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ!» دەپ خۇددى ئەر كىشىلەردەك يوغان ئاۋاز چىقىرىپ، غەلىتە قىلىقلارنى قىلىدۇ. تېخى كاللىسى جايىدا ئاياللار بولسا، ئۇنىڭدىن قورقۇپ بىر بۇلۇڭغا تۈگۈلىشىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتقانچە يىغلىشىدۇ.

3 - تۈرمىدە گۈلباھارنىڭ كۆرگەن پاجىئەلىرى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆپ ئىدى. گۇندىپايلارنىڭ تۇتقۇنلارنى قىيناش ئۇسۇللىرى بولسا بەكمۇ ۋەھشىي بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ بەك ئادەم قىينايدىغىنى توك كالتىكى يېقىش ئىدى. مۇنداق بىر ئىش گۈلباھارنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدۇ: بىر كۈنى ئەمدىلا تېخى ئون ئالتە ياشقا كىرگەن،بېشىغا ياغلىق ئالتە ئارتىۋالغان بىر قىز تۇتۇپ كېلىنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ گەپ سۆزلىرىدىن - ئۇ

شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن تۇتۇپ كېلىنگەندەك قىلاتتى. گۇندىپايلار ئۇنى ئەينەك ساندۇقلۇق ئىشكاپقا سېلىپ تەكشۈرۈش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سېلىپ، قىپيالىڭاچ بولۇشقا قىستايدۇ. ئۇ قىز كىيىمنى سېلىشتىن ئىزا تارتىپ، گۇندىپايلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۇندىپايلار قولىدىكى توك كالتىكىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە يېقىپ، ئۇ سەبىي قىزنى چىرقىرىتىۋېتىدۇ. قىز يەنە سېلىشنى رەت قىلسا، يەنە ئېلېكترونلۇق كالتەكنى ياقىدۇ. بۇنداق قىيناشقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن قىز ئاخىرى كىيىمنى سېلىپ، يالىڭاچ بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. داپشاقلىشىپ كەتكەن گۇندىپايلار بولسا بىزەڭلەرچە ھىجىيىپ، ئاچكۆز ھايۋانلاردەك ئۇنىڭغا تىكىلگەنچە، ئۇنى مەجبۇرىي ساندۇق ئىچىگە سولاپ تەكشۈرەيدۇ. تەكشۈرۈش تۈگىگەندىن كېيىن ساندۇقتىن چىقىرىلغاندا بولسا ئۇ قىز ئىزا - ئاھانەتتىن قاتتىق ئازابلىنىپ كەتكەن بولۇپ، يۈز - كۆزلىرى قىزىرىپ، ئۆزىنى باشقۇرالمايدىغان خامۇشلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئادەمدەك خۇدىنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالغان ئىدى.

گۈلباھارنىڭ 3 - تۈرمىگە قامالغىنىغا ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۈچىنچى ئېيى توشقان ئىدى. ئۈچ ئايغىچە گۈلباھار نېمىشقىدۇر ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەندەك رەسمىي سوراققا تارتىلمىغان ئىدى. ساق ئۈچ ئاي توشۇپ تۆتىنچى ئايغا قەدەم قويغان كۈنى ئەتىگەندە ناشتىلىقى ئۈچۈن سوغۇق سۇغىلا قوناق ئۇنى بىلەن چېلىپ بېرىلگەن ئۇماچنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى گۇندىپاي گۈلباھارنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ ئېلىپ چىقىدۇ ـ دە، شۇ بىنانىڭ يەر ئاستى قەۋىتىگە جايلاشقان سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىپ، ئاتالمىش «يولۋاس ئورۇندۇق» دەپ سېسىق نامى پۇر كەتكەن قارا رەڭلىك تۆمۈر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ،ئۇنىڭ پۇت - قولىنى مەھكەم باغلىغاندىن كېيىن سوراقنى باشلايدۇ:

— ئىقرار قىل! ئىقرار قىلساڭ، كەڭچىلىك قىلىنىدۇ، قارشىلىق

قىلساڭ ئېغىر جازالىنىسەن دەيدۇ – ئوتتۇرا بوي، يوغان قورساق كەلگەن، چوشقىدەك سەمرىپ كەتكەن بىر قىسىق كۆز سوراقچى.

– نېمىنى ئىقرار قىلىمەن، مەن ھېچقانداق بىر جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن تۇرسام – دەيدۇ گۇلباھار ئۆزىنى ئاقلاپ،

– جىنايەت ئۆتكۈزمىدىم دەمسەن، ئۇنداق بولسا بۇ نىمە؟ - دەپ بىر پارچە قەغەزنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلايدۇ. گۇلباھار بۇ قەغەزنىڭ ئىلگىرى ساقچىلار تەييارلاپ كەلگەن يالغان ئىقرارنامە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ - دە، قەغەزگە كۆز قىرىنىمۇ سېلىپمۇ قويماستىن: مەن خىتايچە خەتنى ئوقۇيالمايمەن، ئۇيغۇرچىنىمۇ ئوقۇيالمايمەن، مەن قازاقىستاندا رۇسچە ئوقۇغان - دەيدۇ.

ئۇ قىسىق كۆز خىتاي قاپىقىنى تۈرگەنچە يېنىدىكى ئۇيغۇر يالاقچىسىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ - قېنى بۇنىڭغا ئوقۇپ بەر! - دېۋىدى. ئۇيغۇر ساقچى گۇلباھارغا ئىقرار نامىنى ئوقۇپ بېرىدۇ: «مەن گۇلباھار جېلىل - تېرروررچىلارغا ياردەم قىلدىم، مەن ئۆزۈممۇ بىر تېرروررچى».

– ئاڭلىدىڭمۇ؟ - دەيدۇ قىسىق كۆز يەنە ۋارقىراپ: سەن ئۆزۈڭنىڭ بىر تېرروررچى ئىكەنلىكىڭنى ئىقرار قىلىشىڭ كېرەك!

– ياق، مەن تېرروررچى ئەمەس! -دەپ، ئۇنى رەت قىلغان ئىدى گۇلباھار كەسكىنلىك بىلەن.

– ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ جازا قوراللىرىمىزنىڭ تەمىنى تېتىغاندىن كېيىن ئىقرار قىلىشىڭ مۇمكىن! قېنى باشلىماسىلەر؟ - بۇيرۇق قىلىدۇ ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە ۋارقىراپ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى ياردەمچى سوراقچى ئېتىلىپ كېلىپ، توك كالتىكى بىلەن گۇلباھارنىڭ باش -كۆزىگە بىر نەچچىنى ئۇرىۋېتىدۇ. گۇلباھار ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالىدۇ. ئەمما ئۇ چىشنى چىڭ چىشلەپ ۋارقىرىماسلىققا تىرىشىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۇچ ئايدىن بۇيان بىگۇناھ تۇتقۇنلارنىڭ قىيىن - قىستاق دەردىدىن

چەككەن ئازابلىرىنى تولا ئاڭلاپ، تۇتقۇنلارنىڭ قىيىن - قىستاققا ئۇچرىغاندىمۇ بەرداشلىق بېرەلىشىدە ئىپادىلەنگەن ئىرادىسىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن تەسىرلەنگەن ۋە ئۇنىڭدا زالىم جاللاتلارغا قارشى غەزەپ - نەپرەت شەكىللەنگەن ئىدى.

باشتا كىرگەن بۇ سوراقچىلار گۈلباھارنى ئىقرار قىلدۇرۇلمىغان قىلدۇرالمىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئالمىشىپ، يېڭىدىن باشقا سوراقچىلار ئالمىشىپ كېلىشىدۇ. بۇلارمۇ خۇددى ئالدىنقىلىرىغا ئوخشاشلا شۇ قەدەر ۋەھشىي ئىدى ۋە ئوخشاش بىر سوئالنى تەكرارلاپ، گۈلباھارنى ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمايتتى. ئەمما گۈلباھارنى زادىلا ئىقرار قىلدۇرالمىدى. شۇ تەرىقىدە سوراقچىلار ئىككى سائەتتە ياكى تۆت سائەتتە بىر ئالمىشىپ، گۈلباھاردىن سوراق قىلىشتى. ئەمما ھېچقايسى ئۇنى ئىقرار قىلدۇرالمىدى. بۇ سوراق - ساق ئون كۈن داۋام قىلدى. ئەمما، گۈلباھارنى زادىلا ئىقرار قىلدۇرالمايدۇ. ئەمما ئۇنى قىيناپ ئۆلتۈرەلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، گۈلباھار قازاقىستاندىن ۋەتەندىشى بولۇپ، خىتايلار يالغاندىن كىملىك ياساپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ پۇقراسى قىلىۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ بىر كۈنى ئىگىسى چىقىپ سۈرۈشتۈرمىسى قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىشەتتى.



گۈلباھار ئون كۈنلۈك قاتتىق سوراقتىن كېيىن، نېمىشقىدۇر 3 - تۈرمىدىكى ئەسلىدىكى كامېرغا ئېلىپ كېلىنمەي ئەكسىچە، باشقا بىر يەردىكى تۈرمىگە يۆتكىۋېتىلىدۇ. بۇمۇ بىر ناھايىتى چوڭ تۈرمە بولۇپ، بىر تەرىپىگە ئايال تۇتقۇنلار، يەنە بىر تەرىپىگە ئەر تۇتقۇنلار ئىككىگە ئايرىپ قامالغان ئىدى. گۈلباھار نەچچە كۈندىن كېيىن بىلدىكى، ئۇ يۆتكەپ كېلىنگەن يەر - ئۈرۈمچىدىكى سېيىتق نامى مەشھۇر بولۇپ كەتكەن ئەڭ چوڭ تۈرمىلەردىن بىرسى بولۇپ، ئىككىنچى تۈرمە دەپ ئاتىلىدىكەن. گۈلباھار بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن دەسلەپكى كۈنى 744 - نومۇرلۇق بىر كامېرغا قامىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 6 مېتىر كەڭلىكى 3 مېتىردەك كېلىدىغان بۇ كامېرغا

يىگىرمىگە يېقىن ئايال تۇتقۇنلار قامالغان بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى ياتقان 3 ـ تۈرمىدىكى كامېردىنمۇ كىچىك ئىدى. بۇ كامېرغا يېڭى ئېلىپ كېلىنگەن كۈنى گۆلباھار سېسىقچىلىق دەستىدىن نەپەس ئالالمىغىلى تاس قالدۇ. چۈنكى، تۇتقۇنلار كامېردا ئىچىدە يەپ ـ ئىچەتتى ۋە ھاجەتخانىمۇ كامېر ئىچىدە ئىدى. تۇتقۇنلار يۇيۇنىدىغان مۇنچا يوق ئىدى. تۇتقۇنلار ئايدا ـ يىلدا بىرەر قېتىممۇ يۇيۇنۇپ ـ تارىنالمايتتى. گۆلباھار يېنىدا ياتقان بىر ياش كامېرداشىدىن بۇنىڭ سەۋەبىدىن سورىۋىدى. ئۇ تۇتقۇن: ھەدە! بىز گۇناھكارلارمىز! خارۇ ـ زارلىق ئىچىدە ياشاۋاتىمىز، شۇڭلاشقا بىزگە پاكىزلىق ياراشمايدۇ، پاكىز بولايلى دېسەكمۇ ئۇنىڭغا ئىمكان يار بەرمەيدۇ، شۇڭلاشقا بىز بۇ مۇھىتقا كۆنۈپ قاپتىمىز ـ دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.

گۆلباھار 2 ـ تۈرمىدىمۇ خۇددى 3 ـ تۈرمىدىكىگە ئوخشاشلا ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان قىيىن ـ قىستاق ۋە ۋەھشىيلىكلەرگە گۇۋاھچى بولغان ئىدى: گۆلباھار ئىككىنچى تۈرمىگە يۆتكەپ كېلىنگەن شۇ كۈنى يەنە نۇرغۇن قىز ـ ئايال تۇتقۇنلار يۆتكەپ كېلىنگەن بولۇپ، گۇندىپايلار: «تازىلىق ۋە تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلىدۇ» دېگەننى ئۇقتۇرۇش قىلىپ، گۆلباھار ۋە باشقا تۇتقۇنلارنى مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ تىزلىدۇرۇپ، ھېچقانداق ساتىراچلىق قائىدىسىگە رىئايە قىلىنمىغان ھالدا، خۇددى قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ يۇڭىنى قىرقىغاندەك، چاچ قىرقىش ماشىنىسى بىلەن بىر باشتىن تۇتقۇن ئاياللارنىڭ چاچلىرىنى بىر مىنۇت قەدەر ۋاقىت ئىچىدە شۇ قەدەر قوپاللىق بىلەن چالا ـ بۇلا قىلىپلا كېسىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېڭىدىن تۇتۇپ كېلىنگەن سۇمبۇل چاچلىق ياشانغان ئاياللارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار: سۇمبۇل چاچلىرىنىڭ كېسىلىۋېتىلگەنلىكىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ زار ـ زار يىغلاپ، قاقشىشىدۇ. بۇنداق يىغلاپ ـ قاقشىغانلارنى گۇندىپايلار سوراقخانىغا ئېلىپ كېتىپ، تاياق ـ توقماققا تۇتىدۇ.

چاچ كېسىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تۇتقۇنلار ياتاققا قايتۇرۇلۇپ كېلىنىدۇ. گۈلباھار ۋە باشقا كونا تۇتقۇنلار - يېڭى تۇتقۇنلارنىڭ چاچلىرىنىڭ كېسىۋېتىلگەنلىكىدىن كۆڭۈللىرىنىڭ يېرىم بولۇۋاتقانلىقى ۋە بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن تاياق - توقماققا تۇتۇلغانلىقىغا تەسەللىي بېرىشىدۇ. بەزى كونا تۇتقۇنلار بولسا، بۇنىڭ بىر ھېسابتا تۇتقۇنلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. بۇنى چۈشەنمەي ياقىسىنى تۇتۇشقان يېڭى تۇتقۇنلارغا ياشانغان بىر تۇتقۇن ئايال چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: سىڭىللىرىم، بۇنىڭ ئۈچۈن بەك قايغۇرۇپمۇ كەتمەڭلار. بىر ھېسابتا چاچلىرىمىزنىڭ كېسىۋېتىلگىنىمۇ ياخشى بولدى. چۈنكى، بىزگە بۇ يەردە تازىلىق قىلىش، چاچلىرىمىزنى يۇيۇپ - تاراش شارائىتىمىز يوق، شۇنداق بولغاچقا بىزنىڭ چاچلىرىمىزنى پىت بېسىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ دەردى تېخىمۇ يامان بولىدىكەن، چاچنى پىت بېسىپ كەتكەندە باشنى قىچىشتۇرۇپ كېچىچە ئۇخلاش مۇمكىن بولمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پىتلار كېيىنچە كىيىم - كېچەك ۋە بەدىنىمىزگە تاراپ، بەكمۇ مەينەتلىشىپ كېتىدىكەنمىز. يېگەن تامىقىمىزمۇ تولۇق سىڭمەيدىكەن. ئاللاھ بىزنى قاچانغىچە بۇ زۇلۇمدىن ۋە مەينەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرار؟ يېڭى تۇتقۇنلار بۇ كونا تۇتقۇن ئايالنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە باشلىرىنى سىلاشتۇرۇپ بىچارىلەرچە ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ.

2 - تۈرمىگە يۆتكەپ كېلىنگەن بۇ تۇتقۇنلار ئەتىسىدىن باشلاپ، ئاستا - ئاستا بىر - بىرىسى بىلەن تونۇشۇپ، دەرتلىرىنى ئورتاقلىشىدۇ ۋە پاجىئەلىك كەچۈرمىشلىرىنى بىر - بىرىگە سۆزلەپ بېرىشىدۇ. بىر كۈنى ئاخشىمى گۈلباھار، ئامانگۈل ئىسىملىك يىگىرمە بەش ياش ئەتراپىدىكى قوشۇماقاش، ئاق يۈزلۈك، قاڭشارلىق كەلگەن خېنىم سۇپەت بىر قىز بىلەن بىر يەردە يېتىپ قالىدۇ. ئامانگۈلنىڭ ئېيتىشىچە، ئەسلى ئۇ «ئاتالمىش كەسپىي

قايتــا تەربىيەلــەش مەركىزى»گــە قامالغــان بولــۇپ، ئــۇ يــەردە ئــۇ ئېغىــر خورلۇقلارغــا ئۇچرىغــان ئىكــەن. ئۇنىــڭ دېيىشــچە، «كەســپىي قايتــا تەربىيەلــەش مەركىــزى» دېگــەن بىــر يالغــان گــەپ بولــۇپ، ئــۇ يــەردە ھېچكىــم كەســپىي جەھەتتىــن تەربىيەلەنمەيدىكــەن. چۈنكــى، تۇتۇلغانلارنىــڭ ھەممىســىنىڭلا مەلــۇم بىــر ساھەدە كەســپىي بىلىمــى ۋە ئوقــۇش تارىخــى بولــۇپ، ئــۇلار تەربىيەلىنىشــكە موھتــاج ئەمــەس ئىكــەن. ئامانگۈلمــۇ ئەســلى تىببىــي كەســپىي مەكتىپىــدە ئوقۇغــان بولــۇپ، ئۇنىــڭ بىــر ئوبــدان خىزمىتــى بــار ئىكەنتــۇق. بىــر قېتىــم ئــۇ كوچىــدا كېتىۋاتقانــدا «خەلققــە قولايلىــق ســاقچى پونكىتــى» نىــڭ ســاقچىلىرىغا تۇتۇلــۇپ، ئۇنىــڭ يانفونــى تەكشــۈرۈلۈپتۇ، ئــۇ ئىلگىــرى بىــر داڭلىــق شــائىرنىڭ ھۆســنخەت قىلىــپ يېزىلغــان شــېئىرىنى باشقىلارغا يوللىغــان ئىكــەن. ساقچىلار ئۇنىڭغــا: «ســەن قۇرئاندىكــى ئايەتنــى ساقلاپســەن» دېگــەن تۆھمــەت بىلــەن تۇتــۇپ لاگېرغــا يوللاپ بەرگــەن ئىكــەن. ئۇنىــڭ 2 يىللىــق لاگېــر مۇددىتــى توشــقاندىن كېيىن قويــۇپ بېرىلمەســتىن، ئەكســىنچە 10 يىللىــق جازاغــا ھۆكــۈم قىلىنىــپ، بــۇ تۈرمىگــە يۆتكــەپ كېلىنىپتــۇ. چۈنكــى، ئــۇ ئۆزىنىــڭ ئىپپــەت - نومۇســىنىڭ بۇلغانغانلىقــى ۋە زەنجىــر بىلــەن ئــۇرۇپ قىينالغانلىقىنــى باشقىلارغا ئېيتىــپ قويغــان ئىكــەن. ئــۇ يەنــە گۈلباھارغــا دۈمبىســىنى كۆرســىتىپ تــۇرۇپ، ئۆزىنىــڭ زەنجىــر بىلــەن ئۇرۇلــۇش ۋەقەســى ۋە قىينــاش ئۇســۇلىنى مۇنــداق بايــان قىلىــپ بېرىــدۇ: بىــر كۈنى ئاخشــىمى گۇندىپايــلار - يــاش قىزلارنــى تالــلاپ، باشــقا بىــر ئۆيگــە ئېلىــپ چىقىــپ، كارىۋاتقــا دۈم ياتقــۇزۇپ، باغــلاپ قويۇشــىدۇ ۋە باســقۇنچىلىق قىلماقچــى بولۇشــىدۇ. ئۇنىڭغــا بــوي سۇنماي قارشــىلىق قىلغانلارنــى بولســا، دۈمبىســىگە ســۇ ئېچىــپ، زەنجىــر بىلــەن دۈمبىســىدىن قــان چىققۇچــە ئــۇرۇپ، ئېغىــر يارىلانــدۇرۇپ، چــالا ئۆلــۈك قىلغــان ھالەتتــە كامېرلىرىغــا ئېلىــپ چىقىــپ تاشــلىۋېتىدۇ. رىزۋانگــۈل ۋە باشــقا قىــزلار بىــر - ئىككــى ھەپتىگىچــە قاتتىــق قىينىلىپ،يارىلىــرى ســاقىياي دېگەنــدە، يەنــە قىينــاق ئۆيىگــە ئېلىــپ چىقىشــىپ، باســقۇنچىلىق

قىلماقچى بولۇشىدۇ. قارشىلىق قىلغانلارنى بولسا، ئوخشاش ئۇسۇلدا دۈم ياتقۇزۇپ قويۇپ تۇرۇپ، دۈمبىسىگە سۇ چېچىپ، زەنجىر بىلەن ئۇرۇپ يارىلاندۇرىدۇ. بۇ قىيناقلارغا بەزى قىزلار بەرداشلىق بىلەن بېرەلمەي جانلىرىنى ياراتقان ئىگىسىگە تەسلىم قىلىدۇ. ئامانگۈل بەختكە يارىشا ئامان قالىدۇ.

گۈلباھارنىڭ 2 - تۈرمىدىكى تۇتقۇنلۇق ھاياتى داۋام قىلماقتا ئىدى. بۇ يەردىمۇ تۇتقۇن ئاياللار خۇددى 3 - تۈرمىدىكىگە ئوخشاشلا دەھشەتلىك سوراق ۋە ئېغىر قىيىن -قىستاقلارغا ئۇچرايدۇ. بەزىلىرىنىڭ ھەتتا تىرىك تۇرغۇزۇلۇپ، ئىچكى ئەزاسى ئېلىۋېلىنىدۇ.گۈلباھار بۇنداق ۋەقەدىن بىرىنى مۇنداق ئەسلەيدۇ: بىر كۈنى ھۆرىيەت ئىسىملىك ياش بىر قىز ئېلىپ چىقىپ كېتىلىپ، بىرنەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، بىر بېقىنىغا خالتا ئېسىپ قويۇلغان، ئۇ خالتا قانغا تولۇپ كەتكەن ۋە بېقىنىدىن قان تامچىپ ئېقىۋاتقان ھالەتتە كامېرغا ئېلىپ كېرىلىپ تاشلىۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان بولۇپ، ئەسلىدىكى ئاپئاق يۈزى خۇددى سامانىدەك ساغىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ قاتتىق زارلانغان ھالدا: ۋاي جېنىم، ۋاي بۆرىكىم، مېنىڭ بۆرىكىمنى ئېلىۋېلىشتى. ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ - دەپ، ھۆكىرەپ يىغلاپ كېتىدۇ. باشقا قىز - ئاياللارمۇ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ يىغلىشىدۇ. گۈلباھارمۇ ئاياللارنىڭ پىچىرلاشلىرىدىن بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنى ئاڭلاپ، قاتتىق غەزەپكە تولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ قولىدىن بۇ قىزغا ئىچ ئاغرىتىشتىن باشقا ئىش كەلمەيتتى.

گۈلباھار 2 - تۈرمىدە يۈقىرىقىدەك نۇرغۇن دەھشەتلىك ۋەقەلەرگە شاھىت بولىدۇ. بىر قىسىم قىزلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئېلىۋېلىنغان بولسا، يەنە نۇرغۇن ياش قىزلار ئاخشاملىرى ئېلىپ چىقىپ كېتىلىپ، بەزىلىرى ئەتىگەنلىكى چالا ئۆلۈك ھالدا كامېرغا ئېلىپ كېرىلىپ تاشلىۋېتىلىدۇ. بەزىلىرى بولسا ئىز -دېرەكسىز غايىب بولىدۇ. بۇنداق ئېغىر قىيناشلار، باسقۇنچىلىق ۋە ھەددىدىن

زىيادە كۆپ بولىدىغان بېسىملارغا گۈلباھار ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ـ دە، يۈرەك سوقۇشى قالايمىقانلىشىپ، قان بېسىمى يۇقىرى ئۆرلەپ، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 2 ـ تۈرمەنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ قالدىمۇ قانداق؟ ئۇ ئاغرىپ قېلىپ نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىمىز ـ دەپ، ئۈرۈمچىنىڭ سىرتىغاراق بىر يەرگە جايلاشقان، ئەتراپىدا ساپلا تۈرمە ۋە لاگېرلار سېلىنغان خىتايچە: «جاڭ سو يۈەن»دەيدىغان بىر يەرگە ئېلىپ بارىدۇ. گۈلباھارنىڭ ئەسلىشىچە، بۇ يەر دوختۇرخانا دېيىلگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە بىر تۈرمىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، قوراللىق ساقچىلار تەرىپىدىن كۆزىتىلەتتى. ھەربىر ئۆيلەرگە كامېرا قويۇلغان ئىدى. تەكشۈرۈشمۇ نورمال دوختۇرخانىدا كېسەل تەكشۈرۈلگەندەك ئېلىپ بېرىلمايتتى. گۈلباھار بۇ جەريانىنى ئەسلەپ مۇنداق بايان قىلىدۇ: كېسەللەر ياتاقلارغا ئېلىپ كىرىلىپ كارىۋاتقا دۈم ياتقۇزۇلۇپ قويۇلاتتى. ئاندىن دوختۇرلار كېلىپ پاقالچىقىمىزغا شاپىلاقى بىلەن بىرنى ئۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئولتۇراتتۇق، ئاندىن دوختۇرلار بىزگە قاراپ: نەرىڭ ئاغرىيدۇ؟ نېمە بولغان؟ ـدەپ سورايتتى. ئاندىن ئۆلتىرانۇرلۇق (بىچاۋ ) دەيدىغان بىر ئاپاراتقا سېلىپ تەكشۈرەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئالاھىدە تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ئىشلىتىلمەيتتى ۋە دىياگنوز قويۇلمايتتى. شۇنىڭ بىلەن تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، نېمە دورا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەستىنلا، بىر نەچچە خىل دورىلارنى بېرەتتى. بۇ دورىلارنى ھەپتىلەپ يېسەكمۇ پايدا قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. باشقا كېسەللەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارغىمۇ بۇ دورىلار پايدا قىلمىغانمىش. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ھەيز كېلىشى قالايمىقانلىشىپ ۋە توختاپ قالغانمىش، ئەمما گۈلباھارنىڭ ھەيز مەزگىلى ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا ئۇنىڭدا باشقىچە ئالامەتلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

گۈلباھار ئۆزىدە كۆرۈلگەن بۇ ئالامەتلەرنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «دورا بېرىلگەندىن كېيىن بىر نەچچە كۈنگىچە ئاغرىقلىرىم يوقاپ كەتكەندەك بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن مەن: ھە-ئە، دوختۇرلار ماڭا ياخشى دورا بەرگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ كەتكەن ئىدىم. ئەمما تۇرۇپلا يەنە ئۆزۈمدە باشقىمۇ ئالامەتلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى سەزمەكتە ئىدىم. يەنى مەندە خاتىرەمنى يوقىتىش ئالامەتلىرى پەيدا بولماقتا ئىدى. مەن كىم؟ نەدىن كەلدىم؟ بالا چاقىلىرىم نەدە؟ دۇكاندىكى ماللىرىم سېتىلىۋاتامدۇ قانداق؟ دېگەنلەر زادىلا خىيالىمغا كەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. خۇددى خامۇش بولۇپ قالغاندەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالاتتىم. بۇ ئالامەتلەر نەچچە ھەپتىدەك داۋام قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئەسلىمگە كېلىپ قالدىممۇ قانداق؟ بەدەنلىرىمنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سېزىشكە باشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن دوختۇر بەرگەن دورىلاردىن گۇمانلىنىپ قالدىم - دە، دورا ئىچىشنى توختىتىپ، كۆپىرەك قايناقسۇ ئىچىپ بەردىم ۋە ئىچىمدە ئاللاھتىن شىپالىق تىلەپ دۇئا قىلغان ئىدىم. نەتىجىدە سالامەتلىكىم كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىشقا باشلىغان ئىدى»

گۈلباھار «جاڭ سو يۈەن»دەپ ئاتالغان بۇ دوختۇرخانىدا يېتىش جەريانىدا يەنە بەزى غەلىتە ئىشلارغا گۇۋاھچى بولغانىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بىر كۈنى دوختۇرلار ساغۇچ رەڭلىك كىيىم كىيدۈرۈلگەن ئاياللارغا نۆۋەت بىلەن بىر خىل ئوكۇل ئۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن دوختۇرلار ئۇ ئاياللارنى كارىۋاتلىرىغا ياتقۇزۇپ قويۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاياللار دەرھاللا غەرق ئۇيقۇغا كېتىدۇ. گۈلباھار بۇ ئىشلارغا ھەيران قىلىپ مۇلازىمەتچى قىزدىن: بۇ ئاياللار كىملەر، نېمىشقا ئۇلار ئوكۇل ئۇرۇلسا، ئارقىدىنلا ئۇخلاپ قالىدۇ؟ - دەپ سورىغاندا، خىزمەتچى قىز مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: ھەدە،بۇلار بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، بۇلار ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار ياكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم

قىلىنغانلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار مۇشۇنداق ئوكۇل ئارقىلىق ئاخىرەتكە سەپەر قىلىنىدۇ. ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ بۇنداق ئىشلار بۇ يەردە دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ھازىر دېگەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنى سازايى قىلىپ، مىلتىق بىلەن ئېتىپ يۇرمەستىن، مۇشۇنداق بىر ئوكۇل بىلەنلا ئاسانلا يىغىشتۇرۇۋېتىدىغان بولۇشتى. گۈلباھار مۇلازىمەتچى قىزنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، «تىۋۋا» دەپ ياقىسىدىن چىشلەپ قالىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىچىدە دۇئا قىلىدۇ.

گۈلباھار ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن سالامەتلىكى ياخشىلىنىپ، ئاتالمىش «جاڭ سو يۈەن»دىن ئىككىنچى تۈرمىگە قايتۇرۇپ كېلىنگەن ئىدى. بۇ 2018 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئىدى. نەدىن كەلگەنلىكى ئېنىق بولمىغان دوختۇرلار - قانداقتۇر بىر مەقسەت ئۈچۈن تۇتقۇنلارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. گۈلباھار تەكشۈرتۈش ئۈچۈن ئۆچرەتتە تۇرۇۋاتقان ئىدى. تۇساتتىن ئۇنىڭ ئىسمى چاقىرىلىدۇ. گۈلباھار ئىچىدە: «يەنە نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ، ئۆزىنى «مەن بار» دەپ مەلۇم قىلىۋېدى. گۇندىپاي: «تىشىڭ،تىشىڭ يەنى سوراق قىلىنىسەن» دەپ، ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ، يەنە «جاڭ سو يۈەن» گە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلتىرا نۇرلۇق تەكشۈرۈش ماشىنىسىغا سېلىپ، ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. تەكشۈرۈش تۈگىگەندىن كېيىن ساقچىلار دوختۇرنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق گەپلىشىدۇ. ئاندىن ئۇنى يەنە 2 - تۈرمىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇ ئۆزى تۇرغان كامېرغا سولىماستىن، تۈرمە باشقۇرغۇچىلىرى تۇرىدىغان بىر ياتاق ئۆيىگە ئەكىرىپ، ساقچىلار مۇغەمبەرلەرچە ھىجايغان ھالدا ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: گۈلباھار سەن ئاقلاندىڭ، سەندە گۇناھ يوق ئىكەن، سەن ئەمدى تۈرمىگە قايتۇرۇلمايسەن. يەنە ئىككى - ئۈچ كۈن يۇقۇرىدىن بۇيرۇق كەلگۈچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرىسەن! -دەپ، ئۇنىڭغا 20 خىلدەك دورا بېرىپ، بۇ ۋىتامىنلارنى يېگىن، سالامەتلىكىڭگە

پايدىلىق دەپ قويىدۇ ۋە ئۇنىڭغا باشقۇرغۇچىلار قاتارىدا ئېسىل تاماقلارنى بېرىپ، قوپال مۇئامىلىسىنى توختىتىدۇ. ئەمما گۈلباھار ئۇلار بەرگەن ئېسىل تاماقلارنىمۇ يېيەلمەيدۇ. چۈنكى، دوختۇرلار ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ: سەن بىر مەزگىل مايلىق تاماق يېسەڭ بولمايدۇ! بۇرۇن نېمە يېگەن بولساڭ - شۇنى يېيىشىڭ كېرەك! بولمىسا سىڭىڭ بەدىنىڭ ئۇنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئاشقازان كېسىلى بولۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن؟ - دەيدۇ. دېمىسىمۇ، تۇتقۇنلارغا مايلىق ۋە قورۇغان تاماق بېرەلمىگەچكە، ئۇلار ئورۇقلاپ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قېلىشقان ئىدى.

گۈلباھار بۇ ئۈچ كۈننى - قاچان يۇقىرىدىن ئۇقتۇرۇش كېلەر؟ قاچانلىققا قويۇپ بېرىلەرمەن؟ - دەپ، ناھايىتىمۇ تەستە ئۆتكۈزگەن ئىد 2018 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىككى ساقچى كېلىپ، گۈلباھارنى ياتاقتىن ئېلىپ چىقىپ،ئاتالمىش «دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى»غا ئېلىپ بارىدۇ. ئاندىن قولىدىكى كويزىنى ئېلىۋېتىپ، پۇتىدىكى ئىشكەلنىمۇ ئالماقچى بولغاندا، ئۇنى ئاجرىتىدىغان بۇرما مىخ ھەددىدىن زىيادە تولغىۋېتىلگەنلىكتىن ۋە چىرىپ كەتكەنلىكتىن ئۇنى تولغىيالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر تۆمۈر كېسىدىغان ھەرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئاندىن ئۇنى كېسىپ ئاجرىتىپ ئېلىۋېتىدۇ. شۇ چاغدىلا گۈلباھار ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ قويۇپ بېرىلدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ - دە، ئىختىيارسىز كۆزىدىن ياش تۆكۈلىدۇ. ئۇنى كۆرگەن ساقچىلار ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ، ئەپۇ سوراشنىڭ ئورنىغا، بىز بىلەن ماڭ! نېمىگە يىغلايسەن؟ - دەپ، تەنبىھ قىلغان ھالدا چوڭ بىر زالغا باشلاپ كىرىدۇ. بۇ چاغدا پۇتىدىن ئىشكەل ئېلىۋېتىلگەن گۈلباھار - ماڭغاندا خۇددى ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك، ئۆزىنى شۇنداق يېنىك ھېس قىلىدۇ ۋە مېڭىشنى قاملاشتۇرالماي يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالىدۇ.

گۈلباھار ئېلىپ كىرىلگەن زالدا نۇرغۇن ساقچىلار ئولتۇرۇشقان ئىكەن. ئۇلار گۈلباھارنىڭ گۇناھسىز تۇتۇلغانلىقىنى پەرۋايىغا ئېلىپمۇ

قويۇشمىغان ھالدا، خۇددى ھەممىسىلا بۇ يەرنىڭ باشلىقىدەك قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ، بەس - بەس بىلەن گۈلباھارغا: سەن گۇناھسىز، سەن بەك ياخشى، ئۈستىمىزدىن ئەرز قىلمىدىڭ، ساڭا بىز ياخشى مۇئامىلە قىلدۇق، شۇڭا قازاقىستانغا بارغاندىن كېيىن بىزگە يەنە تېلېفون قىل، بىز ساڭا ياردەم قىلىمىز،تىجارەت قىلساڭ تىجارەت ئىشلىرىڭغا قولايلىق يارىتىپ بېرىمىز، يەنە ئۈرۈمچىگە كەلگىن - دەپ، بىرلىرى ئۇنى بەزلىمەكچى بولسا، يەنە بىرلىرى: گۈلباھار سەن بۇ يەردە ياخشى ياشىدىڭ، ساڭا ھېچقانداق ئىش بولمىدى. سەن بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكىن. قازاقىستانغا بارغاندا ئۆز ئىشىڭ بىلەن بول، بۇ يەردىكى ئىشلارنى باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرمە! - دەپ،ئاگاھلاندۇرۇش قىلدۇ، يەنە بىرلىرى قوپۇپ: گۈلباھار سەن ئەگەر بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئاشكارىلاپ، ئۇ يەرلەردە سۆزلەپ يۈرسەڭ ياكى خەلقئارالىق ئاخباراتلارغا مەلۇمات بەرسەڭ، ئۆزۈڭگە ياخشى بولمايدۇ - دەيدۇ ۋە قولىنى ئۈزارتىپ كۆرسىتىپ، ماۋۇنى كۆردۈڭمۇ؟بىزنىڭ قولىمىز مۇشۇنداق ئۇزۇن، سەن ئۇ يەردە بىزنىڭ دېگەنلىرىمىزنى ئاڭلىماستىن، ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىچە ئىش قىلىپ، بۇ يەردىكى ئىشلارنى پاش قىلىپ يۈرسەڭ، بىز سېنى يەنە تۇتۇپ كېلەلەيمىز ۋە ئۆلتۈرىۋېتەلەيمىز - دەپ، تەھدىت سالىدۇ.

گۈلباھار خىتايچىنى ياخشى بىلمىگەچكە، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ: بېشىنى قايسى مەنىدە ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغان ھالدا لىڭشىتىپ قويىدۇ. ھەقىقەتەن بۇ ۋاقىتتا گۈلباھار ئۆزىمۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەيتى. چۈنكى، ئۇ بۇ ۋاقىتتا تېخى كاللىسىغا سىڭىپ كەتكەن بېسىم ۋە مەجبۇرلاشلارنى چىقىرىۋېتەلمىگەن ئىدى. گۈلباھارنىڭ ھېچنېمە دېمىگەنلىكىنى ساقچىلارنىڭ قانداق چۈشەنگەنلىكى نامەلۇم ئىدى. ئۇلار ئاخىرىدا گۈلباھارغا: رەسمىيەتلىرىڭ تەييارلىنىۋاتىدۇ. بىز سېنى قويۇپ بېرىشىمىز ئۈچۈن ساڭا بىرسى كېپىللىك بېرىشى كېرەك! سېنىڭ بۇ يەردە كېپىللىك بېرىدىغان ئادىمىڭ، يەنى تۇغقىنىڭ ۋە تونۇشلىرىڭ

بارمۇ؟ - دەپ سورايدۇ. گۈلباھار بۇنىڭغا: بۇ يەردە ھېچقانداق تونۇشۇم ۋە تۇغقىنىم يوق - دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ساقچىلار ئۆز - ئارا ئۇزاق كوتۇلداشقاندىن كېيىن: كىمنىڭ كېپىللىك بەرگەنلىكىنى ئېيتماستىنلا، ساڭا كېپىللىك بېرىدىغان ئادەم تېپىلدى. ئەمدى كېپىللىككە قويۇپ بېرىلىدىغان بولدۇڭ - دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ پاسپورتىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ ۋە ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغان بېلەتنى بېرىپ: بىز بىلەن ماڭ! - دەپ، ماشىنىغا چىقىرىپ ئۈرۈمچى ئايرودۇرۇمىغا ئاپىرىپ، ئايروپىلان ئۇچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يەنە نۇرغۇن نەسىھەت ۋە تەھدىتلەرنى قىلىپ، ئاخىرى ئالمۇتىغا يولغا سېلىپ قويىدۇ.

نىھايەت، گۈلباھار ئالمۇتىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ بالىلىرى ئالدىغا چىققان بولۇپ، ئاپىسىنى كۆرۈپ، ئۇنى تونۇيالمىغىلى تاسلا قالىدۇ. گۈلباھار بالىلىرىنى كۆرۈپ كۆز يېشى قىلغاندىن باشقا ھېچقانداق ئىپادىدە بولمايدۇ. بالىلىرى ئۇنىڭغا: ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قازاقىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، رۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، ياۋروپا پارلامېنتى، ب، د، ت قاتارلىق ئورگانلارغا ئەرز سۇنغانلىقىنى ئېيتقاندا بولسا، ئۇنىڭغىمۇ ھېچقانداق ئىپادىدە بولمايدۇ. گۈلباھار تۈرمىدىكى ئېغىر بېسىم ۋە مەجبۇرلاش، مەقسەتلىك ھالدا بېرىلگەن دورىلار ھەم خورلىنىشلار سەۋەبىدىن بەكمۇ چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى خامۇشلاردەك بولۇپ قالغان ئىدى. ئۆز ئۆيىگە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ بالىلىرى ئېتىپ بەرگەن تاماقنى يېگەندىن باشقا يەنە ھېچقانداق گەپ قىلمايدۇ. ئەكسىچە ئايرىم بىر ئۆيگە كىرىۋېلىپ، بىر ھەپتىگىچە ئىچىنى تىڭشاپ، ئۆز بالىلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشكىسى كەلمەيدۇ. ئۇ كاللىسىدا: «مېنى بالىلىرىم نېمە دەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟ نەدە تۇردۇڭ؟ نېمە ئىش قىلدىڭ دېسە - نېمە دەرمەن؟» دەپ ئويلاپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى خۇدۈكسىرەپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىنى يەنىلا ئاشۇ مۇدھىش تۈرمىدىكى بېسىم ۋە قورقۇنچ

قاپلىۋالغان ئىدى. ھاجەتكە چىقماقچى بولسىمۇ: «بۇنىڭغا رۇخسەت بېرىلەرمۇ؟» دېگەن خىيال كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۇزاق - ئۇزاق تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن چىقىدۇ.

گۈلباھار تەخمىنەن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن بىرئاز ئېسىگە كېلىشكە باشلايدۇ. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئۇنىڭ خىيالى ئاشۇ ۋەتەندىكى تۈرمە ۋە كامېرداشلىرىدا قالىدۇ. يەنە شۇ تۈرمىگە كەتكۈسى، كامېرداشلىرى بىلەن كۆرۈشكىسى ۋە گەپلەشكىسى كېلىپلا تۇرىدۇ.بۇ قانداقتۇر ئاشۇ تۈرمىدە يىگۈزۈلگەن ۋە ئۇرۇلغان ئوكۇلنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بالىلىرى ئۇنىڭغا يېلىنىپ: بولمىغۇر خىياللارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىش ۋە بۇ يەردىكى تىجارەت ئىشىنى قولغا ئېلىشىنى ئۆتۈنىدۇ. ئەمما، گۈلباھار ئۆزىنىڭ بىر تىجارەتچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەكلا قىلاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كاللىسىدا كامېرداش تۇتقۇن قىز - ئاياللارنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆتۈنۈپ: «گۈلباھار سىز بىر چەتئەللىك، ئەگەر قازاقىستانغا چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسىڭىز - بىزنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ! بىزنىڭ بۇ يەردە تارتقان زۇلۇم ۋە خورلۇقلىرىمىزنى تاشقى دۇنيادىكى ئىنسانپەرۋەر كىشىلەرگە، ھەققانىيەتچى دۆلەت رەھبەرلىرىگە ئاڭلىتىڭ، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا يەتكۈزۈڭ، بىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قولىڭىزدىن كېلىشىچە ھەرىكەت قىلىڭ - دېگەنلىرى جاراڭلىماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ قولىغا قەلەم ئالدى - دە، ئەسلەش ئارقىلىق بىر نەچچە كۈننىڭ ئىچىدىلا تۈرمە - كامېرلاردا ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇپ، كېيىن يوقاپ كەتكەن، ئۆلتۈرۈلگەن 67 نەپەر قىز - ئايالنىڭ ئىسىملىرىنى تۇرغۇزۇپ چىقىدۇ. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى 3 - ۋە 2 - تۈرمىدە نۇرغۇن قېتىم كامېر ئالماشتۇرۇلۇپ سولانغاچقا، 200دىن جىق تۇتقۇنلارنىڭ ئىسمىنى خاتىرىلىۋالغان ئىدى.

گۈلباھار ئانا ۋەتىنىگە كېلىپ ئەركىنلىككە چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھېچقانداق شەخسىي ئىش ۋە تىجارەتكە مەيلى قالمىغان

ئىدى. ئۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ، تۇتقۇنلۇق ۋە زۇلۇم ئىچىدە ئازاب چېكىۋاتقان كامېرداش قىز - ئاياللارنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ئامانىتىنى يەتكۈزۈشكە ۋە ئۇلار ئۈچۈن بىر ئىش قىلىشقا تۇتۇش قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنى ئويلاپ - بۇنى ئويلاپ، بۇ ئىشنىڭ قازاقىستاندا مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزى يېتىدۇ. چۈنكى، خىتاينىڭ قارا قولى قازاقىستانغا ھەر قاچان يېتىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئاخىرى بۇ ئامانەتنى ئۇيغۇرلار جىقراق ياشايدىغان تۈركىيەگە بېرىپ يەتكۈزۈشنى ئويلاپ تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋەزىيەتنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئەتراپتىكىلەرگە تىنماستىن، كىچىك ئىككى بالىسىنى ئېلىپ تۈركىيەگە ساق سالامەت يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئىستانبۇلغا ئېلگىرىگىمۇ كەلگەچكە ئانچە قىينالمايلا بىر ئۆي تېپىپ ئورۇنلىشىپ، تۇرمۇش غېمىنى قىلىۋالىدۇ - دە، بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپلا ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى ئىزدەپ بېرىپ، ۋەتەندىكى تۈرمە ۋە لاگېرلاردا بېشىدىن كەچۈرگەن دەھشەتلىك پاجىئەلەر ۋە خورلىنىشلار، يوقاپ كەتكەن ۋە ئۆلتۈرۈلگەن قىز - ئايال تۇتقۇنلار توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىدۇ. ئارقىدىن يەنە تۈركىيەدىكى ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ پارتلىغان سۈكۈت پروگراممىسىغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارغا ۋە تۈرۈك جامائىتىگە ئاڭلىتىپ، زور ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ.

گۈلباھار شۇنىڭدىن كېيىنلا بىرئاز يېنىكلەپ قالغاندەك بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى يەتكۈزۈشكە بۇلار يەتمەيتتى. ئۇ تۈركىيەدە نۇرغۇن خەلقئارالىق ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرى ۋە مۇخبىرلارنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالىد - دە،ھەرقايسى شەرقىي تۈركىستان تاشقى تەشكىلاتلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۇلار بىلەن ئالاقە قۇرۇپ، چەتئەل مەتبۇئاتلىرىغىمۇ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن پاجىئەلەرنى ئاڭلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن چەتئەل مۇخبىرلىرى ئۇنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ پاجىئەلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر

خەلقىنىڭ پاجىئەلىرى دۇنياغا ئاشكارىلانغان ئىدى. ئۇ يەنە 2019 - يىلى 4 - ئايدا تەيۋەنگە بېرىپ، تەيۋەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئالاقە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلاردا نېمە بولۇۋاتىدۇ؟» دېگەن تېمىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۇ ئىلگىرىكى مەتبۇئات يىغىنلىرىدا مۇخبىرلارغا بەرگەن باياناتلىرىدا ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمىغان يەنە بىر پاجىئەنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇ بولسىمۇ - ئۇنىڭ 2 - تۈرمىدىكى ۋاقتىدا مەلۇم بىر كۈنى ئاخشىمى چاقىرتىلىپ، بېشىغا خالتا كەيدۈرۈلۈپ، باشقا بىر يەرگە ئېلىپ بېرىلىپ، كارىۋاتقا باغلىنىپ قويۇلغاندىن كېيىن، يۈزىگە ماسكا تاقىۋالغان نامەلۇم كىشىلەرنىڭ كېلىپ، ئۇنىڭغا قاتارلىشىپ، باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن گۈلباھار ئۆزىنىڭ خەلقئارا مەتبۇئاتلارغا بەرگەن باياناتلىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ تۈركىيەدىكى ھەرقايسى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپلا قالماستىن يەنە ھەرقايسى تۈرلۈك تەشكىلاتلىرىنىڭمۇ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىپ، ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدۇ. بۇ ئۇنىڭ خىتاي زىندانلىرىدا تارتقان جاپالىرىنىڭ، ئۇتقۇندىكى كامېرداشلىرىنىڭ ئامانىتىنى جايىغا يەتكۈزگەنلىكىنىڭ، ئۇلارنىڭ تارتقان ۋە ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقان دەھشەتلىك پاجىئەلىرىنى ئازراق بولسىمۇ تاشقى دۇنيادىكى ھەققانىيەتچى ئىنسانلارغا، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىغا بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئازابتىن قۇتۇلۇشىغا ئازراقمۇ بولسا بولسىمۇ ياردەم بېرەلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

گۈلباھار تۈركىيەدىكى ئىككى يىللىق جاپالىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، 2020 - يىلى 10 - ئايدا 20 كۈن جاپالىق يول مېڭىش ئارقىلىق بىر بالىسىنى ئېلىپ، فىرانسىيەگە يېتىپ كەلدى ۋە ئۇ يەردە سىياسىي پاناھلىق تىلەپ، ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن فىرانسىيەدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇش

ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشىپ، فىرانسىيەنىڭ پايتەختى پارىژ شەھىرىگە ئورۇنلىشىپ، ئۆزىنىڭ خىتاي تۈرمە ۋە لاگېرلىرىدا باشتىن كەچۈرگەن پاجىئەلىرىنى تاشقى دۇنياغا ئاڭلىتىش كۈرىشىنى فىرانسىيەدە داۋاملاشتۇرماقتا، ئۇنىڭغا سالامەتلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز!

# مۇراجىئەتچى مىرادىل ھەسەن ئېيتقان ئۈچ ۋەقە

2020 - يىلى 9 - ئايدا ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى» ئاۋازغا قويۇلۇش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، ئاقسۇ ئونسۇلۇق مۇراجىئەتچى مىرادىل ھەسەن خىتاينىڭ جىياڭسۇ ئۆلكىسىدە تۇرۇپ، YouTube قانىلىدا ئۈچ قىسىملىق مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىپ، مۇنداق ئۈچ ۋەقەلىكنى ئاشكارىلىدى.

**(1) مىرادىلنىڭ ئانىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «پىلانلىق تۇغۇت سىياستى»نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان.**

تۇرسۇنگۈل توخنىياز ئونسۇ ناھىيە ئونسۇ بازىرىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ ئونسۇ بازىرىدىكى داپسەن ئاھالىلەر كومىتېتىدا نوپۇسلۇق بىر ئوقۇتقۇچى ئىدى. تۇرسۇنگۈل باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئونسۇ بازىرىدا تۈگەتكەندىن كېيىن ئاقسۇ پېداگوگىكا تېخنىكومىدا ئوقۇپ، ئونسۇ بازىرىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان ئىدى. تۇرسۇنگۈل خىزمەتكە چىقىپ ئۇزاق قالماي ھەسەنجان ئىسىملىك بىر يىگىت بىلەن توي قىلدى. بۇ بىر جۈپ قىز - يىگىت بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ، مۇھەببەتلىك بىر ئائىلە قۇرغان ئىدى. تۇرسۇنگۈل توي قىلىپ بىرەر يىل يىلدەك ۋاقىت ئۆتمەيلا بىر ئوغۇل پەرزەنتنى يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە قىلدى ۋە تۇنجى پەرزەنتىگە مىرادىل دەپ ئىسىم

قويىدى.

مرادىل يىشىغا تېگىپ ئەمدىلا ئاياغ چىقىپ مېڭىشىغا، تۇرسۇنگۈل يەنە ھامىلىدار بولۇپ قالىدۇ. ياش يىگىت ھەسەنجان بولسا بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولغانىدى. ئەمما تۇرسۇنگۈل بەكمۇ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. چۈنكى، خىتايىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى بويىچە،ئىككى بالىنىڭ تۇغۇت ئارىلىقى ئۈچ يىل بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا ھامىلە مەجبۇرىي چۈشۈرۈۋېتىلىپ، ئېغىر ئىقتىسادىي جازا قويۇلاتتى. تۇرسۇنگۈل ئەسلىدە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ قائىدىسى بويىچە بىرىنچى بالىدىن كېيىنلا، مەجبۇرىي «ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈزۈكى» سالدۇرۇۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما تۇرسۇنگۈل: «ئوغلۇم مرادىل بىرئاز چوڭ بولۇپ، ئارامچىلىق بولغاندىن كېيىن ئۈزۈك سالدۇرۇۋالساممۇ بولارمىكىن؟» دەپ ئويلاپ، ئۇ ئىشنى كەينىگە سۈرۈۋېتىپ قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەسەنجان بىلەن تۇرسۇنگۈلنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىشقا باشلىدى. ھەسەنجان بولسا مەيلى قانچىلىك جەرىمانە تۆلىسىمۇ، ھامىلىنى ئالدۇرماسلىق قارارىدا ئىدى. ئەمما تۇرسۇنگۈل يەنە ئىككىلەنمەكتە ئىدى:

مېنىڭچە دېدى ھەسەنجان قەتئىي تەلەپپۇزدا - بالىنى ئالدۇرۇۋەتمەيلى! ھازىر ھامىلە ئۈچ ئايلىق بولۇپ قالدى. يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن مەكتەپتە تەتىل بولىدۇ. ئۇنىڭغىچە ھامىلىمۇ ئالتە ئايلىق بولۇپ قالىدۇ. تەتىلدە مەن سىزنى باشقا بىر يۇرتقا ئېلىپ كېتەي، شۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ تۇغامسىز؟ بۇ تېخى بىزنىڭ ئىككىنچى بالىمىزغۇ؟

ــ ئەمما، ھەسەن بىلەمسىز؟ مېنىڭ ھامىلىدار ئىكەنلىكىمنى مەكتەپتىكىلەر ياكى ئاھالىلەر كومتېتىدىكىلەر بىلىپ قالسا ھەر ئىككىمىزنى قاتتىق جازالىشى مۇمكىن! بىز ئېغىر جەرىمانە

تۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە، مېنى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىمدىن بوشىتىۋېتىشى مۇمكىن! ئۇ چاغدا قانداق قىلىمىز؟

– تۇرسۇنگۈل ماڭا قاراڭ! – دېدى ھەسەنجان قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا – سىزنىڭ خىزمىتىڭىز شەرەپلىك بولسىمۇ، ئەمما جان بېقىشنىڭ بىردىن - بىر يولى ئەمەس! ناۋادا ھۆكۈمەت سىزنى خىزمەتتىن ھەيدىۋەتسە، مانا مەن سىزنى ئۆزۈم باقىمەن!

– ئەمما،مېنى خىزمەتتىن بوشىتىۋېتىپلا قالماي، يەنە نەچچە ئون مىڭ سوم ئىقتىسادى جازا قويسا قانداق قىلىمىز؟ - دېدى تۇرسۇنگۈل ھەسەنجاننىڭ كۆزىگە قاراپ،

– مەيلى قانچىلىك ئېغىر جەرىمانە قويۇۋەتسۇن ياكى سىزنى خىزمەتنى بوشىتىۋەتسۇن، بىز ھامىلىنى ئالدۇرۇۋەتمەيلى! چۈنكى، ھامىلىنى ئالدۇرۇۋېتىش - دىنىمىزدە قاتىللىق بىلەن باراۋەر دېيىلگەن ئىكەن، بىز دىنىمىزنىڭ ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇشىمىز كېرەك! ئۆز پەرزەنتىنى ئۆلتۈرگەن قاتىللاردىن بولۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك! - دېدى ھەسەنجان كەسكىنلىك بىلەن، تۇرسۇنگۈل ئەمدى ھەسەنجان بىلەن دېيىشىشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى -دە، ئېرىنىڭ قارارىغا بوي سۇنۇپ، بېشىغا نېمە كەلسە، شۇنى كۆرمەكچى بولدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى ھېچكىمگە تىنمىدى. قورسىقىنىڭ يوغىناپ قالغانلىقىدىن گۇمانلانغانلارغا: مەن بىرئاز سەمرىپ قالدىم، تامىقىم جىقلاپ كېتىپ بارىدۇ دەپ قوياتتى. لېكىن ئۇنىڭدىن گۇمانلانغان بەزى خىزمەتداشلىرىمۇ بولدى ۋە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ: تۇرسۇنگۈل، بويىڭىزدا قالدىمۇ نېمە؟ دىققەت قىلىڭ جۇمۇ، مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ قولىقىغا يېتىپ قالمىسۇن يەنە؟ ھامىلىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىۋېتىڭ! بولمىسا خىزمىتىڭىزدىن ۋە بىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن! - دېيىشتى. تۇرسۇنگۈل بۇنداق نەسىھەت قىلغۇچىلار ۋە قۇرۇق

كۆيۈنگۈچىلەرگە: مەن ھامىلدار ئەمەس، ئۇنداق بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزۈم چىقىمەن دەپ، سىلىق ـ سىپايە سۆزلىشىپلا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. ئۇنىڭ ھېچكىمدىن مەسلىھەت سورىغۇسى ۋە ئاگاھلىغۇسى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دەيدىغىنى: مۇئاش، خىزمەت، جازا، قانۇن دېگەندەك زالىم ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرى چىقىرىۋالغان ئادالەتسىز ۋە ئەرزىمەس نەرسىلەر ئىدى.

تەتىلمۇ يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. تۇرسۇنگۈلنىڭ ھامىلىسى ئالتە ئايلىقتىن ئېشىپ قالدى. ئۇ مەكتەپكە قورسىقىنى تېڭىپ كېلىۋاتاتتى. بۈگۈنكى دەرستە تۇيۇقسىز بېشى قېيىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. ئۇنى ھۆ تۇتۇپ، سىنىپتىلا قۇسۇۋەتكىلى قىل قالغان ئىدى. ئۇ ئاغزىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، دەم ئېلىش قوڭغۇرىقى چېلىنغىچە بەرداشلىق بەردى ـ يۇ، ئەمما تالاغا چىقىپلا قۇسۇۋەتتى. بۇنى سىرتتا نازارەتچىلىك قىلىۋاتقان مەكتەپ مۇدىرى كۆرۈپ قالدى ـ دە، تۇرسۇنگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ: تۇرسۇنگۈل سىزگە نېمە بولدى؟ چىرايىڭىز باشقىچە تۇرىدۇ، يۈزىڭىزگە ھامىلدارلىق دېغى چۈشكەندەك قىلىدۇ. سىز چوقۇم ھامىلدار ئىكەنسىز! نېمشقا بىزگە مەلۇم قىلمىدىڭىز؟دېدى ـ دە، تۇرسۇنگۈلنى مەكتەپ دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەلدى. مەكتەپ دوختۇرى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، تۇرسۇنگۈلنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكى، ھامىلىنىڭ ئالتە ئايلىقتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتۇى، مەكتەپ مۇدىرى چىرايىنى قىزارتقانچە ۋارقىراپ كەتتى:

ــ ھەي، يۈزى قېلىن، نېمشقا ئۆزۈڭنى ۋاقتىدا مەلۇم قىلمىدىڭ؟ ئىككىنچى بالاڭنى ئۈچ يىلدىن كېيىن تۇغۇشقا رۇخسەت بېرىلىدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭ؟ ئەمدى مەكتىپىمىزنىڭ يۈزى تۆكۈلىدىغان بولدى. مەكتىپىمىز ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىدىن جازا يەيدىغان بولدۇق! ماڭ! ھازىرلا پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا بېرىپ، ئۆزۈڭنى مەلۇم قىلىپ، گۇناھىڭنى ئېتىراپ

قىل! بولمىسا، مەن ھازىرلا سېنى پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا ئاپىرىپ، بالاڭنى ئالدۇرغۇزۇۋېتىمەن:

– مۇدىر، مەن خاتالىق ئۆتكۈزدۈم. ئەمما مەن ھازىر بارالمايمەن. مەن بۇ ئىشنى ئېرىمگە دېيىشىم كېرەك! بىز قانداق قىلىدىغانلىقىمىزنى ئۆزىمىز قارار قىلىشىمىز كېرەك!

– بولمايدۇ، بولمايدۇ! بۇ ئىشنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ - دېدى مەكتەپ مۇدىرى ئالاقزەدە بولغان ھالدا ۋە يانفونى بىلەنلا پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا تېلېفون قىلىۋېدى، چارەك سائەت ئۆتمەيلا پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا تەۋە بىر دوختۇر ماشىنىسى سىگنالنى ياڭراتقانچە كېلىپ، تۇرسۇنگۈلنى بېسىپ ئېلىپ كەتتى.

تۇرسۇنگۈل پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ ماشىنىسى بىلەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلدى - دە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا ئوپېراتسىيە قىلىنىپ ھامىلىسى ئېلىۋېتىلدى. تۇرسۇنگۈل ناركوز قىلىنغان بولغاچقا ھېچنېمىنى تۇيمىغان ئىدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىر ۋاقىتتا ھوشىغا كېلىپ، ھامىلىسى ئېلىۋېتىلگەنلىكىنى بىلدى - دە: ئاھ، بالام! مېنىڭ بالامنى نېمىشقا قورسىقىمدىن ئېلىۋەتتىڭلار؟ ئۇنى مەن يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىشىم كېرەك ئىدىغۇ؟ ئۇ تېخى مېنىڭ ئاران ئىككىنچى پەرزەنتىم ئىدىغۇ؟ بالامنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار! ئۇ قېنى؟ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار! دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئەمما تۇرسۇنگۈل ئوپېراتسىيەخانىدا يالغۇز قالدۇرۇلغان بولۇپ، يېنىدا نە دوختۇر، نە سېسترا كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى ۋارقىراپ يىغلاپ باقتى: بالامنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار! ئۇ قېنى؟ ئۆلدىمۇ - ھاياتمۇ؟ نەگە تاشلىۋەتتىڭلار؟ تۇرسۇنگۈلنىڭ نالىسىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى. كەچكە يېقىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ھەسەنجان - تۇرسۇنگۈل ئوپېراتسىيە قىلىنغان دوختۇرخانىغا كەلدى - دە، ئەھۋالنى ئۇقۇپ كۆز يېشىنى

تۇتۇۋالماي: ئاھ، مېنىڭ بوۋىقىم، مېنىڭ باغرىم! سەن ھاياتمۇ؟ - دەپ،يىغلاپ تاشلىدى.

ھەسەنجان ئىلتىۋېتىلگەن ھامىلە بوۋىقنى بىر كۆرۈۋېلىشنى خالايتى. ئۇنى مېنىڭ بالام - دەپ قارايتتى. ئىلگىرى ئۇ: «مەيلى قانچىلىك جەرىمانە تۆلىسەممۇ، ئىككىنچى بالامنى ھەرگىزمۇ ئالغۇزمايمەن، ئايالىممۇ بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ» دەپ ئويلاپ، پۇلمۇ تەييارلاپ قويغان ئىدى. ئۇ تۇرسۇنگۈل تۇيۇقسىز بايقىلىپ قېلىپ، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىدىن خەۋەرسىز قالغان ئىدى. ئۇ كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كەلگەن ۋاقتىدا، تۇرسۇنگۈلنىڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئالدى - ئارقىغا قارىماي دوختۇرخانىغا كەلگەندە بولسا، ھامىلە ئالدىراپ چاپان ئېلىپ تاشلانغان ئىدى. ئۇ يەنە ھامىلىنىڭ ئوغۇل ياكى قىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى ئىدى. ئۇ شۇ خىيالدا بۆلۈمدىن چىقىپ، كارىدوردا كېتىۋاتقان سېستىرادىن بىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ سورىدى:

- ئىلتىۋېتىلگەن ھامىلىنى نەگە ئېلىپ كېتىدۇ؟

- مەن بىلمەيمەن .

- كىم بىلىدۇ؟

- تۇغۇت بۆلۈمىدىكى سېستىرالاردىن سوراڭ، ھەسەنجان تۇغۇت بۆلۈمىدە كىرىپ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىۋىدى، بىر خىنتاي سېستىرا چىقتى. ئۇ ھەسەنجاننىڭ چالا خىنتايچە گېپىنى چۈشەنمەي كىرىپ كېتىپ، بىر ئۇيغۇر سېستىرانى چاقىرىپ قويدى.

- ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ھامىلىنى نەگە ئېلىپ كېتىدۇ؟

- ئۇنى نېمە قىلاتتىڭىز؟

- ئۇنى كۆرمەكچى ئىدىم. ئۇ مېنىڭ بالام ئىدى.

- ئاۋارە بولماڭ! ئۇنى كۆرۈش ھاجەتسىز، ئۇ ئۆلگەن تۇرسا؟

– مەيلى ئۇ ئۆلگەن بولسىمۇ. مەن ئۇنى كۆرۈپ بېقىشىم كېرەك!! يۈزى كىمگە ئوخشايدۇ. كۆزى كىمگە، ئوغۇلمۇ ياكى قىزمۇ؟ مەن ئۇلارنى بىلىپ بېقىشىم، ئۇنى باغرىمغا بېسىۋېلىشىم، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىۋېلىشىم كېرەك سىڭلىم! سېسترا ھەسەنجاننىڭ بۇ گېپىدىن تەسىرلەندىمۇ قانداق؟ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنداق بولسا ئاكا - مۇشۇ بىنانىڭ ئارقا تەرىپىدە كىچىك - كىچىك ئەخلەت ساندۇقى قويىدىغان كەپە ئۆيلەر بار، بىز ئېلىۋېتىلگەن بوۋاقلارنى ئۇ يەرگە تاشلىۋېتىمىز. ئۇ يەردىن بىرلىرى كېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ -دېدى سېسترا قىز كۆڭلى يېرىم بولغاندەك قىلىپ، ھەسەنجان يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقىپ بىنانىڭ ئارقا تەرىپىگە كەلدى. راستلا ئۇ سېسترا قىز دېگەندەك بىر خىتاي يوغان بىر تاغارغا ئېلىۋېتىلگەن باللارنىڭ جەسىتىنى يىغىپ سېلىۋاتاتتى:

– قولۇڭنى تارت! دېدى ھەسەنجان خىتايغا ۋارقىراپ، ئۇ مېنىڭ بالام! خىتاينىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ، قولى ئىشتىن توختاپ قالدى. ھەسەنجان خىتاينىڭ قولىدىن تاغارنى تارتىۋېلىپ جەسەتلەرنى يەرگە تۆكۈۋەتتى، توروك،توروك قىلىپ، يىگىرمىدىن كۆپ باللىنىڭ جەسىتى يەرگە چۈشتى. ھەسەنجان بىر قاراپلا ئۆز باللىسىنى تونۇۋالدى: ئاپئاق، قاڭشارلىق، سوزۇنچاق يۈزى ۋە كۆزىنىڭ شەكلى خۇددى ئۆزىگە قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايتى. ھەسەنجان ھامىلىنى قولىغا ئېلىپ قۇچىقىغا باستى، سىلىدى. كۆز يېشى قىلىپ يىغلىدى. ئاخىرىدا ئۇ جەسەتنى ئېلىپ كەتمەكچى بولىۋېدى، جەسەت يىغقۇچى خىتاي باللىنى بەرگىلى ئۇنىماي ئۇنىڭ بىلەن تالاشقا چۈشتى:

– نېمە قىلىسەن بۇنى، ئۇ ئۆلۈك تۇرسا؟ يەم قىلىشتىن باشقىغا يارىمايدۇ؟

– مەن ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىپ، يۇيۇپ - تاراپ، ئىسمىنى

قويۇپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ، كىيەنلىككە ئوراپ، ئاندىن يەرلىككە قويىمەن - دېدى ھەسەنجان ئۈنىگغا،

– ياق! ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ - دېدى خىتاي جەسەت يىغقۇچى ھەسەنجان بىلەن تالىشىپ - بۇ مېنىڭ ئۆلجىلىرىم، مەن ئۇنى ئاپشاركا تەربىيەلەش مەركىزىگە ئاپىرىپ، پۇلغا ساتىمەن. بۇلار خېلى پۇلغا يارايدۇ! مەن مۇشۇ ئىش بىلەن خېلى كۆپ كىرىم قىلىۋاتىمەن.

– ھەي! لالما ئىت - دەپ ۋارقىراپ كەتتى ھەسەنجان غەزەپ بىلەن - ساڭا قىلىدىغان باشقا ئىش تېپىلمىدىمۇ؟ جېنىڭ سىقىلمامدۇ بۇنى قىلساڭ؟

– ياق، جېنىم سىقىلمايدۇ. بۇلار دېگەن بىر پارچە گۆش تۇرسا؟ مەن تېخى بەزى كۈنلىرى بىر - ئىككىنى ئېلىپ كېتىپ، ئۆيۈمگە ئاپىرىپ پىشۇرۇپ يەيمەن. شۇنىڭ بىلەن گۆش پۇلۇم تېجىلىپ قالىدۇ تېخى، ھازىر يەنە باشقا ئالىدىغانلارمۇ چىقىۋاتىدۇ! ئۆتكەندە بىرسىنى ئىككى يۈز سومغا ساتتىم، نەق كىرىمدە بۇ! - دەپ ھىجايدى خىتاي جەسەت يىغقۇچى مۇغەمبەرلەرچە!

ھەسەنجان غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆلتۈرۈلگەن ھامىلە بالىسىنى ئېلىپ ماڭماقچى بولىۋىدى، جەسەت يىغقۇچى خىتاي ۋارقىراپ - جارقىراپ ئەتراپنى بازار قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىردەمدىلا بىر ساقچى ماشىنىسى سىگنالىنى ھوقۇيتىپ كېلىپ، ھەسەنجاننىڭ قولىغا كوي سېلىپ ئېلىپ كەتتى ۋە بىر ھەپتىدەك سولاپ قويۇپ، ئىككى مىڭ سوم جەرىمانە ئېلىپ، ئاندىن قويۇپ بەردى.

تۇرسۇنگۈلنىڭ ھامىلىسى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن بىر نەچچە كۈن بالىنىستتا ياتقۇزۇلدى. ئاردىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپلا پىلانلىق تۇغۇت بۆلۈمى باشلىقى بىر ۋاراق قەغەزنى كۆتۈرۈپ كىرىپ: مانا! ماۋۇ جەدۋەلگە قول قوي! ساڭا ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش

ئۆزۈكى سېلىنىدۇ. يەنە ئۈچ يىلغىچە پەرزەنت كۆرۈشكە بولمايدۇ - دېدى قوپاللىق بىلەن،

— دوختۇر، مەن ھازىر قول قويالمايمەن، ئېرىم كەلگەندە بىللە قارار قىلىپ، ئاندىن قول قويسام بولامدۇ؟ - دەپ سورىدى تۇرسۇنگۈل دوختۇردىن.

— ياق،بولمايدۇ! بىز سېنىڭ ئېرىڭنىڭ كېلىشىنى ساقلىيالمايمىز، بۇ دېگەن دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى. ئېرىڭنىڭمۇ قارشى چىقىش ھوقۇقى يوق، ئۇ كەلمىسىمۇ بولىدۇ. قېنى سەن ئۆزۈڭ قول قوي! - دېدى جەدۋەلنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز قالغان تۇرسۇنگۈل جەدۋەلگە مەجبۇرىي ھالدا قول قويۇپ بەردى. ئۇ شۇ ھامانلا ناركوز قىلىنىپ، ھوشسىزلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا لاتىنچە T شەكىللىك بىر خىل ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئۆزۈكى سېلىندى. تۇرسۇنگۈل قانچىلىك ۋاقىتتا ھوشىغا كەلگەنلىكىنى بىلەلمىدى. بىر ۋاقىتتا كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، ئەتراپىدا نۇرغۇن ئاياللار ئۆچرەتتە تۇرۇشاتتى. ھەممىسىلا ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئۆزىكى سالدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەنلەر ئىدى. تۇرسۇنگۈل: «نېمانداق جىق ئاياللار بۇ؟ ھەممە ئۇيغۇرنى تۇغماس قىلىۋاتامدۇ نېمە بۇ خىتايلار؟ بۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسىلا مەجبۇرىي بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن گەپ، بولمىسا كىم ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بۇنى قىلىدۇ؟ ئىككى بالىنىڭ ئارىلىقى ئۈچ يىل بولۇشى كېرەك دەيدۇ تېخى، ئۇنداق بولمىسا ھامىلە مەجبۇرىي ئالدۇرۇۋېتىلىدۇ. ئۈچ يىل بولمىسا نېمە بولۇپتۇ؟ ئىككىنى تۇغۇشقا رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، بەربىر ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ئۈچ يىل بولسۇن - بولمىسۇن نېمە پەرقى؟ ئۇ ئۆزۈك دېگەن ھەممىلا ئايالغا يارىشىۋەرمەيدىكەن. ماس كەلمەي قالسا ئادەمنىڭ ئىچىدىن تولا قان كېلىپ، ئاغرىتىپ ئارام بەرمەيدىكەن. ھەتتا قان توختىمايدىغان ئىشلارمۇ بولىدىكەن. قان توختىمىغانلىقتىن قانسىراپ ئۆلۈپ كەتكەن نۇرغۇن ئاياللارنىڭ بالىلىرىنىڭ يېتىم قالغانلىقىنى جىق ئاڭلىدىمغۇ؟ ئاھ،خۇدايىم! مەن

قانداق بولۇپ كېتەرمەن؟ بۇ ئۆزۈك ماڭا يارىشارمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ ياتاتتى. بىر سېستىرا كېلىپ:

–تۇر ئورنۇڭدىن، ئۆيۈڭگە كەتسەڭ بولىدۇ! كۆرمىدىڭمۇ؟ ماۋۇ ئۆچرەتتە تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزۈك سېلىنىشى كېرەك! دېگەنچە تۇرسۇنگۈلنى كارىۋاتتىن چۈشۈرۈۋەتتى.

تۇرسۇنگۈل نېمە قىلىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. كەچ كىرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭغا يېڭىدىن ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئۆزۈكى سېلىنغان بولغاچقا، قورسىقىنىڭ تۆۋەن قىسمى ئېچىشىپ ئاغرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قەدىمى ئېغىرلىشىپ، پۇتلىرىنى ئاران تەستە يۆتكەۋاتاتتى. تۇرسۇنگۈل ماڭالماي ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىدا ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئۆزۈكى سالدۇرۇشقا كەلگەن باشقا بىر ئايالنىڭ يانفونىدا بىرسى بىلەن گەپلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىرئاز ساقلاپ تۇرۇپ، ئۇ ئايالدىن ئېرىگە تېلېفون قىلىۋېلىشنى سورىغان ئىدى. ئۇ ئايال ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن تۇرسۇنگۈل ھەسەنجانغا تېلېفون قىلىۋىدى، ھەسەنجان تېلېفوننى ئالدى. ئۇ ھەسەنجانغا ئۆزىنى ئېلىپ كېتىشنى ئېيتىۋىدى، ھەسەنجان ئۇزاق قالمايلا كېلىپ، تۇرسۇنگۈلنى تاكسىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى .

تۇرسۇنگۈل ئۆيگە كېلىپلا يىغلاپ كەتتى. ھەسەنجان ئۇنىڭغا خېلى ئۇزاق تەسەللى بەردى: تۇرسۇنگۈل يىغلىماڭ، بولدى قىلىڭ! سىز بۇ ئىشنى ئۆز ئىختىيارلىقىڭىز بىلەن قىلمىدىڭىز، ھۆكۈمەت سىزنى مەجبۇرلىدى. ئۇلارغا ئىنسان كېرەك ئەمەس، بىز ئۇيغۇرلار تېخىمۇ كېرەك ئەمەس! «دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى» دېگىنى بىر زوراۋانلىق -قاتىللىق سىياسىتىدۇر. بىزنىڭ بالىمىزنىڭ بۇ دۇنياغا تۇغۇلۇش ھەققى بار ئىدى. سىزنىڭمۇ تۇغۇش ھوقۇقىڭىز بار ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ھەقلەر ئادالەتسىز ھۆكۈمەت، خاتا سىياسەت يۈرگۈزگۈچىلەر تەرىپىدىن ئاياغ-ئاستى قىلىندى. بىز پۇقرالار ئاجىز بولغاچقا، بىزنىڭ پىكىر قىلىش ھوقۇقىمىز

بولمىغاچقا،مۇشـۇنداق بىچـارە ھالغـا چۈشـۈپ قالـدۇق، ياردەمچىسـىز قالـدۇق، بىزگـە دەردىمىزنـى ئېيتىدىغـان بىـر يـەر يوقتـۇر! دەردىـڭلار بارمـۇ دەيدىغـان ئـادەم يوقتـۇر. شـۇڭا بىـز دەردىمىزنـى ئىچىمىزگـە يۇتۇشـقا مەجبۇرمىـز! مولـلا - ئاخۇنـلار: ئاجىزلارنىـڭ بـاش پاناھـى، غەمگـۇزارى ئاللاھتـۇر! ئالـلاھ رەھىمـدۇر، راھمانـدۇر، پەقـەت ئاللاھـلا رەھمـەت قىلغۇچىـدۇر، مېھرىبانـدۇر ۋە شـەپقەت قىلغۇچىـدۇر - دەيتتى، شـۇڭا بىـز ئاللاھتىنـلا يـاردەم كۈتۈشـىمىز كېـرەك!

تۇرسـۇنگۈل يەنـە بىـر ھەپتـە ئۆيـدە دەم ئېلىـپ، ئاندىـن مەكتەپكـە بېرىۋىدى،مەكتـەپ مۇدىـرى ئۇنـى ئىشخانىسـىغا چاقىرتىـپ مۇنـداق دېـدى: تۇرسـۇنگۈل سـىز بۈگۈندىـن باشـلاپ ئالتـە ئـاي ئىشـتىن توختىتىلدىڭـىز!! مۇئاشـىڭىز بېرىلمەيـدۇ. پىلانلىـق تۇغـۇت سياسـىتىگە خىلاپلىـق قىلىـپ، يوشـۇرۇن تۇغماقچـى بولغانلىقىڭىـز ئۈچـۈن، ئـون مىـڭ سـوم جەرىمانـە تۆلەيسـىز! مانـا بـۇ يۇقىرىدىـن كەلگـەن ئۇقتـۇرۇش، قېنـى ئېلىـپ، بۇنـى ئوقـۇپ بېقىـڭ - دەپ، بىـر پارچـە ھۆججەتنـى تۇرسـۇنگۈلنىڭ قولىغـا تۇتقـۇزۇپ قويـدى. تۇرسـۇنگۈل ھۆججەتنـى قولىغـا ئېلىـپ ئوقـۇپ چىققاندىـن كېيىـن، مۇدىرغـا قـاراپ بىـر نېمـە دېمەكچـى بولـۇپ ئاغزىنـى ئېچىشـىغا، مۇدىـر ئۇنىـڭ ئاغزىنـى تۇۋاقـلاپ: نېمـە؟ بۇنىڭغـا نارازىلىـق بىلدۈرمەكچىمـۇ سـىز؟ ئەخمەقلىـق قىلمـاڭ، ئەگـەر بۇنىڭغـا نارازىلىـق بىلدۈرمەكچـى بولسـىڭىز - خاتـا قىلغـان بولسـىز، جازانـى قوبـۇل قىلمىغـان ۋە ھۆكۈمەتكـە قارشـى چىققـان بولسـىز - دە، ئـۇ چاغـدا خىزمىتىڭىزدىـن ئايرىلىـپ قېلىشـىڭىز ۋە جازاغـا ھۆكـۈم قىلىنىشـىڭىز مۇمكىـن - دېـدى.

تۇرسـۇنگۈل ئەمـدى مۇدىرغـا بىـر نەرسـە دېيىشـنىڭ پايدىسـىزلىقنى تونـۇپ يەتتـى - دە، ھۆججەتنـى ئېلىـپ مەكتەپتىـن ئۆيىگـە قايتىـپ كەلـدى. قانـداق قىلىـش كېـرەك؟ ئـون مىـڭ سـوم ئـاز پۇلمـۇ؟ بـۇ پۇلنـى ئېـرى ھەسـەنجان بىلـەن ئىككىسـى بىـر نەچچـە يىـل تېجەشـلىك بىلـەن ياشـىغاندىلا يىغالايتـى. ئەمدىـلا ئىككـى ياشـقا كىرگـەن ئوغلـى مىرادىلنىـڭ يەسـلى ھەققىمـۇ ئايـدا نەچچـە يۈز سـومغا

باراتتى. ئەمدى تۇرسۇنگۈل مۇئاشىسىز قالسا، بۇ پۇلنى تېجەش ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ قىيىن بولاتتى. ئۇ: ھەسەنجان ئەمدى مەندىن خاپا بولۇپ كېتەرمۇ؟ - دەپ ئويلىغۇدى، ئەمما ھەسەنجان ئۇنىڭدىن خاپا بولۇپ كەتمىدى. ئەكسىنچە ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ: «تۇرسۇنگۈل بىزگە رىسقىمىزنى ئاللاھ بېرىدۇ، بىز بەندىلەردىن ئۈمىد كۈتمەسلىكىمىز لازىم. ئۇلار خەلقنى ئويلىمايدۇ! پارتىيەنىڭ سىياسىتى»دېگەننى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ «پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى»دېگىنى ئەمەلىيەتتە خىتايلارغا ماس كېلىدىغان سىياسەت ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ نوپۇسى كۆپ، ئەمما بىز ئۇيغۇرلارنىڭچۇ؟ نوپۇسىمىز ئاز، ئەمما يېرىمىز كەڭرى، نېمىشقا ئۇنى بىزگىمۇ مەجبۇرى تاڭىدۇ؟مېنىڭچە بۇ پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك بولۇۋاتقان خاتا سىياسەتلەردۇر. بىز مۇشۇ خاتا سىياسەتلەرنىڭ قۇربانى بولۇۋاتىمىز! بىزگە قوتاندىكى قويدەك ياۋاش بولۇپ، ھۆكۈمەتكە بويى سۇنۇشتىن باشقا چارە يوق - دېدى.



تۇرسۇنگۈلنىڭ ئالتە ئايلىق ئىشتىن توختىتىلىش مۇددىتى توشۇپ مەكتەپكە ئىشقا چۈشكەن ئىدى. ئەمما ئۇ مەكتەپ مۇدىرى تەرىپىدىن ھەر دائىم چەتكە قېقىلدى. چۈنكى، تۇرسۇنگۈلنىڭ سەۋەبىدىن بۇ مەكتەپنىڭ: «پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن قالپىقى ئېلىپ تاشلانغان ئىدى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ مەكتەپ مۇدىرىنىڭمۇ ئىلغار خىزمەتچىلىك قالپىقى ئېلىپ تاشلانغان بولۇپ، شۇ ئاچچىقىدا ئۇ تۇرسۇنگۈلگە ئۆچمەنلىك قىلىشقا باشلىدى. مۇدىر ھەمىشە تۇرسۇنگۈلنى كەچتە كېلىپ نۆۋەتچىلىك قىلىشقا، مەكتەپنىڭ يۇگۇر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىشقا سالدى. مۇشۇ كۈنلەردە تۇرسۇنگۈلنىڭ ئۆزىنىڭمۇ سالامەتلىكى ياخشى بولماي كېتىۋاتاتتى. ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈزۈكى ياراشمىدىمۇ قانداق؟ ھەيز كېلىش قېتىم سانى قالايمىقانلىشىپ، تولا خۇن كېلىپ، بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتمەكتە ئىدى. ئۇ دوختۇرغا بېرىپ تەكشۈرتۈۋىدى، بالىياتقۇ بويىندىن ياللۇغلىنىپ قالغانلىقى

ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇ ئۆزۆكنى ئالدۇرۇۋېتىشى كېرەك ئىدى.

ھەسەنجان بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، نۇرغۇن يول مېڭىپ ۋە ئەرز - شىكايەت قىلىپ يۈرۈپ، تۇرسۇنگۈلنى بالنىستقا ياتقۇزۇپ، ئۆزۆكنى ئالدۇرۇۋەتتى .ئەمدى ئۇنىڭغا بىر مەزگىل قايتا ئۆزۆك سېلىشقا بولمايتى. چۈنكى، ياللۇغلانغان جاي ياخشى ساقايمىسا خەتەرلىك كېسەلگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. تۇرسۇنگۈل داۋالىنىپ، بىرئاز ياخشى بولغاندىن كېيىن، ئۆيگە قايتىپ كەلدى ۋە مەكتەپكە بېرىپ ئىشقا چۈشتى. مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا يەنىلا سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. دوختۇرخانىغا بارىمەن دېسە رۇخسەت بەرمەيتى. شۇڭلاشقا تۇرسۇنگۈلنىڭ قايتا ئۆزۆك سالدۇرۇشىغا ۋاقتى يەتمەي قېلىپ، يەنە ھامىلدار بولۇپ قالدى. بۇ قېتىمقى ھامىلدارلىقنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى. چۈنكى، ئەمدى ئاشكارىلىنىپ قالسا خىزمىتىدىن ئايرىلىپ ئېغىر جازالىنىشى مۇمكىن ئىدى. ھەسەنجانمۇ بۇ قېتىم ئىختىيارلىقنى ئايالىغا قويدى. تۇرسۇنگۈل ئۆزىنىڭ ھامىلدارلىقىنى مەكتەپ مۇدىرىغا ئېيتىپ، رۇخسەت سورىۋىدى، مۇدىر ئۇنىڭغا: بىر مۇنچە ياپتا گەپلەر بىلەن تاپا - تەنە قىلىپ، ئاران تەستە رۇخسەت بەردى.

تۇرسۇنگۈل پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا بېرىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. ئۇلار بىردەمدىلا دوختۇر چاقىرىپ، تۇرسۇنگۈلنىڭ ھامىلىسىنى ئېلىۋەتتى. ھەمدە كېيىنكى ھەپتە كېلىپ ئۆزۆك سالدۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. تۇرسۇنگۈل يەنە ئۆزۆككە سېلىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى، ئىككى بالىسىنىڭ ئارىلىقى ساق ئۈچ يىل بولمىغۇچە ھامىلدار بولۇشقا رۇخسەت يوق ئىدى. چارىسىز قالغان تۇرسۇنگۈل ئۆزۆك سالدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، دەم ئالغاچ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى: «بۇ قېتىمقى ئۆزۆك يارىشارمۇ؟ بۇ ئۆزۆك دېگەن نېمە ياراشمىسا ئادەمنى كېسەل قىلىۋېتىدىكەن، ئۇنى سالمايمەن دېسە ئەسلى بولمىسا، ھامىلدار بولۇپ قالسا ئۇنى تۇغقىلى

قويمىسا؟ سىياسەت دېگەن بەك رەزىل نېمە ئىكەنا؟ ئۇ ئادەمنىڭ ھېسسىياتى بىلەن قەتئىي چىقىشالمايدىكەن ئەمەسمۇ؟ يا ئايال كىشى بويتاق ياشىغىلى بولمىسا؟ ئەر بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇھەببەت بولىدىغان گەپكەن. مۇھەببەت بولمىسا ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى بۇزۇلىدىغان گەپ ئىكەن. ئەر كىشى مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، تۇتسا، سىلىسا خوتۇن كىشى چىديالمايدىكەنمىز! شۇنىڭ بىلەن ئايالار ھامىلىدار بولۇپ قالىدىغان گەپ ئىكەن! ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا كۆيىدىكەنمىز، بۇ مېنىڭ بالام، ئۇنى تۇغسام، چوڭ بولۇپ ئائىلىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرىدۇ. نەسلىمىز يوقىمايدۇ دەيدىكەنمىز! ئەمما بۇ ھۆكۈمەت نېمىشقا بۇنى چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ نېمىشقا ئادەملەرنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلمايدىغاندۇ؟ ئىنسانلاردىكى مۇھەببەتلىشىش، تۇرمۇشلۇق بولۇش، بالا-چاقىلىق بولۇش - ئۇلارنىڭ ئاللاھتائالالاھ بەرگەن تەبىئىي ھەققى ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا بۇ ھۆكۈمەت ئىنسانلارنىڭ بۇ تەبىئىي ھەققىنى ھۆرمەتلەشنىڭ ئەكسىنچە،ئۇنى دەپسەندە قىلىدىغاندۇ؟ ئائىلە بەرپا قىلىپ، ئەۋلاتلىق بولۇپ، ھاياتىمىزنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشكە، نېمىشقا ئارىلىشىۋالىدىغاندۇ؟»

تۇرسۇنگۈل قانچە ئويلاپمۇ ئۆز خىيالىنىڭ جاۋابىنى تاپالمىدى. ئۇنىڭغا قارىغاندا، ئېرى ھەسەنجان ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بولغاچقا، سىياسەتنى، دۇنيانى ياخشى چۈشىنەتتى. ئۇ سىياسەت ۋە دۇنيا توغرۇلۇق گەپ قىلسا، تۇرسۇنگۈل ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ ئولتۇرۇپ قالاتتى. ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ مرادىلنىڭ تامىقىنى يېگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ھەسەنجانغىمۇ تاماق ئېتىپ تەييارلىدى. ئۇزاق قالماي قالماي ھەسەنجانمۇ كەلدى. ئۇلار بىرلىكتە غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن باياتىن قىلغان خىياللىرىنى ھەسەنجانغا ئېيتتى، ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا: توغرا خىيال قىلىپسىز - دېدى ۋە گېپىنى بىر قېتىم سۆزىنى باشلىدى - بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تا ئەلمىساقتىن بۇيان

مۇشۇنداق ئائىلە قۇرۇپ، نەسىل قالدۇرۇپ كۆپىيىپ، بۇ ئەزىز تۇپراقنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا گۈللەندۈرۈپ كەلگەن ئىكەن. شۇڭا ھەر خىل كېسەل - ۋابا، چېچەك، قىزىل دېگەندەك كېسەللەر تارقالغان بولسىمۇ يەنىلا كۆپىيىپ، ھاياتىنى داۋام قىلدۇرۇپ، بۇ زېمىننى ئاۋات قىلىپ كەلگەن ئىكەن. ئەگەر مۇھەببەت، ئۆيلىنىش، ئائىلە تۇرمۇشى ۋە نەسىل قالدۇرۇش بولمىغان بولسا، ئەۋلاتلار بۇنداق كۆپىيىپ، ھازىرقى شەھەر - يېزىلار ۋە ئاۋات خەلق توپى شەكىللەنگەن بولاتتىمۇ؟ ھەرگىزمۇ بولمايتتى. ئەمما ھازىر يۇقۇملۇق ۋابا كېسەللىرى ئازايدى.باللارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى تۆۋەنلىدى. بۇ ئەۋلاتلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى بولغان ئىدى. لېكىن ھۆكۈمەت تۇرۇپلا يېڭى سىياسەت چىقىرىپ، «پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى» نى پەيدا قىلدى. ئاڭلىشىمچە، ئۇلارنىڭ بۇ سىياسەتنى چىقىرىشتىكى مەقسىتى - نوپۇسنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كېتىشىنى تىزگىنلەپ، پاراۋانلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئىكەن. ئەمما بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ئادەم ئاز، يەر كەڭرىغۇ؟ ئۇنداقكەن پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، نوپۇسنى چەكلەشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بۇ ھۆكۈمەتنىڭ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى چەكلەپ، ئىچكىرىدىن كۆچمەن يۆتكەپ كېلىشى بىر - بىرىگە تەتۈر سىياسەت ئەمەسمۇ؟ بۇ بىر مىللەتنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشىنى تىزگىنلەپ، سۈنئىي نوپۇس پەيدا قىلىش ئۈچۈن مەقسەتلىك قىلىنىۋاتقان خاتا ۋە رەزىل سىياسەت ئەمەسمۇ؟

تۇرسۇنگۈل ھەسەنجاننىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن سىياسەتنىڭ ماھىيىتىنى خېلى ئوبدان چۈشىنىپ قالدى. لېكىن ئۇنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر ئىدى. مەكتەپتە سىياسەت توغرۇلۇق سۆزلەش خەتەرلىك ئىدى. ئەتراپتا كۆز - قۇلاقلار بار ئىدى. ئۇ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ چەتكە قېقىشىغا پىسەنت قىلماستىن، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ خىزمىتىنى داۋام قىلىۋاتاتتى. تۇساتتىن يەنە ھەيز كېلىشى

قالايمىقانلىشىپ، خۇن توختىماي ئاجىزلاپ مەكتەپتىلا ھۇشىدىن كەتتى. ئۇ دوختۇر ماشىنىسى چاقىرتىلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلدى. يەنە بالىياتقۇ بوينى ياللۇغلانغان ئىدى. ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈزۈكى ئېلىۋېتىلىپ، ياللۇغ قايتۇرۇش ئوكۇللىرى ئۇرۇلدى. ئۇ بىر مەزگىل داۋالىنىپ ياخشى بولغان بولسىمۇ، تەلتۆكۈس ياخشى بولالمىدى. دوختۇرلاردا دىياگنوز قويۇپ: ئۇنىڭغا يەنە ئۈزۈك سېلىشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، ئەمدى بالىياتقۇ ئېغىزىنى ئوپېراتسىيە قىلىۋېتىپ بوغۇۋېتىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا يوللىدى. ئۇلاردىن دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىۋېتىش بۇيرۇقى كەلدى. تۇرسۇنگۈل بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قوشۇلمىدى. چۈنكى، ئەمدى ئۇ مەڭگۈ پەرزەنت كۆرەلمەيتتى. ئۇنىڭ: مەن بۇ ئوپېراتسىيەنى كېيىن قىلدۇراي، ئۈچ يىل توشقاندا يەنە بىرنى تۇغۇۋېلىپ، ئاندىن قىلدۇراي دېگىنىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى. ئۈچ يىللىق ۋاقتى توشىدىغانغا ئالتە ئايدەكلا ۋاقىت قالغان ئىدى. ھەسەنجان بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ دوختۇرخانىغا كېلىپ، ھەر قانچە داۋا قىلسىمۇ گېپى ئاقمىدى. چۈنكى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىدىن ئۇقتۇرۇش كېلىپ بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇرسۇنگۈل مەجبۇرىي تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇۋېتىلدى. ئۇ ئەمدى ھامىلىدار بولالمايتتى. ئىككىنچى بالىسىنى تۇغۇلمايتتى. ئۇ يىغلىدى، قاقشىدى، لېكىن ئۇنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمىدى. ئۇنىڭ كۆز يېشىنى ھېچكىم كۆرمىدى ۋە ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ ئىچ ئاغرىتمىدى. پەقەت يەنە شۇ ئېرى ھەسەنجان ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ: تۇرسۇنگۈل بولدى يىغلىماڭ، بىزنىڭ كۆز يېشىمىزغا، ھېچكىم قارىمايدۇ! بىز ئوغلىمىز مىرادىلنى ياخشى تەربىيەلەپ چوڭ قىلساق، ئۇ ياخشى خىزمەتكە، خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە بولسا، ئۇنى ئۆيلەپ نەۋرىلىرىمىزنى باقساق، يەنىلا بىزنىڭ نەسلىمىز ئۈزۈلۈپ قالماي داۋام قىلىدىغۇ؟ - دېدى. ئەمما، مىرادىلنىڭ بېشىغا كەلگۈسىدە

قانىداق كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى ئۇلار بىلمەيتتى، ئەلۋەتتە!

**(2)مەجبۇرىي ئىشلەمچىلىككە تۇتۇلغان ئىككى قىز ھەققىدە**

خانزۆھرە سەيدەخمەت بىلەن ئارزۇگۈل سەمەت ئۈچتۇرپان ناھىيە ئىماملىرىم يېزىسىنىڭ ئالتىنچى كەنتىدىن بولۇپ، يېقىن تۇغقانلاردىن ئىدى. ھەر ئىككىلىسى تولۇق ئوتتۇرىغىچە ئوقۇپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن سان چەكلىمىسى، نومۇر چەكلىمىسى دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەن ئىدى. ئارزۇگۈل تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئىماملىرىم يېزا مەركىزىدىكى بىر تىككۈچىلىك دۇكىنىغا شاگىرتلىققا كىرىپ، بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئۇستا ھۈنەرۋەن بولۇپ قالغان ئىدى. كېيىن خانزۆھرەمۇ بۇ دۇكانغا شاگىرتلىق كىرىپ، ئارزۇگۈلنى ئۇستاز تۇتۇپ، ھۈنەر ئۆگىنىشكە باشلىدى. ھايت - ھۇيت دېگۈچە بىرەر يىل ئۆتۈپ، خېلى يامان ئەمەس ھۈنەر ئۆگىنىپ قالغان ئىدى.



ئارزۇگۈل ئۇستا بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇئاش بېكىتىلىپ، قولى پۇل كۆردى. ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان قىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئارزۇسى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ بىر تال يانفون سېتىۋېلىش ئىدى. ئۇ تۆت ئايلىق مۇئاشىنى يىغىپ، بىر تال يانفون سېتىۋالدى. ئارزۇگۈلنىڭ يانفونى بىلەن خانزۆھرەمۇ ئاتا - ئانىسىغا تېلېفون قىلىۋالىدىغان بولدى. ئۇلار بىر تۇغقان بولغاچقا ئاچا - سىڭىلدەك، بىر - بىرسىدىن ھېچنېمىنى ئايىماي تەڭ پايدىلىناتتى. ئۇلار ھەر ئىككىسىلا دېھقان قىزى بولغاچقا، ئۇزۇن كۆينەك كىيەتتى ۋە بېشىغا ياغلىق چىگىپ يۈرەتتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭلا ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن سۇمبۇل چېچى بار ئىدى. پۈتۈن يېزا بازىرىدىكى ياش يىگىتلەر بۇ قىزلارغا ھەۋەس قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىككى تال ئۆرۈلگەن، تېقىمغا چۈشۈپ تۇرىدىغان سۇمبۇل چېچىدىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي قاراپ قالاتتى.

2017-يىلى ياز كىرىۋاتقان مەزگىل ئىدى. ئارزۇگۈل بىلەن خانزۇھەرە سىرتقا چىقىپ سودا سېتىق قىلماقچى بولۇشۇپ يولدا كېتىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىنى بىر ماشىنا ساقچى كېلىپ يولدىلا توسۇۋالدى ۋە يولدىلا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، كۆينىكىنىڭ ئېتىكىنى كېسىۋېتىشتى. ياغلىقنى بېشىدىن ئېلىپ تارتىۋالدى. قىزلار: نېمىشقا ئۇنداق قىلىسىلەر؟ بىزنىڭ كىيىمىمىز نېمىگە پۇتلىكاشاڭ بولىدى دەپ -سورىۋىدى، ئۇلارغا ساقچىلار:

– كۆينەك، ياغلىق دېگەن ئاشقۇنلۇقنىڭ ئىپادىسى، سىلەرنىڭ ئىدىيەڭلار چاتاق ئىكەن، بۇ خىل كىيىنىشڭلار زامانىۋىلىق بىلەن سىغىشالمايدۇ!

– قانداق زامانىۋىلىق ئۇ؟ - بىزنىڭ كىيىمىمىز بىلەن سىغىشالمايدىغان دەپ،سورىدى قىزلار چۈشەنمەي،

– بۇ دېگەن جۇڭگوچە زامانىۋىلىق يەنى ھەممە مىللەت ئوخشاش بولۇش، ئوخشاش كىيىنىش، ئوخشاش بىر تىلدا سۆزلەش ۋە ئوخشاش ئىدىيەدە بولۇش دېگەنلەر دەپ چۈشەندۇردى ساقچىلار خۇددى بىرسىگە لېكسىيە سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك، قىزلار يەنە سوئال سورىماقچى بولۇپ ئېغىزىنى ئېچىشىغا، ساقچىلار:

– بولدى قىلىشىڭلار، سىلەرنىڭ بىز بىلەن گەپ تالىشىدىغانغا نېمە ھەددىڭلار - دەپ، قىزلارنى مەجبۇر ھالدا ئىتتىرگەنچە ماشىنىغا چىقىرىپ ئېلىپ ماڭدى - دە، ئانچە ئۇزاق بولمىغان يەردىكى بىر ساقچىخانىغا ئەكىرىپ قوللىرىغا كويزا، پۇتلىرىغا ئىشكەل سېلىپ قويۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈپ، چىرقىرىغىنىغا قارىماي قايچا بىلەن ئۇزۇن سۇمبۇل چاچلىرىنى كېسىۋېتىشتى. ئاندىن ئارزۇگۈلنىڭ يانفونىنى تارتىۋېلىپ كومپيۇتېرغا ئۇلاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇندىداردا دېيىشكەن گەپلەر، نەگە؟ كىمگە تېلېفون قىلغان؟ دېگەننى تەكشۈرۈپ، «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېگەن بىر سۆزنى تېپىۋېلىشتى - دە، مانا بۇ ئاشقۇنلۇقنىڭ ئىپادىسى

دېيىشىپ، ئۇلاردىن نۇرغۇن گەپ سوراپ، ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ چىقتى. ئاندىن ئىككى پارچە ئۇقتۇرۇش يېزىپ، ئۇلارغا مەجبۇرىي قول قويدۇردى ۋە ئۇقتۇرۇشنى ئۇلارغا ئوقۇپ بەردى: «ئارزۇگۈل سەمەت، خانزۆھرە سەيدەخمەت ئىككىسى ئاشقۇن ئىدىيەلەر بىلەن يۇقۇملانغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى يىللىقتىن كەسپىي تەربىيەلەش مەركىزىگە بېرىپ تەربىيەلىنىپ، ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلىدۇ.»

ئارزۇگۈل بىلەن خانزۆھرە تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلار ئۈچ تۇرپان ناھىيە مەركىزىگە يېقىن بولغان ئېگىز تاملىق، تاملىرى تىكەنلىك سىم بىلەن ئورالغان، بۇرجەكلىرىدە كۆزىتىش مۇنارىلىرى بولغان ۋە قوراللىق ئەسكەرلەر كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ۋە قاتارىسىغا بەش - ئالتە قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان بىنالار بولغان تۈرمىدەك بىر يەرگە ئېلىپ كېلىنىدى. ساقچىلار قىزلارنى چوڭ بىر دەرۋازىنى ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، بىشىدىكى قارا خالتىنى ئېلىۋېتىشتى. قىزلار كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ: بۇ قانداق مەكتەپ؟ ئەجەب تۈرمىگە ئوخشايدىكىنە؟ - دەپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قېلىشتى. ئەمما، ئۇلاردا: «بۇ يەردە ئوقۇمايمەن، مېنىڭ تەربىيەلىنىشكە ئېھتىياجىم يوق، مەن ھۆنەر ئۆگىنىۋاتىمەن، مەن ئۇستام بولدۇم، مېنىڭ مۇئاشىم بار!» دېيىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.



ئارزۇگۈل بىلەن خانزۆھرە بىر بىنانىڭ يەر ئاستى قەۋىتىگە ئېلىپ چۈشۈرۈلۈپ، پۈتۈن كىيىملىرى مەجبۇرىي ھالدا سالدۇرۇلۇپ، بىر ساندۇقسىمان ئەسۋابنىڭ ئىچىگە سولۇنۇپ تەكشۈرۈلدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىككى بىلىكىدىن ئىككى قېتىم قان ئېلىنىدى. نامەلۇم بىر سۇيۇقلۇقنى ئوكۇل قىلىپ ئۇردى. ئاپئاق بىر خىل دورا كومىلىچى ئىچكۈزۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار خۇددى مەستخۇش بولۇپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۆزلىرىنى باشقا بىرلىرى كونترول قىلىۋاتقاندەك نېمە قىلىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۇلار يەنە

يۇقىرىغا ئېلىپ چىقىلدى ۋە بىر ئىشخانىغا ئەكىرىلىپ، كۆز مۆڭگۈز پەردىسى، بارماق ئىزى، ئاۋاز دولقۇنى قاتارلىقلارمۇ ئېلىنىلىنىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆز كىيىملىرى سالدۇرۇۋېلىنىپ، ئۈستىگە نومۇر بېسىلغان مەھبۇس كىيىمىنى كىيگۈزۈلۈپ، بىرىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقىلىپ، تەخمىنەن 40 ـ 50 نەپەر تۇتقۇن ئوقۇۋاتقان بىر سىنىپقا ئەكىرىپ: مان! بۇ يەردە سىلەرنىڭ ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئوقۇشىڭلار باشلىنىدۇ دەپ، سىنىپقا كىرگۈزۈۋېتىشتى.

ئارزۇگۈل بىلەن خانزۆھرەنىڭ لاگېر ھاياتى مانا مۇشۇنداق باشلانغان ئىدى. ئۇلار ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋە چۈشتىن كېيىن سىنىپلاردا خىتاي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن شى جىن پىڭ ئۇزۇندىلىرىنى يادلايتى. خىتايچە ئۆگىنەتتى. قىزىل ناخشىلارنى ئېيتاتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى سائەت 6 دە ئويغۇتىۋېتىلىپ، بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتنىشاتتى. دۆلەت مارشى ئۆنلۈك ئوقۇتۇلاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن كامېردا تاماق ۋاقتى بولغۇچە بىر سائەت ئۇزۇندە يادلايتى. ئۇلار يەنە پات ـ پات سوراققا تارتىلاتتى. سوراقتا ئۇلار: قانداقتۇر ئۆزىدە يوق مەسىلىلەرنى تاپشۇرۇشقا زورلىناتتى. سوراقتا ئۇلار ئۇرۇلدى، خورلاندى ۋە دەپسەندە قىلىندى.

ئارزۇگۈل بىلەن خانزۆھرە لاگېردىكى شۇ قەدەر ئېغىر زۇلۇم ۋە قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەردى. ياش بولغاچقا باشقىلارغا قارىغاندا، خىتايچە ۋە ئۇزۇندىلەرنى تېز راق ئۆگىنىۋالدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئىككى يىللىق قايتا تەربىيەلىنىش ۋاقتىنىڭ ئۇزارتىۋېلىشىدىن ھەمدە جازاغا ھۆكۈم قىلىنىپ، تۈرمىگە يۆتكىلىۋېتىلىشتىن ساقلاپ قالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈمىدى بولسا، ئىككى يىلنى توشقۇزۇپ ئائىلىسىگە قايتىپ، تىككۈچىلىك ھۈنىرىنى داۋام قىلىش ھەمدە پېشانىسى پۈتۈلگەن بىر يىگىت بىلەن توينى قىلىپ، بەختلىك بىر ئائىلە قۇرۇپ ياشاش ئىدى. ئۇلارغا بۇمۇ نېسىپ بولمىدى.

كۆتكەن ۋاقىت ئاخىرى كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىككى يىللىق ۋاقتىمۇ توشقان ئىدى. بۇنىڭدىن ئىككى كۈن بۇرۇن ئۇلارنى لاگېر ئىشخانىسىغا ئېلىپ چىقىشتى. ئوتتۇرا بوي كەلگەن، سېمىزلىكىدىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپلا قالاي دېگەن لاگېر باشلىقى خىتاي خىرقىراق ئاۋازدا ئۇلاردىن: ئەللىك ئالتە مىللەتنىڭ ئۆگىنىش قوللانمىسى، شى جىن پىڭ ئۇرۇنلىرى، خىتاي دۆلىتىنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىدىن نۇرغۇن سوئال سوراپ، ئۇلارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، بىر توختام قەغىزىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ: سىلەر «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»دە ياخشى ئوقۇپ ئىدىيەڭلارنى ئۆزگەرتتىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز سىلەرنى لاگېردىن قويۇپ بېرىمىز، ئەمما سىلەر خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشۇڭلار كېرەك! بىز سىلەرنى ئاقسۇ شەھىرىدىكى «خۇئاپو پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى»غا ئىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق. مانا بۇ توختامنامەڭلار! بۇنىڭغا قول قويۇڭلار! ئۇنى قوبۇل قىلماسلىققا بولمايدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ سىلەرگە بەرگەن يەنە بىر قېتىملىق پۇرسىتى - دېدى مۇغەمبەرلەرچە ھىجىيىپ، بۇنى ئاڭلىغان ئارزۇگۈل قەلەمنى قولىغا ئېلىپ: «شى جىن پىڭغا رەھمەت، كوممۇنىستىك پارتىيەگە رەھمەت، مەن بۇنىڭغا قوشۇلىمەن، ئۇ يەردە ياخشى ئىشلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن» دېدى ۋە بېشىنى ئېگىپ تازىم قىلىپ، توختامنامىغا قول قويدى. ئارقىدىن خانزۆھرەمۇ ئارزۇگۈلنى خۇددى شاتۇتىدەك دوراپ، ئېگىلىپ تازىم قىلدى ۋە ئىشچىلىق توختامنامىسىغا ئىمزا قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا لاگېردىن چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى ۋە بىر كۈنلۈك ئائىلىسى بىلەن كۆرۈشۈۋېلىش رۇخسىتى بېرىلىپ، ئەتىسى كۈنى ئاقسۇ شەھىرىدىكى «خۇئاپو توقۇمىچىلىق فابرىكىسى»غا بېرىپ تىزىملىتىشى كېرەكلىكى ئەسكەرتىلىپ، ئەگەر بۇنىڭغا قارشىلىق قىلسا جازالىنىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى.

ئارزۇگۈل بىلەن خانزۆھرە ئۈچتۇرپان ئىماملىرىم يېزىسىدىكى ئۆيىگە كېلىپ ئاتا - ئانىسى بىلەن يىغلىشىپ كۆرۈشتى. قىزلىرىنىڭ لاگېردىن چىققانلىقىدىن خۇشال بولغان ئاتا - ئانىسى كۆز يېشىنى تۇتالمىغان ئىدى. ئۇلار ساددىلىق بىلەن: «ئەمدى قىزىمىز يېنىمىزدا بولىدىغان بولدى. قىزىمىز بويىغا يېتىپ قالدى. تويىنى قىلىپ، بېشىنى باغلاپ قويساق، ئاندىن نەۋرىمىزنى كۆرۈپ، بۇ دۇنيادىن كەتسەكمۇ ئارمانىمىز قالمايتى» دەپ ئويلاپ كېتىشتى. ئەمما قىزلىرىنىڭ بىر كۈندىن كېيىن، ئاقسۇ شەھىرىدىكى «خۇئاپۇ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى»غا ئىشچىلىققا بارىدىغانلىقى، ئىككى يىللىق ئىشچىلىق توختامى تۈزۈلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، يەنە كۆز ياشلىرىنى تۇتالماي يىغلاپ كېتىشتى. بولۇپمۇ ئارزۇگۈلنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانىسى يېشى 23 كە كىرىپ قالغان قىزىنى تالالىق قىلىپ، بېشىنى بىرى بىلەن باغلاپ يېنىدا تۇرغۇزۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئاھ، تەتۈر پەلەك! بىزگە نېمىشقا رەھىم قىلمايسەن؟ دەپ زارلاندى ئۇلار. ئەمما ئۇلار بۇ ئاھ - زارلىرىنى ئېيتىدىغانغا بىر ئاللاھتىن باشقا بىرلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتى. مەجبۇرىي يولغا قويۇلغان بۇ رەزىل سىياسەتلەر ئادەملەرنى چارىسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەرقانداق نېمىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش ھوقۇقى ۋە ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

ئارزۇگۈل بىلەن خانزۆھرە ئاتا -ئانىسى بىلەن ئاران بىر كۈنلا دىدار غەنىيمەت كۈننى ئۆتكۈزۈپ، ئاقسۇ شەھىرىدىكى «خۇئاپۇ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى»غا كېلىپ ئۆزلىرىنى تىزىملاتتى. بۇ يەردىكى باشقۇرغۇچىلارنىڭ ھەممىسىلا خىتاي مىللىتىدىن ئىدى. ئەسلىدە بۇ زاۋۇت بىلەن ئارزۇگۈل تۇرغان لاگېر ئۆز - ئارا سۆزلىشىپ، بۇ توختامنامىنى تۈزگەن بولۇپ، خۇددى بۇ بىر تۇتقۇنلۇقتىن يەنە بىر تۇتقۇنلۇققا ئۆتكۈزۈلۈپ بەرگەندەكلا بىر ئىش ئىدى. بۇ زاۋۇت خوجايىنلىرىنىڭ ئارزۇگۈل ۋە قان زۆھرەگە بېكىتىپ بەرگەن «ئىشچىلارنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە

تۈرۈملىرى» دىن، ئۇ تېخىمۇ ئېنىق ئايدىڭ بولدى: ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، ئىشچىلار توختام بويىچە يەنە ئىككى يىلغىچە ئەسلى لاگېردا تۇرغان مەزگىلدىكىدەك باشقۇرۇلىدىغان بولۇپ، كېچە - كۈندۈز زاۋۇتتىن ئايرىلىشقا بولمايدىكەن. خوجايىنلار قانداق ئىش قىل دېسە، ئىشچىلار شۇنى قىلىشى كېرەك ئىكەن. ئىشچىلار پەقەت يىلدا بىر - ئىككى قېتىم بايرام مەزگىلىدىلا ئائىلىسىگە بېرىشقا رۇخسەت ئالالايدىكەن. ئۇ ۋاقىتتا مۇئاشى تۇتۇپ قېلىنىدىكەن، ھەتتا ئۇلار ئاغرىق - سىلاق بولۇپ قالسىمۇ، مۇئاشى تۇتۇپ قېلىنىدىكەن. ئۇلارغا زاۋۇتتىن ياتاق بېرىلىدىكەن، ئەمما تاماقنى ئۆزى ھەل قىلىدىكەن ياكى زاۋۇتنىڭ كوللېكتىپ ئاشخانىسىدىن تاماق سېتىۋېلىپ يېسىمۇ بولىدىكەن. ئىشچىلارنىڭ مۇئاشىنىڭ قانچىلىكلىكى زاۋۇت خوجايىنلىرى تەرىپىدىن بېكىتىلىدىكەن. ئىشچىلارنىڭ ھېچقانداق ھەق - ھوقۇق تەلەپ قىلىشىغا بولمايدىكەن. ئەگەر ئىشچىلار يۇقىرىدىكى قائىدىلەرگە بويسۇنمىسا دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلىنىپ، ئۆزلىرى كەلگەن لاگېرغا يەنە قايتا تەربىيەلىنىشكە يوللىنىدىكەن.

ئارزۇگۈل ۋە خانزۆھرە «خۇئاپۇ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى»دا ئىش باشلىدى. ئۇلار زاۋۇت سېخىغا كىرىپ ھەيران قالدى. بۇ زاۋۇت بىر نەچچە سېختىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ھەر بىر سېخنىڭ چوڭلۇقىدىن بۇ بېشىدا تۇرغان ئادەم - ئۇ بىر بېشىدىكى ئادەمنى كۆرسىمۇ پەرق قىلالمايتتى. ئىشچىلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆزلىرىدەك ياش ئۇيغۇر قىزلىرى ئىدى. پەقەت نازارەتچىلار خىتايلار ئىدى. ئۇلار بۇ سېختا تەخمىنەن بىر قانچە مىڭ ياش قىزلارنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆردى. كېيىن بىلدىكى، ھەر بىر سېختىلا تۆت مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى ئىشلەيدىكەن. بۇنداق سېختىن يەنە تۆتى بار بولۇپ، جەمئىي يىگىرمە مىڭدەك ياش ئۇيغۇر قىزلىرى ئىشلەيدىكەن. ئىشچىلارنىڭ ئىش ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، كۈنىگە 10 - 12 سائەت ئىشلەيدىكەن، ئەمما مۇئاشى ئىنتايىن

تۆۋەن بولۇپ، ئىشچىلار ئايدا ئاران 1400 ـ 1500سومغىچە مۇئاش ئالالايدىكەن. بۇ پۇل ئاقسۇدەك ئىستېمال سەۋىيەسى يۇقىرى بولغان شەھەردە ئۇلارنىڭ قورسىقىنى بېقىشقىمۇ يەتمەيدىكەن.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار خانزۇھەرە بىلەن ئارزۇگۇل زاۋۇتتا ئىشلىگىلى كېلىپ، ئالتە ئاي بولغاندا قۇربان ھېيت كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بىر كۈنلۈك رۇخسەت بىلەن، ئۆيىگە ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، ئاقسۇدىن ـ ئۈنسۇغا كېتىۋاتقان مرادىل بىلەن بىر ئاپتوبۇستا ئۇچرىشىش قىلىپ، ئۆز ئاغزى بىلەن دەپ بەرگەن ھەققىي ئەھۋاللار ئىدى. مرادىلنىڭ خىتاينىڭ جىياڭسۇ ئۆلكىسىدە تۇرۇپ بەرگەن باياندا ئېيتىلىشىچە، «خۇئاپو توقۇمىچىلىق زاۋۇتى»دا ئىشلەۋاتقان ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئايلىق مۇئاشى بىلەن ئاددىيسى قورسىقىنىمۇ تويغۇزالمايدىكەن. چۈنكى، ئاقسۇ شەھىرىدە نورمال دۆلەت خىزمەتچىلەرنىڭ مۇئاشى 8دىن 10 مىڭ سومغىچە ئىكەن. ئاقسۇنىڭ ئىستېمال سەۋىيەسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئادەتتە ئۇلار مەجبۇرلانمىغان بولسا بۇنچىلىك مۇئاشقا ئىشلەشنى ھېچكىم قوبۇل قىلمايدىكەن. بۇ خۇددى ئىشچىلارنى بىكارغا ئىشلەتكەنلىك بىلەن باراۋەر بولۇپ، بۇ بىر زامانىۋى قۇللۇقنىڭ ئالامىتى ئىكەن.

**(3) تۇتۇلۇپ كەتكەن ئوغلىنى ئىزدەپ لاگېر ئالدىغا كەلگەن بوۋاينىڭ ھېكايىسى**

مرادىل ئاقسۇدا ئىشسىز يۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاقسۇ شەھىرىدىكى بىر لاگېرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ، بۇ يەردە بىچارە ھالەتتە ئولتۇرغان بىر بوۋاينى كۆرۈپ قالىدۇ ـ دە، نېمىشقا ئۇ بوۋاينىڭ ئۇ يەردە ئولتۇرىۋاتقانلىقىغا قىزىقىپ قېلىپ، بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ سورايدۇ:

ـ بوۋا نېمىشقا بۇ يەردە ئولتۇرىۋاتىدىلا؟

ـ ئوغلۇم! دەيدۇ بوۋاي مرادىلغا كۆز يېشى قىلغان ھالدا

قاراپ - مېنىڭ ئوغلۇم تۇتۇلۇپ بۇ يەرگە سولاپ قويۇلدى. ۋاقتىڭ بولسا ئولتۇرغىن، ئوغلۇمنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىش سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەي دەپ، ۋەقەنى مۇنداق بايان قىلىپ بېرىدۇ: بوۋاي ئەسلى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئايكۆل يېزىسى 15 - كەنتىدىن بولۇپ، نۇرغۇن پەرزەنت كۆرگەن بولسىمۇ، بالىلىرى توختىماي بىرلا ئوغلى ھايات قالغان ئىكەن. شۇڭا ئۇ بالىسىغا توختى دەپ ئىسىم قويغان ئىكەن. ئۇ ئوغلىنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ چوڭ قىلىپتۇ. ئەينى ۋاقىتتا مەكتەپ مائارىپى تۈزۈك يولغا قويۇلمىغان بولغاچقا، توختى باشلانغۇچ مەكتەپكىچىلا ئوقۇپ، ئوقۇشتىن توختاپ قاپتۇ. بوۋاي ئوغلىنى مەھەللىدىكى بىر قارىمغا - قارى - قۇرئان قىلىپ بەرسىلەر دەپ، 5 يىل دىنىي مائارىپتا ئوقۇتقان ئىكەن، توختى بەش يىل ئىچىدە قۇرئاننى يادقا ئېلىپ تاماملاپ، مۇرەتتەب قارىم بولۇپ، توختى قارى دەپ ئاتىلىپتۇ،

توختى قارى ئوتتۇرا ياش مەزگىلىگە كەلگەندە مەھەللە مەسچىتىگە ئىككى ئىمامنىڭ بىرى قىلىپ، خەلق تەرىپىدىن كۆرسىتىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ توختى ئىمام ئاتىلىپ، خەلق ئىچىدە ئىززەت - ھۆرمەت تېپىپ، مەھەللىدە ھەممە ئادەم ھۆرمەتلەيدىغان ئابرۇيلۇق زاتلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ئىكەن. كېيىنچە ئۇ خولۇم - خوشنىلىرىنىڭ تەلىپى بىلەن ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ئاخشام - ئەتىسى ئۆيىدە مەخپىي ئوقۇتۇپ، قۇرئان ساۋاتلىق قىلىپ قويغان ۋە دىنى ئىلىم جەھەتتىن تەربىيەلىگەن ئىكەن.

2017 - يىلى ھەممە ئادەمنى لاگېرغا تۇتۇپ - سولاش باشلانغاندا، توختى قارىمنىمۇ خوشنىسى چېقىپ قويۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن توختى قارى ئايالى بىلەن بىللە تۇتۇلۇپ كېتىپ، ئىككى بالىسى بوۋايىنىڭ بېقىشىغا قالغان ئىكەن. بوۋاي - مومايمۇ قېرىپ قالغان بولغاچقا، نەۋرىلەرنى بېقىش ئۇلارغا ئىنتايىن مۇشكۈل بولۇۋېتىپتۇ، نەۋرىلىرى ھە دېسىلا: بوۋا، موما، ئاپام - داداملار

نەدە؟ - دەپ، تولا سوئال سوراپ، بەكمۇ خاپىلىق سالىدىكەن. بۇ سەۋەبتىن بوۋاي - موماي‍لار ئىنتايىن ئېغىر كۆڭگە كۆڭگە قىلىپتۇ.

ئوغلۇم! - دەپتۇ بوۋاي مىرادىلغا ئوغلىنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىش ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولۇپ، سەن ھەقاچان خىتايچىنى ياخشى بىلىسەن، مۇشۇ لاگېرلارنى ساپلا خىتايلار باشقۇرىدىكەن. بايام يوغان دەرۋازىغا يېقىن بارسام خىتايچە بىر نېمىلەرنى دېدى. مەن ئۇيغۇرچە گەپ قىلسام چۈشەنمەي ۋارقىرىغانچە مېنى قوغلىۋەتتى. سەن بېرىپ ئۇلارغا گەپ قىلىپ باقساڭچۇ؟ ئوغلۇمنى كۆرمىگىلى بىر يىلدىن ئاشتى. ئاڭلىسام، بۇ يەرنىڭ تامىقى بەك ناچار ئىكەن، ئوغلۇمنىڭ ئاشقازان كېسەللىكى بار ئىدى. ئۇنىڭغا تاماق ئېلىپ كەلگەن ئىدىم. كىرگۈزۈپ بەرگىلى بولارمۇ؟ - دەيدۇ بوۋاي كۆز يېشى قىلغان ھالدا،

—بولىدۇ بوۋا! قاراۋۇللارغا مەن دەپ باقاي - دەپ، مىرادىل بوۋاي بىلەن بىللە لاگېرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىدۇ ۋە دەرۋازا يېنىدا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان خىتاي گۇندىپايغا: بۇ بوۋاينىڭ ئوغلى مۇشۇ يەردە تۇتۇقلۇق ئىكەن. ئوغلىغا تاماق ئەكىلىپتۇ، ئۇنىڭ ئوغلىنى چاقىرتىپ بەرسەڭ بولامدۇ؟ - دەپ سورايدۇ.

—ياق، بولمايدۇ! يوقۇلۇش بۇ يەردىن، بۇ يەرگە كىرىپ -چىقىش چەكلەنگەن - دەپ ۋارقىرايدۇ گۇندىپاي خىتاي ئۇلارغا قورالىنى تەڭلەپ، مىرادىل قاراۋۇلدىن يەنە:

—بۇ تاماقنى بۇ يەرگە كىرگۈزۈپ بەرسەك بولامدۇ؟ - دەپ سورايدۇ

—ياق، بولمايدۇ! بۇ يەردىكىلەر جازالىنىۋاتقانلار،ئۇلار سىرتتىن كەلگەن تاماقلارنى يېسە بولمايدۇ. بۇ يەردە ئۇلارغا ھورنان بېرىلىدۇ. كېتىش دەيمەن بۇ يەردىن! - دەپ، يەنە ۋارقىرايدۇ گۇندىپاي،

بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن بوۋاي يەنە كۆز يېشى قىلىپ يىغلايدۇ.

مىرادىل ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ: بوۋاي، يىغلىمىسىلا! بۇلار ئىنسان ئەمەس، شۇڭا ئادەمگە ئىچ ئاغرىتىشنى بىلمەيدۇ. باشقىلارنىڭ دەردىنى ئاڭلىمايدۇ بوۋا! قارىسىلا: ئۇلار بۇ يەرنى ئۆزلىرىچە مەكتەپ دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە مەكتەپ مۇشۇنداق بولامدۇ؟ بۇ بىر تۈرمىگە ئوخشاپ تۇرىۋاتامدۇ؟ قانداق يەردە مەكتەپنى قوراللىق ئەسكەر ۋە ساقچىلار باقىدۇ؟ سىم تور بېكىتىدۇ؟ مەكتەپكە ئادەملەرنى مەجبۇرىي تۇتۇپ ئەكېلىپ ئوقۇتامدۇ؟ سەۋر قىلسىلا بوۋا، بىزگە ئامال يوق، بىز خۇددى قوي پادىلىرىدەك ھەممە ئىشقا سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇرمىز! بوۋا، سىلى ئەڭ ياخشىسى قايتىپ كەتسىلە! بۇلاردىن رەھىم - شەپقەت كۈتمىسىلە!بىزگە ئاللاھتائالا ئىگە بولمىسا، ھېچكىم ئىگە بولمايدۇ. ئوغۇللىرىغا نامازلىرىدا دۇئا قىلسىلا، ئوغۇللىرىنىڭ يەيدىغان رىزقى تۈگىمەي، ئۆلۈپ كەتمىسە ئىككى يىل توشقاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلىشى مۇمكىن! سىلىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن تىنچ - ئامان كۆرۈشۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن - دەيدۇ مىرادىل بوۋايغا ۋە بوۋاينى بىر كىرا ماشىنىسىنى توسۇپ ئايكۆلگە يولغا سېلىپ قويۇپ، بوۋاي بىلەن خوشلىشىدۇ.

**(4)خەير - خوش، ئۇيغۇرىستان!**

مىرادىل بوۋاينى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، يەنە بىرقانچە شىركەتكە بېرىپ ئىش ئىزدەپ كۆرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلگەن شىركەت خوجايىنلىرى خىتايلار - ئۇنى ئىشقا قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىرادىل دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئانىسىغا بىر ئاز ۋاقىت ياردەملەشتى. ئۇنىڭ ئانىسى تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلىنغاندىن كېيىن، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ بالاياتقۇسىدا ئۆسمە پەيدا بولۇپ، ئۇرۇمچىگە بېرىپ داۋالىنىپ قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئەمما ئۇ ئۆسمە كېسەللىدىن سەللىمازا ساقىيىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا مىرادىل بىر مەزگىل ئانىسىغا ياردەملىشىپ، يىراقلارغا كېتەلمەيدۇ. ئەمما

ئۇ ئەندىشە ئىچىدە يۈرۈۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ مەھەللىسىدىن نۇرغۇن ياش بالىلار ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە تۇتۇلۇپ ئېلىپ كېتىلىۋاتاتتى. ئۇ خۇددى ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدىلا ئۆزىنىمۇ ساقچىلار ئىزدەپ كېلىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان ئىدى. شۇنداق ئەندىشە ئىچىدە ئۇ ئاخىرى: «ئەمدى مەن يۇرتۇمدىن كەتمىسەم بولمىغۇدەك؟» دېگەن قارارغا كەلدى.

ئۇ ئەتىسىلا ئىلگىرى 4 يىل ئوقۇغان ۋە ئۆزىگە بەش قولدەك تونۇش بولغان خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە كېتىشنى خىيال قىلىپ، ئاتا - ئانىسى ۋە بوۋا - مومىسى بىلەن خوشلىشىۋالدى. ئۇلارغا: «مەن ئىچكىرىگە بېرىپ تىجارەت قىلىمەن» دېگەننى باھانە قىلدى. بولمىسا ئۇلار - ئۇنىڭ يەنە ئىچكىرىگە كېتىشىگە قوشۇلمايتى. ئۇ ئانىسىنى ناھايىتى تەسلىكتە قايىل قىلدى. ئۇ ئانىسىغا: ئانا، مەن بىكاردىن - بىكارغا ئىككى يىل لاگېرغا تۇتۇلۇپ، ئاندىن مەجبۇرىي ئەمگەكچىگە ئايلىنىشنى خالىمايمەن! مەن ئىچكىرىدە ئۆز ئالدىمغا تىجارەت قىلىپ، ئەركىن ياشاشنى خالايمەن! - دەپ، ئانىسىغا خېلى ئۇزاق يېلىنغان ئىدى. ئانىسى ئۇنىڭغا كۆز قىيمىغان ھالدا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ: ئوغلۇم، ئۆزۈڭگە دىققەت قىل! خىتاي يۇرتىدا بەك ئۇزۇن تۇرۇپ قالما! «تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز دېگەن گەپ بار!» بىز ئۇيغۇرلاردا، ئۇزاق قالماي قايتىپ كەل - دەپ، ئوغلىنى يىغلاپ تۇرۇپ ئۇزىتىپ قويغان ئىدى.

مىرادىل پويىزغا ئولتۇرۇپ جىياڭسۇغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ خاڭجۇغا بىۋاستە بارىدىغان بىلەت ئېلىپ، بىر كېچە - كۈندۈزى يول مېڭىپ، بىرەر توسقۇنلۇققا ئۇچرىماستىن خاڭجۇغا كېلىۋالدى. ئۇ دەسلەپتە جان بېقىش ئۈچۈن بىر نەچچە شىركەتكە بېرىپ ئىشقا ئىلتىماس قىلدى. بەزىلىرى ئۇنى «ئۇيغۇر ئىكەن» دەپ قوبۇل قىلمىدى. بەزىلىرى ئىشقا ئالغان بولسىمۇ، ئەمما بىر

نەچچە كۈندىن كېيىنلا چىقىرىۋەتتى. ئۇ خاڭجۇدا تۆت يىل ئوقۇغان بولغاچقا بۇ يەرنىڭ ئەلمى - تەلمىنى ياخشى بىلەتتى. ھەمدە ئۇنىڭ نۇرغۇن دوست - بۇرادەر ۋە تونۇشلىرى بار ئىدى. ئۇ كاۋاپچى - ناۋاي ئاشخانىچىلارنىڭ ياردىمىدە ئاچ - يالىڭاچ قالمىدى. ئەمما مىرادىلنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن يەنە بىر مەقسىتى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، بىر ئامال قىلىپ ئۆزىنىڭ ئاقسۇ - ئۇنسۇدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى ھەمدە ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلەرنى ۋە گۇناھسىز ھالدا لاگېرلارغا تۇتۇلغان، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان ياش قىز - ئوغۇللارنىڭ ئەھۋالىنى تاشقى دۇنياغا يەتكۈزۈش ئىدى.

ئۇ ئۇزاق ئىزدىنىپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئامېرىكىدىكى يوتوبچى شادىمان مەخمۇتنى ئىزدەپ تاپىدۇ - دە، ئۇنىڭغا ۋەتەندە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى يۇتۇبە قانىلى ئارقىلىق بايان قىلىدۇ. ئۇ ئەسلىدە بۇ ئىشنى ئۈچ ئاي داۋاملاشتۇرماقچى ئىدى. چۈنكى، بۇنى ئۇ: «ئۇيغۇرىستان ئازادلىق ھەرىكىتى» نىڭ بىر قىسمى دەپ قارايتى. شۇڭا ئۇ ھاياتى بىخەتەرلىكىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىشىدىن ۋە تۇتۇلۇپ كېتىلىشتىن قورقۇپ قالمىدى. ئۇ مۇنداق دەپ قارايتتى: «بىز قورقماسلىقىمىز كېرەك! قورقۇنچاقلىق بىلەن ھېچنېمە قىلغىلى بولمايدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشنى چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز بىلىشى ۋە تاشقى دۇنياغا ئاڭلىتىشى كېرەك! بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ۋە ۋەتەندىكى ھەرقانداق ئۇيغۇر قورقۇنچاقلىق قىلساق بولمايدۇ! چەتئەلدىكىلەر جىم يېتىۋالسا، تېخىمۇ بولمايدۇ. ئۇلار ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرى ئۈچۈن دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك!»

مىرادىل ھەسەن يوتۇبىدا ئۇدا ئۈچ كۈن بايانات بېرىپ، ئۆز ئائىلىسىنىڭ پاجىئەسىدىن تارتىپ - لاگېرغا ۋە مەجبۇرىي ئىشلەمچىلىككە تۇتۇلىۋاتقان ئۇيغۇر قىز - ئوغۇللارنىڭ تەقدىرىگىچە

بولغان ئەھۋاللارنى بايان قىلغان ئىدى. ئەمما بەختكە قارشى 4 - كۈندىن باشلاپ، شادىمان مەخمۇتنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن نورۋېگىيەدىكى پائالىيەتچى ئابدۇۋەلى ئايۇپ مەخپىي ئالاقە يوللىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ جىياڭسۇ ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ كېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى تاشقى دۇنياغا ئاشكارىلىدى. ئارقىدىن يەنە ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ مۇخبىرلىرى جىياڭسۇ ئۆلكىسىگە تېلېفون قىلىپ سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ نەنجىڭ ساقچىلىرى تەرىپىدىن: «تىوردا پىتنە - ئىغۋا تارقاتتى» دېگەن تۆھمەت بىلەن تۇتۇلۇپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىپ بېرىلگەنلىكىنى دەلىللىدى. ئارقىدىنلا يەنە مۇخبىرلار ئۇنىڭ يۇرتى ئۈنسۇغا تېلېفون قىلىپ ئېنىقلاش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن تۇتۇلغانلىقىنى دەلىللىدى. ئۈنسۇ ناھىيەلىك دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى ساقچىلىرىنىڭ دېيىشىچە، «مىرادىل ھەسەن دۆلەتنىڭ ئوبرازىغا قارا سۈركىگەنلىكى ۋە ئۈنسۇ ناھىيەسىنىڭ يۈزىنى تۆككەنلىكى» ئۈچۈن ئېغىر جازالىنىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئانىسىدىن تارتىپ - بوۋىسى توختىنىياز توختى قاتارلىق بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭمۇ جازالىنىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئاللىقاچان دەم ئېلىشقا چىقىپ بولغان بوۋىسىنىڭ پېنسىيە مائاشىنىڭ توختىتىۋېتىلگەنلىكىنى ئېيتىشقان ئىدى. بۇنداق بىر ئائىلىدە بىرسى خاتالىق ئۆتكۈزسە، باشقا ئائىلە ئەزالىرىنى بىللە قوشۇپ جازالاش - بىرلا خىتاي مىللىتىدە بار ئەنئەنە بولۇپ، نۇرغۇن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىنىپ، زىيانكەشلىك قىلىنغان ئىدى.

مىرادىل مۇرادىغا يېتەلمىدى. ئەمما ئۇنىڭ يىلانىنىڭ ئۇۋىسىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ چېقىۋېلىشىدىن قورقماستىن تاشقى دۇنياغا مۇراجىئەت قىلىپ تۇۋلىشى، تومۇرىدا ھەقىقىي ئۇيغۇرنىڭ قېنى بولغان بىر پەرزەنتنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچىنى تونۇپ

يەتكەنلىكى ئىدى. مىرادىلىنىڭ قانچىلىك جازالانغانلىقىدىن خەۋىرىمىز بولمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارغا قىلغان مۇراجىتى - بىزنىڭ يۈرەك تارىمىزنى تىترىتىپ، ئاشۇ زۇلۇم ئىچىدە قالغان قېرىنداشلىرىمىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلىنىشىمىزغا ئىلھام بەخش ۋە كۈچ ئاتا قىلماقتا!

# ئايخان ئانىنىڭ ئاخىرەتلىرىگە بارالمىغان ئوغلى ھەسرەتتە!

**1 - يەكلىنىش ۋە سىغىنىش ئىچىدە ياشاش**

ئايخان ئانا بىلەن ئەيسا مۇھەممەت ئاكا ئاقسۇ شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ پېنسىيەگە چىققان كادىرلىرىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئايرىم ئۆي تۇتۇپ، ئۇچۇرۇم بولۇپ كەتكەن باللىرى نەچچە كۈندە بىر قېتىم يوقلاپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يەنىلا تەسكىن تاپمايتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئامراق بالىسى دولقۇن بەكلا يىراق يەرگە - ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان گېرمانىيەگە كېتىپ، ئۇ دۆلەتنىڭ گىراژدانى بولۇپ ياشاۋاتاتتى. ئىلگىرى دولقۇن ئۇلارغا بىر نەچچە كۈندە بىر تېلېفون قىلىپ، ئەھۋال سوراپ ۋە ئۆزىنىڭ تىنچ-ئامانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ، ياشانغان ئايخان ئانىنىڭ كۆڭلىنى بىر ئاز بولسىمۇ خاتىرجەم قىلىپ تۇراتتى. شۇنداقلا ئاچىسى ۋە ئاكا - ئىنىسىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە پات - پات مەلۇمات ئىگىلەپ، بەزى مەسلىھەتلەرنى بېرىپ تۇراتتى. ئايخان ئانا بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى.

ھەر قېتىم ئامراق ئوغلى دولقۇندىن تېلېفون كەلگەندە ئايخان ئانا ئوغلىدىن: بالام، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ - دەپ سورايتتى. دولقۇن ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرەتتى: ئاپا، مەن ئىشلەۋاتىمەن، تۇرمۇشۇم ياخشى. ئەندىشە قىلماڭلار! ئوغلىدىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان

ئاڭلىغان ئايخان ئانا بىر تەرەپتىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇنداق ئويلىنىپ قالاتتى: «ھەر نېمە بولسا ئوغلۇمنىڭ قىلىدىغان خىزمىتى بار ئىكەن، خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە بولۇپتۇ،ئوغلۇم بۇ يەردە بولغان بولسا بەلكىم ئىشىمۇ تاپالمايتتى. شۇڭا ئۇ يەرگە كەتكىنىمۇ ياخشى بولۇپتىكەنمۇ نېمە؟ ياش بىر بالىنى گۆدەكلىك قىلدى دېمەستىن، نامايىشقا باشچىلىق قىلدى دېگەن سەۋەب بىلەن ئوقۇشتىن ھەيدىۋېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئوغلۇم چەتئەل تىلى كۇرسى ئېچىپ، شۇ ئارقىلىق ھەم تەربىيەلەش ئېلىپ بارماقچى، ھەم ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىماقچى بولغان ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىشمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوغلۇم دولقۇن قىلىدىغان ئىش تاپالماي خېلى ئۇزاق بىكار يۈردى. ئاخىرى بەزى ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بېيجىڭدا ئاشخانا ئاچقان ئىدى. كېيىن ئۇ يەردىمۇ بېيجىڭ ساقچىلىرىنىڭ پايلاقچىلىق قىلىشى ۋە سوئال - سوراق قىلىپ، پاراكەندىچىلىك قىلىشى بىلەن ئۇ يەردىمۇ خاتىرجەم تۇرالمىدى. شۇنىڭدىن قارىغاندا ئوغلۇم چەتئەلگە چىقىپ كېتىپ، توغرا يولنى تاللاپتىكەنمۇ نېمە؟ دانالار: ئادەم رىزقى نەدە بولسا،شۇ يەردە ياشايدۇ دېگەن گەپنى بىكار ئېيتمىغان - دە!»

ئەمەلىيەتتە ئايخان ئانا ئوغلىنىڭ گېرمانىيەگە كەلگەندىن كېيىن، ئىشنى ھاجەتخانا تازىلاش ۋە پىززا توشۇشتىن باشلىغانلىقىنى، ئۆزى ئىشلەپ ئايالىنى ئوقۇتقانلىقىنى، كېچىسى ئىشلەپ، كۈندۈزى ۋەتەن - مىللەت داۋاسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئايخان ئانا ۋە ئەيسا مۇھەممەت ئاكىلار يېقىندىن بۇيان ئىنتايىن يالغۇزلۇق ئىچىدە ياشاۋاتاتتى. بۇ يالغۇزلۇق ئادەتتىكى قېرىغاندا پېنسىيەگە چىقىپ ياكى بالىلىرى تاشلىۋېتىپ كېلىپ چىققان يالغۇزلۇق بولماستىن بەلكى، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى كەلتۈرۈپ چىقارغان يالغۇزلۇق ئىدى.

يېقىندىن بۇيان ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە خىتايلارغا قارشى ھەر خىل قارشىلىق ھەرىكەتلىرى كۆپەيگەنلىكتىن، خىتاي

ھۆكۈمىتى قاتتىق ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ قالدى -دە،كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرى گۇمانلىق دەپ قارىغان نۇرغۇن كىشىلەرنى تۈرمىلەرگە قاماپلا قالماي، بۇنىڭ سەۋەبىنى چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن كۆرۈپ، چەتئەلدە ۋەتەن داۋاسى قىلىۋاتقان سەرخىللارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىمۇ نىشانغا ئېلىپ، ھە دېسىلا ساقچىخانىغا چاقىرتىپ ياكى ئۆيلىرىگە بېرىپ سوئال - سوراق قىلىشقا باشلىدى. ئايخان ئانا ۋە ئەيسا ئاكىلار نەچچە قېتىم ساقچىغا چاقىرتىلدى. نەچچە ئون قېتىم ساقچىلار ئۆيىگە ئىزدەپ كەلدى. بىر كۈنى ئۆزلىرىنى ۋىلايەتلىك دۆلەت بىخەتەرلىك باشقارمىسىنىڭ ساقچىلىرى دەۋالغان، ئالاھىدە بىر خىل قارا رەڭلىك فورما كىيگەن، ئادەتتىكى ساقچىلارغا ئوخشىمايدىغان ساقچىلار كېلىپ، ئۇلارنى سوراققا تارتىشتى. ئۇنى سوراق دېگەندىن كۆرە، بىر قېتىملىق گەپ ئېلىش ۋە تەھدىت قىلىش دېيىشكىمۇ بولاتتى:

— ئوغلۇڭلار گېرمانىيەدە نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— ئوغلىمىزنىڭ دېيىشىچە، ئۇ گېرمانىيەدە ئىشلەۋاتقانمىش!

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟

— ئەمىسە سىلەرچە قانداق قىلىۋاتقاندۇ؟

— يامان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ.

— يامان ئىشلارنى قىلىۋاتقان بولسا، ئۇ يەردە نېمىشقا جازالانمايدۇ؟ نېمىشقا ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەستىن، بۇ يەرگە كېلىپ بىزنى ئاۋارە قىلىسىلەر؟

—چۈنكى، ئۇ سىلەرنىڭ بالاڭلار بولغاندىن كېيىن، سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلىشى مۇمكىن، سىلەر ئۇنىڭغا تەربىيە قىلىشىڭلار كېرەك!

— ئۇ بىز تەربىيە بېرىدىغان ياشتىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئوغلىمىزنى يامان ئىش قىلىدۇ - دەپ قارىمايمىز.

ــ ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، بالاڭلارنى ئۇزاققا قالماي تۇتۇپ قايتۇرۇپ كېلىمىز، ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلساڭلارمۇ بىكار؟

ــ قولۇڭلاردىن نېمە كەلسە شۇنى قىلىڭلار! ئاللاھ ئوغلىمىزنىڭ بېشىغا نېمە پۈتكەن بولسا شۇ بولىدۇ! - دەپ ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بېرىپ قويۇشقان ئىدى. ئايخان ئانا بىلەن ئەيسا مۇھەممەت ئاكا شۇنىڭدىن كېيىن ھەقىقەتەن ئوغلى دولقۇندىن ئەنسىرەپ قالدىمۇ قانداق؟ سەھەر تۇرۇپ مەخپىي ئوقۇغان نامازلىرىدا ئوغلىنىڭ تىنچ - ئامانلىقى ۋە سالامەتلىكى ئۈچۈن ئۇزۇن - ئۇزۇن دۇئا قىلىشنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلىۋېلىشقان ئىدى.

ھەقىقەتەن خىتاي ھۆكۈمىتى دولقۇن ئەيسانى 1997 - يىلى خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتىغا: «ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل» دېگەن تۆھمەت بىلەن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغۇزۇپ، ئۇنى تۆھمەت بىلەن تۇتۇپ كەتمەكچى بولغان ئىدى. ئەمما، خىتاينىڭ بۇ رەزىل نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىدى. 1999 - يىلى دولقۇن ئەيسا ئامېرىكىغا زىيارەتكە بېرىش ئۈچۈن، گېرمانىيەنىڭ فرانكفورت شەھىرىدىكى باش كونسۇلخانىسىغا ۋىزا ئىلتىماس قىلىش ئۈچۈن بارغان ئىدى. بۇ چاغدا ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ كومپيۇتېرىدا دولقۇن ئەيسا توغرۇلۇق: شەرقىي تۈركىستاندا ئادەم ئۆلتۈرۈپ، قاتىللىق قىلغان» دېگەن تۆھمەت بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن (ئىنتېرپول ) خەلقئارا ساقچىغا تۇتۇش بۇيرۇقى ئىلتىماسى قىلىنغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئامېرىكا كونسۇلخانىدىكىلەر دولقۇن ئەيسانى تۇتماقچى بولىدۇ - يۇ، ئەمما،ئۇنىڭ گېرمانىيەدىكى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇنىڭغا گېرمانىيەدە سىياسىي پاناھلىق تىلىگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ سىياسەتچىلەر قاتارىدا پاناھلىق بېرىلگەن بىر سىياسەتچى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، كونسۇلخانا خەلقئارا ساقچىنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقىنى بىر تەرەپكە چۆرۈۋېتىپ، دولقۇن ئەيسانىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىپ باقماقچى بولىدۇ - دە، ئۇنى چاقىرتىپ سۆھبەتلىشىدۇ. سۆھبەت ئارقىلىق ئۇلار دولقۇننىڭ بىر ئادەم

ئۆلتۈرگەن قاتىل بولماستىن، بەلكى بىر سىياسىي پائالىيەتچى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بىر ۋەتەنپەرۋەر كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ - دە، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ، مۇنداق تەكلىپلەرنى بېرىدۇ: سەن ئۆزۈڭگە دىققەت قىل! - دەيدۇ كونسول ئەمەلدارى ھەمدە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ - سەن ئامال بار ئۈچىنچى دۇنيا دۆلەتلىرىگە بارمىغىن، بولۇپمۇ ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە بارما! ئەگەر خىتاينىڭ تەسىرى ئاستىدىكى دۆلەتلەرگە بارماقچى بولساڭ، ئۇ يەرگە زىيارەتكە بېرىشتىن بۇرۇن تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئاندىن زىيارەتكە بېرىشنى ئويلاش، بولمىسا بەزى خىتايغا بېقىنىپ قالغان دۆلەتلەر سېنى خىتايغا تۇتۇپ بېرىشى مۇمكىن! - دەيدۇ.

دېگەندەك، دولقۇن ئەيسا شۇنىڭدىن كېيىن خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتىنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىن چىقارغان تۇتۇش بۇيرۇقىنىڭ ئاۋارىچىلىكىگە ھەر دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئىتالىيە، شىۋىتسارىيىلەرگە پائالىيەت ئۈچۈن بارغاندا بىر نەچچە قېتىم تۇتۇپ تۇرۇپ تەكشۈرۈلىدۇ ۋە خىتايغا ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىش تەھدىتىگە دۇچ كېلىدۇ. ئەمما ئۇ خەلقئارادىكى دېموكراتىك دۆلەتلەر ۋە تەشكىلاتلاردىن، گېرمانىيە، ئامېرىكا، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى ۋە ھەرقايسى ئىنسانلار ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئارىلىششى بىلەن خىتايغا قايتۇرۇلۇشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. لېكىن، بەزى دۆلەتلەرگە كىرگۈزۈلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى - ئۇيغۇرلار بىزنىڭ : «ئىككىنچى ۋەتىنىمىز»دەيدىغان ۋە تۈرۈك دۇنياسىنىڭ يېگانە قەلئەسى بولغان تۈركىيەدۇر. دولقۇن ئەيسا يەنە دۇنيادىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ ۋە دېموكراتىيەنىڭ لىدەرى دەۋاتقان ئامېرىكىغا 2006 - يىلى بىر قېتىملىق سىياسىي پائالىيىتى ئۈچۈن بارغاندا چېگرادىن كىرگۈزۈلمەي قايتۇرۇۋېتىلىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن دولقۇن ئەيسا قىلچىلىك پائالىيىتىنى بوشاشتۇرۇپ قويمايدۇ.

دولقۇن ئەيسا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «قاتىل»دېگەن تۆھمىتىگە

قارشى قەتئىي تىز پۈكمەس ئىرادە بىلەن ۋە ھەر خىل سىياسىي، قانۇنىي يوللار بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. ئۇ گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدىكى داڭلىق ئادۋوكات، دوكتور ئالبېرىھت گۆرىڭ دېگەن كىشىنى ئادۋوكاتلىققا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتىغا: ئۆزىنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن قارىلانغانلىقى توغرۇلۇق ئەرز - شىكايەت سۇنۇپ، تۆھمەت بىلەن توقۇپ چىقىرىلغان «تۇتۇش بۇيرۇقى» نى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دولقۇن ئەيسا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۆھمىتى ۋە ھەر خىل توسالغۇلارغا قىلچىلىك پىسەنت قىلماستىن پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. ئەمما، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ پېشىنى قويۇپ بەرمەيدۇ.

2003 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق بىخەتەرلىك نازارىتى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنى بىر بىرسىگە ئۆچ قىلىش ۋە قارىمۇ-قارشى ھالەتكە ئەكېلىپ قويۇش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى قاتارلىق خەلقئارادىكى تۆت چوڭ شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى بىلەن مەمەتئىمىن ھەزرەت، ئابلىمىت تۇرسۇن، ئابدۇجېلىل قارىقاش، دولقۇن ئەيسا قاتارلىق ئون بىر كىشىنى تېررورچىلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، قارىلىماقچى بولىدۇ. ھەمدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تېلېۋىزىيە قانالللىرىدا ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىپ، ئۇلارنى خەلققە يامان كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە بېسىم قىلىش ۋە خەلق ئىچىدە يېتىم قالدۇرۇشتەك ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىخەتەرلىك نازارىتى ساقچىلىرى دائىم چەتئەلدىكى سىياسىي پائالىيەتچىلەرنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق -تۇغقانلىرىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا پاراكەندىچىلىك سالىدۇ. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك بىخەتەرلىك باشقارمىسىنىڭ ساقچىلىرى ھەدىسىلا ئايخان ئانا ۋە ئەيسا مۇھەممەت ئاكىنى تولا سوئال - سوراققا تارتىش بىلەنلا قالماي يەنە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە 24 سائەت نازارەتچى

ۋە پايلاقچىلارنى قويۇپ قويۇپ، كىم كىرىدۇ، كىم چىقىدۇ؟ دېگەننى ئېنىقلاپ ھەمدە كىرگەن-چىققانلاردىن: نېمىشقا بۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىسىلەر؟ نېمە ئىشىڭلار بار؟ دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ ئاۋارە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جامائەت ئايخان ئانا ۋە ئەيسا مۇھەممەت ئاكىنىڭ - ھۆكۈمەتنىڭ نازارىتىدىكى ئالاھىدە بىر ئائىلە ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئوغلىنىڭ چەتئەلدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ كاتىپىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېتىشىدۇ - دە، بىر - بىرسىگە تارقىتىشىپ، خۇددى ئۇلارنىڭ قارىسى يۇقۇپ قالىدىغاندەك خوشنىدارچىلىق ۋە دوست - ئاغىنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزىشىدۇ. ئۇلاردىن قاچىدۇ. ھەتتا ئۇلارغا سالام - سائەت قىلىشتىنمۇ قورقۇشۇپ كېتىدۇ. بۇ ئىشلار ئايخان ئانا ۋە ئەيسا مۇھەممەت ئاكىغا خېلى ئېغىر كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئۆزلىرىنى يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ، بەزىدە كۆڭلى بۇزۇلاتتى. ئەمما ئۇلار ۋاپادار باللىرىدىن ۋە تۇغقانلىرىنىڭ پات - پات يوقلاپ تۇرۇشىدىن كۆڭلىگە تەسەللىي تېپىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى خوشال - خورام ۋە ئۈمىدۋارلىق ئىچىدە ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

2008 - يىلى 8 - ئايدا ئامېرىكا ئالەم قاتنىشىش ئىدارىسىنىڭ ئىنژېنېرى ئەركىن سىدىق ۋەتەنگە تۇغقان يوقلاش زىيارىتىگە بېرىپ، ئاقسۇدىكى ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىدا تۇرۇۋاتقاندا، ئايخان ئانا ۋە ئەيسا مەمەت ئاكىلارنى يوقلاپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: سىزنى كۆرۈپ، ئوغلىمىز دولقۇننى كۆرگەندەك بولدۇق - دەپ، كۆز ياشلىرىنى تۇتالماستىن يىغلاپ كېتىشىدۇ. ئەركىن سىدىق ئۇلارغا نۇرغۇن تەسەللىلەرنى بېرىپ: ئايخان ئانا ۋە ئەيسا مۇھەممەت ئاكىلارنىڭ ھەرگىزمۇ كۆڭلىنى يېرىم قىلماسلىق كېرەكلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئوغلىنىڭ شەرەپلىك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى، ئاشۇنداق بىر ئوغلى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇلارمۇ ئەركىن سىدىققا: بىز ئوغلىمىز دولقۇننى بەكمۇ سېغىندۇق، ھايات ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ دىدارىنى بىر

كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمىز، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان خەيرلىك ئىشلىرىنى بىز بىلمىز، بىز ئۇنىڭدىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى! ئۇنىڭغا ئاللاھتىن مەدەت ۋە سالامەتلىك، تىنچ - ئامانلىق تىلەيمىز! بىزدىن ئۇنىڭغا ئوتلۇق ۋە سېغىنىشلىق سالاملىرىمىزنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ - دەيدۇ. ئەركىن سىدىق بۇ تەسىرلىك كۆرۈنىشنى ۋىدىئوغا ئېلىۋېلىپ، ئامېرىكىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي دولقۇن ئەيساغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، دوستلۇق ۋە سەپداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلغان ئىدى.

دولقۇن ئەيسا ھەر ھەپتىدە ئاتا - ئانىسىغا تېلېفون قىلىدىغان ئادىتى بويىچە 2017 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرقى ھەپتىسى ئاقسۇدىكى ئاتا - ئانىسىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئۇزاق مۇڭداشقان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئانىسى ئۇنىڭغا: ئوغلۇم، ھازىر مېنىڭ سالامەتلىكىم ياخشى، تېخى ئۆتكەندە ئاچاڭ ئارزۇگۇل بىزنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىپ، دوختۇرخانىغا تەكشۈرتۈپ كەلدۇق. بىزدىن ئەندىشە قىلما! ئۆزۈڭنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىل، ئايالىڭ ماھىرە ۋە باللىرىڭغا ياخشى قارىغىن، سىلەرنى خۇداغا تاپشۇردۇم! - دەپ ئوغلىنى خاتىرجەم قىلغان ئىدى. ئەمما بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشنىڭ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈشۈشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئايخان ئانىمۇ، دولقۇن ئەيسامۇ ھېچ ئويلاپ باقمىغان ئىدى.

دولقۇن ئەيسانىڭ دائىم ئۇلايدىغىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ئىدى. ئانىسىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى بەك ناچار ئەمەس ئىدى. ئەمما دادىسى ئەيسا مۇھەممەت دوۋساق كېسىلى بىلەن ئاغرىغان بولۇپ، دائىم يېنىدا سۇيدۈك چىقىرىش خالتىسى بولۇشى ۋە ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. بۇ ئىشلارنى ئۇ ئۆزى يالغۇز بېجىرەلمەيتتى. چوقۇم يېنىدا ئايخان ئانا ياكى باللىرىدىن بىرەرسى بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقا دولقۇن ئەيسا دادىسىنىڭ يالغۇز قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتى. ئىنىسى خۇشتار ئۈرۈمدىن بۇيان تېلېفونغا چىقمايۋاتاتتى.بەلكى ئۇ

تۇتۇلۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئىلگىرى بىر نەچچە قېتىملىق سىياسىي ھەرىكەتكە چېتىلىپ تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇمۇ بىر كىچىك سىياسىي ئەرباب ئىدى. ئاچىسى ئارزۇگۈل ۋە ئاكىسى يالقۇنلار بالا - چاقىلىرى بىلەن باشقا يەردە ئولتۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار چوڭلارنى يالغۇز قويماي دائىم يوقلاپ تۇراتتى .

مۇشۇ كۈنلەردە دولقۇن ئەيسا ئاتا - ئانىسىدىن ئىنتايىن ئەندىشە قىلىۋاتاتتى. چۈنكى، بىر نەچچە ئايدىن بۇيان ۋەتەندىكىلەر بىلەن چەتئەللىكلەرنىڭ تور - تېلېفون ئالاقىسى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۈزۈۋېتىلگەن بولۇپ، ھەر قانداق بىر دۆلەتتىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلار ئائىلىسى بىلەن كۆرۈشەلمەيۋاتاتتى. خىتاي ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى ئاخبارات خەۋەرلىرىدىن ئەڭ ئالدىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغان دولقۇن ئەيسا - ۋەتەن ئىچى بىلەن سىرتنىڭ ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈۋېتىلىشىنىڭ بىر شۇملۇقنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى سەزمەكتە ئىدى. شۇنداقلا ئۇ - دىكتاتور شى جىن پىڭ رەئىسلىكىدىكى خىتاي كومپارتىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇپ،ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ ۋە قىرغىن قىلىپ يوقىتىش ئارقىلىق ئاتالمىش «بىر بەلباغ - بىر يول - پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئۇيغۇرلارنىڭ توسالغۇ بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغانلىقىدىن ئاللىقاچان خەۋەردار بولغان ئىدى. دولقۇن ئەيسانىڭ چەت ئەل سەپەرلىرىدە بەزى چەتئەل دىپلوماتلىرى ئۇنى بۇ ئىش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغان ئىدى.

چەتئەل دىپلوماتلىرىنىڭ ئالدىن ئاگاھلاندۇرغان پەرەزلىرى ھەش - پەش دېگۈچە شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى: خىتاي ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن «شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش»دېگەن نامدا ھەددىدىن ئاشقان بىخەتەرلىك سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ، كەڭ كۆلەملىك نارازەت قىلىش سېستېمىسى ئورنىتىپ، يەرلىك خەلقنى ھەددىدىن زىيادە قىساقاقا ئېلىپ، مىدىر - سىدىر قىلالماس قىلىپ قويسا، يەنە

بىر تەرەپتىن ئاتالمىش «كەسپىي قايسى تەربىيەلەش مەركىزى» نامدىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قۇرۇپ چىقىپ، «ئىدىيەڭدە مەسىلە بار، قايتا تەربىيىلىنىسەن!» دېگەن سىياسىي بەتنام بىلەن نۇرغۇن دىنىي زات، زىيالىي، دېھقان ـ چارۋىچى، كارخانىچى ـ تىجارەتچى ۋە چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققانلار، ئۇرۇق تۇغقانلىرى چەت ئەلدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىدىن بولۇپ، ھېچقانداق جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن بىگۇناھ ئىنسانلارنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ تۇتۇشقا باشلىدى. دولقۇن ئەيسانىڭ ئائىلىسىمۇ بۇ تۇتقۇننىڭ قۇربانلىرىدىن ئىدى.

يېقىندىن بۇيان ئايخان ئانىنىڭ ئىچى تىتىلدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. چۈنكى، بىر ئايدەك ۋاقىت بولدى چوڭ ئوغلى يالقۇن بىلەن كىچىك ئوغلى خۇشتار ئارقا ـ ئارقىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن تۇتۇلغانلىقىنى چۈشىنەلمەيۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇلار يا ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويمىدى ياكى بۇلاڭچىلىق قىلمىدى ۋە ياكى بىرەر پارتىيە ياكى تەشكىلاتمۇ قۇرمىغان ھەم قاتناشمىغان ئىدى. ئۇنداقتا نېمىشقا بالىلىرىمنى تۇتۇپ كېتىدۇ؟ ئايخان ئانا ئويلا ـ ئويلا ئاخىرى بۇ ئىشنىڭمۇ تېگىگە يەتكەندەك بولدى. ئۇ مۇنداق ئويلاپ قالغان ئىدى: «بەلكى ئۇلار گېرمانىيەدىكى ئوغلۇم دولقۇننىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندۇ؟ تېخى نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ساقچىلار بىزنىڭ ئۆيىمىزگە كېلىپ تەھدىت قىلىپ: ئوغلۇڭلار چەتئەللەردە قىلىۋاتقان جۇڭگوغا قارشى پائالىيەتلىرىنى توختاتسۇن، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا سىلەرگىمۇ ياخشى كۈن يوق. ئۇنىڭ بەدىلىنى سىلەر تۆلەپ قالىسىلەر ـ دېگەن ئىدىغۇ؟ شۇنىڭغا قارىغاندا ئوغلۇم چوڭ ئىشلارنى قىلىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ بولمىسا ئوغلۇمنى ۋاي قاتىل ـ تېرورچى، ۋاي بۆلگۈنچى دەپ كېتەرمىدى؟ ئەگەر ئۇ تېرورلۇق قىلغان بولسا، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ۋەتەنداشلىق بېرەرمىدى؟»

دېمىسىمۇ ئايخان ئانىنىڭ ئويلىغانلىرى ھەقلىق ئىدى. دولقۇن ئەيسا ھېچقاچان قاتىللىق قىلىپ باقمىدى. بەلكى ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىدىغان بىر سىياسىي پائالىيەتچى ئىدى. دولقۇن ئەيسانى تونۇيدىغان كىشىلەردىن ھېچكىم ئۇنىڭ تېررورلۇققا مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئىشنى قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. ئەسلى ئاقسۇ شايارلىق بولغان، ھازىر گېرمانىيەدە ياشايدىغان ئوسمان مەمەت دولقۇن ئەيسانى ۋەتەندىكى ۋاقتىدىلا تونۇيدىغانلاردىن بولۇپ، 2003 - يىلى ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق گۇۋاھلىق بەرگەن: «دولقۇن ئەيسا قاتىل ئەمەس، ئۇ تىنچلىق ئۇسۇلدا ۋەتەن داۋاسى قىلىۋاتقان بىر سىياسىي پائالىيەتچى، ئۇ ئۆمرىدە بىر تال توخۇمۇ بوغۇزلاپ باقمىغان»

**2 - ئاتا-ئانىنىڭ دۇئاسى - پەرزەنتلەرنىڭ تۇمارىدۇر!**



خىتاي ھۆكۈمىتى دولقۇن ئەيساغا تۆھمەت چاپلاپ، ئۇنىڭ ۋەتەن داۋاسىدىكى تىز پۈكمەس ئىرادىسىنى توختاتماقچى بولغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، دولقۇن ئەيسانىڭ خەلقئارالىق پائالىيەتلىرى چەكلىمىگە ئۇچراشقا باشلىدى. قان -قېرىندىشىمىز دەپ قارىلىدىغان تۈركىيەگە كىرىشى چەكلەندى. 2006 - يىلى ئامېرىكىغا خەلقئارالىق بىر يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارغاندا چېگرادىن قايتۇرۇۋېتىلدى. 2012 - يىلى جەنۇبىي كورېيەگە خەلقئارالىق بىر يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارغان ۋاقتىدا بولسا ھاياتى قىل ئۈستىدە قالغان ئىدى. جەنۇبىي كورېيە دائىرىلىرى دولقۇن ئەيسانى چېگرىدا تۇتقۇن قىلىپ، خىتايغا قايتۇرۇۋەتمەكچى بولىدۇ. ھەتتا جەنۇبىي كورېيە دائىرىلىرى خىتاي دائىرىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ: «سىلەر خەلقئارا ساقچى ئارقىلىق تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان تېررورچى دولقۇن ئەيسانى تۇتۇۋالدۇق، سىلەرگە قايتۇرۇپ بېرىمىز» دەپ خەۋەر بېرىشكەن ئىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر

تاپقـان خىتايـلار چـىش - تىرنىقىنـى بىلـەپ: «دولقـۇن ئەيسـانى ئېلىـپ كېتىمـىز، ئـۇ بىزنىـڭ قولىمىزغا چۈشـۈپ بولـدى» دەپ، خىتـاي ئىچىدىكـى گېزىت-مەتبۇئاتـلاردا خـەۋەر قىلىـپ بولغـان ئىـدى. ئەمما خىتايلارنىـڭ بـۇ رەزىـل مەقسـىتى ئەمەلگـە ئاشـمىدى. گېرمانىيـە ھۆكۈمىتـى ئـۆز ۋەتەندىشـى بولغـان دولقـۇن ئەيسـانى قوغـداپ ئارىغـا كىـردى ۋە جەنۇبىـي كورېيـە بىلـەن بىـر مەيـدان دىپلوماتىيـك كـۈرەش ئېلىـپ بـاردى. ئارقىدىــن بـۇ تەھلىكىدىــن خـەۋەر تاپقـان ئامېرىـكا دۆلـەت مەجلىسـى ئەزالىرىمـۇ ئارىغـا كىرىـپ: «ئەگـەر سـىلەر دولقـۇن ئەيسـانى خىتايغـا قايتـۇرۇپ بەرمەكچـى بولسـاڭلار، جەنۇبىـي كورېيـەدە تۇرۇۋاتقـان 350 مىـڭ ئامېرىـكا ئەسـكىرى بارلىقىنـى ئۇنتـۇپ قالمـاڭلار؟ بـۇ سـەۋەبتىن ئامېرىـكا جەنۇبىـي كورېيەنـى قوغداشـتىن ۋاز كېچىشـى مۇمكىـن؟» دېگەنـدەك قاتتىـق ئىبارىلـەر بىلـەن ئۇلتىماتـوم تاپشـۇردى. شـۇنىڭ بىلـەن ئاخىـرى جەنۇبىـي كورېيـە دائىرىلىـرى دولقـۇن ئەيسـانى خىتايغـا قايتـۇرۇپ بېرىشـتىن ۋاز كېچىـپ، ئـەرەب بىرلەشـمە خەلىپىلىكـى ھـاۋا يوللىرىنىـڭ بىـر ئايروپىلانىغا چىقىرىـپ، گېرمانىيەگـە يولغـا سـېلىپ قويۇشـقا مەجبۇر بولغـان ئىـدى. ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتـى بىلـەن دولقـۇن ئەيسا يەنـە بىـر قېتىـم چـوڭ بىـر خەتەردىـن قۇتۇلغـان ئىـدى.

دولقـۇن ئەيسـا بىـر ئىرادىلىـك يىگىـت ئىـدى. ئـۇ خىتاينىـڭ قۇرغـان خەلقئـارا سـاقچى تەشـكىلاتى ئارقىلىـق ئۆزىنـى تۇتـۇپ كېتىـش ياكـى ئاللىقانـداق بىـر ئۇسـۇل بىلـەن زىيانكەشلىك قىلىش قىلتىقىدىـن قىلچىمـۇ قورقـۇپ قالمىـدى. ئـۇ دۇنيـادا بىـر ئادالەتنىـڭ بارلىقىغـا ئىشـىنەتتى. شـۇڭا ئـۇ خىتاينىـڭ سۇيىقەسـتلىرىگە قارشـى تېخىمـۇ باتۇرلـۇق بىلـەن كـۈرەش قىلىشـنى قـارار قىلـدى.

دولقـۇن ئەيسـا بـاش مەركىـزى ئىتالىيـەدە بولغـان «خەلقئـارا سـاقچى تەشـكىلاتى»نىڭ خىتايـدەك بىـر دىكتاتـور دۆلەتنىـڭ تۆھمەتلىرىگـە ئىشـىنىپ، ئۆزىنـى قـارا تىزىملىككـە كىرگـۈزۈپ، تۇتۇش بۇيرۇقـى چىقارغانلىقىنـى قىلچىمـۇ مەنسـىتمىدى. ئـۇ بىـر تەرەپتىـن

گېرمانىيەدىكى داڭلىق ئادۋوكات، دوكتور ئالبىرھەت گۆرۈك ئارقىلىق خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتىغا نارازىلىق ئەرزى سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى، بۇ بىر خىتاينىڭ تۆھمىتى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا تۇتۇپ بېرىش ئۇقتۇرۇشىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلغان بولسا، يەنە تەرەپتىن ئۆزىنىڭ نىشانى ۋە غايىسىدىن قىلچىمۇ تەۋرەنمەي، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى دۇنيا ئەللىرى، دېموكراتىك دۆلەتلەر ۋە ئىنسان ھەقلىرى قۇرۇلۇشلىرىغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى باشقا ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى بىلەن بىرگە تىنىمسىز ھەرىكەت قىلدى.

دولقۇن ئەيسانىڭ ۋەتەن داۋاسىدا ئېلىپ بارغان بۇ تىرىشچانلىقى ئاخىرى دېموكراتىك ئەللەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ۋە يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشتى. دولقۇن ئەيسانىڭ ئامېرىكىغا كىرىش چەكلىمىسى بىكار قىلىندى. ھەممىدە ئۇنىڭغا ئامېرىكىدىكى كوممۇنىزم قۇربانلىرىنى خاتىرىلەش فوندى تەرىپىدىن يىلدا بىر قېتىم بېرىلىدىغان، ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى رىگاننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان «رىگان خەلقارالىق ئەركىنلىك جەڭچىسى» مۇكاپاتىغا لايىق كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن 2016 - يىلى 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دولقۇن ئەيسا ئامېرىكىغا بېرىپ مەزكۇر مۇكاپاتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئوخشاشلا خۇشاللىققا چۆمۈپ، دولقۇن ئەيسانى تەبرىكلىدى. بۇ دولقۇن ئەيسا ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتاي كوممۇنىست مۇستەبىتلىرى ئۈستىدىن قىلغان بىر قېتىملىق غەلىبىسى ئىدى.



شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ خەلقئارادا تونۇلۇشى بىلەن بىرگە، بۇ داۋا ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز خىزمەت قىلىپ، تىنىم تاپماي كۈرەش قىلىۋاتقان دولقۇن ئەيسانىڭ يولى كۈنسېرى ئېچىلىپ بارماقتا ئىدى. «ئامەت كەلسە قوش كېلىپتۇ» دېگەندەك دولقۇن ئەيساغا مۇكاپاتقا ئېرىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئەنگلىيەنىڭ لوندون

شەھىرىدىكى «ئادالەت سوتى» ناملىق خەلقئارالىق ئادۋوكاتلار تەشكىلاتى دولقۇن ئەيسانىڭ «خەلقئارالىق ساقچى تەشكىلاتى»دىكى ناھەق دېلوسىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دولقۇن ئەيسامۇ ئۇلارغا رەھمەت خېتى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ناھەق قارىلىنىش سەۋەبى توغرىسىدا ئۇلارنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ ھەمكارلاشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىككى يىلدەك تىرىشچانلىقى كۆرسىتىش نەتىجىسىدە، «خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتى» ئاخىرى ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، دولقۇن ئەيسانى بۇ قارا تىزىملىكتىن چىقىرىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭغا خىتاينىڭ خەلقئارالىق ساقچى تەشكىلاتىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ئۈچۈن ئالدامچىلىق ۋە پاراخورلۇق يولى بىلەن رەئىسلىككە سايلىنىۋالغان سابىق خىتاي ج خ مىنىستىرى مىڭ ۋېنجۇمۇ توسقۇنلۇق قىلالمىدى. شۇنداقلا ئۇ بۇ ئىش سەۋەبىدىن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چاقىرتىلىپ كېتىلىپ تۈرمىگە تاشلاندى.



### 3 - ئايخان ئانىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىپ، جازا لاگېرىغا سولىنىشى ۋە ۋاپاتى

ئايخان ئانا بىلەن ئەيسا مۇھەممەت ئاكا ھەر كۈندىكى ئادىتى بويىچە سەھەر تۇرۇپ، مەخپىي ھالدا ئىبادەتلىرىنى قىلىۋالغاندىن كېيىن، تەنھەرىكەت ئورنىدا ئۆز ھويلىسىدا ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار بىلەن بەند بولاتتى. ئەمما بۈگۈن نىمىشقىكىن ھەر ئىككىلىسىنىڭلا قولى ئىشقا بارمايۋاتاتتى. چۈنكى، ھەر ئىككىلىسىنىڭلا چۈشى بۇزۇلۇپ قالغان بولۇپ، بىرەر پېشكەللىك كېلىدىغاندەك ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى: «بىزنىمۇ تۇتۇپ - سولاپ ئاۋارە قىلارمۇ؟ - دەپ ئويلىدى ئايخان ئانا - ئەمدى قېرىغاندا جازا لاگېرىغا تۇتۇپ ئېلىپ كەتسە قانداقمۇ قىلارمىز؟ مەنغۇ مەيلى، سالامەتلىكىمۇ يامان ئەمەس، ئەمما بالىلارنىڭ دادىسى كېسەل تۇرسا، ھەر ۋاقىت بىر ئادەم ئۇنىڭغا ھەمراھ

بولمىسا، تاھارەت ئېلىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلالمايدىغان تۇرسا؟ ئۇ قانداقمۇ قىلار؟ ئۇلارنىڭ تۈرمە - لاگېرلىرىدا دوختۇرخانا بارمىدۇ؟ ئىككىمىزنى بىر يەردە قويارمۇ؟»

ئايخان ئانا ئويلىغانلىرىنى ئەيسا مۇھەممەت ئاكىغا دەپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى بۇزۇشنى خالىمىدى. ئۆزىمۇ بۇ خىيالىغا بىر جاۋاب تاپالمىدى - دە، بولدىلا، قالغىنىنى ئاللاھقا قوياي، باشقا كەلگەننى كۆرەرمىز! ئاللاھ نېمىنى تەقدىر قىلغان بولسا شۇ بولىدىغۇ؟ بەلكى قېرىغاندا بىزنى تۈتۈپ - سولاپمۇ كەتمەس؟ دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، گۈلگە بىرئاز سۇ قويۇپ قوياي دەپ، چېلەككە سۇ ئالماقچى بولۇپ، جۈمەكنى ئېچىشقا دەرۋازا قاتتىق ئۇرۇلدى:

— كىم؟ ئەتىگەندە نېمە ئىشلار بار؟

— بىز دۆلەت بىخەتەرلىك باشقارمىسىدىن كەلدۇق، ئىشىكنى ئېچىڭلار!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئايخان ئانا بىرىپ ئىشىكنى ئېچىۋىدى، ئون نەچچە قوراللىق ساقچىسى ھويلىغا باستۇرۇپلا كىرىپ،ئايخان ئانانىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ، بىر ماشىنىغا ئايخان ئانىنى، يەنە بىر ماشىنىغا ئەيسا مۇھەممەت ئاكىنى چىقىرىپ ئېلىپ مېڭىشتى.



ئالاھەزەل يېرىم سائەتتەك يول ماڭغاندىن كېيىن، ئايخان ئانىنى يالاپ ئېلىپ ماڭغان ماشىنا بىر يوغان دەرۋازىلىق، تائاملىرى ئېگىز ۋە تىكەنلىك سىم بىلەن قورشالغان بىر يەرگە كېلىپ توختىدى - دە، ئايخان ئانىنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ، چوڭ دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن، ساقچىلار ئايخان ئانىنى بىر بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى ئىشخانىسىغا ئېلىپ ئەكىردى. ئىشخانىدا بىر نەچچە ساقچى بىلەن بىر ئاق خالات كيگەن دوختۇرمۇ تۇراتتى. دوختۇر ئايخان ئانىنىڭ پۇتۇن ئىچكى ئەزالىرىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ئاندىن بېلىكىنى ئاچتۇرۇپ، ئىككى

بىلىكىگە بىر تالدىن ئوكۇل ئۇرۇدى. يەنە بىر بىلىكىدىن قان ئالدى. قان بېسىمىنى ئۆلچىدى. شۇنىڭ بىلەن دوختۇر ساقچى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ساقچى باشلىقىغا دوكلات قىلدى: يۈرەك ھەرىكىتى ئاجىز، نەپىسى سىقىلىدۇ. قان بېسىمىمۇ نورمال ئەمەس، ئېغىر بېسىملارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان باشلىق خىتاي كۆزىنى چەكچەيتكەنچە ئايخان ئانىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن دوختۇرغا قاراپ: سەن چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ - دېدى. ئاندىن ئۆزى بىلەن بىللە كىرگەن ۋە توك كالتىكى، زەنجىر - كىشەنلەرنى كۆتۈرۈۋالغان سوراقچىلارغا قاراپ: سىلەرمۇ چىقىپ باشقا ئىشىڭلارنى قىلىڭلار، بۇ قېرى موماينى قىيناپ سوراق قىلىشقا بولمايدۇ! - دېۋىدى. باياتىندىن بۇيان ئايخان ئانىنى قىيناپ سوراق قىلدۇرۇش ئۈچۈن، جاللاتلاردەك قاراپ تۇرغان ئىككى ساقچىمۇ چىقىپ كېتىشتى. ساقچى باشلىقى خىتاي ئەمدى نېمە قىلارىنى بىلمەي ئىشخانىدا ئۇ تەرەپتىن - بۇ تەرەپكە مېڭىپ، ئۆزىنى - ئۆزى كاچاتلىغۇدەك بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتى. بەلكى ئۇ مەن بۇ قېرى تۇتقۇننى ئۇرۇپ - قىيناپ، بىر قوشۇق قېنىنى ئىچەلمەي قالدىم دەپ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇ ئەسنادا كارىدوردىن ئىتتىك مېڭىپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئاياق تىۋىشى ئاڭلىنىپ، بايام چىقىپ كەتكەن ئىككى ساقچى بىلەن بىر ئېگىززەك كەلگەن، يوغان قورسىقى ئالدىغا پۈلتىيىپ چىقىپ قالغان، قاپاقلىرى ئىششىپ ساڭگىلاپ كەتكەن بىرسى ئىشخانىغا كىرىپ، «دوكلات» دەپ چاس بەرگەندىن كېيىن، ساقچى باشلىقىدىن سورىدى:

ــ جاڭ باشلىق، نېمىشقا بۇ قېرى موماينى سوراق قىلمايمىز؟

ــ ئەيىيا، تاڭ مۇئاۋىن باشلىق، سەن بىلمەمسەن؟ بۇ ئادەتتىكى تۇتقۇن ئەمەس، گېرمانىيەدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى د ئۇ ق نىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسانىڭ ئانىسى بولىدۇ. بىز ئۇنى

قىيناپ سوراق قىلساق، ناۋادا بىزنىڭ ئېغىر جازا قوراللىرىمىزغا بەرداشلىق بەرمەي ئۆلۈپ كېتىپ قالسا، ئىشىمىز چاتاق بولمامدۇ؟

ــ قانداق چاتاق بولىدۇ؟

ــ ئەييا، تاڭ مۇئاۋىن باشلىق، ئەگەر بۇ قېرى موماينىڭ بىزنىڭ جازا قوراللىرىمىزنىڭ زەربىسىدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكى دۇنياغا ئاشكارىلىنىپ كېتىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئوغلى خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىپ، ئەپتى - بەتشىرىمىزنى ئېچىپ تاشلىمامدۇ؟ ئۇ چاغدا بىز يۇقىرىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟

ــ ئەمما جاڭ باشلىق، بىز بۇ قېرىنى يەر ئاستىكى سوراقخانىمىزغا ئەكىرىپ، ناھايىتى مەخپىي سوراق قىلاتتۇق، ناۋادا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆلۈپ كەتسە جەسىتىدىن ئېلىپ چىقىپ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي كۆيدۈرۈۋاتاتتۇق. شۇنداق قىلساق ئۇ قانداق بىلەلەيتى؟

–ياق، ياق،تاڭ مۇئاۋىن باشلىق، بۇنداق قىلساق بولمايدۇ. بۇ دېگەن دۆلەتنىڭ يۈز -ئابرويىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. چەتئەلدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا، بولۇپمۇ دولقۇن ئەيسادەك ئەشەددىي دەۋاگەرلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىغا زىيان -زەخمەت يەتكۈزسەك بولمايدۇ. بولمىسا ئۇلار دۆلىتىمىزنى قارىلايدىغان ئاساسقا ئىگە بولىۋالىدۇ - دە، خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىپ، تەشۋىق قىلسا دۆلەتنىڭ يۈزى تۆكۈلىدۇ. بۇ بىر سىياسىي سەزگۈرلۈككە چېتىلىدىغان مۇھىم مەسىلىدۇر.

–ھە - ئە، شۇنداقمۇ جاڭ باشلىق؟ مەن ئەجەب ئۇنى ئويلىماپتىمەن، سىز توغرا دەيسىز، ئەمسە بۇ قېرى موماينى قويۇۋېتەمدۇق؟

–ئەييا، ياق، ياق، تاڭ مۇئاۋىن باشلىق، بىز ئۇنى ئۆز ئالدىمىزغا قويۇپ بېرەلمەيمىز!

–ئەمسە قانداق قىلىمىز؟

— مېنىڭچە، بىز بۇ قېرى موماينى بۇ يەردە ئۇرۇپ - قىيناپ ھەم سوراقلا تارتىپ يۈرمەي، ئۇنى ئۆز يۇرتى كەلپىن ناھىيەسىدىكى «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئەۋەتىپ بېرەيلى. ئۇ يەردە، ئۇ ئۆلەمدۇ؟ تىرىلەمدۇ؟ بىزنىڭ نېمە ئىشىمىز، ناۋادا بىر ئىش بولۇپ قالسا، ئۇيغۇردىن بىرسىگە ئارتىپلا قۇتۇلىمىز. بىزنىڭ دانا ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان: «ئۆز يېغىدا - ئۆز گۆشىنى قورۇش» دەيدىغان بىر تاكتىكىمىز بار ئەمەسمۇ؟

— بارىكاللا، بارىكاللا! جاڭ باشلىق، يەنىلا سىز ئەقىللىك جۇمۇ! بۈگۈنلا ئۇنى كەلپىنگە يولغا سالايلى.

— ئۇنداق بولسا، سىز يۆتكەش رەسمىيەتنى تەييار قىلىڭ!

— بولىدۇ، مەن بۇ ئىشنى بۈگۈنلا پۈتتۈرۈپ، بۇ قېرى موماينى كەلپىندىكى «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە يوللايمەن.

4 - دولقۇن ئەيسا ئانىسىنىڭ ئاخىرەتلىكىگە بارالمايدۇ. ئەمما ئۇ خىتاي دۆلىتىنى سوتقا تارتالايدۇ!

خۇددى بارلىق چەت ئەلدىكى مۇھاجىرلارغا ئوخشاشلا دولقۇن ئەيسامۇ ئاتا - ئانا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن خەۋەر ئالالمىغىلى بىرەر - ئىككى يىلدىن ئاشقان ئىدى. ئۇ ئاتا -ئانىسىنىڭ ئاقسۇدىمۇ ياكى كەلپىندىمۇ؟ ھاياتمۇ ياكى ئۆلۈپ كەتتىمۇ؟ ساقمۇ ياكى كېسەلمۇ؟ ھېچنېمەنى بىلمەيتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ئاتا - ئانىسى ھەققىدىكى ئەندىشىلىك خىياللار كىرىۋېلىپ، ئارام بەرمەيۋاتاتتى. ئۇ بەزىدە ئۆزىگە -ئۆزى سوئال قويۇپ، بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن تەپەككۇر دۇنياسىغا كىرىپ كېتەتتى: «بۇ قانداق بولۇپ كەتكىنى؟ بىز قايسى دەۋردە ياشاۋاتىمىز؟ ئۇچار - قۇش،ئىت - مۈشۈك، قۇرۇت - قوڭغۇزىنىڭمۇ ياشاش ھەققى قوغدىلىۋاتقان دۇنيادا، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىمىز قوغدالمايۋاتىدىغۇ؟ بىزنىڭ ئادەتتىكى بىر ئۈچۈر - ئالاقە ھوقۇقىمىزمۇ تارتىۋېلىندى. ئائىلىمىز، ئاتا - ئانا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن خەۋەر ئالالمايۋاتىمىز.

مەن چەتئەللىك دوستلارغا بۇ ئەھۋاللارنى دېسەم كۆپىنچىسى ئىشەنمەيۋاتىدۇ. ئىشەنگەن بىر قىسمىلىرى بولسا بىزگە ھېسداشلىق قىلىپ، خىتايلارنى ئەيىبلەۋاتىدۇ. بۇ ئىشقا قارىتا بىز توردا بىر «ئىمزا كامپانىيەسى»نى يولغا قويۇپ، ئون مىڭ كىشىلىك ئىمزا توپلاپ، ھەر قايسى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنتلىرىغا، گېرمانىيە باش مىنىستىرى ئانگېلا مېركېلغىچە يوللىدۇق؟ ئۇلاردىنمۇ بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى توغرۇلۇق مەكتۇپلارمۇ كەلدى. ئەمما، ئۇلار دىكتاتور خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قۇلىقىغا يەتمەيۋاتىدۇ. يەتسىمۇ ئۇلار پەرۋا قىلمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەك؟ بىز بۇ زالىم خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىپ، كوممۇنىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بېسىۋېلىنغان دۆلىتىمىز - شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك!»

دولقۇن ئەيسا كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك ئۈچۈر – ئالاقە ئىشلىرى بىلەن ھەپىلىشىدىغان ۋە ۋەتەندىكى خەۋەرلەرنى ھەر دائىم كۆزىتىپ، ئۇيغۇر خەلقىگە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىدىن ئەڭ ئاۋۋال خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغان تۇرۇقلۇق، ئاتا - ئانىسىنىڭ نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر ئالالماسلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. بۇ ئىشلارغا ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران قېلىپ، ئىچى تىتىلداپ تۇرۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاۋستىرالىيەدە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر مۇھاجىرى - د،ئۇ، ق نىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى پولات سايىم ۋەتەنگە بېرىپ كەلگەن بىر ئاۋستىرالىيە ۋەتەندىشى ئۇيغۇردىن ئاڭلىغان، ئايخان ئانىنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى دولقۇن ئەيساغا يەتكۈزىدۇ. شۇنداقلا يەنە .د،ئۇ،ق نىڭ باياناتچىسى دىلشات رىشىتقا كەلگەن ئۇچۇرنىڭ بىرىدە، ئايخان ئانا 2018 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى يەنى بۇنىڭدىن 22 كۈن ئىلگىرى چۈشتىن كېيىن سائەت 3تىن 18 مىنۇت ئۆتكەندە ئاقسۇ كەلپىندىكى ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»دە جان

ئۆزگەن ئىكەن، بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان دولقۇن ئەيسا قاتتىق قايغۇ ئىچىدە ئانىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى پۈتۈن دۇنيادىكى دوست - ئاغىنە، سەپداشلىرىغا يەتكۈزىدۇ ۋە خەلقئارالىق ئاخباراتلاردا ئېلان قىلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلار ئايخان ئانىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈردى ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، ئايخان ئانىنىڭ ياتقان يېرىنىڭ جەننەتتە بولۇشى ۋە روھىنىڭ شاد بولۇشى ئۈچۈن دۇئالار قىلىشتى.

شۇنداقلا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ مۇخبىرى شۆھرەت ھوشۇر ئەپەندى ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە كەلپىن ناھىيەسىگە ئۈچ ھەپتىدەك ۋاقىت تېلېفون قىلىپ، سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئايخان ئانىنىڭ: «ئەسەبىي - ئاشقۇن ئىدىيەدىن يۇقۇملىنىش» دېگەن تۆھمەت بىلەن ئەيىبلىنىپ، بىر يىلدىن بېرى كەلپىن ناھىيەسىدىكى «ئىككىنچى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە قامالغانلىقى ۋە شۇ يەردە جان ئۈزگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ. (ئايخان ئانانىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، ئامىن!)

ئايخان ئانانىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپقان خەلقئارادىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ۋە دولقۇن ئەيسانىڭ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ۋە ۋەكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىدىكى دوستلىرى ئايخان ئانىنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈپ ئۇچۇر يوللىدى ھەمدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىنسان قىياپىتىدىن چىققان قىلمىشىغا غەزەپ - نەپرىتىنى بىلدۈردى. ۋەكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى رالىپ جون بانھە ئەپەندى تەزىيە ئۇچۇرىدا مۇنداق دېدى: «دولقۇن ئەيسا ئەپەندىنىڭ ئانىسىنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز! دولقۇن ئەيسانىڭ ئانىسى بىر قەيسەر جەڭچىنى يېتىشتۈرگەن، ئېسىل پەزىلەتكە ئىگە قەھرىمان ئانىدۇر. بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنىڭ ئۆلۈمگە سەۋەبچى بولغانلىقى ۋە يوشۇرغانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلەيمىز! بۇ 21 - ئەسىردىكى ئىنسانىيەت دۇنياسى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ۋەھشىي قىلمىشتۇر».

ئۇندىن باشقا يەنە دولقۇن ئەيسانىڭ دوست ۋە سەپداشلىرى ئايخان ئانىنىڭ ئىسىل خىسلەتكە ئىگە بىر ئانا ئىكەنلىكىنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ شۇنداق بىر كۆيۈمچان ئانىكى، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيەسىگە كىچىكىدىنلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى خۇددى بىر ئانا بولغاندىن باشقا بىر ئوقۇتقۇچى بولغانغا ئوخشاش پەرۋىش قىلىپ، ئۈچ ئوغلىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقان ئىدى. ئۇ ئانا شۇنداق كۆيۈمچان ئانا ئىدىكى، باللىرى ھەرقانچە خاپا قىلسىمۇ، ھېچقاچان تاپا - تەنە قىلىپ باقمىغان ئىدى. ئوغلى دولقۇن ئەيسا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا قۇرغان «ئوقۇغۇچىلار پەن مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى» نىڭ رەئىسى بولۇپ، مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداقلا يەنە 1988 - يىلى 15 - ئىيۇن ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش ئوقۇغۇچىلار نامايىشىنىڭ يېتەكچىسى ۋە تەشكىللىگۈچىسى بولغانلىقى سەۋەبلىك مەكتەپتىن قوغلاندى قىلىنغاندا بولسا،ئۇ ئوغلى دولقۇنغا ھېچ بىر تاپا - تەنە قىلمىغان ئىدى. ئوغلى چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ، ۋەتەن داۋاسىدا ئاۋانگارتلىق رول ئويناپ ۋە مىللىي داۋاغا ۋەكىللىك قىلىۋاتقان د ئۇ ق غا رەئىس بولغاندىن كېيىن، ئايخان ئانا ۋە ئەيسا مۇھەممەت ئاكىغا قاتتىق بېسىم بولغاندىمۇ، ۋەتەندە قالغان ئوغۇللىرى تۇتۇپ كېتىلگەندىمۇ، ئوغلى دولقۇنغا بىر قېتىممۇ تاپا - تەنە قىلىپ باقمىدى. ھەتتا لاگېرغا تۇتۇلۇپ ئېلىپ كېتىلگەندىمۇ «بۇ ئوغلۇمنىڭ سەۋەبىدىن بولغان»دەپ قاقشىمىغان ئىدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئايخان ئانا ئوغلى دولقۇننىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ بىر ھەققانىي ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى ۋە ئوغلىدىن قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن غەلىبىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭلاشقا، ئايخان ئانا خىتاي بىخەتەرلىك تارماقلىرىنىڭ يۈزلەرچە قېتىملىق سوراق ۋە بېسىملىرى ئالدىدىمۇ تېز پۈكمىگەن، ئۇلۇغۋار پەزىلەتكە ئىگە قەھرىمان

ئانىلارنىــڭ ئۆلگىســىدۇر!.

دولقــۇن ئەيســا مۇھاجىرەتتىكــى مىڭلىغــان ـ ئــون مىڭلىغــان ئۇيغۇرلارغــا ئوخشــاش ئانىســىنىڭ ئاخىرەتلىكىگــە بارالمىغــان ئىــدى. ئــۇ بۇنىڭدىــن قاتتىــق ھەســرەت چەكســىمۇ، ئەممــا ئــۇ قايغۇنــى كۈچكــە ئايلانــدۇرۇپ، يەنــىلا ۋەتــەن داۋاســىغا بېغىشــلانغان بــۇ شــەرەپلىك يولدىــن قىلچىمــۇ تەۋرەنمىــدى. ئــۇ مىيۇنخېــن شــەھىرىدىكى دوســت ـ ئاغىنىلىــرى ۋە سەپداشــلىرىنىڭ قولــلاپ ـ قۇۋۋەتلىشــى بىلــەن ئانىســىنىڭ نەزىرىنــى بېرىــپ، خەتمــە ـ قۇرئــان قىلىــپ بولغاندىــن كېيىــن، ئانىسى ۋە يەنــە شــۇنىڭدەك لاگېــردا ھاياتىنــى قۇربــان قىلغــان مىليونلىغــان ئۇيغــۇر قېرىنداشــلىرىنىڭ قــان قىساســىنى ئېلىــش ئۈچــۈن «يۈتــۈن دۇنيــا ئىنســانلىرى تەرىپىدىــن 21 ـ ئەســىردە قايتــا تەكرارلانمىســۇن» دېگــەن لاگېرلارنــى قۇرغــان خىتــاي كوممۇنىســت جاللاتلىرىدىــن ھېســاپ ئېلىــش ئۈچــۈن پۈتــۈن ئۇيغــۇر خەلقىنــى سەپەرۋەر قىلىــپ، خىتايلارنىــڭ ئۇيغــۇر خەلقى ئۈســتىدىن قىلىۋاتقان دەھشــەتلىك باستۇرۇشــلىرى ۋە ئۇلارنــى جــازا لاگېرلىرىغــا ســولاپ ـ مېڭىســىنى يۇيــۇپ، پەرزەنتلىرىنىــڭ ئانــا تىلىنــى چەكلــەپ، ئۇلارنــى ماڭقۇرتلاشــتۇرۇپ، مىللىــي كىملىكىنــى يــوق قىلىــش ئارقىلىــق شــەرقىي تۈركىســتاننى ئۆزىنىــڭ ئەبەدىــي بېســىۋالغان زېمىنــى قىلىۋېلىشــقا قارشــى بارلىــق كۈچــى بىلــەن كۆرۈشــكە ئاتلانــدى.

بۇنىــڭ ئۈچــۈن، دولقــۇن ئەيســا خىتايــلار قۇرغــان ئاتالمىــش «كەســپىي قايتــا تەربىيەلــەش مەركىــزى» نــى پــاش قىلىــش ۋە ئۇنــى پۈتــۈن دۇنياغــا بىلدۈرۈشــنى قۇرۇلتايىنىــڭ بىرىنچــى خىزمــەت نىشــانى قىلىــپ بېكىتتــى. دۇنيــا ئۇيغــۇر قۇرۇلتىيــى قولىدىكــى قولىدىكــى بارلىق ئىمكانلاردىــن پايدىلىنىــپ ھــەم «ۋەكالەتســىز مىللەتلــەر تەشــكىلاتى خەتــەر ئاســتىدىكى مىللەتلەرنــى قوغــداش تەشــكىلاتى ، ئامېرىكىدىكــى ئۇيغــۇر كىشــىلىك ھوقــۇق قۇرۇلۇشــى ، نورۋېگىيەدىكــى ئۇيغــۇر ئەدلىيــە ئارخىپــى» قاتارلىــق تەشــكىلات ۋە قۇرۇلۇشــلار بىلــەن زىــچ ھەمكارلىشــىپ، خىتايىنــڭ جــازا لاگېرلىرىدىكــى ۋەھشــىيلىكلەر، ئۆلــۈم

- يېتىملەرگە ئائىت نەچچە يۈز مىڭ بەتلىك ئىسپات ماتېرىيالى تەييارلاپ، ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھىرىدىكى خەلقئارالىق داڭلىق كىشىلىك ئادۋوكاتى جەپىرى نايىس ئەپەندى بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك مەسلىھەت ۋە كۆرۈشۈشلەر ئارقىلىق «خەلقئارا ئۇيغۇر سوت كوللوگىيىسى» نى قۇرۇپ چىقتى.

لوندوندا قۇرۇلغان: «خەلقئارا ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» ۋە ئۇنىڭ رەئىسى جەپىرى نايىس ئەپەندى ئەينى ۋاقىتتا سابىق يۇگوسلاۋىيەدىن پارچىلىنىپ چىققان سېربىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ فىرىزدېنتى، كوسوۋودا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىدىغان چوڭ جاللات مېلوشوۋىچنى خەلقئارالىق سوتتا ئەيىپلىگەن، دۇنيادا نامى بار باش سوتچى بولۇپ، ھەرقايسى دىكتاتور دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلغۇچىلار قورقىدىغان بىر شەخس ئىدى. «خەلقئارا ئۇيغۇر سوتى» جېففېرى نايىس ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇن ماتېرىياللارنى كۆرۈپ ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرىنى ئاڭلاپ چىققاندىن كېيىن، 2021 - يىلى، 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى لوندوندا«خەلقئارا ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ تۆت كۈنلۈك ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىنى ئېچىشنى قارار قىلغان ئىدى. 4 كۈن داۋاملاشقان بۇ يىغىن لوندوندا غەلىبىلىك ئېچىلدى ۋە كۆزلىگەن نىشانغا يەتكەن ئىدى. ئەمما، خىتاي جاللاتلىرى «خەلقئارا ئۇيغۇر سوتى» نىڭ لوندوندا ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقىدىن بەكمۇ پەرىشان بولغان ئىدى. چۈنكى، بۇ يىغىندا خىتاينىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرى» نىڭ پاكىتلىرى بىردىن - بىردىن ئاڭلاپ چىقىلغان ئىدى. «خەلقئارا ئۇيغۇر سوتى» خىتاي ھۆكۈمىتىنىمۇ تەكلىپ قىلغان بولۇپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ جىنايى پاكىتلىرىنى ئاقلاش پۇرسىتى بېرىلگەن ئىدى. ئەپسۇس، خىتاي كوممۇنىست جاللاتلىرى ئۆزىنىڭ ئەپتى - بەتشىرىسىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، بۇ قېتىملىق سوت

يىغىنغا كېلىشىمىدى. ئەكسىنچە، بۇ يىغىندىن، بولۇپمۇ بۇ يىغىنىنىڭ باش ئەرزدارى ـ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسادىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، دولقۇن ئەيسانىڭ ۋەتەندىكى خىتاي لاگېرىدا تۇتۇقلۇق ئىنىسى، ياش سىياسىي پائالىيەتچى خۇشتار ئەيسانى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى.

دولقۇن ئەيسا ئىنىسى خۇشتار ئەيسانىڭ مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىدىن قاتتىق قايغۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ خىتايلارنىڭ ھەر قانداق رەزىللىكنى قىلىشتىن يانمايدىغان ۋەھشىي ھۆكۈمەت ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، بۇنىڭدىن قىلچىلىك ھەيران قالمىغان ئىدى. ئەكسىنچە ئۇنىڭ خىتايلارغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى تېخىمۇ ئاشماقتا ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى مېنىڭ پائالىيەتلىرىمنى توسۇش ئۈچۈن، بۇرۇندىنلا مېنىڭ ئائىلەمگە زىيانكەشلىك قىلىپ كەلگەن ئىدى. مېنىڭ ئائىلەمدىن خىتايلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى. بۇ قېتىم ئىنىم خۇشتار ئەيسانىڭ مۇددەتسىز قاماق جازاغا ھۆكۈم قىلىنىشى بولسا، خىتاينىڭ مەندىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن قىلغان يەنە بىر قېتىملىق پەسكەش قىلمىشىدۇر. خىتاينىڭ بۇ ياۋايىلارچە قىلمىشلىرى مېنىڭ ھەرىكىتىمگە قىلچىلىك توسقۇنلۇق ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئەكسىچە، مېنىڭ ئىرادەمنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. مېنىڭ ئىنىم خۇشتار ئەيسا پەقەت مېنىڭ خەلقىمنىڭ بىر نەپىرىدۇر. بىزنىڭ مۇجادىلە ۋە كۆرەشلىرىمىز ئارقىلىق پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى ھۆرلۈك ـ ئازادلىققا ئېرىشكەندىلا، مېنىڭ ئىنىممۇ ھۆرلۈك ـ ئازادلىققا ئېرىشىدۇ. ئىنشائاللاھ ،ئامىن!

# ۋارىسنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتى سىرلىق ئىدى

ۋارىس ئابابەكرى 1966 - يىلى ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىش ھارپىسىدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ دادىسى ئابابەكرى ئىمام ئەسلى ئاتۇشلۇق بولۇپ، 50 - يىللاردا ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ يېتىشكەن ئۇيغۇر زىيالىلىرىدىن ئىدى. ئابابەكرى ئىمام يېڭى خىزمەتكە چىققان يىللاردا خىتاينىڭ ھەر خىل سىياسىي ئويۇنلىرى ئۇيغۇر رايونىدا ئالىلىقاچان باشلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ بۇ لەنىتى قىزىل ئىنقىلابنىڭ تەتۈر قويۇنلىرىدا سۇنىڭ ئېقىشىغا بېقىپ ئىش كۆرۈپ، بەك ئاكتىپلىق كۆرسەتمىگەن ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپمۇ كەتمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا سېسىق زىيالىي دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ، قىزىل ئىنقىلابچىلار تەرىپىدىن ئېغىر زەربە يېگەن ۋە خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاسلا قالغان ئىدى. ئۇ بەكمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ، سىياسىي ئىشلارغا سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى ۋە ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىشلارغا چېتىلىپ قېلىشىنى ئەسلا خالىمايتى. ئۇ دائىم باللارغا: «سوغۇق سۇ ئىچ - كۆڭلۈڭ تىنچ»دېگەندەك ئەقلىيە سۆزلەر بويىچە ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق توربسىدا تەربىيە قىلاتتى. ۋارىس دادىسىنىڭ بۇ ئارزۇسى بويىچە ئەمەس، بەلكى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە مەكتەپ ۋە ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، غورۇرى كۈچلۈك، ناھەقچىلىققا چىدىمايدىغان، ئۆز مىللىتى ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئاكتىپ ۋە پائالىيەتچان بىر ياش بولۇپ يېتىشىپ چىققان ئىدى.

ۋارىس ئۈرۈمچىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن

كېيىن 1983 ـ يىلى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندۇ. ئۇ بىر يىل خىتايچە تەييارلىقتا ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىككىنچى يىلى كەسپكە چىقىپ رەسمىي ئوقۇشنى باشلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ باشقا بىر ئىجتىمائىي پەن فاكۇلتېتىدا يەنى سىياسىي ياكى قانۇن كەسپىدە ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمىگە قىلغان ئىلتىماسى رەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ئارزۇسىنىڭ رەت قىلىنغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، كەسىپ ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن يول مېڭىپ يۈرۈپ، بىر يىلنى تولا ئوقۇش تاشلاپ، ئوقۇشسىز دېگۈدەك ئۆتكۈزۈۋەتكەچكە، بىر دەرىجە تۆۋەن سىنىپقا يەنە 84 ـ يىللىق مىللىي ئوقۇغۇچىلار سىنىپىغا چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ. ئۇ بۇ سىنىپقا چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن يەنىلا ئۆزى دەسلەپتە قوبۇل قىلىنغان فىزىكا كەسپىدە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەلەم – مۇڭلاھ! ـ دەپ، فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇشنى باشلايدۇ. ئۇنىڭ تىرىشچان، باشقىلارغا ياردەم قىلىدىغان، چىقىشقاق مىجەزى، مەسىلىلەرگە قارىتا تېرەن پىكىر قىلىدىغان، مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ۋىجدان ـ غۇرۇرىنى ئەلا بىلىدىغان، ناھەقچىلىق ئالدىدا تىك تۇرىدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتى ساۋاقداشلىرىدا چوڭقۇر تەسىر قىلدۇرغان ئىدى.

1985 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا تەڭسىز مىللىي سىياسەت يۈرگۈزۈپ، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى مەجبۇرىي يولغا قويماقچى بولغانلىقى ۋە ئىچكىرىدىن خىتاي كۆچمەنلىرى ۋە جىنايەتچىلىرىنى يۆتكەش قاتارلىق ناھەق سىياسەتلىرىگە قارشى نامايىش بولغاندا،ئۇ نامايىش تەشكىلىي كومىتېتى تەرىپىدىن فىزىكا فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى نامايىشقا مۇۋەپپەقىيەتلىك تەشكىللەپ چىقىپ، ئۈرۈمچىدىكى خەلق مەيدانىدا ئۇدا بىر ھەپتىگىچە نامايىشقا

يېتەكچىلىك قىلغۇچىلاردىن بىرى بولغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋارىس 84-يىللىق فىزىكا فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەلبىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدۇ. ئۇ بۇ سىنىپتىكى ئىدىيەسى ئىلغار، پىكرى ئۇچۇق بولغان ۋە بۇ قېتىمقى نامايىشقا ئەڭ ئالدىدا ئاۋاز قوشقان ئوقۇغۇچىلاردىن دولقۇن ئەيسا ئۇنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىغان ئىدى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى نامايىشتىكى قاراشلىرى بىر يەردىن چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق مۇناسىۋىتى شەكىللەندى.

1987 - يىلى 3 - ئايدا ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتىدا دولقۇن ئەيسا، ۋارىس ئابابەكرى، ئەركىن تۇرسۇن، روشەن ئابباس قاتارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشچىلىقى بىلەن «ئوقۇغۇچىلار پەن مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى. ئۇيۇشمىغا دولقۇن ئەيسا رەئىسلىككە، ئەركىن تۇرسۇن، روشەن ئابباس مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ۋارىس ئابابەكرى باش كاتىپلىققا سايلاندى. شۇنداقلا ۋارىس يەنە قوشۇمچە ئۇيۇشما تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «پەن ۋە مەدەنىيەت ژۇرنىلى»نىڭ باش مۇھەررىرى بولدى.



ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەينى ۋاقىتتىكى «ئوقۇغۇچىلار پەن مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى»نىڭ قۇرۇلۇش مەقسىتى ھەققىدە ھازىرقى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا مۇنداق دەيدۇ: «ئىستۇدېنتلار پەن مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى»نىڭ قۇرۇلۇش مەقسىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ستۇدېنتلار پەن مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى - خىتاي كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى ساۋاتسىز، نادان قالدۇرغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، خەلق ئاممىسىغا ئىلىم پەننى تەشۋىق قىلىش، جاي - جايلارغا بېرىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسى ئېچىش ۋە پەن - مەدەنىيەت ژۇرنىلى ئارقىلىق ئۇلارغا ئىلىم - پەن تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيەسىنى ۋە پەن - مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق يېڭى دەۋرگە ماسلىشالايدىغان، يېڭىچە تەپەككۇر قىلالايدىغان

ئاڭلىق ئەۋلادلارنى يېتىلدۈرۈپ، خەلقىمىزنىڭ تارتىۋېلىنغان ھەق - ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەشكە چاقىرىشتىن ئىبارەت.

بۇ ئالىي غايىگە يېتىش ئۈچۈن پەن مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى ھەيئەتلىرى يىغىلىپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق «پەن ۋە مەدەنىيەت ژۇرنىلى» نى چىقىرىشنى قارار قىلدى ۋە بۇنىڭغا ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپى ۋارىس ئابابەكرى مەسئۇل قىلىپ بەلگىلەندى. بۇ ژۇرنالنى چىقىرىشتا دۇچ كەلگەن بىرىنچى قىيىنچىلىق ئىقتىسات مەسىلىسى ئىدى. دەسلەپتە ئوقۇغۇچىلار ئاتا - ئانىسى بەرگەن ئازغىنە پۇللارنى تېجەش قىلىپ، ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن ئىئانە قىلىشتى. كېيىن بارا - بارا جەمئىيەتتىمۇ بەزى ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەر مەزكۇر ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنغانلىق خەۋىرىنى ئۇقۇپ، ياردەم قولىنى سوزغانلارمۇ بولدى. پەن ۋە مەدەنىيەت ژۇرنىلى ئۇنىۋېرسال بىر ژۇرنال بولۇپ، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، نەشر قىلىنغان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەرگە كەڭ ئورۇن بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن ژۇرنال ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ياخشى تەسىرات پەيدا قىلدى ۋە جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭمۇ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن ئىدى. ئەمما چەكلىك ئىقتىسادىي ۋە ماددىي كۈچ سەۋەبىدىن بۇ ژۇرنال «ستۇدېنتلار پەن - مەدىنىيەت ئۇيۇشمىسى»ختىاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تاقىۋېتىلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئاران ئىككى سان نەشر قىلىنغان ئىدى.

ستۇدېنتلار پەن مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىدا ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك يىغىن ئېچىلىپ تۇراتتى. بۇ قېتىممۇ ھەيئەتلەر ئارا چوڭ بىر يىغىن بولدى. يىغىندا ھەيئەتلەر مۇزاكىرە قىلىش ۋە تالاش - تارتىش ئارقىلىق ئالدىمىزدىكى تەتىلنى قانداق ئۆتكۈزۈش، قانداق ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشنى مۇزاكىرە قىلدى. كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن مۇنداق پىلانلار ئوتتۇرىغا

قويۇلـدى:

1. پـەن - مەدەنىيـەت ئۇيۇشمىسـىنىڭ ئەزالـىرى ھەرقايىسـى رايـون، ۋىلايەتلەرگـە ئاساسـەن تـۆت گۇرۇپپىغـا بۆلۈنۈش،ھەرقايىسـى گۇرۇپپـىلار ئـۆز تەۋەلىكىگـە ئاساسـەن جەمئىيـەت تەكشۈرۈشـى ئېلىـپ بېرىـپ، مىللىـي مائارىپنىـڭ ھازىرقـى پاجىئەلىـك ئەھۋالىنـى تەكشـۈرۈپ دوكلات تەييـارلاش

2. ھـەر قايىسـى ۋىلايـەت، ناھىيـە ۋە يېزا-قىشـلاقلاردىكى مەكتەپلەرگـە بېرىـپ، مەكتەپلەرنىـڭ ھازىرقـى ئوقۇتـۇش شـارائىتى، ئاپەتكـە ئۇچرىغـان رايونلاردىكـى ئۆرۈلـۈپ كەتكـەن مەكتەپلەردىكـى سـىنىپ ۋە ياتاقلارنىـڭ ئەھۋالىنـى ئېنىقـلاپ چىقىـش، فىلىـم ۋە سـۈرەتكە ئېلىـپ دوكلات تەييـارلاش ۋە خەلقتىـن مەكتەپنىـڭ يېڭىلىنىـپ سېلىنىشـى ئۈچـۈن ئىئانـە توپـلاش.

3. ھەرقايىسـى ۋىلايـەت، ناھىيە ۋە يېزا-قىشـلاقلاردا ساۋاتسـىزلىقنى تۈگىتىـش كۇرسـى ئېچىـپ، خەلـق ئىچىدىكـى ساۋاتسـىزلىقنى يويۇش.

4. خەلقنىـڭ پـەن - مەدەنىيـەت سەۋىيەسـىنى يۇقىـرى كۆتـۈرۈش ئۈچـۈن ئىلىـم - پـەن ۋە يېـزا ئىگىلىـك تېخنىـكا بىلىملىرىنـى ھـەر قايىسـى ۋىلايەتتىـن تارتىـپ، يېـزا - قىشـلاقلارغىچە كـەڭ كۆلەملىـك ۋە ئەمەلىـي تەشـۋىق قىلىـش قاتارلىقـلار قـارار قىلىنـدى.

تەتىـل ۋاقتـى يېقىنلىشـىپ قالغـان ئىـدى. ئىسـتۇدېنتلار پـەن - مەدەنىيـەت ئۇيۇشمىسـى رەھبەرلىـرى ۋە ھەيئەتلىـرى يەنـە يىغىلـدى. ئـۇلار پىلانغـا ئاساسـەن بـۇ يىلقـى يازلىـق تەتىلـدە قانـداق پائالىيـەت ئېلىـپ بېرىشـى كېرەكلىكىنـى مۇزاكـىرە قىلـدى. بىرىنچـى بولـۇپ يىغىـن رىياسەتچىسـى ۋارىـس ئابابەكـرى سـۆز باشـلاپ، بـۇ يىللىـق يازلىـق تەتىلـدە قىلماقچـى بولغـان پىلانىـى ئوتتۇرىغـا قويـۇپ مۇنـداق دېـدى: «سـتۇدېنتلار پـەن مەدەنىيـەت ئۇيۇشمىسـى»نىڭ ئەزالـىرى ئـۆز يۇرتلىرىغـا قايتقانـدا تەتىلنـى ئويـۇن تاماشـا بىلـەن بـوش ئۆتكۈزمەسـتىن، ھەرقايىسـى شـەھەر، ناھىيـە، يېزىلاردىكـى مىللىـي

مائارىپنىڭ ھەقىقىي ئەھۋاللىرىنى ئېنىقلاپ چىقىش، بۇنىڭدا مىللىي مەكتەپلىرىنىڭ ھازىرقى ھەقىقىي ئەھۋالى، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى، ئوقۇتۇش سۈپىتى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلاردىكى قىينچىلىق ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، بۇ توغرىسىدا دوكلات تەييارلاش، تەتىل تۈگىگەندە تەييارلانغان دوكلاتقا ئاساسەن بىر ئومۇمىي خۇلاسە دوكلاتى تەييارلاپ، ئۇنى مائارىپ نازارىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتكە يوللاش ئارقىلىق ئۇلارنى - مائارىپتىكى تەڭسىزلىك ۋە خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش ھەم شۇ ئارقىلىق مىللىي مائارىپنى خىتاي مائارىپى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشنى تەلەپ قىلىشىمىز لازىم ]. بۇ پىلان ھەيئەتلەر تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى ۋە بىردەك تەستىقلانغان ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ۋارىس بۇ پىلاننىڭ تۈزۈلۈشىگە باشتىن - ئاخىر يېتەكچىلىك قىلغان ئىستۇدېنتلار پەن - مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسانى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. دولقۇن ئەيسا بۇ پىلاننىڭ تەييارلىنىش سەۋەبى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «ساۋاقداشلار، دوستلا!! ھازىر رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مائارىپ ساھەسىدە مىللىي مەكتەپلەردە ئېغىر تەڭسىزلىك مەۋجۇت بولماقتا، مىللىي مەكتەپلەر خىتاي مەكتەپلىرىگە قارىغاندا تۆۋەن ئورۇندا تۇرماقتا، يېقىندا يۈز بەرگەن تەگرىتاغ بويلىرىدىكى ئېغىر يەر تەۋرەشتىن كېيىن، ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى مەكتەپلەر تا ھازىرغىچە رېمونت قىلىنمىغان، نۇرغۇن باللارنىڭ سىنىپ - دەرسخانىلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولغاچقا، سىرتلاردا، ئالدىغا خىش - كېسەك قويۇپ، دەرس ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتىمىز، تېخى بەزى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قالغانلىقىنىمۇ ئاڭلىدۇق. بىز چوقۇم ئۇلارنى ئېنىقلاپ، ھەقىقىي ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، دوكلات تەييارلاپ ۋە ئۇنى يۇقىرىغا يوللاپ، بۇنداق تەڭسىزلىكنى تۈگىتىش، مىللىي مائارىپنى

ياخشىلاش ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە، مائارىپ نازارىتىگە بېسىم قىلىشىمىز كېرەك! شۇ ئارقىلىق يەر تەۋرەشتە زىيانغا ئۇچرىغان مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مىللىي مائارىپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ياخشىلىشىمىز، مىللىتىمىزنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى تۈگىتىپ، پەن -مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مائارىپتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك! رەئىس دولقۇن ئەيسانىڭ بۇ تەكلىپى - ستۇدېنتلار پەن - مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى ھەيئەتلىرى تەرىپىدىن بىردەك ماقۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئەزالارغا بۇ قېتىملىق يازلىق تەتىلدە ئېلىپ بېرىلىدىغان پىلان ئۇقتۇرۇش قىلىندى ۋە بېسىپ تارقىتىلىپ، بۇ پىلاندىكى مەقسەت - مۇددىئالار بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىندى.

يازلىق تەتىل باشلىنىپ، ئوقۇغۇچىلار ئىككى ئايلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلىپ، يۇرتلىرىغا قايتىپ باردى. ئىلى تەۋەسىدىكى ستۇدېنتلار پەن - مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى بىر نەچچە كۈن ئاتا - ئانىسى بىلەن دىدار غەنىيمەت كۈننى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، مەكتەپ - مەكتەپلەرگە بېرىپ، يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى مەكتەپلەرنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش ئەھۋالى، ئوقۇغۇچىلاردىكى قىيىنچىلىقلار، دەرسلىك ماتېرىياللىرىنىڭ تارقىتىلىشى ۋە ئوقۇتۇشتىكى ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئىگىلىدى. مەكتەپ بىنالىرىنى رەسىمگە تارتتى. مىللىي مەكتەپ بىلەن خىتاي مەكتەپلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ، مەخسۇس خاتىرە يېزىپ تەييارلىدى. يەنە بىر قىسىم ئەزالار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىلىرىگىچە بېرىپ، ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە ياردەملەشتى. ساۋاتسىزلارنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ خەت ساۋاتىنى چىقاردى. ئۇلار شۇ ھەرىكەتلىرى بىلەن خۇددى يۇقىرىدىن كەلگەن مائارىپ مۇپەتتىشلىرى ۋە نامسىز ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاپ قالغان ئىدى.

تەتىل توشۇپ ئوقۇغۇچىلار ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار تەتىلدىن بۇرۇن دېيىشكەنلىرى بويىچە دەرھال ھەيئەتلەر يىغىنى

ئاچتى. يىغىندا ھەر قايسى جايلارغا بۆلۈنگەن گۇرۇپپىلارنىڭ ۋەكىللىرى، ئۆز جايلىرىدىكى مىللىي مائارىپنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن مەكتەپ - سىنىپلار، رېمونت قىلىشقا تېگىشلىك مەكتەپلەر ۋە تولۇق ۋەيران بولغان مەكتەپلەرنى تارتقان فىلىم ۋە رەسىملەر بويىچە تەييارلىغان دوكلاتلىرىنى بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئاندىن ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى ئەزالار ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمەتلىرى جەھەتتىكى پائالىيەتلىرىدىن دوكلات بەردى. ھەرقايسى رايونلاردىكى گۇرۇپپىلارنىڭ ئىچىدە ئىلى گۇرۇپپىسىنىڭ تەييارلاپ كەلگەن دوكلاتى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ بىردەك دىققىتىنى قوزغىدى. چۈنكى، شۇ يىلى قىشتا غۇلجىنىڭ كۈنەس، نىلقا قاتارلىق تاغلىق رايونلىرىدا يەر تەۋرەشتىن كېيىن كېلىپ چىققان قاتتىق يامغۇر، قار ۋە جۇدۇن سەۋەبىدىن نۇرغۇن مەكتەپلەرنىڭ بىنالىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالغاچقا،10 مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى ئوقۇشسىز قالغانىدى. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار مەيدانلاردا، كونا تاشلاندۇق ئۆيلەردە پارتا - ئورۇندۇقسىز ئەھۋالدا خىش - كېسەكلەرنى ئورۇندۇق قىلىپ، دەرس ئوقۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئىدى.

ستۇدېنتلار پەن -مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى ئىلى گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ئاپەت بولغان جايلارغا بېرىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن مەكتەپ بىنالىرى، سىنىپلار، تالادا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇشسىز قالغان باللارنىڭ سان -ساناق ئىستاتىستىكىسىنى تولۇق ئىگىلىدى. ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىنالارنى رەسىمگە تارتتى ۋە كامېراغا ئېلىپ، رەسمىي بىر فىلىم قىلىپ ئىشلەپ چىقتى. ئۇنىڭدا ئىلى دىيارىدىكى مىللىي مائارىپنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىدى. ئەمەلى ئەھۋال بەكمۇ پاجىئەلىك ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇيۇشما ھەيئەتلىرى بۇ دوكلاتقا جىددىي قاراپ، ئۇنىڭغا يەنە باشقا گۇرۇپپىلارنىڭمۇ ئىگىلەپ كەلگەن دوكلاتىدىكى مۇھىم دەپ قارالغان مەزمۇنلارنىمۇ قوشۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مائارىپ نازارىتىگە

يولـلاپ، ئۇلاردىــن يۇقىرىقـى مەسـىلىلەرنى ھـەل قىلىشـنى، مىللىـي مائارىپقـا ئەھمىيـەت بېرىشـنى، باراۋەرسـىزلىكنى تۈگىتىشـنى تەلـەپ قىلـدى.

سـتۇدېنتلار پـەن - مەدەنىيـەت ئۇيۇشمىسـى ھۆكۈمەتتىــن، مائارىــپ نازارىتىدىــن خېلــى ئۇزاققىچــە جــاۋاب كۈتتــى. ئەممــا ئۇلاردىــن ھېــچ بــىر سادا چىقمىـدى. كوممۇنىسـتىك پارتىيـە ۋە ئۇنىـڭ ھۆكۈمىتـى ھېچقاچـان خەلقىنـىڭ نالىسـىغا، تەلـەپ - ئارزۇلىرىغـا قـۇلاق سـېلىپ باقمىغـان ئىـدى. ئۇلارنىـڭ «كوممۇنىسـتىك پارتىيـە خەلـق ئۈچـۈن خىزمـەت قىلىـدۇ» دېگىنـى پۈتۈنلـەي بىــر ئالدامچىلىقنــى ئىبـارەت ئىـدى. ئـۇلار ھېچقاچـان خەلقىنـىڭ مەنپەئەتىنـى بىرىنچـى ئورۇنغـا قويـۇپ باقمىـدى. ئۇلارنىـڭ مىللەتلـەر باراۋەرلىكىنـى ئەمەلگـە ئاشـۇرۇش دېگىنىمـۇ بــىر يالغانچىلىـق بولـۇپ، ئەمەلىيەتتـە ھېچقاچـان مىللەتلــەر بــاراۋەر بولــۇپ باقمىــدى. باراۋەرلىــك، ھــەق - ھوقــۇق تەلـەپ قىلغـان مىللەتلەرنىـڭ رەھبەرلىـرى، زىيالىيلىـرى ھـەر قاچـان «يەرلىـك مىللەتچـى» دەپ قارىلىــپ، زەربـە بېرىلـدى. ئەممـا ئـۇلار ئۆزلىرىنىــڭ چــوڭ مىللەتچىلىكنــى ھېچقاچــان تاشـلاپ باقمىــدى. ئـۇلار مۇسـتەملىكە قىلىنغـان رايونلىرىدىكـى مىللەتلەرنـى ئىككىنچـى سـىنىپ دەرىجىسـىگە چۈشـۈرۈپ قويـۇپ، مىللىـي كەمسىتىشـنى يولغـا قويـۇپ، ھەرقايسـى مىللەتلەرنىـڭ دەرد - ئەھۋالـى ۋە پاجىئەلىرىگـە قـۇلاق يوپۇرۇۋېلىــپ، پارتىيەنىــڭ مەنپەئەتــى ھەممىدىــن ئۈسـتۈن دېيىشـتى. ئاتالمـىش «مىللەتلــەر ئىتتىپاقلىقى»دېگەنىــى كۈچــەپ تەشـۋىق قىلىــپ، مىللەتلـەر باراۋەرلىكىنـى يوققـا چىقىرىــپ، كىچىـك مىللەتلەرنـى - چـوڭ مىللەتنىـڭ بېقىندىسـىغا ئايلانـدۇرۇپ ۋە يۇتۇۋېتىشـكە شـارائىت ھازىـرلاپ، مىللىـي ئاسسىمىلياتسـىيە سىياسـىتىنى يولغـا قويۇشـقان ئىـدى.

سـتۇدېنتلار پـەن مەدەنىيـەت ئۇيۇشمىسـى 6 ئايدىــن ئارتــۇق ۋاقىـت ھۆكۈمەتتىـن جـاۋاب كۈتكـەن بولسـىمۇ، ھېچقانـداق نەتىجىگـە ئېرىشـەلمىدى. قانـداق قىلىـش كېـرەك؟ ئاخـىرى ئۇيۇشـما ھەيئەتلـىرى

يىغىلىپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، بۇنىڭغا ئەمەلىي بىر قارشىلىق بىلەن جاۋاب بېرىشنى يەنى مۇۋاپىق بىر پەيتتە ئوقۇغۇچىلار نامايىشى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلىشقان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئۇيۇشما ھەيئەتلىرى يەنە جىددىي يىغىلدى. چۈنكى، جىددىي بىر مىللىي مەسىلە ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. شۇ كۈنى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئابدۇرېشىت ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچىسى ئەرلەر ھاجەتخانىسىنىڭ ئىشىكىگە بىر خىتاي شوۋىنىست ئوقۇغۇچى تەرىپىدىن يېزىلىپ چاپلاپ قويۇلغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرىنى قول قىلىمىز، قىزلىرىنى خوتۇن قىلىمىز» دېگەن خەتنى ئىشىك بىلەنلا قومۇرۇپ چىقىپ، ئوقۇغۇچىلار پەن مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىدى. ئوقۇغۇچىلار پەن - مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى ھەيئەتلىرى بۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا جىددىي مۇزاكىرىلەشتى. مۇزاكىرە نەتىجىسىدە: بۇنىڭغا قارشى كەسكىن قارشى تۇرۇش ۋە دەرھال چوڭ كۆلەملىك نامايىش ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلىشتى. بۇ 1988 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىدى.

ستۇدېنتلار پەن مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى بۇ قېتىمقى نامايىشنى تەشكىللىك ۋە پىلانلىق ئېلىپ بارماقچى بولۇشقان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن نامايىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئۇيۇشما ھەيئەتلىرىنىڭ بىردەك قارار قىلىشى بىلەن دولقۇن ئەيسا، ۋارىس ئابابەكرى، ئەركىن تۇرسۇن ۋە روشەن ئابباس قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان نامايىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقىلدى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى جىددىي تەييارلىق قىلىپ، مەكتەپتىكى ھەممە فاكۇلتېتلارغا ئايرىم - ئايرىم مەسئۇل يېتەكچىلەر ۋە خەۋەرچىلەرنى بېكىتىپ چىقتى. نامايىش 15 - چېسلا ئەتىگەندە ئېلىپ بېرىلماقچى ئىدى. ئەمما ئەتىگەن قاق سەھەردىلا نامايىش رەھبەرلىرى «سۆھبەت قىلىمىز» دېگەن باھانە بىلەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا ئېلىپ كېتىلدى. بۇ مۇزاكىرىگە پارتىيە

كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى جانابىل، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى مەھمۇد، پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى توختى ئېلى قاتارلىق قورچاق ئەمەلدارلار يىغىلغان بولۇپ، ئۇلار 6 ئايدىن بۇيان جاۋاب بەرمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئەمدىلىكتە ئوتتۇرىغا تاشلاپ: پارتىيە ئاۋۇنى قىلماقچى، ماۋۇنى قىلماقچى،تەكشۈرمەكچى، ئېنىقلىماقچى، ئەھمىيەت بەرمەكچى دېيىشىپ گەپ يورغىلىتىپ، ستۇدېنتلار پەن مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى ئوتتۇرىغا قويغان: «مىللىي مائارىپنىڭ تەڭسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى تۈگىتىش مەسىلىسى»دىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇرۇنماقتا ئىدى. بىر خىتاي شوۋىنىست ئوقۇغۇچى تەرىپىدىن فىزىكا فاكۇلتېتى بىناسىنىڭ ھاجەتخانىسىغا يېزىلغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرىنى قول قىلىمىز، قىزلىرىنى خوتۇن قىلىمىز» دېگەن خەت ئۈستىدە بولسا، تەكشۈرۈۋاتىمىز، ئېنىقلاۋاتىمىز دەپ، بۇ مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى بۇگۈنكى نامايىشتىن ئوقۇغۇچىلارنى ۋاز كەچتۈرۈش ئىدى. ئەمما ئۇلار يۇقىرىقىدەك قۇرۇق گەپلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى ئالدىيالمىدى. ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى ئىرادىسىدىن قايتمىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇگۈنكى سۆھبەت نەتىجىسىز ئاخىرلاشقان ئىدى. سائەت ئۇرۇمچى ۋاقتى بىر بولغاندا ئوقۇغۇچىلار ماشىنا بىلەن مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇلدى.

ئۇرۇمچى ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلار بۇ كۈنى دەرسكىمۇ چىقمىغان بولۇپ، مەكتەپ سىرتىدىكى مەيداندا يىغىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. چۈش ۋاقتى سائەت بىر بولغاندا دولقۇن ئەيسا، ۋارىس ئابابەكرى باشچىلىقىدىكى ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى قايتىپ كەلدى. نامايىش قىلىش ئۈچۈن پەقەتلا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلار ئۇلارنىڭ نەتىجىسىز قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، مەيدانغا قاتار تىزىلىپ، سەپ تارتقانچە مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، مەكتەپ ئالدىدىكى كوچىدىن باشلاپلا شوئار

تىۋۇلغانچە نامايىشنى باشلىۋەتتى. يول بويى ئوقۇغۇچىلار: «مىللىي كەمستىشكە قارشى تۇرايلى! مىللىي مائارىپنى قوغدايلى! مىللىي مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىلسۇن! مائارىپتىكى باراۋەرسىزلىك تۈگىتىلسۇن! فىزىكا فاكۇلتېتى بىناسىنىڭ ھاجەتخانا ئىشىكىگە يېزىلغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرىنى قول، قىزلىرىنى خوتۇن قىلىمىز» دېگەن شوئارنى يازغان شوۋىنىست خىتاي ئوقۇغۇچى تۇتۇپ جازالانسۇن!» دېگەندەك شوئارلارنى جاراڭلىق ھالدا توۋلاپ، ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن ئىدى. ئوقۇغۇچىلار نامايىشىدىن ھاياجانلانغان خەلق كۆز يېشى قىلىپ، يول - يوللاردا قاتار تىزىلىپ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىنى، ھۆرمىتىنى بىلدۈردى ۋە ئۇلارنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، ئۇلارغا ئىلھام بەخش ئاتا قىلدى. نامايىشچى ئوقۇغۇچىلار يول بويى خەلق ئاممىسىنىڭ چاۋاكلار بىلەن ئالقىشلىشى ئىچىدە ئاخىرقى بېكەتتىكى خەلق مەيدانىغا يىغىلغان ئىدى.

نامايىشچى ئوقۇغۇچىلار خەلق مەيدانىغا يىغىلغاندىن كېيىن يەنە يولدا توۋلاپ ماڭغان: «مىللىي كەمستىشكە قارشى تۇرايلى» دېگەن شوئارنى ئاق لاتىغا چوڭ خەتلىك قىلىپ يېزىپ، لوزۇنكا قىلىپ كۆتۈرۈپ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرىنى قول، قىزلىرىنى خوتۇن قىلىمىز» دېگەن خەتنى يازغان جىنايەتچىنى تۇتۇپ جازالاشنى، ھۆكۈمەتتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپلىرىگە نەق مەيداندا جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئەمما، پارتىيە سېكرېتارلىرى ۋە قورچاق ئەمەلدارلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن خەلق مەيدانىغا چىقالمىدى. ئاخىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەچ كىرگىچە قايتماي چىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن خىتاي ھۆكۈمىتى ھېچقانداق ئەمەلىي ھوقۇقى بولمىغان قورچاق ئەمەلدارلىرىنى نامايىشچىلارنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ قويدى. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى جانابىل، مۇئاۋىن رەئىس قېيۇم باۋدۇن، قورچاق ئورگان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن

مۇدىرى ھامدىنىياز قاتارلىقلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار رەھبەرلىرى دولقۇن ئەيسا، ۋارىس ئابابەكرى، ئەركىن تۇرسۇن، روشەن ئابباس قاتارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇنازىرىسى يىرىم كېچىگىچە داۋام قىلغان ئىدى. قورچاق ئەمەلدارلار گەپ يورغىلىتىپ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىنى ئالدىماقچى، تەھدىت بىلەن قورقۇتماقچى بولۇشىدۇ. ئەمما ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى قوللىرىدىكى پولاتتەك پاكىتلىرى، مول بىلىمى ۋە يىڭنىچە تەپەككۇرلىرى بىلەن قورچاق ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاغزىنى تاۋاقلاپ قويۇشقان ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىنىڭ ئالدىدا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان قورچاق ئەمەلدارلار ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىگە - ۋەقەنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا ۋەدە بېرىشكە مەجبۇر بولدى.شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى يىرىم كېچىدە ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇلدى.

ئوقۇغۇچىلار گەرچە ئۆزلىرى كۈتكەن مەقسەتكە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى نامايىشتا مەنىۋى جەھەتتىن غەلىبە قىلغان ئىدى. ئۇلار ئۆز خەلقىنىڭ ھازىرقى تەڭسىز -ھوقۇقسىز ھالىتى ۋە كەلگۈسىدە قۇللۇققا چۈشۈپ قېلىشتەك پاجىئەلىك خىزمىتى ئۈچۈن تونۇلىيالىغانلىقىدىن، ئۆز خەلقىنىڭ نىداسىنى ئەكس ئەتتۈرەلىگەنلىكىدىن، مىللەتنىڭ كۈيچىسى ۋە دەردىنىڭ جارچىسى بولالىغانلىقىدىن ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلىشماقتا ئىدى. ۋارىس ئابابەكرى بۇ ئۇلۇغۋار ئىشتا ئۆزىنىڭ باشلامچى بولۇپ، مىللەت ئالدىدىكى ۋىجدانى بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقانلىقىدىن بەكمۇ پەخىرلىنەتتى. ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرىنىڭ غەمگۈزارى، قوغدىغۇچىسى بولۇشقا، ھەتتا بۇ يولدا بارلىقىنى قۇربان قىلىشقا بەل باغلىغان ئىدى. ھەر قانداق خېيىم - خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشتىن قورقمايتى. بېشىغا قانداق بىر ئاقىۋەتنىڭ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلمايتى. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ بىر ھەقىقىي ئوغلانى بولۇشقا ئۆزىنى بېغىشلىغان يىگىت ئىدى.

ھىيلىگەر خىتاي كوممۇنىستلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قورچاق

ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ۋەدىلىرىنى ھېچقاچان ئەمەلگە ئاشۇرۇپ باقمىغان ئىدى. ئەكسىچە، پۇرسەت كۈتۈپ، خەلق ئاممىسىنى ئالداش ۋە قورقۇتۇشقا تايىنىپ، ئۆز ئورنىنى ۋە ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق قىلدى. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارغا قىلغان ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى. ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنلىمىدى. ئۇرۇمچى ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتى بىناسىنىڭ ھاجەتخانىسىغا يېزىلغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرىنى قول، قىزلىرىنى خوتۇن قىلىمىز» دېگەن خەتنى يازغان شوۋىنىست جىنايەتچىنى ئىزدەپ تېپىپ جازالىمىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، دولقۇن ئەيسا، ۋارىس ئابابەكرى باشچىلىقىدىكى يىگىرمە نەپەر ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىنى تەتىلگە قويۇپ بەرمەي مەكتەپكە مەكتەپتە ئېلىپ قېلىپ، ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە، نامايىشنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، توۋنامە يېزىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇلار ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىنى: «نېمىشقا بۇنداق بولدى؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىشكە قىستىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى نامايىشنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ۋە ئارقا تىرىكىنى تېپىپ چىقىش ئىدى. لېكىن ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى ھېچنېمىنى ئېتىراپ قىلمىدى ۋە توۋنامەمۇ يازمىدى. ئەكسىنچە ئۆزىنىڭ ھەقلىق پىكىرلىرىدە داۋاملىق چىڭ تۇردى. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى تاكى تەتىل توشقىچە يەنى بىر يېرىم ئايدەك ۋاقىت ئائىلىسىگە قايتۇرۇلماي مەجبۇرىي سوراق قىلىندى ۋە تەھدىت بىلەن خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلاندى. ئەمما، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى خاتالىقنى ئېتىراپ قىلمىدى. ئاخىرى قۇربان ھېيت ۋاقتى كېلىپ قالغاچقا،ئاخىرقى ئۈچ كۈندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھېيت ئۆتكۈزۈپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىندى.

يازلىق تەتىل توشۇپ ئوقۇغۇچىلارمۇ قايتىپ كەلدى. ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى دەرسكە قاتناشتۇرۇلماستىن، يەنە ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە مەجبۇرلاندى. ئەمما ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى ئۆزلىرىدە

گۇناھ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن 1988 - يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «پارتىيە كومىتېتىنىڭ قىزىل باشلىق ھۆججىتى» دېگەن بىر ئۇقتۇرۇشنى چۈشۈرۈپ، دولقۇن ئەيسا ۋە ۋارىس ئابابەكرى قاتارلىق ئىككى يول باشچىنى مەكتەپتىن قوغلاندى قىلىشنى قارار قىلدى. قالغان ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىگە 6 ئايلىقتىن بىر يىللىققىچە سىناقتا قالدۇرۇش جازاسى بېرىلدى. ۋارىس ئابابەكرى بۇنىڭدىن قىلچىلىك ئۆكۈنمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنى توغرا دەپ قارايتى ۋە شەرەپلىك بىر ئىش دەپ بىلەتتى.

ۋارىس ئابابەكرى ئۆزىنىڭ مەكتەپتىن قوغلانغانلىق خەۋىرىنى ئائىلىسىگە يەتكۈزگەندە بولسا، ھېچ ئويلىمىغان خاپىلىققا دۇچ كەلدى. چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە مەسئۇل ئەمەلدار بولۇپ ئىشلەۋاتقان دادىسى ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ، قاتتىق تەنبىھ بەرگەن ئىدى. ۋارىس بۇنىڭغىمۇ چىداپ سەۋر قىلدى. ئۇ دادىسىدىن خاپا بولمىدى. دادىسىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئوغلىنىڭ توغرا قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. لېكىن ھېلىگەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنىڭ دادىسىنىمۇ جازالايدىغانلىقىنى ھېچ ئويلاپ باقمىغان ئىدى. ۋارىسنىڭ سەۋەبىدىن ئۇنىڭ دادىسى چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مەسئۇل ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ باشلىنىپ، چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پار قازىنىغا ئوت قالاش ئورنىغا ئىشچىلىققا چۈشۈرۈۋېتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋارىس بىلەن دادىسىنىڭ ئارىلىقى بىر مەزگىل ياخشى بولمىدى. ئەمما ۋارىس دادىسىنىڭ ھامان بىر كۈنى ھەقىقەتنى كۆرۈپ يېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.



ۋارىسنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەكتەپتىن قوغلاندى قىلىنىشى - ئۇنىڭ ياشاش ۋە كۈرەش ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مول بىلىمى ۋە تەۋرەنمەس ئىرادىسى بىلەن ئۆز ئالدىغا ئىش تېپىپ، ھاياتىنى قامدىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئۇزاققا قالماي رېئاللىققا

ئايلاندى. ئۇ دەسلەپتە كارخانىچى زات پەخىردىن ئەپەندى قۇرغان: «پەن ـ تېخنىكا تەرجىمە تەھرىرى مەركىزى»گە تەرجىمان بولۇپ ئىشقا كىردى. بۇ شىركەت پەن ـ تېخنىكا ۋە يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىنى چەت ئەل ۋە خىتاي تىلىدىن تەرجىمە قىلىپ، رادىيو ۋە گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ، دېھقانلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تەشۋىق قىلاتتى ۋە پەن ـتېخنىكا مۇلازىمىتى قىلاتتى. بىر قېتىم ۋارىس تەرجىمە قىلغان سورتلۇق تاۋۇز يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىغا ئائىت بىر ماقالە رادىيودا تەشۋىق قىلىنىپ، ئوقۇلغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ماقالىنى رادىيودىن ئاڭلىغان «بارىن ئىنقىلابى»نىڭ رەھبىرى ـ رەھمەتلىك زەيدىن يۈسۈپ بۇ ماقالىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، ماقالىنىڭ تېكىستىنى كۆچۈرۈۋالغان بولۇپ، ماقالە بىلەن بىللە ۋارىسنىڭ ئىسمىنىمۇ يېزىۋالغان ئىكەن. بارىن قوزغىلىڭى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلۇپ، زەيدىن يۈسۈپ شېھىت بولغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ بارلىق ماتېرىيال، خەت ـ ئالاقىلىرىنى تەكشۈرۈپ چىققان بولۇپ، بۇ ماتېرىياللارنىڭ ئىچىدىن ۋارىس تەرجىمە قىلىپ چىققان ئۇشبۇ ماقالىنىڭ كۆچۈرمىسى بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىمۇ بىللە چىققىدۇ. خىتايلار ۋارىستىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ زەيدىن يۈسۈپ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۇنى تۇتۇپ، قاتتىق سوئال ـ سوراققا تارتىدۇ.

خىتاي ساقچىلىرى ئۇنى تۇتقاندىن كېيىن مەخپىي بىر سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىپ، يولۋاس ئورۇندۇققا پۇت ـ قولىنى زەنجىرلەپ باغلىغاندىن كېيىن سوراق قىلىشنى باشلايدۇ:

ــ جىنايىتىڭنى ئىقرار قىل! ـ دەپ ۋارقىرايدۇ سوراقچىلار .

ــ نېمىنى ئىقرار قىلىمەن؟ ـ دەپ ھەيرانلىقتا ياندۇرۇپ سورايدۇ ۋارىس سوراقچىدىن.

ــ زەيدىن يۈسۈپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنى ئىقرار قىل!

— مېنىڭ زەيدىن يۈسۈپ بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق، مەن ئۇنى تونۇمايمەن.

— ئۇنداقتا نېمىشقا سېنىڭ ئىسمىڭ ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىن چىقىدۇ؟

— ئۇنى مەن بىلمەيمەن! ئۇنى زەيدىن يۈسۈپنىڭ ئۆزىدىن سوراڭلار

— ھەي قاپاقباش، زەيدىن يۈسۈپ ئۆلگەن تۇرسا، ئۇنىڭدىن قانداق سورايمىز، سەن جاۋاپ بېرىشىڭ كېرەك؟

— زەيدىن يۈسۈپ ئۆلدىمۇ؟ ئۇنى كىم ئۆلتۈردى؟

— ھەي، سەن تېخى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— ياق، مەن ئاڭلىمىدىم! - دەپ سورايدۇ ۋارىس بىلمىگەن كىشى بولۇۋېلىپ،

— ئاڭلىمىغان بولساڭ، ئەمدى ئاڭلاپ قوي : زەيدىن يېزىپ ھۆكۈمىتىمىزگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.



—ھەئە، مۇنداق دەڭلار -دېدى ۋارىس ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى - مەن ئاڭلىماپتىمەن، ئەمما ئۇنى تۇتۇپ سوراق قىلمايلا نېمىشقا ئېتىۋەتتىڭلار؟

— چۈنكى ئۇ قارشىلىق قىلىپ، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزگە ئوق چىقىرىپ، نۇرغۇن ئەسكەرلىرىمىزنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئۇنى تىرىك تۇتۇشقا كۈزى يەتمەي، ئېتىپ تاشلىغان. ئەگەر ئۇنى ئېتىۋەتمىگەن بولساق، ئۇ قولىدىكى قورال بىلەن بىزنىڭ يەنە نۇرغۇن ئەسكەرلىرىمىزنىڭ جېنىنى ئالغان بولاتتى.

— ئۇنداقتا ئەمدى مېنى سوراق قىلىشىڭلارنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— سەن ئۇنىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بارلىقىنى ئىقرار

قىلىل!

– مەن دېدىمغۇ سىلەرگە – مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق، مەن ئۆرۈمچىدە ياشايمەن، ئۇ بارىندا ياشىغان تۇرسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئالاقە قىلاي؟

– ئۇ ئۆرۈمچىگە كەلمىدىمۇ ياكى سەن بارىنغا بارمىدىڭمۇ؟

– ياق، ئۇ ئۆرۈمچىگە كەلمىدى. مەنمۇ بارىنغا بېرىپ باقمىدىم. ئۇنى تونۇمايمەن .

– سېنىڭ زادى ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىڭ يوقمۇ؟

– ياق، ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق!

– ئۇنداق بولسا دېدى سوراقچى باشلىقى – بىزنىڭ جازا قوراللىرىمىز سېنى ئىقرار قىلدۇرۇپ باقسۇن. قېنى كېلىڭلار! – دەپ غالچىلىرىغا بۇيرۇق قىلىۋىدى، ئىككى غالچا كېلىپ قوللىرىدىكى كالتەك بىلەن ۋارىسنىڭ باش – كۆزىگە بەش – ئالتىنى ئۇرىۋەتتى. سوراقچىلار توختىماي: ئىقرار قىل! ئىقرار قىلساڭ، كەڭچىلىككە ئېرىشىسەن، بولمىسا ئېغىر جازالىنىسەن – دەپ ئۇنى توختىماي ئىقرار قىلىشقا قىستايتتى. ئەمما ھەرقانچە قىيناپمۇ ۋارىسنى ئىقرار قىلدۇرالمىدى. سوراق بىر نەچچە كۈنگىچە داۋام قىلدى. سوراقچىلار بىرەر نەتىجە چىقىرالمىغاندىن كېيىن، ۋارىسنى بىر كامېرغا ئېلىپ كىرىپ سولىۋېتىشتى.

ۋارىس كامېرغا كىرىپ پۈتىنى قويغىلى يەر تاپالمىغىلى تاسلا قالدى. كىچىككىنە بىر كامېرغا ئون نەچچە ئادەم قامالغان ئىدى. بۇ كامېردىكى تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسىلا ياشانغان ۋە ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر بولۇپ، چېچى چۇشۇرۇۋېتىلىپ، تاقىرباش قىلىپ قويۇلغاچقا، ھەممىسىلا بىر پەلەكنىڭ سويمىلىرىدەك بىر – بىرىگە ئوخشىشىپ قېلىشقان ئىدى. ۋارىس دەسلەپتە ئۇلارغا قاراپ بىر ئاز قورقتى. ئۇ كونا تۇتقۇنلارنىڭ يېڭى تۇتقۇنلارنى ئۇرۇپ، بوزەك قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئەمما بۇ تۇتقۇنلار ۋارىسقا ئۇنداق

مۇئامىلە قىلمىدى. ئەكسىچە بىر خىل قىزىقىش ئىچىدە ئۇنىڭغا ھەيران بولغاندەك قارىشىۋاتاتتى. ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندە ياشانغانراق بىرسى ئېغىز ئاچتى:

— يىگىت بۇ گۇناھسىز جازالانغۇچىلار ماكانىغا خوش كەلدىڭ! قېنى ئېيتقىنە؟ سېنى نېمە جىنايەت بىلەن تۇتۇپ كېلىشتى؟

— مەن گۇناھسىز ئىدىم. بارىن ۋەقەسىنىڭ يولباشچىسى زەيدىن يۈسۈپ مېنىڭ ئىسمىمنى خاتىرىسىگە يېزىۋالغان ئىكەن. ئۇنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئاختۇرۇپ، مېنىڭ ئىسمىمنى تېپىۋېلىپ مېنى گۇمان بىلەن تۇتقۇن قىلىشتى - دېدى ۋارىس ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، ئەمەلىيەتتە مەن زەيدىن يۈسۈپ بىلەن تونۇشمايتتىم، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلىپمۇ باقمىغان ئىدىم.

— ھە - ئە، مۇنداق دېگىن - دېدى ئۇ كىشى ھەيران بولۇپ، زەيدىن يۈسۈپ شېھىت بولۇپ كەتكەن تۇرسا، ئەمدىلىكتە ھۆكۈمەتنىڭ باشقىلارنى ئۇنىڭغا چېتىپ جازالىماقچى بولۇشى ئەقىلگە ئۇيغۇن بولمىغان بىر ئىش - دە، نېمىشقا سېنىڭ ئىسمىڭ ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن چىقىپ قالغان بولغىيدى؟

— مەن تەرجىمە قىلغان بىر ماقالىنى رادىيودىن ئاڭلاپ، ماقالە بىلەن بىللە ئىسمىمنى خاتىرىلىۋېلىپتىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى گۇمان بىلەن تۇتۇپ كېلىشتى - دېدى ۋارىس ئۆزىنىڭ تۇتۇلۇش سەۋەبىنى تېخىمۇ ئىنچىكە چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ.

— ئۇنداق بولسا، سەن ئەندىشە قىلما! - دېدى ئوتتۇرا ياش، ئاق پىشماق كەلگەن، يەنە بىر تۇتقۇن - سېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. پەقەت مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرماقچى بولغان گەپ، ئىقرار قىلمىغانلا بولساڭ سېنى قويىۋېتىدۇ. شۇ ئارىدا يەنە بىر ئېگىزرەك، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن تۇتقۇن سۆزگە ئارىلاشتى:

— سەن نېمە ئىش قىلاتتىڭ؟

— مەن تەرجىمانلىق قىلاتتىم - دەپ، ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىنى

سۆزلەپ بەردى ۋارىس. بۇنى ئاڭلىغان تۇتقۇنلار ئۆز - ئارا مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى: بۇ بىر زىيالىي ئىكەن، بارىن ئىنقىلابىغا بىرمۇ زىيالىي قاتناشمىغان، شۇڭا بۇنى قويىۋېتىدۇ. زىيالىي دېگەن ھۆكۈمەتكە يېقىن بولىدىغان خەق، زەيدىن يۈسۈپ قاتارلىق دىن ئەھلىلىرى قوزغىغان ئىنقىلابقا - زىيالىيلار قېتىلمىغان دەپ، خۇددى ۋارىستىن نەپرەتلەنگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ قويىدى. ۋارىس ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا جاۋابەن: مەنمۇ ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا - دېموكراتىك ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە يەنى نامايىشقا قاتناشقان، بىز تىنىچ ئۇسۇلدا نامايىش قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ھەق - ھوقۇقىمىزنى تەلەپ قىلغان ئىدۇق.

— ئەخمەقلىق! - دەپ سۆزگە ئارىلاشتى ياشانغانراق، ئوتتۇرا بوي، قاڭشارلىق كەلگەن بىرسى - تىنچلىق بىلەن نامايىش قىلىپ، ھەق - ھوقۇقىمىزنى قولغا كەلتۈرىمىز دېگەن گەپ ئاقمايدۇ! بۇ خىتاي ھۆكۈمىتى ھېچقاچان بۇنداق تىنچلىق بىلەن قىلىنغان تەلەپ ۋە سادالارغا قۇلاق سالغان ئەمەس. ئەڭ توغرىسى خۇددى زەيدىن يۈسۈپتەك قولغا قورال ئېلىپ، ئەركەكلەرچە جەڭ قىلىشتۇر. پەقەت قوراللىق كۈرەش ئارقىلىقلا بىز خىتايلارنى ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرالايمىز! باشقىسى بىكار ئاۋارىچىلىقتۇر، خالاس! ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا بارلىق تۇتقۇنلار: توغرا، توغرا، توغرا ئېيتتىڭىز! بىزنىڭ خىتايلارغا گەپ ئاڭلىتىپ، ئۇلارنى چېكىندۈرەلەيدىغان، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان بىردىن - بىر ۋاستىمىز - قوراللىق كۈرەشتۇر! باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار، ئۈنۈمسىز ئىشلاردۇر. ۋارىس ئۇلار بىلەن تالاش - تارتىش قىلىۋەرسە، بىر باشقا چىقالمايدىغانلىقىنى بىلدى - دە، بىر بۇلۇڭدا جىم ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشىغا قۇلاق سالدى. ئۇنىڭ ئۇلار بىلەن يەنە تالاش - تارتىش قىلغۇسى يوق ئىدى. كاللىسىغا: «مېنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىم قانداق بولار؟ مۇشۇ تۇتقانلار بىلەن بىللە ئۇزاق جازالىنىپ كېتەرمەنمۇ ياكى قويۇۋېتىلەرمەنمۇ؟»دېگەندىن

باشقا نەرسە كەلمەيۋاتاتتى .

پەن - تېخنىكا تەرجىمە شىركىتىنىڭ دىرېكتورى پەخرىدىن ئەپەندىنىڭ ۋارىستىن ئىبارەت قابىل بىر خىزمەتچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزى قىيمايتتى. ئۇ داڭلىق ئادۋوكاتلار بىلەن كۆرۈشۈپ ۋارىسنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز دېمەي يول ماڭغان ئىدى. سوراقچىلار يەنە بىر نەچچە قېتىم سوراق قىلىپ، ۋارىسنى ئىقرار قىلدۇرالمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دېلوسىنى يۇقىرىغا يوللاپ بېرىشتى. شىركەتنىڭ دىرېكتورى پەخرىدىن ئەپەندى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھەر تەرەپكە قاتراپ، ۋارىسنىڭ گۇناھسىزلىقىنى داۋا قىلىپ ئەرز سۇندى. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىنىڭ قايتا تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە، ۋارىس گۇناھسىز بولۇپ ئاقلىنىپ قويۇپ بېرىلدى.

ۋارىس ئابابەكرى گۇناھسىز بولۇپ، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن يەنە بىر مەزگىل پەن-تېخنىكا تەرجىمە شىركىتىدە ئىشلىدى. شىركەتكە يەنە بىر نەچچە يېڭىدىن خىزمەتچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالمىرە ئىسىملىك بىر چىرايلىق قىزمۇ بار ئىدى. ئۇ قىزنىڭ زىلۋا بويى، ئاپپاق بەدىنى، يۇمىلاق يۈزىگە ياراشقان قاڭشارلىق بۇرنى، نېپىز لەۋلىرى ۋارىسنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. قىز يېڭى كەلگەن بولغاچقا بەزى قىيىن نۇقتىلارنى ۋارىستىن سورايتتى. ۋارىس بۇ قىزغا ھەر دائىم ياردىمىنى ئايىمىدى. شۇنىڭ بىلەن بارا - بارا ئىككى ياش ئارىسىدا مۇھەببەت ئوتى يالقۇنجاشقا باشلىدى. بىر كۈنى ۋارىس ئالمىرەنى رېستورانغا تەكلىپ قىلدى. قىزمۇ رەت قىلمىدى. ئۇلار رېستوراننىڭ ئايرىمخانىسىدا تاماق يېگەچ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. بۇ قېتىم ۋارىس باشتا تەشەببۇسكار بولۇپ، قىزغا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېيتتى، قىزمۇ ۋارىسنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر - بىرىنى بىر كۈن كۆرمىسە تۇرالمايدىغان ئاشىق - مەشۇقلىرىدىن بولۇپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار چوڭلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن توينى قىلىپ بىر ياستۇققا

باش قويدى.

ۋارىس ئۆزىگە باش تىققىدەك بىر ئۇۋا سىپىلىۋالغاندىن كېيىن، پۈتۈن زېھنىنى ۋە كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئىگىلىك تىكلەش يولىدا ئىزدەندى. 1997 ـ يىلى ئۇ ئۆز يېنىدىن مەبلەغ چىقىرىپ، «تەڭرىتاغ مەدەنىيەت سەنئەت چەكلىك شىركىتى» نى قۇرۇپ، مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەش يولىغا قەدەم قويدى. ئۇنىڭ بۇ شىركىتى مەدەنىيەت ـ سەنئەت كېچىلىكلىرىنى تەشكىللەشتىن باشلاپ، كېيىنچە كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئىشلەشكە تەرەققىي قىلدى. ۋارىس ھەم دىرېكتور ھەم رېژىسسور بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان كىنو ـ فىلىملەرنى ئىشلەپ،خەلقنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان جامائەت ئەربابىغا ئايلانغان ئىدى. ئەمما ئۇ نامايىشتىن قالغان قارا چېكىتى بىلەن ياغلىق قاپاق بولۇپ قالغاچقا، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ قانداقلا بىر يېرىدە ۋەقە سادىر بولسا، خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ تەكشۈرۈلەتتى ۋە سوراققا تارتىلاتتى. لېكىن ئۇزاق قالماي يەنە قويۇپ بېرىلەتتى. چۈنكى، ئۇ ھەر قېتىم تۇتۇلغاندا گۇمان بىلەن تۇتۇلغاچقا ئاخىرىدا گۇناھسىز بولۇپ چىقاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇ گۇناھسىز ھالدا مەكتەپتىن قوغلانغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بىر گۇناھ ئىشلەپ باقمىغان پاك بەندە ئىدى.

2017 ـ يىلى ئەتىيازنىڭ كىرىشى بىلەن ئۇرۇمچىنىڭ ۋەزىيىتى بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى. يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاتالمىش «كەسىپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن لاگېرلارغا نۇرغۇن كىشىلەر: زىيالىي ـ خىيالى، موللىسى ـ سەللىسى، نامىزى ـ ھازىسى، يوپكىسى ـ كوپتىسى،ساقىلى ـبۇرۇتى، كونىسى ـ يېڭىسى، ئەسەبى ـ ئاشقۇن دېگەندەك ھەر خىل سەۋەبلەردىن تۇتۇلۇپ سولانماقتا ئىدى. بۇرۇن جىنايەت ئۆتكۈزدى دەپ قارىلىپ تۇتۇلغانلارمۇ يېڭىدىن ھېچ بىر سەۋەبسىزلا تۇتقۇن قىلىنماقتا ئىدى. ۋارىسمۇ شۇ قاتاردا قارا تىزىملىككە ئېلىنغانلاردىن بىرى

ئىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى تونۇش -بىلىش، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن ئۆزىمۇ ئەندىشە ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بىر ئاخشىمى، تۇيۇقسىزلا ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرگەن ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلىدى. قولىغا كويزا سېلىنىپ، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈلۈپ، يوغان دەرۋازىلىق، ئېگىز تاملىق، تىكەنلىك سىم بىلەن قورشالغان، تۆت بۇلۇڭدا كۆزىتىش مۇنارلىرى بولغان بىر جايغا ئېلىپ كېلىندى. ئەمما، نېمە ئۈچۈندۇر بۇ جاينىڭ دەرۋازاسىغا ھېچقانداق ۋىۋىسكا ئېسىلمىغان ئىدى. ۋارىس دەرۋازىدىن ئېلىپ كىرىلىپ، تۆت قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا كەلگەندە ماشىنىدىن چۈشۈرۈلۈپ، كۆزى ئېچىۋېتىلدى. ۋارىس بۇ بىنانىڭ ئىشىكى يېنىدىكى كىچىك بىر تاختايغا «بىرىنچى دەرىجىلىك تەربىيەلىنىدىغانلار بىناسى» دەپ خېتايچە خەت يېزىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى بىلدى.



ــ ماڭ! دەپ ئىتتىرگەنچە ۋارىسنى ئېلىپ كەلگەن ساقچىلار بىرىنچى قەۋەتتىكى بىر ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىشتى. ئىشخانىدا پاكىنەك كەلگەن، تولۇم چاشقاندەك سەمرىپ كەتكەن، قىسىق كۆز بىرسى يېنىدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان ياشراق بىرسىگە ۋارقىرىغاندەك گەپ قىلىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ ئولتۇراتتى. ۋارىس ئېلىپ كىرىلگەندە ئۇ كۈلكىسىنى توختىتىپ، ۋارىسقا قاراپ بىر ئالىيىپ قويىدى - دە، يەنە بىر ئۈستەلدە ئولتۇرغان ئاق خالاتلىق بىرسىگە ئىشارەت قىلدى. ئۇ كېلىپ ۋارىسنىڭ ئىككى بىلىكىدىن ئىككى قېتىم قان ئالدى. ئاندىن بىر ئوكۇل سۇيۇقلۇقنى ئوكۇل قىلىپ ئۇردى ۋە بىر تال ئاپئاق دورا كومۇلچىنى مەجبۇرى ئىچكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ بارماق ئىزى ئېلىندى. كۆز مۆڭگۈز پەردىسى رەسىمگە ئېلىندى. ئاخىرىدا ئاۋاز خاتىرىسىمۇ ئېلىندى، شۇنداقلا بۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسى كومپيۇتېرغا ئېلىنغان ئىدى. بۇ ئۇنىڭ DNA سىنىڭ تۇرغۇزۇپ چىقىلغانلىقى ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا ۋارىس ئابابەكرى سوراققا ئېلىپ چىقىلدى:

-ھەي، ۋارىس ئابابەكرى دېگەن سەن ئىكەنسەندە! - دېدى ئۇ قىسىق كۆز كۈندىپاي ئۇنىڭغا قاراپ ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى - بىلىدىغانسەن بىز دېمىسەكمۇ؟ سەن بىر ئىسيانكار، گۇمانلىق ۋە ئىشەنچسىز ئۇنسۇرنىڭ ئۆزى ئىكەنسەن. جىنايەتلىرىڭ ئۇچۇن ئېغىر بەدەل تۆلەيسەن! قېنى نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟ بۇنى ئېلىپ چىقىپ قاتتىق سوراق قىلىڭلار! ئۇ ئىلگىرى جىنايەت گۇماندارى بولۇپ تۇتۇلغان ئىكەن، قىلچىلىك رەھىم قىلماڭلار! دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى يېنىدا تۇرغان يالاقچىلىرىغا قاراپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىككى غالچىسى ۋارىسنى سۆرەشتۈرگەنچە يەر ئاستىغا ئېلىپ چۈشۈپ، مەخپىي سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىشتى - دە، بىر قارا تۆمۈر ئورۇندۇققا باغلاپ، ئىككى قولىنى ئورۇندۇقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بىر يۇمىلاق قىلىپ ياسالغان تۆمۈر چەمبەرچىگە چېتىپ، پۇتىغا ئىشكەل سېلىپ، مىدىرلىيالماس قىلىپ قويۇپ، ئاندىن سوراقنى باشلىدى:

— قېنى ئىقرار قىل، جىنايىتىڭنى تاپشۇر!

— نېمە جىنايىتىمنى تاپشۇرىمەن؟ مەندە جىنايەت يوق!

— نېمە جىنايىتىمنى دەۋاتامسەن؟ سەن دېگەن بىر كونا جىنايەتچى، ئىدىيەڭ چاتاق، ئىسيانكار ئۇنسۇر، سەن ئۆز ۋاقتىدا ھۆكۈمىتىمىزگە قارشى ئوقۇغۇچىلار نامايىشىغا باشچىلىق قىلىپ، ئىسيان كۆتۈرۈپتىكەنسەن، ئاشۇ جىنايىتىڭنى ئېتىراپ قىل!

— ئۇ دېگەن تىنچلىق بىلەن قىلىنغان بىر نامايىش تۇرسا؟ ئۇنى قانداقمۇ جىنايەت دېگىلى بولسۇن؟

— ئەلۋەتتە جىنايەت! ئەڭ ئېغىر جىنايەت! پارتىيەمىزنىڭ مائارىپ سىياسىتىگە قارشى چىققان، قانۇن تۈزۈمىنى كۆزگە ئىلمىغان، ئوقۇغۇچىلارغا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، ھۆكۈمەت بىلەن

قارشىلاشقانلىقى ئۆزى جىنايەت ئەمەسمىكەن؟

— ياق، جىنايەت ئەمەس! جىنايەت بولغان تەقدىردىمۇ، مەن ئۇنىڭ جازاسىنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆتەپ بولغان، ئۆتۈپ كەتكەن كونا ئىشلارنى يەنە جىنايەت دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟ ئەقلىگە سىغمايدىغان ئىشقۇ بۇ؟

— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ ئۆز ۋاقتىدىكى پارتىيە رەھبەرلىرى يۇمشاق باشلىق قىلىپ، ساڭا يېنىك جازا بېرىپتىكەن، ئەسلىدە سېنى مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىشى كېرەك ئىدى. سەندەك ئىدىيەسى چاتاق ئۇنسۇرلارغا، ئىسيانكارلارغا - ئۆلۈم لايىق، ئۆلۈم!

ۋارىس ئۇنىڭ تەھدىت ئارىلاش گەپلىرىنى ئاڭلاپ، قىلچىلىك قورقۇپ قالمىدى ۋە ئۇنىڭغا يەنە مۇنداق جاۋاب بەردى:

— سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلاردا قانۇن بارمۇ؟ ياكى قانۇنىڭلاردا نامايىش قىلغانلار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ! -دەپ يېزىلغانمۇ؟

— ھەي، تولا كاپشىما! قانۇن بولمىغان بىلەن قانۇندىنمۇ يۇقىرى تۇرىدىغان بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ پورولېتارىيات دېكتاتۇرىسى، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، بىلىپ قوي! كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىغان بولسا، قانۇنمۇ بولمايتى. باشقا ھېچقانداق نەرسە بولمايتى. شۇڭا، بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ سىياسىتى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ .

— ئەمما مەن ئۇنداق دەپ قارىمايمەن - دېدى ۋارىسمۇ ئۇنىڭ گېپىگە - گەپ قايتۇرماقچى بولۇپ، ئەمما شۇ چاغدا قىسىق كۆزنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازى ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ ياندىكى قول چوماقچىلىرىغا: ئۇنىڭ ئەدىپىنى قاتتىق بېرىڭلار! قاتتىق جازالاڭلار - دەپ ۋارقىرىماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن غالچى گۇندىپايلار ۋارىسنىڭ يۈز - كۆزىگە، باش -بېقىنلىرىغا. توك كالتىكى بىلەن بەش - ئالتىنى ئۇرۇۋەتتى. ۋارىسنىڭ بېشى

يەرگە ساڭگىلاپ قالدى، ئۇ كۆزىنى ئاچالمايۋاتاتتى. گەپ قىلاي دېمەكچى بولدى - يۇ، ئېغىزنىمۇ ئاچالمىدى. ئۇ ھوشىدىن كەتكەن ئىدى. گۇندىپايلار بىر چېلەك سوغۇق سۇ ئەكېلىپ ئۇنىڭ يۈز كۆزىگە چېچىپ، ھوشىغا كەلتۈرۈپ يەنە ئۇردى. مۇشۇ تەرىقىدە سوراق ئىككى كېچە - كۈندۈز داۋام قىلدى. ۋارىس زادىلا ئىقرار قىلمىدى ۋە ھېچقانداق جىنايەتنى بويىنىغا ئالمىدى. شۇنىڭ بىلەن گۇندىپايلار ۋارىسنى يۈتىدىن سۆرىگەنچە ئېلىپ چىقىپ،184 - نومۇر يېزىلغان بىر كامېرغا ئەكىرىپ سولىۋەتتى.

ۋارىس كامېردا قانچىلىك ھوشسىز ياتتىكىن بىلەلمىدى. بىر چاغدا ئويغىنىپ، كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، ئەتراپىدا تۇرغان يىگىرمىدىن كۆپ تۇتقۇننى كۆردى. ئۇلارنىڭ چاچ - ساقاللىرى قىرقىۋېتىلىپ، پەينەك باش قىلىپ قويۇلغان ئىدى. ھەممىسىلا ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان كىشىلەردەك قىلاتتى. تۇتقۇنلاردىن ياشانغانراق كۆرۈنىدىغان، ئاق - پىشماق كەلگەن، سوقچاق يۈزلۈك بىرسى ئېغىز ئاچتى:

– يىگىت ئورنۇڭدىن تۇرغىن! ساڭا 24 سائەت بولدى ھوشسىز ياتقىلى، بۇنداق يېتىۋەرسەڭ بولمايدۇ. ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ھەرىكەت قىلغىن - دەپ يېنىدىكى ياشراق بىرسىگە سۇ ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ تۇتقۇن بىر سولىياۋ قاچىغا توشقىچە سۇ ئەكېلىپ بېرىۋىدى. ۋارىس بىر كۆتۈرۈپلا ھەممىنى ئىچىۋەتتى. ئۇ بەكمۇ ئۇسساپ كەتكەن ئىدى. سۇنى ئىچىپ بولۇپ، يەنە بارمۇ؟ دېگەندەك قارىۋىدى، ھېلىقى ياش يىگىت يەنە بىر قاچا سۇ ئەكېلىپ بەردى. ۋارىس ئۇنىمۇ بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى - دە، ئاندىن بىر ئاز پۇت - قولىغا جان كىرگەندەك بولۇپ، تۇتقۇنلارغا قاراپ ئېغىز ئاچتى: مەن قەيەردە؟ بۇ قەيەر؟ - دەپ سورىدى، ھېلىقى ياشانغان كىشى جاۋاب بېرىپ: يىگىت، بۇ يەرنى ئۇلار مەكتەپ دېيىشىدۇ. ئەمما، بۇ يەر - سەن ئويلىغاندەك نورمال دەرس ئوقۇيدىغان مەكتەپ ئەمەس! بەلكى، ئادەملەرنى قايتا

تەربىيەلەپ، ئىدىيە ئۆزگەرتىش مەكتىپى، بىز بۇ يەردە دۆلەت قانۇنى، پارتىيە سىياستى ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزۋۆندىلىرىنى ئۆگىنىپ، كاللىمىزنى ئۆزگەرتىمىز - دەپ ۋارىسقا بىر ئاز چۈشەنچە بەردى. شۇندىلا ۋارىس ئۆزىنىڭ سىرتتىكى ۋاقىتىدا مىش - مىش پاراڭلاردىن ۋە بەزى تونۇشلىرىدىن ئاڭلىغان ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېيىلىۋاتقان لاگېرغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى بىلدى.

بۇ كەچ كىرىپ قالغان ۋاقىت بولۇپ، تۇتقۇنلار كامېردا قاتارىسىغا بەدەشقان قورۇپ ئولتۇرۇپ، خىتاي تىلىدا بىر نېمىلەرنى يادلاۋاتاتتى. ۋارىس بىردەم زەڭ سېلىپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شى جىن پىڭ ئۆزۋۆندىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. تۇتقۇنلار بىرەر سائەتتەك ئۈنلۈك ئاۋازدا ئۆزۋۆندە يادلىغاندىن كېيىن، جاراڭلىتىپ كامېر ئىشىكى ئېچىلىپ،بىر گۇندىپاي كىرىپ تۇتقۇنلارغا قاراپ:

– ئەمدى بولدى قىلىش، ئۇخلاش ۋاقتى بولۇپ قالدى. ھەممىڭ ئۇخلاش - دەپ، ۋارقىراپ بۇيرۇق قىلىپ چىقىپ كەتتى. كامېردا كارىۋات يوق بولۇپ، تۇتقۇنلار داق يەرگىلا بىر تال ئەدىيالنى سېلىپ يېتىشقا باشلىدى. ھېلىقى ياشانغان تۇتقۇن كامېر باشلىقى بولسا كېرەك! ياشراق بىرسىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، سەن ئۇخلىما، سېنىڭ ئورنۇڭدا بۇ يىگىت ئۇخلىسۇن - دەپ، ۋارىسنى ئىما قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ نۆۋەتچىلىك قىلىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. ئۇ يىگىت نۆۋەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ئۆرە تۇردى. كامېر باشلىقى ۋارىسقا قاراپ: سەن بۇ يەرگە كېلىپ ياتقىن - دەپ، ئۆزىنىڭ يېنىدىن بىر كىشىلىك يەر كۆرسىتىپ بېرىپ، باشقا تۇتقۇنلارغىمۇ: سىلەرمۇ يېتىڭلار! - دەپ بۇيرۇق قىلىپ، ئۆزىمۇ بىر ئورۇنغا كېلىپ ياتتى

كامېردا چىراغ ئۆچۈرۈلمىگەن بولغاچقا ۋارىسنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيۋاتاتتى. ئۇ - ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ يېتىپ، زادىلا

ئۇخلىيالمىدى ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خىيالغا چۆشۈپ كەتتى: «ئۇلارنىڭ كەسپى قايتا تەربىيەلەش مەكتىپى دەۋالغىنى تۈرمىنىڭ ئۆزى ئىكەنغۇ؟ - دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە - شۇنچە كۆپ تۇتقۇنلارنى مۇشۇنداق قوتاندەك، بىر تال دەرىزىسىمۇ يوق، سېسىقچىلىق قاپلاپ كەتكەن بىر يەرگە سولاپ قويامدۇ؟ ھەممىسىگە مەھبۇس كىيىمىدەك ئوخشاش بىر خىلدا كىيىم كەيدۈرۈپ قويامدۇ؟ ئۇلارنىڭ يادلايدىغىنىمۇ – ئۆزۈڭدە - تۈزۈمدە دېگەندەك ساپلا قۇرۇق شوئار ئىكەنغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۆزۈڭدىلەر ساپلا خىتايچە يادلىتىلىدىكەن، بۇ يەردە ئۇيغۇر تىلى چەكلەنگەنمۇ نېمە؟ مەنغۇ ئالى مەكتەپ پۈتتۈردۈم، تەرجىمانلىق قىلدىم، خىتايچە ئوقۇش ۋە يادلاشتىن قورقمايمەن. ئەمما، بۇ بىچارىلەر چالا خىتايچە سەۋىيەسى بىلەن بۇلارنى قانداقمۇ ئۆگىنىپ بولا؟ ئەگەر بۇ تۇتقۇنلار ئۆزۈڭدىلەرنى خىتايچە توغرا يادلاپ بېرەلمىسە قانداق جازالىنىپ كېتەر؟ ھەي، بىچارە ئىنسانلار! بىز نېمە دېگەن شورپا پېشانە خەلق - ھە،» دەپ ئويلاپ خېلى ئۇزاققىچە خىيال قىلىپ ياتتى. ئۇ قاچان ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

يۇقىرى ئاۋازدا چىرقىرىتىپ قويۇلغان مۇزىكا ۋە ناخشا ئاۋازىدىن ۋارىس ئويغىنىپ كەتتى. تۇتقۇنلار شۇنداق تېزلىكتە چاققانلىق بىلەن ئورۇن - كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىنىمۇ يۇيماستىنلا خۇددى ئەسكەرلەردەك يۈگۈرگەنچە سىرتقا مېڭىشتى. كامېر باشلىقى تېخىچە ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرغان ۋارىسقا قاراپ: يىگىت ئورنۇڭدىن تۇر، تېز ئورنىڭنى يىغىشتۇر - دە، بىز بىلەن بىرگە يۈگۈرۈپ مەيدانغا - دۆلەت مارشى ئېيتىشقا چىق! بولمىسا، سەن يەنە تاياق يەيسەن - دېدى. شۇنىڭ بىلەن ۋارىس يوتقان - كۆرپىلىرىنى تېزلىكتە يىغىشتۇرۇپ، كامېر باشلىقىغا ئەگىشىپ مەيدانغا چىقتى. كەڭرى بىر مەيدانغا نەچچە مىڭ تۇتقۇن قاتار تىزىلدۇرۇلۇپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ياڭراتقۇ

كانايغا ئەگىشىپ ناخشا توۋلاشماقتا ئىدى. ۋارىسمۇ تۇتقۇنلار بىلەن بىللە تەڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ناخشا توۋلىدى. دۆلەت مارشى توۋلاش بىر سائەتتەك داۋاملىشىپ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تۇتقۇنلار گۇندىپايلارنىڭ ھەيدىشى ۋە نازارىتى بىلەن كامېرلارغا قايتىپ كىرىشىپ، بېرىلگەن 15مىنۇت ۋاقىتتا شۇنداق تېزلىكتە يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، يەنە يەنە قايتىدىن كامېردا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. تۇتقۇنلار يەنە يېڭى باشتىن ئۆزلۈندىلەرنى يادلاۋاتاتتى. ئۆزلۈندە ياتلاش بىر سائەتتەك داۋاملاشقاندىن كېيىن، يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي چېلىندى. كامېر باشلىقى ۋارىسغا قاراپ: سەنمۇ بىر تال تاماق قاچىسى ئالغىن، ئەتىگەنلىك ناشتىغا چىقىمىز - دېدى. شۇنىڭ بىلەن ۋارىسمۇ بىر تال سولياۋ قاچا ئېلىپ، كامېر باشلىقىغا ئەگىشىپ مەيدانغا چىقتى.

مەيداننىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى بىر قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىدا، نۇرغۇن تۇتقۇنلار قاتارىسىغا ئۆچرەتتە تىزىلىپ تۇراتتى. ئىككى ئاشپەز ئۇستام ئىككى گۇندىپاينىڭ نازارىتىدە تۇتقۇنلارغا تاماق ئۇسۇپ بېرىۋاتاتتى. ھەر بىر تۇتقۇن تاماق بېرىلىشتىن بۇرۇن گۇندىپايلارنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىۋاتاتتى. نۆۋەت ۋارىسقا كەلگەندە، گۇندىپاي ئۇنىڭدىنمۇ سوئال سورىماقچى بولۇۋىدى كامېر باشلىقى ئۇ گۇندىپايغا قاراپ: بۇ يېڭى كەلگەن تۇتقۇن. ئۇ تېخى بىر نەرسىنى بىلمەيدۇ - دېۋىدى، گۇندىپاي ئۇنىڭدىن سوئال سورىماستىن كۈرۈچ شورپىسىدىن بىر قاچا ئۇسۇپ بەردى. شورپا گۆشسىز ۋە تۇزسىز بولۇپ، شۇ قەدەر قىرتاق بولسىمۇ، ۋارىس نەچچە كۈن تاماق يېمىگەن بولغاچقا،شورپىنى ئىككى سۇمۇرۇپلا ئىچىۋەتتى.

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن تۇتقۇنلار يەنە قاتار تىزىلدۇرۇلۇپ، 4 قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە ئېلىپ چىقىلىپ، بىر سىنىپقا كىرگۈزۈلدى. ئەللىك چاسا مېتىرمۇ كەلمەيدىغان كىچىككىنە بىر سىنىپقا 100 گە يېقىن تۇتقۇن ئورۇنلاشتۇرۇلغان

بولۇپ، رەسمىي سىنىپلاردىكىدەك پارتا -ئورۇندۇق قويۇلمىغاچقا، تۇتقۇنلار داق يەردىلا ئولتۇرۇشتى. بىر خىتاي ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ ئاۋازدا ۋارقىراپ ئۇزۇندىلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى. تۇتقۇنلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خىتاي تىلىدا ئوقۇۋاتاتتى. ۋارىسمۇ تۇتقۇنلارغا ئەگىشىپ ئوقۇدى. سىنىپتىكى ھەر بىر بۆلۈكتە ئورنىتىلغان كامېرا ئارقىلىق - كىم ئوقۇۋاتىدۇ، كىممۇ ئوقۇمايۋاتىدۇ، كىم ئىنتىزاملىق خىلاپلىق قىلدى؟ دېگەن نەرسىلەرنى ئېكران ئارقىلىق يىراقتىن تەكشۈرۈلۈپ تۇراتتى. ۋارىسنىڭ خىتايچىسى ياخشى بولغاچقا، لاگېردىكى مەجبۇرى ئوقۇتۇش باشلانغان بىرىنچى كۈنى بولۇشىغا قارىماي، خىتايچە ئۇزۇندىلەرنى توغرا ئوقۇۋاتاتتى. شۇ ئارىلىقتا ئىككى گۇندىپاي كىرىپ، ياشانغان بىر تۇتقۇنغا قاراپ: سەن ئاۋازىڭنى ئېچىپ ئوقۇمىدىڭ، تەلەپپۇزۇڭ خاتا بولدى. بۇ يەرگە چىق - دەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. چۈشتىن بۇرۇنقى بۇ مەجبۇرىي ئوقۇتۇش تۆت سائەتتەك داۋاملاشقاندىن كېيىن، چۈشلۈك تاماققا قويۇپ بېرىلگەن بولۇپ، تۇتقۇنلار يەنە گۇندىپاينىڭ نازارىتىدە لاگېر ئاشخانىسىغا ئېلىپ كېلىنىپ،تاماققا ئۆچرەتتە تۇرۇشتى. چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن گۆشسىز يېسىۋېلەك شورپىسى بىلەن مۇشتۇمچىلىك ھورنان بېرىلدى. چۈشلۈك تاماقتىمۇ تۇتقۇنلار گۇندىپايلارنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ تاماق ئېلىۋاتاتتى. كىم جاۋاب بېرەلىسە ئۇنىڭغا تاماق بېرىلىپ، جاۋاب بېرەلمىگەنلەرگە تاماق بېرىلىشتىن تۇگۇل، ھەيدەپ ئېلىپ كېتىلىپ باراتتى. نۆۋەت ۋارىسغا كەلگەندە يەنە كامېر باشلىقى: بۇ تۇتقۇن يېڭى كەلدى. ئۇزۇندىلەرنى تېخى بىلمەيدۇ - دېۋىدى، ئۇنىڭغا سوئال سورىماستىن بىر قاچا يېسىۋېلەك شورپىسى بىلەن بىر تال ھورنان بېرىشتى. شورپا شۇ قەدەر سۇيۇق ۋە قىرتاق بولسىمۇ، ۋارىس ئۇنى ئىچىشكە مەجبۇر ئىدى. تويغۇدەك تاماق يېمىگىلى بىر قانچە كۈن بولغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ شورپىغا تويمىدى. ئەمما ئۇنىڭ پۇت - قولىغا بىر ئاز ماغدۇر كىرگەندەك بولۇپ قالدى. تاماق ۋاقتىدىن كېيىن

تۇتقانلارغا 5 مىنۇت تەرەت قىلىۋېلىش ۋاقتى بېرىلدى. ئاندىن يەنە تىزىلدۇرۇلۇپ، دەرسخانىغا ئېلىپ چىقىلدى. تۇتقۇنلار يەنە خىتاي ئوقۇتقۇچىغا ئەگىشىپ ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق ئۆزئۆندە يادلىتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر سائەتتەك سوئال - سوراقنا تۇتۇلدى. بىر نەچچە ئوقۇغۇچىلار سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي گۇندىپاي تەرىپىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى. ۋارىسنىڭ تېخى بىرىنچى كۈنى بولغاچقا ئۇنىڭدىن سوئال سورالمىدى. تۆت سائەتتەك ۋاقىت توشتى بولغاي،تۇتقۇن ئوقۇغۇچىلار كەچلىك تاماققا قويۇپ بېرىلدى. ئوخشاشلا يەنە تىزىلدۇرۇلۇپ، گۇندىپايلارنىڭ نازارىتىدە تاماققا ئېلىپ چىقىلدى. چۈشتىكىگە ئوخشاشلا تۇتقۇنلار دىن سوئال سورۇلۇپ، جاۋاب بېرەلىگەنلەرگە تاماق بېرىلىۋاتاتتى. بىر نەچچە تۇتقۇنغا جاۋاب بېرەلمىگەچكە تاماق بېرىشمىدى. ۋارىستىن بۇ قېتىم يەنە سوئال سورىماي تاماق بېرىلدى. كەچلىك تاماقمۇ ناھايىتىمۇ سۇيۇق قىلىپ ئېتىلگەن گۈرۈچ شورپىسى بىلەن بىر تالدىن ھورنان ئىدى. بۇ تاماقلارغا ھېچكىممۇ تويمايتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار ئۇنى ئىچىشكە مەجبۇر ئىدى.

تۇتقۇنلار كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، يەنە تىزىلدۇرۇلۇپ، سىنىپقا ئېلىپ چىقىلىپ ئىككى سائەت ئەتراپىدا ئۆزئۆندە ۋە قائىدە -قانۇنلار يادلىتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تىزىلدۇرۇلغانچە گۇندىپايلار تەرىپىدىن ياتاققا ئېلىپ چىقىلىپ، 5 مىنۇت تەرەت قىلىۋېلىش ۋاقتى بېرىلدى - دە، 5 مىنۇت توشقاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە يىغىۋېلىنىپ، ئوقۇغان ئۆزئۆندىلەرنى تەكرارلاشقا مەجبۇرلاندى. دەرس تەكرارلاش بىر سائەتتەك داۋام قىلغاندىن كېيىن بىر گۇندىپاي كىرىپ: ئەمدى بولدى قىلىش! مەسىلە تاپشۇرۇش باشلانسۇن! - دەپ، يەنە ئىشىكنى ئېتىپ چىقىپ كەتتى. تۇتقۇنلار نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن كامىر باشلىقى تۇتقۇن ئېغىز ئېچىپ: نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟ يەنە جازا يېگۈڭلار كەلدىمۇ؟قېنى

باشلىمامسىلەر؟ - دېۋىدى تۇتقۇنلار بىر - بىرسىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن، بىردىن،بىردىن ئۆز مەسىلىسىنى پاش قىلىشقا باشلىدى: بىر تۇتقۇن ئۆزىنى پاش قىلىپ مۇنداق دېدى: مەن خاتالىق ئۆتكۈزدۈم. مەن قوشماق تۇغقىنىمغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىدىم. ئۇنى رازى قىلالمىدىم. ئۇنىڭغا چوشقا گۆشى توغرالغان تاماق ئېتىپ بەرمەستىن، توخۇ گۆشى توغرالغان چوڭ تەخسىلىك قورۇما ئېتىپ بەرگەن ئىدىم. قورۇما بەكمۇ ئاچچىق بولۇپ كەتكەچكە ئۇ ياخشى يېيەلمىگەن ئىدى. مەن بۇ جىنايەتلىرىم ئۈچۈن، بۇ يەردە ئوقۇپ ئىدىيىمنى ئۆزگەرتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىگە خاس ياخشى ئادەم بولىمەن! - دەپ، ئۆزىنىڭ پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ ئارقىدىن باشقا تۇتقۇنلارمۇ: مەن ئۇنداق قىلدىم، مەن مۇنداق قىلمىدىم، مەن خاتالىق ئۆتكۈزدۈم! مەن بۇ خاتالىقىمنى تونۇيمەن - دەپ، بىردىن - بىردىن ئىپادە بىلدۈرۈپ چىقتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كامېرادا كۆزىتىلىۋاتاتتى. ئىپادە بىلدۈرۈش بىر سائەتتەك داۋاملاشقاندىن كېيىن، يەنە يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي چېلىندى. تۇتقۇنلار داق يەرگىلا ئەدىياللارنى سېلىپ، ئۇخلاش ئۈچۈن يانلىرىنى قويۇشتى. بۇ كېچىلىك ئۇخلاش ۋاقتى بولسىمۇ، ئەمما ئېلېكتىر چىراغ ئۆچۈرۈلمەيتتى ۋە ھېچكىمنىڭ گەپ قىلىشىغا، ئاغزىنى مىدىرلىتىشىغا رۇخسەت يوق ئىدى. كىم گەپ قىلماقچى بولسا ياكى ئاغزىنى مىدىرلىتىپ ھەرىكەت قىلسا، گۇندىپايلار كامېرادىن كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى جازالاش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى.

ئۆزىنى پاش قىلىپ، ئىپادە بېرىش نۆۋىتى ۋارىسقا كەلگەن ئىدى. ئۇ نېمە دەپ ئۆزىنى پاش قىلىشنى بىلەلمىدى. يالغاندىن بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلايمۇ دېدى - يۇ، ئەمما ئۇنىمۇ كۆڭلى كۆتۈرمىدى. ئۇ يالغاندىن ئىپادە بېرىشنى خالىمايتتى. راست گەپ قىلىپ، يالغاندىن يوق بىر مەسىلىنى ئېيتىپ، قۇتۇلاي دېسىمۇ، ئەمما ئېيتقۇدەك بىر مەسىلىمۇ تاپالمىدى.شۇڭا ئۇ ھېچقانداق ئىپادە

بىلدۈرمەي قاراپ تۇرىۋەرگەن ئىدى. بىر چاغدا بۇنى كامېرادىن كۆرگەن گۇندىپاي كامېرغا كىرىپ، ۋارىسنىڭ ئالدىغا كېلىپ كالتەكنى دېۋەيلىگەنچە: ھەي، سەن نېمىگە ئىپادە بىلدۈرمەيسەن؟ نېمىشقا جىم تۇرىسەن؟ نېمىشقا ئۆزۈڭنى پاش قىلمايسەن - دەپ ۋارقىرىدى. ۋارىس ئۇنىڭغا: نېمىنى پاش قىلىمەن؟ مەندە پاش قىلغۇدەك بىرەر مەسىلە يوق! مەن ھېچقانداق خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن تۇرسام - دېپ، جاۋاب بېرىۋىدى، بۇ گۇندىپاي ۋارىسنىڭ كاللىسىغا كالتەك بىلەن بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى - دە، دۈمبىسىدىن ئىتتىرگىنىچە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ گۇندىپاي ۋارىسنى ئېلىپ چىقىپ، سوراقخانىغا ئەكىرىپ، تۆمۈر ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ: مەسىلەڭنى پاش قىل - دەپ، توك كالتىكى بىلەن ئۇنىڭ باش - كۆزىگە ئۇرۇپ قانىتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ۋارىس ھوشسىدىن كەتتى. گۇندىپاي بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماي ئۇنىڭ بېشىغا سوغۇق سۇ چېچىپ، يەنە ئۇردى. ۋارىس يەنە ھوشسىدىن كەتتى. شۇنداق قىلىپ بىر كېچە - كۈندۈز ۋارىسنى قىيناپ، ئەتىسى كەچتە چالا ئۆلۈك ھالدا كامېرغا ئېلىپ چىقىپ تاشلىۋەتتى.

ۋارىسنىڭ باش - كۆزى تاياقتىن قانغا بويۇلۇپ كەتكەن ئىدى. بىر كېچە - كۈندۈز يەيدىغان نەرسە بېرىلمىگەچكە،پۇت - قولىدا كۈچ يوق، يەرگە دەسسىيەلمەيۋاتاتتى. كامېر باشلىقى تۇتقۇن ئۇنى ئاستا يۆلەپ ئەكېلىپ، بىر تال ئەدىيالنى سېلىپ ياتقۇزۇپ قويدى ۋە يەنە بىر ياش تۇتقۇنغا سۇ ئەكەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئىچكۈزدى. ۋارىس ئاغزىنى مىدىرلىتىپ كامېر باشلىقىغا بىر نەرسە دېمەكچى بولدى - يۇ، ئەمما ئۇ بەكلا ھالىدىن كەتكەن بولۇپ، ئاغزىنى ماكىلىداتقانچە ئۇيقۇغا كەتتى.

تاڭ ئاتقان ئىدى. يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي چېلىنىپ، تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، مەيدانغا دۆلەت مارشىنى ئورۇنداشقا مېڭىشتى. كامېر باشلىقى تۇتقۇن ۋارىسنى يۆلەپ دېگۈدەك ئۆزى بىلەن بىللە مەيدانغا ئېلىپ چىقتى. تۇتقۇنلار

يۇقىرى ئاۋازلىق كانايغا ئەگىشىپ دۆلەت مارشىنى ئېيتىشاتاتتى. ۋارىس ئۆرە تۇرالماي يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قېلىشاتاتتى. كامىر باشلىقى ئۇنى يۆلەپ دېگۈدەك تۇرغۇزۇپ، بىر سائەتنى تەستە ئۆتكۈزدى. دۆلەت مارشىنى ئوقۇش تۈگىگەندىن كېيىن، تۇتقۇنلار يەنە ياتاققا ئېلىپ كىرىلدى. 15 مىنۇت يۈز ـ كۆزنى يۇيۇشقا بېرىلگەن ۋاقىتتا كامىر باشلىقى ۋارىسقا ئىچ ئاغرىتىپ، ئازراق سۇ ئەكېلىپ تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇ سۇنى ئىچكەندىن كېيىن ۋارىسقا بىر ئاز جان كىرگەندەك بولۇپ، ھەرىكەت قىلالىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇتقۇنلارغا ئەگىشىپ، ئەتىگەنلىك ناشتىغا چىقتى. ناشتىلىققا بېرىلگەن بىر قاچا گۈرۈچ شورپىسى بىلەن بىر تال هورنان ئۇنىڭغا يەنە بىر ئاز كۈچ ئاتا قىلدى. كېيىن ئۇ تۇتقۇنلار بىلەن بىللە دەرسكە چىقتى.

ۋارىس دەرسخانىغا كىرىپ ئەمدى ئولتۇرۇشىغىلا، ئىككى گۇندىپاي كىرىپ: ۋارىس دېگەن قايسىڭ؟ ـ دەپ،ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىردى. ۋارىس: مەن دەپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىشىدى. گۇندىپايلار: سەن بۇياققا كەل، بىز بىلەن ماڭ ـ دەپ، ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ، باشقا بىر بىناغا ئېلىپ كەلدى. ئىشىكنىڭ ئالدىغا: «ئالاھىدە قاتتىق باشقۇرۇلىدىغانلار گۇرۇپپىسى» دېگەن خىتايچە خەت يېزىلغان ئىدى. گۇندىپايلار ۋارىسنى ئىككىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقىپ، بىر سىنىپنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، بۇ كىرسە بولامدۇ؟ ۋارىس دېگەن جاھىل ئۇنسۇر مۇشۇ شۇ دەپ، بىر خىتاي ئايال دەرس ئۆتۈۋاتقان سىنىپقا كىرگۈزۈپ قويۇپ، ئاندىن ياۋۇزلارچە بىر قارىۋېتىپ كېتىپ قېلىشتى. بۇ سىنىپتا ئەللىك ئەتراپىدا، كۆپىنچىسى ياش ۋە ئاز بىر قىسمى ئوتتۇرا ياش بولغان تۇتقۇنلار دەرس ئوقۇۋاتاتتى. خىتاي ئوقۇتقۇچى ئۆزۈندىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇۋاتاتتى. تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوقۇۋاتاتتى. ۋارىس ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزىغا ۋە خىتايچىنى راۋان ئوقۇشىغا قاراپ، باشقىچە بىر ئەھۋالنى ھېس قىلدى. سىنىپتىكى تۇتقۇنلارنىڭ خىتايچە

سەۋىيەسى ئالاھىدە ياخشى ئىدى. خىتاي ئوقۇتقۇچى ئۇزۇندىن بېرى ئۇيغۇرلارنى ئوقۇتۇپ بولۇپ، سوئال سورىسا ھەممىسىلا دېگۇدەك،گاچ - گاچ جاۋاب بېرىۋاتاتتى. ۋارىسنىڭ كاللىسىغا شۇئان: ھە- ئە،ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەندە،بۇلار ئالاھىدە بىلىملىك زىيالىيلار بولغاچقا، «ئالاھىدە قاتتىق باشقۇرۇلىدىغان گۇرۇپپا _غا بۆلۈنگەن ئىكەن ئەمەسمۇ؟ دېگەندەك خىياللار كەلدى. تۇتقۇنلار تۆت سائەتتەك خىتاي ئوقۇتقۇچىغا ئەگىشىپ، ئۇزۇندىن بېرى يادلىغاندىن كېيىن، چۈشلۈك تاماققا قويۇپ بېرىلدى. شۇ چاغدىلا ۋارىس ئۇلارغا قاراپ، بەزىلىرىنى تونۇيدىغاندەك ھېس قىلدى. ۋارىسقا تونۇش كۆرۈنگەن تۇتقۇنلار بولسا، ئاكادېمىيىدە ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئىشلەيدىغان پروفېسسور، يازغۇچى ۋە تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلار ئىدى. تۇتقۇنلار چۈشلۈك تامىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا 15 مىنۇتتەك قاچا - قۇچىلىرىنى يۇيۇش ۋە ھاجەتكە بېرىش ۋاقتى بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە يىغىۋېلىنىپ، تىزىلدۇرۇلۇپ دەرسخانىغا ئېلىپ چىقىلدى. خىتاي ئوقۇتقۇچى چۈشتىن بۇرۇنقى دەرسنى ئۆزگەرتىپ، ئەمدى بىز قانۇن - سىياسەت ئۆگىنىمىز - دەپ دەرسنى باشلىدى. ئۇ دەرستە: «بىز ھەممىمىز جۇڭخۇا مىللىتى، كوممۇنىزىمدا ھەممە مىللەت بىر - بىرسىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر دېگەن مىللەتمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ» دەپ سۆزلەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى بۇنىڭغا قارىتا ئىپادە بىلدۈرۈشكە قىستىدى. تۇتقۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بېشىنى ئىچىگە تىقىپ جىم ئولتۇراتتى. ھېچكىم ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشنى خالىمايۋاتاتتى. خىتاي ئوقۇتقۇچى ئەسەبىيلەشكەن ھالدا چىرايىنى تۈرگەنچە تۇتقۇنلارغا قاراپ: ھەي، 80 - نومۇر، سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، بۇنىڭغا قارىتا ئىپادەڭنى بىلدۈر-دەپ، ياشانغان، پەينەكباش بىر پروفېسسور كىشىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قويدى. ھەممە تۇتقۇنلار ئۇنىڭغا نېمە دەيدىكىن؟ دەپ قاراشماقتا ئىدى. پروفېسسور كېكىردىكىنى ئاستا قېقىۋەتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: مېنىڭچە بۇ توغرا ئەمەس!

لېنىن تاللانما ئەسەرلىرىنىڭ ئىككىنچى تومىدا مۇنداق دېيىلگەن: كوممۇنىزمغا بارغاندا ھەممە مىللەت باراۋەر بولىدۇ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز - ئارا قوشۇلۇپ كېتىشى ئۆزلۈكىدىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما، كوممۇنىستىك پارتىيە قۇرۇلغىلى جۇڭگودا 70 يىلدىن ئاشتى. كوممۇنىزم تېخى ئەمەلگە ئاشمىدى. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوشۇلۇشى بارلىققا كەلمىدى. ئەكسىنچە، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى مەجبۇرلاش خاراكتېرى بىلەن بولۇۋاتىدۇ - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئايال ئوقۇتقۇچى: ھەي، سەن خاتا سۆزلەۋاتىسەن. سەن بىر تېررورچى، سەن بىر بۇزۇق ئۇنسۇر! دېگەنچە ۋارقىراپ، بىر كۇنۇپكىنى بېسىپتۇ. ئىككى گۇندىپاي بىردەمدىلا پەيدا بولىدى _دە، «ماڭ دېسە،ماڭ! "» دەپ، پىروفېسسورنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، ھەددىدىن زىيادە سەمرىپ كەتكەنلىكتىن قىسىق كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتەيلا دەپ قالغان لاگېر باشلىقى يەنە ئىككى گۇندىپايىنى باشلاپ كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئاگاھلاندۇرۇش قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن، كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئوقۇتقۇچىنىڭ سورىغان سوئالىغا توغرا جاۋاب بەرمەي، ئۆزى خالىغانچە جاۋاب بەرسە، ئۇ كىشى ئىنتىزامنى بۇزغان، ئىدىيەسى چاتاق، تېررورچى دەپ قارىلىپ، ئېغىر جازالىنىدۇ» دەپ، يەنە بىر مۇنچە تەنبىھ ۋە تەھدىتلەرنى قىلىپ چىقىپ كەتتى. تۇتقۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئولتۇراتتى. خىتاي ئوقۇتقۇچى يەنە چالۋاقاشقا باشلىدى: «جۇڭگو ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك سوتسىيالىستىك دۆلەت، بىز ئۇزاققا قالماي ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى بېسىپ چۈشۈپ، دۇنيادىكى بىرىنچى كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىمىز، ئۇ چاغدا بىزگە - ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ» ئۇ شۇ قەدەر مۇغەمبەر ۋە تەكەببۇر كۆرۈنۈۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ قېتىم يەنە باشقىلارنى جاۋاب

بىرىشكە قىستىيالمىدى ۋە دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنغىچە ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان سىياسەتلەردىن خېلى بىر ھازا چالۋاقاپ سۆزلىدى.

دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى. بىر گۇندىپاي تۇتقۇن ئوقۇغۇچىلارنى تىزىلدۇرۇپ، كامېرغا ئېلىپ كەلدى ۋە 5 مىنۇت ئوبۇرنىغا بېرىش ۋاقتى بەردى. بۇ قىسقا ۋاقىت ھايت - ھۇيت تۈزگىچە توشۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن گۇندىپايلار تۇتقانلارنى كامېرغا سولاپ، بۈگۈنكى دەرسلەرنى تەكرار قىلىڭلار! ئەگەر كىم سورالغان سوئالغا جاۋاب بېرەلمىسە، ئېغىر جازالىنىدۇ دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇشىغا يەنە بىر سائەتتەك ۋاقىت باردى. تۇتقۇنلار كامېردا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تەكرار قىلىشقا باشلىدى. ۋارىس دەرسنى تەكرار قىلىشنى خالىمىدى. ئۇ بېشىنى ئېگىپ تىقىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى: «جۇڭگو سوتسىيالىستىك دۆلەت دەيدۇ،شۇنداقلا كەلگۈسىدە تەرەققىي قىلىپ، ئامېرىكىنى بېسىپ چۈشىدۇ دەيدۇ! بۇ گەپكە قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن؟ ئەمەلىيەت ئۇنىڭ سۆزلىگىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتىدىغۇ؟ سابىق سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىمۇ قۇدرەتلىك دۆلەت ئىدى. ئاخىرىدا پارچىلىنىپ كەتتىغۇ؟ سابىق يۇگوسلاۋىيەمۇ كۈچلۈك بىر سوتسىيالىستىك دۆلەت ئىدى. ئۇمۇ پارچىلىنىپ كەتتىغۇ؟ نېمىشقا ئۇلار كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. نېمىشقا ئۇلار ئامېرىكىنى بېسىپ چۈشەلمىدى؟ ئەمدى بولغاندا جۇڭگو بېسىپ چۈشىدۇ دەيدۇ؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟ مېنىڭچە ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس! جۇڭگو ئامېرىكىنى بېسىپ چۈشۈش ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ پارچىلىنىشىنى ساقلاپ قالالىشى ناتايىن، بەلكى ئاخىرى بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش پارچىلىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن!»

كەچلىك تاماققا قوڭغۇراق چېلىندى. ئوقۇغۇچىلار قاتارىسىغا تىزىلىپ كەچلىك تاماققا باردى. تاماق ئۈچۈن تۇتقۇنلارغا سۇيۇق

گىۋرۋچ شورپىسى ۋە بىر تالدىن ھورنان بېرىلگەن ئىدى. تۇتقۇنلار كەچلىك تامىقنى يەپ بولغاندىن كېيىن يەنە تىزىلدۇرۇپ، «دەرس تەكرار قىلىسىلەر» دېگەن گەپ بىلەن سىنىپقا ئېلىپ كىرىلدى. خىتاي ئوقۇتقۇچى تۇتقۇن ئوقۇغۇچىلارغا: چۈشتىن بۇرۇنقى دەرسنى تەكرار قىلىڭلار! ئۇنىڭدىن كېيىن سوئال سورىلىدۇ ـ دەپ قويۇپ، چىقىپ كەتتى ۋە بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قايتىپ كىرىپ، سوئال سوراشنى باشلىدى: كوممۇنىزم قاچانلىققا ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ ئۇ سوئالنى قويغاندىن كېيىن ۋارىسقا قاراپ: ھەي، 86 ـ نومۇر،ئورنىڭدىن تۇر! بۇ سوئالغا سەن جاۋاب بەر! ـ دېدى. ۋارىس ئورنىدىن تۇرۇپ، بىردەم ئوقۇتقۇچىغا قارىۋەتكەندىن كېيىن مۇنداق جاۋاب بەردى: [ كوممۇنىزم ئەمەلگە ئاشمايدۇ. چۈنكى، ئۇ بىر ئوتۇپىيەدۇر (خىيالى دۆلەت )بۇ گەپنى ئاڭلىغان خىتاي ئوقۇتقۇچى ۋارقىرىغانچە: ئەيىيا، ئەيىيا! سەن نېمە دەيدۇ؟ سېنىڭ ئىدىيەڭ چاتاق، سەن بىر ئەسەبىي ئۇنسۇر،سەن بىر تېرروررچى! ـ دەپ، ۋارقىرىغانچە كۇنۇپكىنى بېسىۋىدى، ئىككى گۇندىپاي كىرىپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋارىسنى سۆرىگەنچە قولىغا كويزا سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ، ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

گۇندىپايلار ۋارىسنى بىنانىڭ يەر ئاستى قەۋىتىدىكى سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىپ، تۆمۈر ئورۇندۇققا باغلاپ، پۇت ـ قولىنى مىدىرلىيالماس قىلىپ قويدى ـ دە،ئاندىن سوراقنى باشلىدى:

ــ قېنى ئېيتە، سەن نېمشقا خاتا گەپ قىلىسەن؟

–مەن خاتا گەپ قىلمىدىم.

–كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشمايدۇ! ـ دېگىنىڭ خاتا بولماي نېمە؟

ــ خاتا ئەمەس، ئەلۋەتتە كوممۇنىزم ئەمەلگە ئاشمايدۇ ـ دېدى ۋارىس يەنە قورقماستىن ئاۋۋال دېگەن سۆزدە چىڭ تۇرۇپ،

ــ گېپىڭ خاتا ئەمەسمۇ؟ سېنىڭ گېپىڭنىڭ خاتا ياكى خاتا ئەمەسلىكىنى بىز ساڭا كۆرسىتىپ قويىمىز: قېنى كېلىڭلار! - سوراقچىلارنىڭ ئىچىدىن چوشقىدەك سەمرىپ كەتكەن بىرسى - ئۇنىڭغا كوممۇنىزمنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار! - دەپ، يېنىدىكى ئىككى يالاقچىسىغا بۇيرۇق چۈشۈردى. گۇندىپايلار قولىدىكى كالتەك بىلەن ۋارىسنىڭ يۈز -كۆزلىرى، بىقىنلىرى ۋە دۈمبىلىرىگە ئۇرۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى قانغا بويىۋەتتى. ۋارىس ھوشىدىن كەتتى. گۇندىپايلار بىر چېلەك سوغۇق سۇ ئەكىرىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە چېچىپ يەنە ھوشىغا كەلتۈردى - دە، يەنە ئۇردى. ۋەھشىي سوراقچىلار ئۇنى ئۇرۇش بىلەنلا بولدى قىلماي، توختىماي سوئال سورايتى: كوممۇنىزم ئەمەلگە ئاشامدۇ ئاشمامدۇ؟ ۋارىس تەستە ئاغزىنى ئېچىپ يەنە: ئاشمايدۇ - دەپ جاۋاب بەردى. سوراقچى گۇندىپايلار ۋارىسنى يەنە ئۇردى. تەپتى ۋە قورساقلىرىغا بىر نەچچىنى دەسسىۋەتتى. ئۇ يەنە ھۇشىدىن كەتتى. بۇ قېتىم گۇندىپايلار يەنە سوغۇق سۇ ئېلىپ كېلىپ چېچىۋىدى، ۋارىس ھۇشىغا كەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ۋەھشىي گۇندىپايلار ۋارىسنىڭ پۇتىدىن سۆرىگەن پېتى كامېرغا ئېلىپ كېلىپ، داق يەرگە تاشلىۋېتىپ چىقىپ كېتىشتى.

ۋارىس قانچىلىك ھوشسىز ياتتىكىن ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىر ۋاقىتتا كامېر باشلىقى تۇتقۇننىڭ ئۇنى نوقۇپ: يىگىت، يىگىت، ئورنۇڭدىن تۇر - دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ، كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى. ئۆزىگە قاراپ تۇرغان تۇتقۇنلارنىڭ بىر نىمىلەرنى دېيىشىپ، پىچىرلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇ چاغدا ئوتتۇرا ياش،بۇغداي ئۆڭ، قاراقاش كەلگەن بىر تۇتقۇن سۆز ئېچىپ: يىگىت، سەن مۇشۇ پېتى ھوشسىز ياتقىلى ئىككى كېچە - كۈندۈز بولدى. بەلكى قورسىقىڭ ئاچقاندۇ؟ ئۇسسىغانسەن؟ - دەپ، بىر چىنە سۇ بىلەن بىر تال ھورنانىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى. ۋارىس سۇنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋېتىپ، ھورنانىنمۇ ئىككى چىشلەپلا يۇتىۋەتتى

ـ دە، يەنە سۇ بارمۇ؟ ماڭا يەنە سۇ بېرىڭلار! قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى. نان بېرىڭلارچۇ؟ ـ دەپ، پەس ئاۋازدا ئۇلارغا پىچىرلىدى. بايام گەپ قىلغان ياش تۇتقۇن ۋارىسقا يەنە بىر قاچا سۇ ئېلىپ كەلدى. ۋارىس ئۇ بىر قاچا سۇنىمۇ بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. بۇ چاغدا كامېر باشلىقى تۇتقۇن: يىگىت سەۋر قىل، ھازىر كەچ بولۇپ كەتتى. بۇلاردىن نان ئالغىلىمۇ بولمايدۇ. ئەتىگەنلىك ناشتىلىققىچە چىدىغىن! بىزنىڭ گۇندىپايلاردىن: نان، سۇ تەلەپ قىلىش ھەققىمىز يوق، ئۇنداق قىلساقمۇ بەرمەيدۇ. ئۇلار بىزنى ئادەم ئورنىدا كۆرمەيدۇ ـ دەپ، ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىپ قويدى ـ دە، ۋارىسقا يەنە: يىگىت، يېتىپ ياخشى ئارام ئال! ياراڭ ئېغىر ئىكەن، ئەتە بىز ساڭا دوختۇر تەلەپ تەلەپ قىلايلى!ـ دېدى. ۋارىسنىڭ باش قىسمىغا قاتتىق ئۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، ئورنىدىنمۇ تۇرالمايۋاتاتتى، ئۇ شۇ ياتقانچە يەنە ئۇيقۇغا كەتتى.

ۋارىس قاتتىق چىرقىرىتىلغان كانايىنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئەتىگەنلىك دۆلەت مارشىنى ئورۇنداشقا چىقىش ئۈچۈن تۇتقۇنلار چاققانلىق بىلەن ئورۇن ـ كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرماقتا ئىدى. ۋارىس ئورنىدىن تۇرالمىدى. كامېر باشلىقى باشقىلارنى مەيدانغا چىقىرىۋېتىپ، ئۆزى گۇندىپايلارغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، ۋارىسنى دوختۇرغا تەكشۈرتۈش ۋە ئۇنىڭغا دورا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما گۇندىپايلارنىڭ ھېچقايسىسى: مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، مەن بۇ ئەھۋالنى لاگېر باشلىقىغا ئېيتاي ـ دېگەنچە كېتىپ قالدى. ۋارىس كامېردا يالغۇز قالغان ئىدى. بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن .ئىككى گۇندىپاي بىر ئاق خالات كىيگەن دوختۇردەك كۆرۈنىدىغان گۇندىپاينى باشلاپ كىردى. ئۇ دوختۇر گۇندىپاي ۋارىسنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىگە، قۇلاقلىق تەكشۈرگۈچنى تۇتۇپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى توغرۇلۇق تۈزۈك بىر نەرسە دېمەستىنلا: مەن تازا ياخشى بىلەلمىدىم. بۇ يەردە تەكشۈرۈشكە ئىمكان بولمايدۇ. ھازىرچە ماۋۇ دورىنى

يەپ تۇرسۇن - دەپ، ئۇنىڭغا بىر تال ئاپئاق دورا كۆرسەتكەنىدى - دە، ھېچقانداق دىياگنوز قويمايلا چىقىپ كەتتى. بىر نەچچە كۈنگىچە گۇندىپايلار ھەر كۈنى ۋارىسقا ئىككى تالدىن دورا ئەكىرىپ بېرەتتى.ئەمما گۇندىپايلار ئۇنىڭغا دورىنى ئىچىپ بولغۇچە ئۈستىدىن قاراپ تۇراتتى. ۋارىس ئۈچ - تۆت كۈنگىچە بۇ دورىلارنى ئىچكەن بولسىمۇ ھېچقانچىلىك ياخشىلىنىش بولمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇ دورىلارنى ئىچىشنىمۇ خالىمىدى ۋە رەت قىلدى. پەقەت ئۇ ئاخشاملىرى تۇتقۇنلار ياتاققا قايتىپ كىرگەندىلا، ئۇلارنىڭ تەسەللىيسى بىلەن كۆڭلى بىر ئاز ئارام تېپىپ قالاتتى.

ۋارىسنىڭ لاگېردىكى كۈنلىرى مۇشۇنداق نېمجان ھالەتتە ئۆتمەكتە ئىدى. تاياق زەربىسىدىن ئاغرىپ يېتىپ قالغىلى بىر ئايغا يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. «داۋالايمىز»دېگەن باھانە بىلەن دوختۇر گۇندىپايلار نەچچە قېتىم كىرگەن بولسىمۇ، يەنىلا تۈزۈك تەكشۈرۈش قىلماي ئۇنى نامەلۇم بىر خىل دورىنى ئىچىشكە زورلايتتى. ۋارىس دورىلارنى ئىچىشنى رەت قىلاتتى. ئۇلاردىن ئۆزىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشنى، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما گۇندىپايلار ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشنى داۋاملىق ئارقىغا سۈرمەكتە ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋارىس بىر نەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى. تۇتقۇن كامېر باشلىقى بۇ ئەھۋالنى گۇندىپايغا مەلۇم قىلىپ تۇراتتى. ئارىدىن يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈنى لاگېر باشلىقى بىر نەچچە گۇندىپايلار بىلەن كىرىپ، ۋارىسنى ئىشخانىسىغا ئېلىپ چىقتى - دە .ئۇنىڭغا: ساڭا پارتىيەنىڭ ئىللىق مېھرىنى يەتكۈزۈشنى قارار قىلدۇق، سەن قويۇپ بېرىلىسەن! بۇنىڭغا ئىمزا قوي! - دەپ، بىر قەغەزگە ئىمزا قويدۇرۇپ، ئۇنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە ساقچى ماشىنىسىغا سېلىپ ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشتى.

ۋارىسنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن ئائىلى ۋە بالىلىرى يىغلاپ قاقشىدى. تېۋىپ چاقىرتىپ، ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرسەتتى. كەلگەن

تېۋىپمۇ ئۇنىڭغا بىر مۇنچە دورىلارنى بېرىپ، بۇنى قايىنتىپ ئىچكۈزۈڭلار! ئىنشائاللاھ ياخشى بولۇپ قالار! - دەپ چىقىپ كېتىشتى. ئايالى ئۇنىڭغا چوڭ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ، داۋالىنىشنى ئېيتىۋىدى، ۋارىس ئۇنى رەت قىلدى. چۈنكى،ئۇ ئۆزىنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ، بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى، داۋالىنىشنىڭمۇ ھاجىتى يوقلىقىنى بىلىپ يەتمەكتە. ئۇ ھازىر پۇت - قولى باسماس، يەرگە دەسسىيەلمەس بولۇپ قالغان ئىدى. گېلىدىن ئاش - نانمۇ ئۆتمەيتتى. ئايالى ئۇنىڭغا گۆشلۈك گۈرۈچ شورپىسى ۋە سۇيۇق - سەلەڭ تاماقلارنى ئىچكۈزۈپ، خېلى ھەپىلىشىپ باقتى. ئەمما، ئۇنىڭمۇ پايدىسى بولمىدى. ۋارىسنىڭ نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنلىشىپ، يۈرىكىگە بىر خىل قان يېتىشمەيۋاتقاندەك قاتتىق سانجىلىپ ئاغرىۋاتاتتى. بۇ تەرىقىدە ئۇ يەنە بىر نەچچە كۈن بەرداشلىق بەردى. ئەپسۇس دەل لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنىڭ 10 - كۈنى تاڭ سەھەردە ئۇنىڭ يۈرىكى ھەرىكەتتىن توختىدى.

ۋارىسنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، يېقىنلىرى ۋە دوستلىرىنى قاتتىق قايغۇغا سالدى. ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمى ھۆكۈمەت ساقچىلىرىنىڭ نازارىتىدە، ئەل - جامائەت قاتناشتۇرۇلمىغان ھالدا، پەقەت ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن يەتتە - سەككىز كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يەرلىكىگە قويۇلغان ئىدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇنىڭ سىرلىق ۋاپاتىنىڭ ئۆزگىچە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىشىدىن ئەندىشە قىلماقتا ئىدى. ۋارىسنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا خىتاي ھۆكۈمىتى نەچچە يۈز ساقچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى كۆزەتتى ۋە دەپنە ئىشىغا مەخسۇس پايلاقچىلارنى قويۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكىگە قاتناشماقچى بولغان نۇرغۇن كىشىلەرنى يېقىن كەلتۈرۈشمىدى. ئەمما ھەر قانچە قىلسىمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋارىسنىڭ ئۆلۈمىنىڭ خەلقئاراغا ئاشكارىلىنىپ كېتىشىنى توسۇپ قالالمىدى. ۋارىسنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى تاراتقۇلار ئارقىلىق تاشقى دۇنياغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ

سەپداشــلىرىدىن دولقــۇن ئەيســا، مەمــەت توختــى، روشــەن ئاببــاس قاتارلىــق پائالىيەتچىلــەر ۋارىســىنىڭ ئۆلۈمىگــە قاتتىــق قايغــۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈردى ۋە ئۇنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ئۇنىــڭ ئۈچــۈن خەتمــە - قۇرئــان قىلــدۇردى.

ۋەتــەن ئوغلــى ۋارىــس - ۋاقىتســىز ۋاپــات بولغــان بولســىمۇ، ئــۇ خەلقىنىــڭ قەلبىــدە مەڭگــۈ ياشــايدۇ. سەپداشــلىرى ۋە دوســتلىرى ئۇنىــڭ پــارلاق ئىــش - ئىزلىرىنــى مەڭگــۈ ئۇنتۇمايــدۇ. ئۇنىڭغا يۇقىــرى باھــا بېرىــدۇ. دۇنيــا ئۇيغــۇر قۇرۇلتىيىنىــڭ رەئىســى دولقــۇن ئەيســا ۋارىسقا باھــا بېرىــپ مۇنــداق دەيــدۇ: ۋارىــس ئابابەكرى 20 - ئەســىردە ئۇيغــۇر خەلقــى يېتىشــتۈرگەن جەســۇر ئوغلانلارنىــڭ بىــرى ئىــدى. ئــۇ ۋەتــەن ۋە خەلقىنىــڭ ھۆرلــۈك - ئازادلىقــى، ھــەق - ھوقۇقلىرىنــى قوغــداش ئۈچــۈن ئۆمــۈر بويــى كــۈرەش قىلغــان بىــر ئەزىمــەت ئىــدى. شــۇنداق بولغاچقــا خىتــاي تاجاۋۇزچىلىــرى ئۇنــى قىينــاپ، جــازا لاگېرىــدا ئۆلۈشــكە ســەۋەبچى بولــدى. بىــز بۇنىــڭ ئۈچــۈن خىتــاي تاجاۋۇزچىلىرىغــا قاتتىــق نەپرىتىمىزنــى بىلدۈرىمــىز ۋە ۋارىســىنىڭ قىساســىنى چوقــۇم ئالىمــىز!»

# ئاياق ئىچىدىن چىققان مەخپىي خەتنىڭ سىرى

مۇرات بۈگۈن بەكلا خۇشال ئىدى. قىز دوستى بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋەدىلىشىپ قويغان ئىدى. ئۇ پاكىز كىيىنىپ ۋە چىرايلىق ياسىنىپ، دېيىشكەن ئورۇنغا بېرىش ئۈچۈن يولغا چىققان ئىدى. ئۇ بىر قېتىم ئاپتوبۇس ئالمىشىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قىز دوستىغا سوۋغات قىلىشقا بىر تال گۈل ئېلىۋېلىش ئۈچۈن گۈل دۇكىنى ئىزدەپ بازار ئارىلاۋاتاتتى.

ئۇ دۇكاندىن - دۇكانغا كىرىپ-چىقىپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ «خەلققە قولايلىق ساقچى پونكىتى» دېيىلگەن قوراللىق ساقچىلار ئۇيغۇرلارنى تەكشۈرىدىغان پوتەينىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالغان ئىدى. بۇ جايدا ساقچىلار كىشىلەرنىڭ يانفونىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. ئۇ: «ئاپلا» دەپ ئارقىسىغا يېنىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، بىر خىتاي ساقچى ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ: ھەي توختا! بۇ يەرگە كەل - دەپ چاقىردى. ئۇ ئەمدى ئارقىسىغا يېنىپ قاچالمايتى. ئەگەر ئۇ ئەمدى قاچسا، ساقچىلار ئۇنى ئوق چىقىرىپ ئېتىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئاستا ماڭغانچە ساقچىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— يانفونۇڭنى چىقار - دېدى ساقچى ۋارقىراپ، مۇرات يانفونىنى ئېلىپ بەردى. ئۇ يانفوندا نېمىلەرنىڭ تەكشۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلمەيتى. ساقچىلار ئۇنىڭ يانفونىنى بىر خىل كومپيۇتېرغا ئوخشايدىغان ئەسۋابقا سېلىپ تەكشۈردى. ئەسۋابتىن بىر نەچچە قېتىم جىرژ، جىرژ قىلغان ئاۋاز چىقتى. بۇنى ئاڭلىغان ساقچى دەرھال مۇراتنى تۇتۇپ: يانفونۇڭدا چاتاق بار ئىكەن، تەكشۈرۈلسەن!

دېگەنچە قولىغا كويزا سېلىپ. بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ، بىر ساقچى ماشىنىسىغا چىقىرىپ ئېلىپ ماڭدى.

تەخمىنەن يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن ماشىنا ئېگىز تاملىق، يوغان دەرۋازىلىق، ئەتراپى تىكەنلىك سىم بىلەن قورشالغان بىر يەرگە كېلىپ توختىدى ـ دە، ساقچىلار: «دوكلات»دەپ توۋلىغاندىن كېيىن، كۆزەتچى ساقچى دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى. ماشىنا دەرۋازىدىن ئىچكىرىگە كىرىپ، بىر بىنانىڭ ئالدىدا توختاپ مۇراتنى چۈشۈردى ۋە بېشىدىكى خالتىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى بىنانىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ، گۇندىپايلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشتى. گۇندىپايلار ئۇنى بىنانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىشتى. بۇ كامېرنىڭ ئىشخانىسى بولسا كېرەك، ئىشخانىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى تال ئۇستەل قويۇلغان بولۇپ، بىر ئۇستەلدە پاكىنەك، سېمىز كەلگەن، قىسىق كۆز بىر گۇندىپاي كۆرەڭلىك بىلەن گىدىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بۇ تۈرمىنىڭ باشلىقى بولسا كېرەك، ئۇنىڭ يېنىدا قوراللىق ئىككى گۇندىپاي ۋە بىر ئاق خالات كىيگەن ساقچى دوختۇرى تۇراتتى:

ــ ئولتۇر ـ دەپ بىر ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى گۇندىپاي ساقچى ئۇنىڭغا ۋارقىراپ ـ كىملىكىڭنى چىقار! مۇرات كىملىكنى چىقىرىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنى يەنە بىر ساقچى ئېلىپ باشلىقىغا ئاپىرىپ بەردى. ئۇ يېنىدا كومپيۇتېرغا قاراپ ئولتۇرغان ساقچىغا كىملىكنى بېرىۋېتىپ، مۇراتقا ئالىيىپ قارىغان ھالدا ئۇنىڭدىن: نەدىن كەلگەن؟ نېمە ئىش قىلغان؟ نەدە ئوقۇغان؟ دېگەندەك سوئاللارنى سورىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كومپيۇتېردا خاتىرىلىنىۋاتاتتى. ساقچى باشلىقى خاتىرىلىگۈچىگە قاراپ تۈگىدىمۇ؟ دېگەندىن كېيىن، ئۇ: ھە-ئە تۈگىدى دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر تەرىپىدە تۇرغان دوختۇر ساقچىغا قاراپ: سەن ئىشىڭنى باشلا ـ دەپ بۇيرۇق قىلدى. ساقچى دوختۇرى مۇراتنىڭ يېنىغا كېلىپ: بىلىكىڭنى ئاچ، چاپاننى سال ـ دەپ ۋارقىرىدى. مۇرات

ئۇنىڭغا چاپىنىنى سېلىپ، بىلىكىنى تۇتۇپ بەردى. ساقچى دوختۇر ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىدىن ئىككى قېتىم قان ئالدى. نامەلۇم بىر ئوكۇل سۈيۈقلۇقىنى ئوكۇل قىلىپ ئۇردى. ئاندىن بىر تال ئاپئاق دورا كومىلىچىنى ئۇنىڭغا مەجبۇرىي ئىچتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇرات خۇددى مەست بولۇپ قالغان ئادەمدەك خامۇشلىنىپ، ئۆزىنى باشقۇرالمايۋاتقاندەك بولۇپ قالدى.

سوراقچىلار مۇراتنى يەر ئاستى سوراق ئۆيىگە ئېلىپ كىردى ۋە قارا تۆمۈر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ باغلاپ، مەھكەم چېتىپ، مىدىر - سىدىر قىلالماس قىلىپ قويغاندىن كېيىن سوراقنى باشلىدى:

— جىنايىتىڭنى بىلەمسەن؟ - دەپ ۋارقىرىدى سوراقچى

— ياق، مەن جىنايەت ئۆتكۈزمىدىم - دېدى مۇرات ھەيران قېلىپ،

— تۈركىيەگە تېلېفون قىلغىنىڭ، ئامېرىكىدىكى بىرسى بىلەن ئېلخەت يېزىشقانلىقىڭ جىنايەت ئەمەسمىكەن؟

— ياق، بۇ قانداق جىنايەت بولسۇن؟ مەن ئۇلار بىلەن ماگىستىرلىق ئوقۇش توغرۇلۇق پاراڭلاشقان ئىدىم - دەپ جاۋاب بەردى مۇرات

— ھەي، سېنىڭ تېلېفونۇڭدا يەنە تۈركچە ناخشىلار بار ئىكەن، چەتئەل ناخشىلىرىنى ئاڭلاپسەنغۇ؟

— ھەئە، مەن بەزىدە تۈركچە ناخشا ئاڭلايتتىم، ئەمما بۇ قانداق جىنايەت بولسۇن؟

— ئېغىر جىنايەت، بۇ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى، تۈركىيە تېررورلۇقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىتىدىغان 27 دۆلەتنىڭ تىزىملىكىدە بار.

— ئەمما مەن ئوقۇشقا بېرىش، ناخشا ئاڭلاش دېگەننىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

— ئىشەنمەمسەن؟ ئىشەنمىسەڭ بىزنىڭ جازا قوراللىرىمىز ساڭا ھازىرلا ئىشەندۈرۈپ قويىدۇ. قېنى كېلىڭلار - دەپ ۋارقىرىدى ئۇ بىر ياندا قاراپ تۇرغان غالچىلىرىغا قاراپ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى يالاقچىسى يۈگۈرۈپ كېلىپ، مۇراتنىڭ بېشى ۋە مەيدە قىسمىغا بەش - ئالتىنى ئۇرىۋەتتى. مۇراتنىڭ باش - كۆزى بىردەمدىلا قانغا بويالدى. سوراقچى باشلىقى يەنە:

— جىنايىتىڭنى ئىقرار قىل دەپ ۋارقىرىدى.

— مېنىڭ جىنايىتىم يوق - دېدى مۇرات ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭرىغانچە تەستە ئېغىزىنى ئېچىپ،

— مەندە ھېچقانداق جىنايەت يوق - دېدى.

— نېمە؟جىنايىتىڭ يوقمۇ؟ سەن تېخىچە ھۇشۇڭنى تاپمايۋاتامسەن؟ قېنى داۋاملاشتۇرۇڭلار - دەپ غالچىلىرىغا يەنە بۇيرۇق قىلدى. بۇنىڭ بىلەن غالچىلار يەنە يۈگۈرۈپ كېلىپ، توك كالتىكىنى مۇراتنىڭ مەيدە، شىڭگىلتاق ۋە قىسىلچاقلىرىغا يېقىشتى. مۇرات ھۇشىدىن كەتتى. سوراقچى باشلىقى ئالدىن تەييارلانغان ئىقرارنامىنى ئېلىپ كېلىپ، مۇراتنىڭ بارمىقىغا سىرۇخنى تەگكۈزۈپ، ئاندىن قولىنى سوزۇپ ئەكېلىپ ئىقرارنامىغا باستۇرۇۋالدى - دە، مۇراتنى بىر كامىرغا ئېلىپ چىقىپ سولىۋەتتى.

مۇرات كامېردا قانچىلىك ياتقانلىقىنى بىلەلمىدى. بىر ۋاقىتتا ئويغىنىپ كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، كامېردا ئۆزىدىن باشقا يىگىرمىدەك ئادەم تۇراتتى. ھەممىسىنىڭ ساقال -بۇرۇتى ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ كۆز ۋە بۇرنىدىن باشقا يېرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. شۇنداق بولغاچقا مۇرات ئۇلارنىڭ قانچە ياشتا، قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ چاچ -ساقاللىرىنىڭ رەڭگىنىڭ قاپ - قارا ئىكەنلىكىدىن ئۇلارنىڭ ياشلار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا ئۇلاردىن بىرسى ئېغىز ئاچتى:

– يىگىت بىزگە قاراپ ھەيران قىلىۋاتامسەن ياكى قورقىۋاتامسەن؟

– ياق قورقمىدىم. سىلەر كىم؟ - دېدى مۇرات سوئال قايتۇرۇپ،

– بىز ھەممىمىز گۇناھسىز، تۆھمەت بىلەن تۇتۇلغان ئىنسانلار. ساقال - بۇرۇتىمىز بۇنداق ئۆسۈپ كەتكىنى بىلەن، ئەمما ھەممىمىز تېخى ياش باللار. مەن تېخى بۇ يىل 23 ياشقا كىردىم. ئىسمىم پەرھات - دېدى ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ،

– سىلەرگە قانچە ئۇزۇن بولدى؟ بۇ يەرگە قامالغىلى - دەپ سورىدى مۇرات يەنە.

– تەخمىنەن بىر ئايدەك بولدى. قامالغاندىن بۇيان مۇشۇ كامېردا تۇرۇۋاتىمىز - دېدى پەرھات ئىسمىلىك بالىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئېگىزرەك يىگىت گەپكە ئارىلىشىپ.

– سىلەرگە جازا ھۆكۈم قىلىندىمۇ؟

– ياق، بىزگە تېخى جازا ھۆكۈم قىلىشمىدى. بىز ئۇنى ساقلاۋاتىمىز. جازا ھۆكۈم قىلىشتىن بۇرۇن سوتقا ئېلىپ چىقىپ، ئۆزىمىزنى ئاقلاش پۇرسىتى بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز - دېدى يەنە بىر ئوتتۇرا بوي، يۇمىلاق يۈزلۈك بالا كۆزىنى قىمىرلىتىپ، كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا،

مۇرات ساپلا ئۆزىگە ئوخشاش ياش باللارنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى چۈشەنمىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا سەل غەلىتە تۇيۇلدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىكى «سوت، ئاقلىنىش» دېگەندەك سۆزلەرنى ئاڭلاپ، راستتىنلا بىرئاز ئۈمىتلەنگەندەك بولدى ۋە خىيالغا چۆكۈپ: «بەلكى شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇ ئۆزىمۇ بىر ئاقلىغۇچى ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ، گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلاپ، ئەركىنلىككە ئېرىشەرمەن» دېگەننى ئۈمىد قىلىپ قالغان ئىدى. ئۇ يەنە بىر نەرسە سورىماقچى بولۇپ، ئېغىزىنى ئېچىشىغا، ئىشىك جاراڭ - جۇرۇڭ قىلىپ ئېچىلىپ، يەنە بىر ياش بالا كامېرغا ئېلىپ كىرىلدى. ئۇ

بالىنىڭمۇ باش - كۆزى يېرىق، كىيىم - كېچەكى غىچچىدە قانغا بويۇلۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بالىمۇ ھۇشىنى بىلمىگەن ھالدا ئون نەچچە سائەت ئۇخلاپ كەتتى.

مۇراتنىڭ نامەلۇم بىر تۇرمىدىكى كامېرغا سولانغانلىقىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئىدى. كامېرنىڭ دېرىزىسى يوق بولۇپ، تۈتقۇنلارنىڭ تىنالماي ئۆلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن كىچىككىنە بىر تۆشۈك ئېچىپ قويۇلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن چۈشۈۋاتقان ئىنچىكە - ئىنچىكە ۋە قىزغۇچ كۈن نۇرىدىن تاڭ ئېتىپ بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا بىرسىنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازى بىلەن كامېر ئىشىكىدىكى تۆشۈك ئېچىلىپ، بىر گۇندىپاينىڭ: ناشتىلىقنى ئېلىۋېلىش - دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇنىڭ بىلەن تۇتقۇنلار قاتارىسىغا ئۆچرەت تىزىلىپ، بىر قاچىدىن گۈرۈچ شورپىسىنى ۋە بىر تالدىن هورنان ئېلىشتى - دە، خۇددى بىر مەزرىلىك تاماق يېيىشكەندەك ئولتۇرۇپ شاپىلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. بىراق مۇرات شورپىدىن بىر قوشۇق ئاغزىغا سېلىپلا ياندۇرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. شورپا تۇزسىز ۋە تەمسىز بولۇپ، خۇددى ئىت - مۈشۈككە سۇغا كېپەك چېلىپ ئېتىپ بېرىلگەن ئۇماچتەكلا بىلىنىپ كەتتى. ئەمما ئۇ شورپىنى ياندۇرىۋەتمەي يەنىلا ئىچتى. چۈنكى، ئۇمۇ ئاچ قورساق ئىدى. يېڭىدىن كەلگەن تۇتقۇنىمۇ بىر قاچا ئېلىپ قويۇلغان ئىدى. تۇتقۇنلاردىن بىرسى ئۇنى ئاستا نوقۇپ ئويغاتتى: يىگىت، ئورنۇڭدىن تۇر! ناشتىلىقىڭنى ئىچىۋال، بولمىسا چۈشلۈك تاماقتا بېرىلىدىغان بىر تال مومىغا تويماي قالىسەن - دەپ، ئۇنىڭ ئالدىغا شورپىنى قويۇپ بەردى. بۇ يىگىت تۇتقۇن كامېردىكى تۇتقۇنلارغا ھەيران قالغاندەك بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن شورپىنى ئىچمەستىن: مەن نەدە؟ مەن نېمىشقا تۇتۇلدۇم؟ - دەپ سوئال قويۇپ، تۇتقۇنلارغا بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ قارىماقتا ئىدى.

— يىگىت سەن تۇرمىدە دەپ - جاۋاب بەردى كونا تۇتقۇنلاردىن ئورۇقلاپ، ئىسكىلىتتەك بولۇپ قالغان بىرسى. ئۇ بېشىنى

ساڭگىلاتقانچە يەرگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى - دە، بىردىنلا: مەن گۇناھسىز، مېنى ناھەق تۇتۇپ كېلىشتى - دەپ مىشىلداپ يىغلاپ كەتتى. بۇ چاغدا يەنە بىر كونا تۇتقۇن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: يىگىت بولدى قىل، يىغلىما! بۇ يەردىكى ھەممىمىز تۆھمەت بىلەن ناھەق تۇتۇلغان بىگۇناھ ئىنسانلارمىز، ئەمما بىز بۇ يەردە نېمىلا دېسەك ئاقمايدۇ. بىز گۇناھسىزلىقىمىزنى ئىسپاتلىيالمايمىز. چۈنكى بىزگە ئۇنداق ئىمكانىيەت بېرىلمەيدۇ. بىز ئۆزىمىزنى قوغدىيالمايمىز. بىز پۇت - قولىمىز باغلىنىپ، بۇ قەپەسكە بەنت قىلىندۇق. ئەمدى بىزنى ئاللاھ ئىگىمىز قۇتقۇزمىسا، باشقا ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ - دەپ ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى ۋە گۈرۈچ شورپىسىنى ئىچىشكە دەۋەت قىلدى. يىگىت شۇندىلا شورپىنى ئىچتى ۋە بىراز ئەسلىگە كەلگەندەك بولۇپ، ئۆزىنىڭ تۇتۇلۇش سەۋەبىنى سۆزلەپ بەردى:

بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى مۆمىنجان بولۇپ، تېخى ئۆتكەن يىلى ئىچكىرىدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئىكەن. ئالتە ئاي ئىش ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاران تەستە بىر شەخسىي شىركەتتىن ئىش تاپقان ئىكەن. ئۇ بىر شىركەتتە كومپيۇتېر بىلەن چېرتيوژ لايىھىلەيدىغان مۇھىم بىر تېخنىكىلىق ئىشنى قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن شىركەت خوجايىنى بەكمۇ مەمنۇن ئىكەن. ئۇ ئالدىنقى كۈنى تېخى ئىككى ھەپتىلىك دەم ئېلىش ۋاقتى ئېلىپ، يۇرتىدىكى ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن بازارغا سوۋغاتلىق نەرسە كېرەك سېتىۋالماقچى بولۇپ چىققان ئىكەن. دۇكان ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، يولدا «خەلققە قولايلىق ساقچى پونكىتى» بار يەرگە بېرىپ قاپتۇ - دە، ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ يانفونى تەكشۈرۈلۈپتۇ. ئاندىن كېيىن ساقچىلار: تېلېفونىڭدا تەبلىغ ئاڭلاپسەن، ئۇ چەكلەنگەن ئۇن -سىن بۇيۇملىرى قاتارىغا كىرىدۇ دەپ تۇتۇپ كەلگەن ئىكەن. ئۇنىمۇ ئىككى كېچە - كۈندۈز قىيناپ ئىقرار قىلدۇرۇپ، جىنايەت ئۆتكۈزگەن قىلىنىپ، بۇ كامېرغا

ئەكېلىپ سولاپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى بىردىن - بىردىن ئېغىز ئېچىپ: مەنمۇ شۇ، مەنمۇ شۇ، مېنىڭمۇ يانفونىمدىن چاتاق چىقارغان، ئاندىن مېنى مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇپ، جىنايەت ئارتىشتى - دەپ، ئۆزلىرىنىڭ دەرتلىرىنى ئورتاقلىشىپ ھەسرەت چېكىشتى. مۇرات بۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن شۇنى بىلدىكى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى يانفونىدىن چاتاق چىققانلار بولۇپ، ھەممىسىلا تۆھمەت بىلەن تۇتۇلغانلار ئىدى. ئۇ يەنە شۇنى چۈشەندىكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ تەقدىرى مۇشۇ كامېرداشلىرى بىلەن ئوخشاش بولاتتى. ئۇ شۇنداق ئويلىدى: «شۇنچە كۆپ ياشلارنى يانفونىڭدىن چاتاق چىقتى دەپ تۇتۇشۇپتۇ. بۇ نېمە دېگەن ناھەقچىلىق - ھە، يانفوننى ئۆزلىرى سېتىپ، بۇنىڭدىن ئېلىنغان باجدىن دۆلەتكە كىرىپ قىلىشتى. ئالدىنالا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، يانفوندا ئۇنى ئاڭلا، بۇنى ئاڭلىما! ئۇنداق قىل، مۇنداق قىلما! دېمىدى. ئەمدىلىكتە ھەممە ئادەم خاتالىق دەپ قارىمىغان ئادەتتىكى تۇرمۇشتا قوللىنىلىدىغان نەرسىلەردىن چاتاق چىقىرىپ، ئادەملەرنى جىنايەتچى قىلىپ نۇرغۇن ياشلارنى تۇتۇشتى. بۇ مەقسەتلىك قىلىنغان شۇملۇقمۇ نېمە؟ بولمىسا، نېمىشقا شۇنچە كۆپ ئادەملەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپلا ياش باللار تۇتۇلىدۇ؟» ئۇ بۇ خىيالغا ھازىرچە جاۋاب تاپالمايتتى.

مۇرات بۇ قاراڭغۇ كامېردىكى تۇتقۇنلۇق كۈنىنىڭ قانچىلىك بولغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، بىر ئايدەك بولغان بولۇشى مۇمكىن! - دەپ يەكۈن چىقارغان ئىدى. دەل شۇ كۈنى تۇتقۇنلار ناشتىلىقتىن كېيىن بىردىن - بىردىن باشقا بىر مەخپىي كامېرغا ئېلىپ چىقىلىپ،ساقال بۇرۇتى ئېلىنىدى. چېچىنى چۈشۈرۈپ تاقىر باش قىلىندى. ئىككى بىلىكىدىن ئىككى قېتىم قان ئېلىنىپ، نامەلۇم ئوكۇل سۇيۇقلۇقى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇلدى ۋە بىر تالدىن ئاپئاق دورا كومىلچىنى مەجبۇرى ئىچتۈردى.ئاندىن بىر خىل

220

كۆك رەڭلىك مەخسۇس جىنايەتچىلەر كىيىمىنى كىيگۈزۈپ، كۆزىنى لاتا بىلەن تېڭىپ، قولىغا كويزا سېلىپ، ھەممىسىنى بىر يەرگە يىغىپ - تىزىلدۇرۇپ ئاپتوبۇسقا چىقىرىپ چارەك سائەت ماڭغاندىن كېيىن، ئۇزاق بىر يەرگە ئاپىرىپ چۈشۈرۈپ، يەنە باشقا بىر نەرسىگە چىقاردى. تۇتقۇنلارنى بىر ئادەمگە - بىردىن ساقچىغا يالاپ ئېلىپ مېڭىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار خۇددى گاس - گاچىلاردەك ئۆزئارا گەپ قىلىشمايتتى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئىشارەتلىك گەپلىشىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. مۇرات ئۆزىنىڭ باشقا بىر جايغا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تەخمىن قىلدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرگەن :«گۈركۈرىگەن پويىزنىڭ ئاۋازى»دەك ئاۋازدىن ئۇنىڭ پويىز ئىكەنلىكىنى تەخمىنەن قىلغانلىقى توغرا چىقتى. بىر سائەت، ئىككى سائەت، بەش سائەت، ئون سائەتمۇ ئۆتكەندەك قىلدى. ئەمما يەنىلا پويىز توختىمايتتى. مۇرات ئاخىرىدا پويىزدىكى يورۇقنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تەخمىنەن بىر كېچە - كۈندۈز ماڭغانلىقىنى تەخمىنەن قىلىپ، ئۆزىنىڭ يىراق بىر يەرگە ئېلىپ كېتىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ئولتۇراتتى. پويىزدىن گۈدۈك چالغاندەك بىر خىل ئاۋاز كېلىپ، دۇت، دۇت، دۇت قىلىپ ئاستا توختىدى. بۇ كەچ ۋاقتى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

تۇتقۇنلار پويىزدىن چۈشۈرۈلۈپ ئوتتۇزدىن، قىرىقتىن بۆلۈنۈپ ئاپتوبۇسلارغا چىقىرىلدى. ئاپتوبۇسلار ئالاھەزەل يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن بىر يەردە توختاپ، غارىلداپ ئېچىلغان دەرۋازىنىڭ ئاۋازى چىققاندىن كېيىن، يەنە قوزغىلىپ ئازراق مېڭىپلا توختىدى - دە، تۇتقۇنلارنى چۈشۈرۈپ، يەنە كۆزىنى ئېچىۋەتمەستىن، ئوندىن - يىگىرمىدىن بۆلۈپ كامېرلارغا سولىۋېتىشتى. مۇرات بۇ ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئېنىقكى، تۇتقۇنلار ئىچكىرىدىكى شەھەرلەردىن مەلۇم بىردىكى تۈرمىگە ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى. ئۇ ئىچكىرىدە ئوقۇغان بولغاچقا، بۇ يوللاردا كۆپ قېتىم ماڭغانىدى. تۇتقۇنلار بۇ تۈرمىگە سولانغان ۋاقىت - كېچە ۋاقتى بولغاچقا، ئۇلارغا

ئۇخلاش بۇيرۇقى بېرىلگەندىن كېيىن، ھېرىپ - چارچاپ كەتكەن تۇتقۇنلار داق يەردىلا ئۇخلاشقا باشلىدى. ئۇلار بىر كېچە - كۈندۈز ئۇخلىمىغاچقا بەكلا چارچاپ كەتكەن ئىدى. مۇرات قانچىلىك ۋاقىت ئۇخلىدىكىن بىلەلمىدى. بىر ۋاقىتتا خۇنەن شىۋىسىدە گەپ قىلىۋاتقان گۇندىپايلارنىڭ ۋارقىرىغان - جارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى - دە، كامېر ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، تۇتقۇنلارغا بىر قاچىدىن گۈرۈچ شورپىسى ۋە بىر تالدىن ھورنان تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ تۇتقۇنلارنىڭ بىر كېچە - كۈندۈز يول ماڭغاندىن كېيىنكى تۇنجى تامىقى ئىدى. ئۇلار ئۇسساپ، قورساقلىرى ئېچىپ، ھالىدىن كەتكەن بولغاچقا ھورناننى بىردەمدىلا يەپ بولۇشتى. ئەمما ھېچقايسىسى بۇنىڭغا تويمىدى. ئۇسسۇزلۇقىمۇ قانمىغان ئىدى. ئۇلارغا كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن يەنە بىر تالدىن موما ۋە بىر قاچىدىن سۇ بېرىلدى

تۇتقۇنلارنىڭ بۇ نامەلۇم يەردىكى تۈرمىگە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئىدى. ئەتىگەندە ئىشىك تاراقشىتىلىپ ئېچىلىپ، تۇتقۇنلارغا گۈرۈچ شورپىسى ۋە بىر تالدىن ھورنان بېرىشتى. ئاندىن تۇتقۇنلار بىردىن - بىردىن ئېلىپ چىقىلىپ، دوختۇر تەكشۈرۈشى قىلىنىپ، بىلىكىدىن قان ئېلىنىپ، نامەلۇم بىر ئوكۇل ئۇرۇلدى. ئاخىرىدا ھەر بىر تۇتقۇنغا نومۇرلۇق مەخسۇس جىنايەتچىلەر كىيىمى كىيگۈزۈلدى. ئاخىرىدا خىتايچە تۈرمە قائىدە - تۈزۈملىرى قوللانمىسى ئۆگىنىش قىلدۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شى جىن پىڭ ئۇزۇندىلىرى، كوممۇنىستىك پارتىيە نىزامنامىسى دېگەندەك نەرسىلەر ئۆگىتىلدى. سىياسىي ئۆگىنىش تەخمىنەن بىر ئايدەك داۋام قىلىنغاندىن كېيىن تۇتقۇنلارغا بىر ئۇقتۇرۇش تارقىتىلىپ، ئۇلارنىڭ زاۋۇتلارغا بۆلۈنۈپ ئىشلەيدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. مۇرات يۈزگە يېقىن ئۇيغۇر تۇتقۇنلار بىلەن قولىغا كويزا سېلىنغانچە ئاپتوبۇسلارغا بېسىلىپ بىر زاۋۇتقا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ بىر چوڭ تېپتىكى ئاياغ تىكىدىغان زاۋۇت

بولۇپ، تۇتقۇنلار بىرىنچى، ئىككىنچى ھەپتىسى زاۋۇتنىڭ ئىشلەش قائىدىسى، ئاياقنىڭ قانداق تىكىلىشى دېگەندەك مەشغۇلات قائىدىلىرىنى ئۆگەندى. ئاندىن رەسمى ئىشچىلاردەك ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مۇرات بىلدىكى، بۇ چەت ئەلگە ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئاياق تىكىش كارخانىسى بولۇپ، مەھسۇلاتلىرى چەتئەلگە ئېكسپورت قىلىناتتى. مۇرات ئۆزىچە تۇرمە - كامېرىدا جىمجىت ياتقاندىن بۇ زاۋۇتتا ئىشلەشنى بىراز ئەۋزەل دەپ قارىدى. ئۇلار ئىش باشلاپ ئىشتىن چۈشكىچە ئۆز ئىشنى ياخشى قىلسىلا، تىل - ھاقارەت ۋە تاياق -توقماقلارغا ئۇچرىمايتتى. ئەمما ئىشنى ياخشى قىلالمىسا، بۇ بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا تۈرمىدىكىگە ئوخشاش تاياق -توقماقتىن قۇتۇلالمايتتى. يەنە بىر ياخشى تەرىپى بولسا، بۇ زاۋۇتلاردا تۇتقۇنلارنىڭ قولىدىكى كويزا، پۇتىدىكى ئىشكەل ئېلىۋېتىلىپ ئىشلىتىلگەچكە، پۇت - قولىنى ئەركىن - ئازادە ھەرىكەتلەندۈرەلەيتتى. ئەمما مۇراتنىڭ كۆڭلى يەنىلا يېرىم ئىدى. ئۇ ئۆزىنى بىر ئىشچىدىن كۆرە، بىر قۇلنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىۋاتىمەن دەپ قارايتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭغا «جىنايەتچى» دەپ قارىلىپ مۇئاش بېرىلمەيتى. ئۇنىڭ سۆزلەش،يېزىش - ئوقۇش ئەركىنلىكى يوق ئىدى. ئۇ ئەتىگەندىن - كەچ كىرگۈچە، ھەتتا شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ ئىشلەشكە مەجبۇر ئىدى.

تۇتقۇنلار ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم سېخ ئالماشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلەتتى. بىر كۈنى مۇرات ئاياقنىڭ ئىچكى چەمىنى ئۆلچەپ - كېسىپ، ئورنىتىدىغان ئىشقا قويۇلدى. ئۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىر ئامال قىلىپ كىچىككىنە بىر قەغەز پارچىسى ۋە بىر تال ماي قەلەم تېپىپ ئۇنى يانچۇقىغا يوشۇرىۋالدى، ئۇنىڭغا پۇرسەت كەلگەن ئىدى، بۇ يەردىكى ئىشچىلارنىڭ بىر - بىرسىگە قاراشقا، گەپلىشىشكە يول قويۇلمايتى. شۇڭلاشقا مۇراتنىڭ ھەرىكىتىنى باشقىلارنىڭ سېزىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇ شۇ سەۋەبتىن ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۆزى ئالدىنئالا يېزىۋالغان خەتنى ئېلىپ ئاياقنىڭ ئىچ چەمگە يېپىشتۇردى ـ دە، يەملەپ ئېتىۋەتتى. ئۇ خەتكە ئىنگلىزچە قىلىپ مۇنداق يازغان ئىدى «ياردەم قىلىڭ، مەن خىتايدىكى تۈرمىدە، ئۇيغۇرغا ياردەم قىلىڭ!» بۇ Nikeماركىلىق زاكاز قىلىنغان ئاياق بولۇپ، چەت ئەلگە ئېكسپورت قىلىناتتى.

مۇرات خەتنى ئاياقنىڭ ئىچىگە يېپىشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى ياخشى بىر ئىش قىلغاندەك ھېس قىلىپ يېنىكلەپ قالغان ئىدى. ئۇ مۇنداق ئويلايتتى: «مەن بۇنى توغرا قىلدىم. ناۋادا بۇ خەت ئاياق ئىگىسىنىڭ قولىغا چىقىپ قالسا، ئۇنى چوقۇم ئوقۇيدۇ ـ دە، بىزنىڭ بۇ يەردە مەجبۇرىي ئىشلىتىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ، ئۇنى دۇنياغا ئاشكارىلىشى مۇمكىن! شۇنىڭ بىلەن دۇنيا خەلقى بىزگە ھېسداشلىق قىلىشى ۋە ياردەم قىلىشى مۇمكىنمۇ؟! چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدىن چوقۇم چەتئەللىكلەر خەۋەر تېپىشى كېرەك!»

مۇرات خەتنى تىكىۋەتكەن بۇ ئاياق رۇسىيەدىن تور ئارقىلىق زاكاز قىلىنغان بولۇپ، زاكاز قىلغۇچى رۇسىيەنىڭ سانكىت ـ پېتېربۇرگ شەھرىدە ياشايدىغان، تېگى تاتار مىللىتىدىن كېلىپ چىققان ئارسلان گىيادولىن دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ ئاياغنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن سىناپ باقماقچى بولۇپ كەيگەن ئىدى. پۇتىغا غەلىتە بىر نەرسە ئۇرۇندى. ئۇ ئاياقنىڭ چەمنى سۆكۈپ ئېلىپ قارىۋىدى، ئىنگلىزچە يېزىلغان خەت چىقتى. ئۇ خەتنى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى ۋە ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، بۇ خەتنى ئاخباراتلارغا ئاشكارا قىلىشنى قارار قىلىپ، رۇسىيەدە چىقىدىغان موسكۋا ۋاقتى گېزىتىنىڭ مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش پۈتۈن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئاخبارات ۋە گېزىت ـ ژۇرنالاردا بەس ـ بەستە خەۋەر قىلىندى. ھەمدە بۇ خەت دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قاتارلىق ئۇيغۇر

تەشكىلاتلىرىنىڭ قولىغا يېتىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى «مەجبۇرىي ئەمگەكچى»قىلىپ ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم ئىسپات بولۇپ قالدى.

مۇرات تېخى مۇرادىغا يېتەلمىدى. ئەمما ئۇنىڭ يازغان خېتىنىڭ خەلقئارالىق ئاخباراتلارغا ئاشكارىلىنىشى ئالاھىدە بىر ئىش بولۇپ، دۇنيادا زور تەسىر قوزغىدى. بۇنىڭ بىلەن ھازىرغىچە بۇ ئىشقا سۈكۈت قىلىۋاتقان خەلقئارا جامائەت ۋە دۆلەتلەر ھەرىكەتكە كېلىپ، خىتاي بىلەن سودا قىلىۋاتقان شىركەتلەرگە بېسىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ خىتايدىكى زاۋۇتلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەكچىلەرنى ئىشلىتىۋاتقان ياكى ئىشلەتمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەگەر ئىشلىتىۋاتقان بولسا، ئۇنداق خىتاي شىركەتلىرى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە بىر قىسىم شىركەتلەر خىتايدىكى ئۆزىنىڭ تارماق شىركەتلىرىدە ياكى زاۋۇتلىرىدا مەجبۇرىي ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى تەكشۈرۈشكە ۋە ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداقلا يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرلاپ ئىشلىتىۋاتقانلىقى ئامېرىكا پارلامېنتى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىدا: «ب د ت نىڭ ئىنسان ھەقلىرى خىتاپنامەسى» گە ئۇيغۇن بولمىغان مەسىلە دەپ قارىلىپ، خىتايدىن ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەكچىلىرىنى ئىشلىتىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ 2020 - يىلى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاي بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ۋە يەتتە يىلدىن بۇيان داۋام قىلىۋاتقان سودا توختامى كېلىشىمىنى ئاخىرى ئىمزالىدى. ئەمما، ياۋروپا ئىتتىپاقى بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ خىتايدىن مەجبۇرىي ئەمگەك تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا،خىتاي ھۆكۈمىتى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەكچىلەرنى ئىشلىتىشنى بىكار قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەنمىش! ئەمما ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە چەتئەللىكلەر خىتاينىڭ ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان بىر

مىللەت ئىكەنلىكىنى، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بولسا ئۇچىغا چىققان يالغانچى بىر ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيتى.

# گۈلجامالنىڭ گۈلى سولۇپ كېتەرمۇ؟

(كونا تۇتقۇنلارنىڭ يېڭىدىن تۇتۇلۇشى ھەققىدىكى بىر ھېكايە )



خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ 2017 - يىلى ئەتىيازدا باشلىغان شەرقىي تۈركىستاندىكى كەڭ كۆلەملىك تۇتقان قىلىش ھەرىكىتىدە ئالدى بىلەن بۇرۇن تۇتۇلۇپ ۋە جازالىنىپ قويۇپ بېرىلگەنلەر، يەنە بىرىنچى بولۇپ، ھېچ سەۋەبسىزلا يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە سولىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقى ۋە كىشىلىك ئەركىنلىكى پايخان قىلىنماقتا ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قېتىم ئۇلارنى تۇتۇشتىكى مەقسىتى بولسا - ئۇلارنى ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»دە، ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىدىغان مېڭە يۇيۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان باشقىچە ئادەم قىلىپ چىقىپ، ئۆز تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنالمايدىغان ۋە ھەق - ناھەققە قارىتا ئەكس سادا چىقىرالمايدىغان ياۋاش - يۇمشاق، ئىتائەتمەن قۇللارغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەنە شۇ يېڭىدىن تۇتۇلغان كونا تۇتقۇنلاردىن بىرى - ئىقبال بىيو پەن - تېخنىكا شىركىتىنىڭ ئىككى قۇرغۇچىسىدىن بىرى بولغان گۈلجامال ئەبەيدۇللادۇر.

گۈلجامال قەدىمكى كۇسەن دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان كۇچا شەھرىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ كۇچاردا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، سان چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنمىغان بولسىمۇ، تىرىشچان گۈلجامال

ئوقۇش ئارزۇسىدىن ۋاز كەچمەي، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، ئۇرۇمچىدە شەخسلەر ئاچقان «ئىنتىل كەسپىي مەكتىپى»دە كومپيۇتېر كەسپىنى تاللاپ ئوقۇدى. ئۇ سىنىپىدىكى بىشىدىن ياغلىقنى ئالمىغان بىر قانچە ئوقۇغۇچىنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ دىنىي ئېتىقادى مۇستەھكەم بولغان بىر ئائىلىدە بولغاچقا، كىچىكىدىن دىنىي چۈشەنچىسى ۋە مىللىي ئېڭى كۈچلۈك چوڭ بولغان ئىدى. ئۇ باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ: ئوقۇغۇچى بولغاندىن كېيىن ياغلىقىڭىزنى ئېلىۋەتسىڭىز بولمامدۇ؟ دېگەن سوئالىغا: بېشىمدىكى ياغلىقىم مېنىڭ ئوقۇشۇمغا دەخلى قىلمايدۇ. بولمىسا، مېنىڭ بېشىم تاز ئەمەس، چېچىم سىلەرنىڭكىنى ئۇزۇن - دەپ، ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن سۇمبۇل چېچىنى ئالدىغا تاشلاپ، ئۇلارغا كۆرسىتىپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا قايتا ئېغىز ئاچالمايتتى.

نورۇز ئېيى يېتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ بايرامنى ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپ خاتىرلىمەكچى بولۇشتى. گۈلجامال چېچىنى قىرىق تال ئۆرۈمە قىلىپ، بېشىغا چىمەن دوپپا، ئۇچىسىغا ئەتلەس كۆينەك كىيىپ نورۇز پائالىيىتىگە چىققان ئىدى. ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا قاراپ، بىر گۈزەل پەرىزاتنى كۆرگەندەك بولۇپ قېلىشتى. ئۇنىڭ بىر ئوغۇل ساۋاقدىشى نورۇز ھەققىدىكى چۈشەنچە نۇتقىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، يەنە بىر ئوغۇل ساۋاقدىشى نورۇز ھەققىدە شېئىر دېكلاماتسىيە قىلدى. «بارغۇم يوق مېنىڭ، مەشرەپ يوق يەرگە» دېگەن ناخشا قويۇلۇشى بىلەن تەڭ مۇئەللىم گۈلجامالنىڭ گۈزەل مىللىي قىياپىتىنى كۆزدە تۇتتىمۇ قانداق؟ ئۇنى بىرىنچى بولۇپ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. گۈلجامال ئوتتۇرىغا چىقىپ لەرزان پىرقىراشقا باشلىدى. ھەممە ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قاراپ قېلىشتى. ئۇ شۇ ھالىتىدە بىر گۈزەللىك ئەلچىسىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ھەر بىر ئۆرۈلۈش ۋە ئەگىلىشلەردە قىرىق تال قىلىپ ئۆرۈلگەن تال - تال چاچلىرى

ھەر تەرەپكە يېيىلىپ، ئۇنى خۇددى ئۇچۇۇشقا تەمشىلىۋاتقان تورغا ئوخشىتىپ قويغان ئىدى.

گۈلجامال ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كۆچارغا قايتىپ كەلدى. ئۇ كومپيۇتېر كەسپىدە نەتىجىلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈپ دىپلوم ئالغان ئىدى. ئۇ ئىش ئىزلىنىلىرىغا قاراپ يۈرۈپ، بىر نەچچە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئېلانىغا ئاساسەن ئىلتىماس سۇندى. ئۇنىڭ ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنىپ سۆزلىشىشكە تەكلىپ قىلىندى. ئەمما ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە چىققان خادىملار ئۇنىڭ بېشىدىكى ياغلىقىغا قاراپ، سوئال سورىماستىنلا خىزمەتكە قوبۇل قىلىش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ ياغلىقنى ئېلىۋېتىشتىن تەلەپ قىلدى.گۈلجامال بۇنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن گۈلجامال يەنە بىر نەچچە يەرگە ئىلتىماس قىلغان ئىدى. نەتىجە يەنىلا ئوخشاش بولدى. ئۇلارمۇ گۈلجامالنىڭ ياغلىقنى ئېلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىشتى. ئۇ بۇنى رەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن گۈلجامال خىزمەت ئىزدەشنى توختاتتى. ئۇ: «ئەگەر مېنىڭ ياغلىقمنى ئېلىۋېتىش - خىزمەتكە قوبۇل قىلىنىشىمنىڭ شەرتى قىلىنسا، مەن ئۇنداق شەرتنى قوبۇل قىلالمايمەن. ياغلىق مېنىڭ خىزمەت قىلىشىمغا تاقىشاتتىمۇ؟ نېمىشقا ئۇلار ئادەمنىڭ بىلىمىگە قارىماستىن تاشقى قىياپىتىگە قارىشىدۇ؟ بۇ بىر شەكىللىۋازلىق ئەمەسمۇ؟ ئۇلار ماڭا يۈزتۇرانە دېيەلمىسىمۇ، بەلكى، سەن رادىكال، سېنىڭ قىياپىتىڭ بىزگە ياقمايدۇ، سەن بىزگە تىكىلىپ قارىمايدىكەنسەن، كۆلۈپ - ھىجايمايدىكەنسەن دەۋاتقاندۇ؟ شۇڭا، مەن ئۇلارنىڭ كۆزىگە ياقمىغان بولۇشۇم، سىياسىي ئۆلچەملىرىگە چۈشمىگەن بولۇشۇم مۇمكىن؟ مەن بۇنىڭدىن قىلچىمۇ ئۆكۈنمەسلىكىم كېرەك! مەن خىزمەت تاپالمىسامۇ، ئاچ قالمايمەنغۇ؟ ئىنسانىنىڭ رىزقىنى بەرگۈچى ئاللاھتۇر! مەن چوقۇم ئۆز ئالدىمغا يول تۇتۇشۇم، تىجارەت قىلىپ، ئۆز نېنىمنى -ئۆزۈم تېپىپ يېيىشىم كېرەك! نۇرغۇن ئادەم تىجارەت

بىلەن جان بېقىۋاتىدىغۇ؟ ئۇلار ئۆزىنى ـ ئۆزى بېقىپلا قالماي، ھەتتا باي بولۇپ، باشقىلارغا، يېتىم ـ يېسىر، غېرىب ـ غۇرۋالارغا ياردەم قىلىۋاتىدىغۇ؟ ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ، ئۆگەنگەن بىلىمىنى ئىشلىتىپ، باشقىلار قىلىۋاتقان تور ئارقىلىق تىجارەت قىلىشنى ـ مەنمۇ بىر سىناپ باقمايمەنمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

تىرىشچان، ئەقىللىك گۈلجامال ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر دانە كومپيۇتېر سېتىۋېلىپ تورلاشتۇردى. ئاندىن بازارغا بېرىپ تىجارەتچىلەر بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تېخىچە ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە تىجارەت قىلىۋاتقانلىقىنى، تور ئارقىلىق مال زاكاز قىلىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، بۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشنى قارار قىلدى ـ دە، تور ئارقىلىق مال بۇيرۇتۇپ ۋە ئۇنى توپ ـ پارچە تارقىتىپ، خېلىلا ئوبدان كىرىم قىلىپ، يول تېپىپ قالدى. گۈلجامال يەنە ئۇششاق تىجارەت قىلىۋاتقان ئاكىسىنى بۇ ئىشقا ياردەمچىلىككە تەكلىپ قىلىپ، مەخسۇس توپ ۋە پارچە ساتىدىغان مال ئىسكىلاتى قۇرۇپ چىقىپ، ماللارنى توپ ۋە پارچە تارقاتتى. تور ئارقىلىق تىجارەت قىلىشنى باشقىلارغىمۇ تەشۋىق قىلىپ ۋە ئۆگىتىپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتى.

گۈلجامالنىڭ تىجارىتى روناق تېپىپ، ئالدىراش بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي ناماز ۋە ئىبادەتلىرىنى تاشلىمىدى. خەلچەم ئىسىملىك بىر بوۋۋىدىن نۇرغۇن قىزلارنىڭ دىنىي تەلىم ئېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇمۇ خەلچەم بوۋۋىنىڭ يېنىغا بېرىپ دىنى تەلىم ئالدى. ئۇ بوۋۋىدە ئوقۇۋاتقان قىزلار بىلەن تونۇشۇپ دوست بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى قىزلاردىن سودا ـ تىجارەتكە قىزىققانلىرىغا تور سودىسىنى ئۆگىتىپ قويدى. شۇنداقلا بىر نەچچە قىزنى ئۆزىگە ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا مەخسۇس مۇئاش بېكىتىپ، تىجارىتىنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. قىزلار بىر تەرەپتىن خەلچەم بوۋۋىدىن دىنىي تەلىم ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن گۈلجامالدىن تور سودىسى ۋە بىلىملىرىنى ئۆگىنەتتى. خەلچەم بوۋۋىنىڭ تەشەببۇسى

بىلەن بويىغا يېتىپ توي قىلغانلىرى بولسا، يىگىتلىرىگە يۇقىرى توي سېلىقى سېلىشنىڭ ئورنىغا ئاددىي، تۆۋەن ئۆلچەم بىلەن تويلۇق سالدى ھەمدە توينى ئاددىي - سادىدا، ھاراق - شاراپسىز ۋە مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن ئۆتكۈزۈشنى شەرت قىلىشتى. بۇ ئىش كۆپىنچە يىگىتلەرنى خۇشال قىلدى. بۇنداق توي كوچاردا تېزلىك بىلەن كېڭىيىپ، «مىللىيچە توي» دەپ ئاتالدى.بۇنداق تويلارغا تەكلىپ قىلىنىدىغان قىزلار ئاساسەن بېشىغا ياغلىق ئارتقان قىزلار ئىدى. ئۇلار تويغا ئۈچ - تۆت بولۇپ توپلىشىپ، گۇرۇپپا شەكلىدە بېرىشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق كوچىدا توپلىشىپ ماڭغاندىن كېيىنكى گۈزەل ھالىتى كىشىلەرنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارغا ھەۋەس قىلىپ: «ئاپىرىن قىزلار، سىلەر ھەقىقىي ئۇيغۇر قىزلىرى، سىلەر مىللەتنىڭ غورۇرى، بىزنىڭ غۇرۇرىمىز، بىزنىڭ گۈللىرىمىز!» دەپ ماختاشماقتا ئىدى.

قىزلار يەنە روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرى توپلىشىپ ھېيتلىششىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. تاجاۋۇزچى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ مىللىي قىياپىتىنى ياقتۇرمايتى. ئۇلارنى ئۆزىگە ئوخشىتالمىغانلىقىدىن راھەتسىزلىنىپ، ئۇلارغا سۇيىقەست قىلىش ئۈچۈن ئارىغا جاسۇس سېلىپ، ئۇ قىزلارنىڭ - كىمنىڭ تەسىرىدە، قانداق بولۇپ مۇشۇنداق مىللىي قىياپىتىنى سۆيۈشكە باشلىغانلىقىنى ئېنىقلاپ، بىر قارا تىزىملىك تۈزۈپ چىقتى. بۇ تىزىملىكنىڭ ئەڭ بېشىدا گۈلجامال ئورۇن ئالغان ئىدى. خىتاي ساقچىلىرى تىزىملىككە ئېلىنغانلارنى كېچىسى بېرىپ، بىر - بىرلەپ تۇتۇشقا باشلىدى. گۈلجامالنىمۇ مۇشۇ قاتاردا بىر كېچىسى ساقچىلار قوراللىق كېلىپ ئۆيىدىن تۇتۇپ كېتىشتى. بۇ 2001 - يىلى كۈچاردا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق چوڭ تۇتقۇن ئىدى.



گۈلجامال تۇتۇلۇپ ئەتىسىلا سوراققا ئېلىپ چىقىلدى. ئۇ سوراقخانىغا بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈلۈپ ئېلىپ كېلىنگەچكە، بۇ يەرنىڭ قانداق بىر يەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇ ئۆزىنى يەر

ئاستىدىكى ئۆڭكۈرگە ئوخشاش بىر يەردە كۆردى! تاملىرىغا ھەر خىل كالتەك ـ توقماق، كويزا ـ كىشەن، قايچا ـ قامچا دېگەندەك ھەر خىل جازا قورالللىرى ئېسىقلىق تۇراتتى. سوراقخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر قارا تۆمۈر ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، بۇنى كۆرگەن گۈلجامالنىڭ بەدىنى شۈركىنىپ كەتتى. سوراقچىلار خۇددى جالللاتلاردەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرغانچە ھومىيىشىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىلا ياغاق يۈز، قىسىق كۆز ئىدى. قارىغاندا ئۇ خىتايدەك تۇراتتى. قالغانلىرىنىڭ ساقال ـ بۇرۇتى، ئەمدىلا بۇرۇتى خەت تارتىشقا باشلىغان بالىلارنىڭ ساقىلىدەك قىرقىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلاردەك قىلاتتى.

سوراق باشلانسۇن! دېگەن ۋارقىرىغان خىتايچە ئاۋازدىن ئۇ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىككى سوراقچى ئېتىلىپ كېلىپ، گۈلجامالنى قارا تۆمۈر ئورۇندۇققا ئىتتىرگەنچە ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ، پۇت ـ قولىنى چېتىپ باغلىۋەتتى. رەسمىي سوراق باشلانغان ئىدى:

– ئىقرار قىل! ئىقرار قىلساڭ كەڭچىلىك قىلىنىدۇ، بولمىسا ئېغىر جازالىنىسەن!

– نېمىنى ئىقرار قىلىمەن؟

– قۇرغان مەخپىي تەشكىلاتىڭنى ئىقرار قىل!

– مەن تەشكىلات قۇرمىدىم.

– ئۇنداقتا، تەشكىلاتقا ئەزا بولدۇڭمۇ؟

– ياق، تەشكىلاتقىمۇ ئەزا بولمىدىم.

– ئۇنداقتا،نېمىشقا قىزلار بىلەن توپلىشىپ پائالىيەت قىلدىڭ؟

– بىز ئۆز ـ ئارا دوست بولۇشقان قىزلارمىز، شۇڭا بىللە تويلارغا باردۇق، ئۆز ـ ئارا ھېيتلاشتۇق، ئۇنى قانداقسىگە پائالىيەت دېگىلى بولسۇن؟

– بىزنىڭ قانۇنىمىزدا تۆت - بەش ئادەم بىللە بولۇشمۇ توپلىشىپ پائالىيەت قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ۋە چەكلىنىدۇ، چۈنكى سىلەر بۇنىڭغا رۇخسەت ئالمىغان.

– كوچىدا يول مېڭىشقا رۇخسەت ئېلىش كېرەك دېگەننى مەن ئاڭلاپ باقمىغان، قانۇنىدىمۇ ئۇنداق گەپ يوققۇ؟

– بار! بىزنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى قانۇنىمىزدا بار، سەن بىلمىگەننى، بىز بىلىمىز. قېنى ئېيتە، نېمىشقا بېشىڭغا ياغلىق ئارتتىڭ؟

– مەن ئۇيغۇر ھەم مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە ياغلىق ئارتىشىم كېرەك، بۇ مېنىڭ تەبىئىي ھەققىمدۇر!

– ھەي، جۆيلىمە! ياغلىق ئارتىش دىنىي ئاشقۇنلۇقنىڭ ئىپادىسى، ياغلىق ئارتقانلار دىنىي ئاشقۇنلاردۇر، ئۇلار دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ ! - دېدى سوراقچى باشلىقى ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ.

– ئۇنداق ئەمەس، بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز ئەلمىساقتىن بېشىغا ياغلىق چىگىپ، دوپپا كىيىپ،ئۇچىسىغا ئۇزۇن كۆينەك كىيىپ، رومال ئارتىپ كەلگەن. ئۇلار دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزمىدىغۇ؟-دېدى گۈلجامالمۇ بوش كەلمەي.

– يەتكۈزدى. ئالدىنقى يىلى تېخى سېنىڭدەك دىنىي ئاشقۇنلار - دوپپا كىيىپ، ياغلىق چىگىدىغانلار كوچىلاردا توپىلاڭ چىقاردىغۇ؟

– مەن ئۇنى توپىلاڭ دەپ قارىمايمەن، مەن بىر دىنىي ئاشقۇن ئەمەس، مەندە ھېچقانداق بىر جىنايەت يوق!

– ھەي، سەن تېخى مەندە جىنايەت يوق دەمسەن؟

– ھەئە، مەندە جىنايەت يوق! ياغلىق چىگىش جىنايەت ئەمەس!

– ئۇنداق بولسا بىزنىڭ جازا قوراللىرىمىز سېنىڭ جىنايىتىڭنى

ئىقرار قىلدۇرالايدىغانلىقىنى كۆرۈپ قوي! قېنى، نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟ بۇنىڭغا بىزنىڭ جازا قوللىرىمىزنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويۇڭلار! - دەپ قول ئاستىدىكى يالاقچىلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈردى سوراقچى باشلىقى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىككى غالچىسى ئېتىلىپ كېلىپ، گۈلجامالنىڭ باش - كۆزىگە كالتەك بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. گۈلجامال ھوشىدىن كەتتى غالچىلار ئۇنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ چېچىپ، ھوشىغا كەلتۈرۈپ يەنە ئۇردى. ئۇلار توختىماي: ئىقرار قىل! - دەپ ۋارقىرايتتى. گۈلجامال ئىقرار قىلىشنى قەتئىي رەت قىلدى. شۇ تەرىقىدە سوراق بىر نەچچە كۈن داۋام قىلدى. سوراقچىلار گۈلجامالنى ئىقرار قىلدۇرالمىغاندىن كېيىن، ھېچبىر جىنايەت ئارتالماي «بېشىغا ياغلىق ئارتقان»دېگەننى ئېتىراپ قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.

سەۋەبسىز قامالغان گۈلجامال بىر يىللىق جازا مۇددىتىنى تۈگىتىپ يەنە ئەركىنلىككە چىقتى. ئۇ بىر مەزگىل كۇچاردا تىجارەت قىلغاندىن كېيىن، ئىگىلىكىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ھەمدە يېمەك - ئىچمەك ساھەسىدە يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن ئاكىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ھەر قانداق توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، شىركەت ئېچىش رۇخسىتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۈرۈمچىدىن ئىشخانا ۋە ئىسكىلات ئىجارىگە ئالدى. ئەمدىكى گەپ شىركەتكە قانداق ئىسىم قويۇش مەسىلىسىدە قالغان ئىدى. گۈلجامال سەزگۈرلۈك بىلەن بازار ئۇچۇرى ۋە خەلقنىڭ ئىستېمال ئارزۇسىنى ئىگىلەپ، تۈرلۈك قاتقۇلاردىن خالىي ۋە ھالال تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى مەقسەت قىلىپ، شىركەتكە: «ئىقبال بىيو پەن - تېخنىكا شىركىتى» دېگەن ئىسمىنى قويدى. تىجارەتتە پىشىپ يېتىلگەن گۈلجامال بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشنى يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەشتىن باشلاپ، ماشىنىلاشقان كىچىك تىپتىكى زاۋۇت قۇرۇپ، پېچىنە - پىرەنىك، نان - توقاچ پىشۇرۇپ، تۇپ ۋە پارچە سېتىش بازىرى

قـۇرۇپ، ئۇنـى تورلاشـتۇرۇش ئارقىلىـق مۇقـىم بـازار ۋە تەمىنلـەش زەنجىـرى بەرپـا قىلـدى. بۇنىـڭ بىلـەن شـىركەت تېزلىكتـە روناق تېپىـپ، ئـون نەچچـە ئىشچى - خىزمەتچـى ئىشـلەيدىغان بىـر ئوتتـۇرا تىپتىكـى كارخانىغـا ئايلانـدى.

ياسـىنجان ئەسـلى غۇلجىنىـڭ نىلقـا ناھىيەسـىدىن بولـۇپ، ئالىـي مەكتـەپ پۈتتۈرگەنـدىـن كېيىـن ئـىش تاپالمـاي يۈرگـەن ئـىدى. ئـۇ ئىقبـال بىـﯟ پـەن - تېخنىـكا شـىركىتىنىڭ ئىشـچى قوبـۇل قىلىـش ئېلانىنـى كۆرگەنـدىن كېيىـن، شـىركەتكە ئىلتىمـاس قىلىـپ، تېخنىـكا بۆلۈمـىدە ئىشـچىلىققا قوبـۇل قىلىنـدى. تىرىشـچان ۋە بىلىملىـك ياسـىنجان ئۆزىنىـڭ ئالىـي مەكتەپتـە ئۆگەنگـەن بىلىملىرىنـى ئەمەلىيەتكـە تەتبىقـلاپ، بىـر نەچچـە تۈرلـۈك يېڭـى ئىجادىيـەت يارىتىـپ، شـىركەتكە زور پايـدا ئېلىـپ كەلـدى. گۈلجامـال ئۇنىـڭ تالانتىنـى نـەزەردە تۇتـۇپ، شـىركەتكە تېخىمـۇ پايدىسـى بولسـۇن ئۈچـۈن ئۇنـى شـىركەتكە مۇئاۋىـن دىرېكتورلۇققا ئۆسـتۈردى. شـۇنىڭدىن كېيىـن ياسـىنجان بىلـەن گۈلجامالنىـڭ ئۇچرىشىشـى كۆپىيىـپ، بىـر -بىرىگـە تايىنىدىغـان، خىزمەتتـە مەسلىھەتلىشـىدىغان كەسىپداشـلاردىن بولـۇپ قالـدى.

ياسـىنجان كېلىشـكەن يىگىـت ئـىدى. ئېگىـز بويلـۇق، قـارا قاش،قـارا كـۆز، قاڭشـارلىق كەلگـەن ياسـىنجاننىڭ كېلىشـكەن قامىتـى، ئىشـنى چەبدەسـتلىك بىلـەن بېجىرىشـلىرى گۈلجامالغـا يـاراپ قالغـان ئـىدى. ۋاقىتنىـڭ ئۆتۈشـىگە ئەگىشـىپ، بـارا - بـارا گۈلجامالـدا ياسـىنجانغا بولغـان غەيرىـي سـېزىم پەيـدا بولۇشـقا باشـلىدى. ئۇنـى ھـەر كۆرسـە يۈرىكـى جىغغىـدە قىلىـپ، كۆڭلىنىـڭ بىـر يېـرى ئۇنىڭغا تارتىشقاندەك بولـۇپ قالاتتـى. ئۇنىـڭ زىلـۋا بويـى، قىياقتـەك ئىنچىكە قاشـلىرى، ئاپئـاق - سـوزۇنچاق يـۈزى، بولۇپمـۇ بېشـىغا ياغلىـق ئارتىـپ، ئـەدەپ بىلـەن سـالام - سـائەت قىلىشـلىرى، تارتىنچـاق، ئەممـا سـىلىق - سـىپايە مۇئامىلىسـى ھـەر قانـداق يىگىتنـى ئۆزىگـە جەلـپ قىلاتتـى. بىـر كۈنـى ئـۇلار مەلـۇم بىـر يېڭـى مەھسـۇلات ئۈسـتىدە

مۇزاكىرىلىشىۋېتىپ، ئىشخانىدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالدى ـ دە، كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قېلىشتى. گۈلجامال ئۆزىچە قىزىپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، ئۇسساپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بىر قانچە ئىستاكان سۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىچىۋەتتى. ئەمما ئۇنىڭ يۈزىدىكى قىزىللىق كەتمەيۋاتاتتى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىدە ياسىنجانغا بولغان مۇھەببەت ئوتىنىڭ يالقۇنجىناۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ياسىنجانمۇ بىر نېمىنى سەزدى بولغاي گۈلجامالغا: مىجەزىڭىز يوقمۇ قانداق؟ ياكى چارچاپ قالدىڭىزمۇ؟ ـ دەپ سورىدى ۋە گۈلجامالنى سىرتقا چىقىپ، رېستوراندا قەھۋە ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. گۈلجامال خۇددى شۇنى كۈتكەندەكلا دەرھاللا ماقۇل دەپ سالدى ـ دە، يۈزى خۇددى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

ئۇلار رېستوراندا بىرەر سائەتتەك پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ۋە مىجەزىنىڭ چىقىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئاخىرىدا ياسىنجان مەردانىلىق بىلەن گۈلجامالغا توي قىلىش تەكلىپى قويدى. گۈلجامالمۇ ئۇنى قوبۇل قىلدى. ياسىنجان گۈلجامالنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن كۈچاردا ئاتا-ئانىلىرىنىڭ قاتنىششى بىلەن، ئاددىي-ساددا، ھاراق ـ شاراب بولمىغان، تانسا ئويناش بولمىغان، پەقەت بىر نەچچە سازەندە تەكلىپ قىلىنغان، مىللىيچە ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق، شۇ قەدەر كۆڭۈللۈك توي چېيى قىلىپ بەردى. تويغا قاتناشقان قىز ـ يىگىتلەر بۇ تويدىن ئىنتايىن خۇشاللىق ھېس قىلىپ، كۆڭلى يايراپ، ئۇلارغا رەھمىتىنى ئېيتىشقان ئىدى.

ياسىنجان ۋە گۈلجامالىلار تويدىن كېيىن بىرەر ھەپتە كۈچاردا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتتى. ئۇلارنى شىركەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تەبرىكلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆنمىغىنىغىمۇ قارىماي، رېستوراندا زىياپەت قىلىپ بەردى. شىركەتنىڭ ئىشلىرى كۈندىن ـ كۈنگە روناق تېپىپ كېتىپ باراتتى. ياسىنجان ۋە گۈلجامال ئىناق ئائىلە قۇرۇپ، شېرىن تۇرمۇش لەززىتىدىن ھۇزۇر ئېلىپ، بىر پەرزەنتلىك بولدى. شۇنداق

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياسىنجانغا نىلقىدىن مۇسىبەت خەۋىرى كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ دادىسى تۇيۇقسىز يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى كېسىلى بىلەن تۇگەپ كەتكەن ئىدى. ياسىنجان ۋە گۈلجامال دەرھال نىلقىغا بېرىپ دادىسىنىڭ دەپنە ئىشلىرىغا قاتناشتى. نەزىر - چىراق بېرىپ، پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلدى.

ياسىنجان بالىنىڭ كىچىك بولۇپ، ئۇنىڭ ھەدىسى ئۈرۈمچىدە، ئاكىسى غۇلجىدا خىزمەت قىلاتتى. ئانىسى يالغۇز قالغان ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ياسىنجان ئانىسىنى يالغۇز تاشلاپ قويالمايتتى. ئۇ گۈلجامالغا: نىلقىغا يەرلىشىپ، ئانىسىغا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇپ قېلىشنى ئېيتتى. گۈلجامال ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. گۈزەل نىلقا دىيارى -شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ باشلانغان جايى، ئىنقىلاب ماكانى، شېھىت ئەزىمەتلەرنىڭ، قەھرىمانلارنىڭ قىبلىگاھى بولغان بۇ جاي گۈلجامالغا ياراپ قالغان ئىدى. گۈلجامال ئاكىسى بىلەن سۆزلىشىپ، ئۈرۈمچىدىكى شىركەتنىڭ بىر قىسىم ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى نىلقىدا تۇرۇپ، شىركەت خىزمىتىگە ياردەمچى بولىدىغانغا كېلىشتى - دە، ياسىنجاننىڭ چوڭ ئۆيىدە - ئۆي تۇتۇپ، يېڭى ھاياتىنى باشلىدى.

گۈلجامال كىچىكىدىن ئاتا - ئانىسىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق بىر تەلەپلىرىنى رەت قىلىپ باقمىغان ئىدى. كۆڭلى ھەر قانچە رەنجىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۇلاردىن كۆڭلىنى رەنجىتمەيتى. ئۇ كۇچاردا ئوقۇغان موللاچىسىدىن: «جەننەت ئاتا -ئانىنىڭ ئايىقىنىڭ سايىسىدا» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ئىدى. شۇڭلاشقا قېيىن ئانىسىنىمۇ ئۆز ئاتا - ئانىسىدەك كۆرۈپ، پۇتىغا - پۇت، قولىغا - قول بولۇپ، خىزمىتىنى قىلدى. ياشانغان قېيىنئانىسى بۇ كېلىنىدىن بەكمۇ رازى ئىدى. كېلىنى ھامىلدار بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭغا ئۆز ئانىسىدەك مۇئامىلە قىلىپ،سىزىكلىكىنى چىقاردى. گۈلجامال توققۇز ئاي - توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ كۆزى

يورۇغاندىن كېيىن، نەۋرىسىنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ بېقىشىپ، گۈلجامالغا بالىنى قانداق قىلسا ياخشى باققىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ، ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن گۈلجامال بىر تەرەپتىن بالا باققاچ يەنە بىر تەرەپتىن شىركەتنىڭ ئىشلىرىغىمۇ كومپيۇتېر ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىپ تۇردى. ئۇرۇمچىگە بېرىپ ـ كېلىدىغان ئىشلار چىقسا ياسىنجان ئۇنى ئاۋارە قىلماي ئۆزىلا بېرىپ، ئىشلارنى بېجىرىپ كېلىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن گۈلجامال ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، شىركەت ئىشىدىن خاتىرجەم بولۇپ قالىدىغان ئىدى.

گۈلجامال ئىلىقىدا بەختلىك ياشاۋاتاتتى. ئىلىقىغا ئۆز يۇرتى كۇچاردەكلا ئۆزلىشىپ قالغانىدى. ياز ئايلىرى كەلگەندە بىر نەچچە قېتىم تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق كۇچارغا بېرىپ كەلدى. ئۇ ھەر قېتىم تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق كۇچاغا ماڭغاندا ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كېتەتتى. يول بويىدىكى ئاجايىپ مەنزىرىلەر، ياپيېشىل يايلاقلار، سانجاق ـ سانجاق قارىغايلار ئۇنى ئۆزىگە بەكمۇ جەلپ قىلاتتى. 33 ئايلانمىلىق دېيىلگەن تەلەمەت داۋىنىدا ماشىنا بىلەن چۆرگۈلەپ مېڭىش كىشىنى قورقۇنچقا سالاتتى. ئەمما ماشىنىنى ياسىنجان ھەيدىگەچكە ئۇ ئانچە بەكمۇ ئەندىشە قىلىپ كەتمىدى. ئۇ يول ياقىسىدىكى چەكسىز كەتكەن تۇتاش تاغلار ۋە ئېدىرلىقلارغا قاراپ، ئۆزىچە يالغۇز قالغاندەك ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ كەتتى: «تەلەمەت داۋىنى نېمە دېگەن ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك ـ ھە، ھېلىمۇ ياخشى ئەقىللىك ئەجدادلىرىمىز بۇ يەردىن يول ياساپ، ياز كۈنلىرى بولسىمۇ ماڭغىلى بولىدىغان قىلىپ قويۇپتىكەن، بولمىسا ئىلىقىدىن كۇچاغا بېرىش ئۈچۈن، غۇلجا ـ ئۈرۈمچىلەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، داۋانچىڭ ـ توقسۇن ـ كورلا ـ بۈگۈرلەر ئارقىلىق ئايلىنىپ مېڭىش بەكمۇ ئۇزۇن مۇساپە بولۇپ كېتەتتىكەن ئەمەسمۇ؟ بولۇپمۇ ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ھەر تەتىلدە كۇچارغا بارغۇچە ئۆتىدىغان ئاغىر بۇلاقنىڭ تاقىر تاغلىرى، ئادىمزاتسىز چۆللۈكلەر

ئادەمنى بەكمۇ زېرىكتۈرەتتى. ئەمدىلىكتە تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق ماڭغاندا ئەتىگەن يولغا چىقىپ، كەچ بولغىچە كۇچارغا بېرىپ بولغىلى بولىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يول چەكسىز قارىغاي ۋە گۈل - گىياھ بىلەن قاپلانغان بولغاچقا،يول ئازابى -گۆر ئازابى دېگەن ماقالمۇ كىشىنىڭ يادىغا كەلمەس بولۇپ قالدىغۇ؟ بۇ گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسى كىشىگە ئارام - بەخشلىك ھېس قىلدۇرۇپ، يول ئازابىنىمۇ بىلىندۈرمەيدىكەن ئەمەسمۇ؟ مانا بۇ گۈزەل يۇرتىمىزنىڭ مۆجىزىلىرى ئەمەسمۇ؟»

تەلەمەت داۋىنىغا تۇتاش بولغان، يېقىنلا يەردىن كۆرۈنىدىغان مۇز تاغ چوققىسى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ تەپەككۇرى ئوخچىماقتا ئىدى: «ئۇ مۇزتاغ تەرەپكە قاراپ، ئۇنىڭ خۇددى بىر ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن قەددىنى كېرىپ تۇرغان ئاق چاچلىق موماي‌دەك تىك تۇرغان قىياپىتىدىن نۇزۇگۇم ۋە رىزۋانگۈللەرنىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە نۇزۇگۇم ۋە رىزۋانگۈلنىڭ روھى مۇز تاغ چوققىسىدا تۈنەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ روھى تۈنەكتىن چىقىپ، ئىلى دىيارىغا قايتىپ كېلىپ، ئەۋلادلىرىنى ئويغىتىشى، كۈرەش ئوتىنى يېڭىدىن يالقۇنجىتىشى مۇمكىن ئىدى». ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، مەن بىرىنچى بولۇپ كۈرەشكە ئاتلىنىمەن دەپ ۋارقىرىۋەتتى - دە، ئاۋازىم باشقا يەرگە ئاڭلىنىپ كەتكەنمىدۇ؟ دەپ تەئەججۈپلىنىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى غىڭشىپ كېتىۋاتقان ياسىنجانغا قارىدى، ئەمما ئۇنىڭ بوش ئاۋازدا ئىلى ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، شاش ھالەتتە ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى خاتىرجەم بولغان ئىدى.

گۈلجامال بىلەن ياسىنجان نىلقىدا بەختلىك ياشاۋاتاتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى گۈلجامال چۈش كۆردى. چۈشىدە: تەلكە تېغى ئورنىدىن قوزغىلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ سۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. بىردىنلا ئۇ تاغ غايەت زور ئەجدەرغا ئايلىنىپ، ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپ:

«گۈلجامال، مەن سېنىڭ گۈلۈڭنى تۇزۇتىۋاتىمەن، بېشىڭدىكى ياغلىقىڭنى ئېلىۋەت، بولمىسا، مەن سېنىڭ ئىككى تال ئۆرۈمە چېچىڭدىن تۇتۇپ، شەرقتىكى يۇرتۇمغا ئېلىپ كېتىمەن! دەپ ۋارقىراۋاتاتتى. گۈلجامال: ياق، ياق! مەن ياغلىقىمنى ئالمايمەن، ئۆلسەممۇ ئالمايمەن!سەن مېنى ئېلىپ كېتەلمەيسەن، مەن سېنىڭ يۇرتۇڭغا بېرىشنى خالىمايمەن! مېنىڭ چىن تۆمۈر باتۇردەك ئېرىم ياسىنجان بار!» دەپ ۋارقىرىغانچە ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن ئىدى. ياسىنجان گۈلجامالنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى - دە، ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ، نېمە بولغانلىقىنى سورىدى. گۈلجامال كۆرگەن چۈشىنى ياسىنجانغا دەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ياسىنجان ئويلىنىپ قالدى: ئەجەبا بىزگە بىر پالاكەت يېقىنلىشىۋاتامدۇ قاندىق؟ ياسىنجان ئايەتلكۇرسىنى ئوقۇپ، گۈلجامالنى سۈيلىدى. سۈبھى ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇلار بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، تاھارەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇۋېلىشتى.



2017 - يىلى كىرىدىغان بۇ يىلنىڭ ئاخىرقى ئايلىرىدا - نىلقىدا قىش باشقىچە سوغۇق بولۇپ كەتكەن ئىدى.يېڭى يىلمۇ سوغۇق،جۇت -شۇئىرغانلار ئىچىدە كىرگەن ئىدى. كىشىلەر باھارنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئاخىرى باھارمۇ يېتىپ كەلدى. ئەمما بۇ يىلقى باھار كىشىلەرگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلمىدى. نىلقىدا باھارنىڭ كىرىشى بىلەن ئاھالىلەر كومىتېتى خۇددى ئۇۋىسى چۇۋۇلغان ھەرىدەك قۇتراپ كەتتى. ئۇلار ناھىيەلىك سىياسىي قانۇن كومىتېتى، دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، ھەر خىل ئۇقتۇرۇش ۋە ھۆججەتلەرنى تارقىتىپ، كىشىلەرنى ئاھالىلەر كومىتېتىغا كېلىپ ئىپادە بىلدۈرۈشكە، ئۆزلىرىدىكى ئاشقۇنلۇق، ئەسەبىيلىك، بۆلگۈنچىلىك، تېررورلۇق قاتارلىقلار دائىرىسىگە كىرىدىغان ئالامەتلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن پاش قىلىشقا قىستىماقتا ئىدى.

ئۇلارنىڭ ھۆججىتىدە ياغلىق چىگىشىمۇ ئاشقۇنلۇقنىڭ ئىپادىسى دەپ قارالغان ئىدى.

نىلقا ناھىيە بازىرىدا ياغلىق ئارتىدىغان موماي ۋە ئاياللار خېلى كۆپ بولسىمۇ، ياش قىزلار يوق دېيەرلىك ئىدى. گۈلجامال تۇرۇۋاتقان مەھەللىدە ياش قىزلاردىن بىر نەچچىسىلا بار ئىدى. ئۇلار بىردىن - بىردىن ئاھالىلەر كومىتېتىغا: «سۆزلىشىش» باھانىسىدا چاقىرتىلىپ تۇتۇپ كېتىلدى. نۆۋەت گۈلجامالغا كەلگەن ئىدى. شۇ كۈنى ئۇمۇ ئاھالىلەر كومىتېتىغا چاقىرتىلىپ، ئارخىپى تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، «ئىلگىرى جىنايەت ئۆتكۈزگەن تارىخى بار كاتىگورىيەسى»گە چۈشۈرۈلۈپ، دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلىندى. چارەك سائەت ئۆتمەيلا بىر ساقچى ماشىنىسى كېلىپ، گۈلجامالنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ ئېلىپ مېڭىشتى. گۈلجامالنى يالاپ ماڭغان ماشىنا ئالاھەزەل يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن، نىلقا ناھىيەسىدىن 30 كىلومېتىر مۇساپىدە بولغان «ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيەسى» گە تەۋە بولغان مەلۇم بىر تۈرمىگە ئەكېلىپ سوراق قىلىشتى:

– نېمشقا ياغلىق چەگدىڭ؟

– ئۇيغۇر بولغاندىن كېيىن، ئۇ بىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمىز.

– ناماز ئوقۇدۇڭمۇ؟

– ھەئە، مۇسۇلمان بولغاندىكىن، ناماز ئوقۇدۇم.

– قۇرئان ئوقۇمسەن؟

– ئوقۇيمەن.

– كىمدىن ئۆگەندىڭ؟

– ئۆزۈم ئۆگەندىم

– يەر ئاستى دىنىي مەكتەپكە باردىڭمۇ؟

– ياق، بارمىدىم.

– بارمىدىم دەۋاتامسەن؟ بىزنىڭ ئىسپاتىمىز بار. ئىقرار قىلساڭ كەڭچىلىك، بولمىسا ئېغىر جازالىنىسەن ـ دەپ ۋارقىراشتى سوراقچىلار گۇلجامالنى ئالدىماقچى بولۇپ، گۇلجامال قىلچىمۇ قورقماستىن: مەندە ئىقرار قىلغۇدەك ھېچقانداق جىنايەت يوق ـ دەپ ئىقرار قىلىشنى رەت قىلدى. بۇنىڭدىن ئاچچىقلانغان سوراقچىلار گۇلجامالنى ئۇرۇپ ـ قىيناپ، ئىككى كېچە ـ كۈندۈز سوراق قىلىپ، ئىقرار قىلدۇرالمىغاندىن كېيىن، ئاخىرى ئىلگىرى گۇلجامالنىڭ كۈچاردا بىر يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان كونا جىنايىتىگە يەنە ناماز ئوقۇغان، قۇرئان ئوقۇغان، ئاشقۇن ـ ئەسەبىي، ئۆزگەرمەس جاھىل ئۇنسۇر دېگەن يېڭى جىنايەتلەرنى قوشۇپ، ئۇنى ئوچۇق سوتقا ئېلىپ چىقماستىن، يېپىق سوت ئېچىپلا يىگىرمە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشتى.

گۇلجامالغا ئېغىر جازا بېرىلگەنلىكىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ياسىنجان ئاقلىغۇچى ئادۋوكات تېپىپ، داۋا ئېچىپ، گۇلجامالنى ئاقلاپ تۈرمىدىن چىقىرىش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى. بىر قانچە ئادۋوكاتنىڭ يېنىغا بېرىپ سۆزلىشىۋىدى، ھېچقايسىسى گۇلجامال ئۈچۈن ئادۋوكات بولۇشنى خالىمىدى. ئۇلارنىڭ باھانىسى بولسا: «گۇلجامالنىڭ دېلوسى ـسىياسىي جىنايەت كاتېگورىيەسى»گە كىرىدىغان دېلو بولۇپ، ئۇنىڭغا ئادۋوكاتلىق قىلىشنىڭ پايدىسى بولمايدىكەن. چۈنكى، بۇنداق دېلولارغا بېرىلگەن جازانى كوممۇنىستىك پارتىيە نىڭ ـ سىياسىي قانۇن كومىتېتى بېكىتىدىغان بولۇپ، ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ ئۇنىڭغا كۈچى يەتمەيدىكەن. شۇڭلاشقا، ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتلار سىياسىي دېلولارغا ئاقلىغۇچى ئادۋوكات بولۇشنى خالىمايدىكەن. ياسىنجان غۇلجا شەھىرى ھەتتا ئۈرۈمچى، بېيجىڭغا بېرىپ ئەرز قىلماقچى بولغان ئىدى. ئانىسى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ: ئوغلۇم بۇ ئىشنى بولدى قىل، سۇ بېشىدىن لاي، يەنى ھازىرقى ئېغىر تۇتقۇن قىلىش ـبېسىش سىياسىتى ئەسلى يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن. شۇڭا ئۇنىڭغا

داۋا ئاچقانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى بىز - دەردىمىزنى ياراتقۇچى ئاللاھقا ئېيتايلى، ئۇلۇغ زات ھەممىگە قادىردۇر. «ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ» دېگەندەك، بۇ زۇلۇم ھامان بىر كۈنى ئاخىرلىشىدۇ ئوغلۇم! ياسىنجان ئانىسىنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلاپ، داۋا قىلىشتىن ۋاز كەچكەن ئىدى. ئەمما ئۇمۇ ئۇزۇنغا قالماي «ناماز ئوقۇغان» دېگەن سەۋەب بىلەن ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» يەنى جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلدى. بىچارە ئانا نەۋرىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن ئاللاھتىن ئۆزىگە سالامەتلىك تىلەپ كۆز يېشى تۆكمەكتە ئىدى.

# دەريادىن سۈزۈۋېلىنغان قۇرئان

مۇھەممەتجان ھاياتىدا بۇ قەدەر ئىككىلىنىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ئەمدى يەنە ئىككىلىنىپ تۇرۇۋەرمەي بىر قارارغا كېلىپ، كارىۋاتنىڭ ئاستىدىكى ساندۇقتا سېلىپ تىقىپ قويغان قۇرئان ۋە تارىخ كىتابلىرىنى باشقا بىر يەرگە يۆتكىۋېتىشى كېرەك ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى تەلىيىگە ئالدىنقى كۈنى كىتاب ئاختۇرۇشقا كىرگەنلەر ئۆينىڭ ھەممە بولۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنى ئاختۇرغان بولسىمۇ، كارىۋاتنىڭ ئاستىنى ئاختۇرماي چىقىپ كېتىشكەن ئىدى. چۈنكى، ئۇ كۈنى مەمەتجاننىڭ ياشانغان ئانىسى ئاغرىپ قالغان بولغاچقا كارىۋاتتىن چۈشمەي، ئىگراپ ياتقان ئىدى. ئاختۇرغۇچىلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەمەتجاننىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى ۋە ئانىسىغا مىڭ قېتىم رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭغا كەچتە ئايالىغا دەپ، ئوخشىغان سۇيۇقئاش قىلدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خۇشال قىلىۋەتكەن ئىدى.



مۇھەممەتجان ئۆي ـ كىتاب ئاختۇرغۇچى ساقچىلارنىڭ قۇرئان ۋە كىتابلارنى تاپالمىغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولماقتا ئىدى. ئەمما ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن ئوتتۇرىسىدا تالا ـ تارتىش كېلىپ چىقتى:

– ئوغلۇم دېدى ئۇنىڭ ئانىسى ـ مەن ئەمدى ئاستىغا قۇرئان كىرىمنى يوشۇرۇپ قويغان كارىۋاتتا ياتمايمەن، سەن ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ كالامى بولغان مۇقەددەس كىتابىمىزنىڭ ئۈستىدە مېنى ياتقۇزۇپ، گۇناھكار قىلماقچىمۇ؟ سەن ئۇنى دەرھال باشقا يەرگە

يۈتكىــۋەت!

– ئانـا، ئۇنـداق قىلماي يەنـە بىـر نەچچە كۈن يېتىپ تۇرساڭچۇ؟ مـەن ئەتىگىچە بىـر ئامـال قىـلاي ـ دېـدى مۇھەممەتجـان ئانىسـىغا يېلىنىپ ،

– يـاق، بولمايـدۇ ئوغلـۇم! مـەن ئەمـدى بـۇ كارىۋاتتـا ياتمايمـەن. ئالتــە كۈنلــۈك ۋاقتــىم قالغانــدا مېنــى خاپـا قىلمىغــن، بۈگۈنــلا يۆتكىــۋەت!

مۇھەممەتجـان هـەر قانچە يېلىنىپمـۇ ئانىسـىنى قايىـل قىلالمىدى. ئـۇ ياشـانغان ئانىسـىنى رەنجىتىـپ قويۇشـنى خالىمايتـى. كـەچ كىرىـپ قالغـان بولسـىمۇ، ئـۇ ئۆيگـە چىراقنـى ياقماسـتىن كارىـۋات ئاسـتىدىن ساندۇقنى تارتىـپ چىقىرىـپ، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغـان قۇرئـان كەرىـم ۋە يەنـە بىـر نەچچە پارچە ئۇيغۇرچـە كىتابلارنـى بىـر سـۇلياۋ خالتىغـا قاچىـلاپ، ئاغزىنـى چىـڭ ئېتىـپ، بىـر چامادانغـا سېلىشـقا باشـلىدى. ئەممـا تۇيۇقسـىزلا ئۇنىـڭ پىكـرى ئۆزگىرىــپ، بۇلارنىــڭ ئىچىدىــن «ئانـا يـۇرت رومانى»نـى ئېلىـپ قالـدى. ئاندىــن چامداننىــڭ ئاغزىنــى چىــڭ ئېتىــپ قۇلۇپـلاپ، ئىككـى قولىنـى ئېگىـز كۆتۈرگەنچە ئاللاھتىـن گۇناھىنىـڭ كەچۈرۈم قىلىنىشـىنى تىلەپ دۇئا قىلـدى: «ئـاھ، خـۇدا! مېنـى كەچۈرگەيسـەن، مـەن، سـېنىڭ ئۇلـۇغ كالامىـڭ بولغـان بـۇ قۇرئاننـى قوغدىيالمىدىـم، دىنىـىز كاپىـرلار ئۇنـى كۆيدۈرمەكچـى بولۇۋاتىـدۇ. بۇنىـڭ ئۈچـۈن جېنىمنـى تىكىشـكىمۇ رازى ئىدىـم، ئەممـا ئانـام ۋە بالىلىرىمنـى باقمـەن دەپ، بۇنىڭغـا جۈرئـەت قىلالمىدىـم!». ئـۇ دۇئاسـىنى كـۆز يېشـى بىلـەن ئاخىرلاشـتۇردى.

كــەچ كىرىــپ، خۇپتــەن نامىزىمــۇ ئاخىرلاشــقان ۋاقىــت ئىــدى. ئەتراپنــى خىلىــلا قاراڭغۇلــۇق قاپلىغــان ئىــدى. مۇھەممەتجــان قۇرئــان كەرىــم قاچىلانغــان چامداننــى بىــر يەرگــە يوشــۇرۇپ قويســاممىكىن؟ ـ دەپ ئــۇزاق ئويلانــدى. بىــرەر يەرنــى كــولاپ كۆمۈۋېتەيمــۇ؟ يــاق، بولمايــدۇ. ئۇنــى بىرەرســى كــۆرۈپ قالســا چېقىــپ قويۇشــى مۇمكىــن!

ئۇنىڭ ئۈستىگە كېيىن تاپالماي قالسام، يەر تېگىدە چىرىپ كەتسە، گۇناھكار بولۇپ كېتەرمەنمۇ؟ ئۆينىڭ تېمىنى كولاپ، ئۇيۇق ئېچىپ تامنىڭ قېتىغا تىقىۋېتەيمۇ يا؟ ياق، ئۇمۇ بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ! چۈنكى، تامنىڭ قېتىغا تىقىپ يوشۇرۇش ئۈچۈن سىرتتىن تۇپا توشۇپ كىرىپ لاي ئېتىشىم كېرەك! ئۇ چاغدا بىرەرسى قورۇلۇش قىلىۋاتقانلىقىمنى سېزىپ قېلىپ، «كەنت كادىرلىرىدىن رۇخسەتسىز، يوشۇرۇنچە قورۇلۇش قىلدى» دەپ چېقىپ قويسا، ئۇ چاغدا ئۇلار كىرىپ، ئۆينى ئاختۇرۇشى مۇمكىنغۇ؟ ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىپ دۆۋىلەپ قويغان بىردە -سامانلارنىڭ قېتىغا يوشۇرۇپ قويسامچۇ؟ ياق! ئۇمۇ بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرە - سامانلارغا ئوت كېتىپ قالسىچۇ؟ زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۇ ھېچ بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغاندا ئانىسى ئۇخلىماقچى بولۇپ كىرىپ، ئوغلىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ: ئوغلۇم نېمىگە بۇنداق خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭ؟ - دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن. مۇھەممەتجان ئانىسىغا ئۆز خىيالىنى ئېيتىۋىدى، ئانىسىمۇ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن: ئوغلۇم، مېنىڭچە ئەڭ ياخشىسى قۇرئان - كىتابلارنى دەرياغا ئېقىتىۋەتكىن! ئىلى دەرياسى بىزدىن ئانچە يىراق ئەمەس، دەريانىڭ قوينى كەڭ، تېگى چوڭقۇر، سۈيى پاك بولىدۇ. ئۇ يەردىن بۇلارنى ھېچكىم تاپالمايدۇ. تاپسىمۇ ئۇنى بىلىقچىلار تېپىۋېلىشى مۇمكىن! سۇدا ئېقىپ چېگرادىن ئۆتۈپ كەتسە تېخىمۇ ياخشى، چېگرانىڭ ئۇ تەرىپىدە بىزگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار ياشايدىغۇ؟ ناۋادا ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشسە، ئۇنىڭ قۇرئان ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تاشلىۋەتمەستىن ئۆزلىرى ئوقۇشى مۇمكىن! ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مۇھەممەتجاننىڭ كۆڭلى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى.ئۇ: ئانىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئەڭ مۇۋاپىق چارە دەپ، ئويلىدى - دە، قۇرئان ۋە كىتابلار قاچىلانغان چامداننى بۈگۈنلا دەرياغا ئېقىتىۋېتىشنى قارار قىلدى. ئەمما يەنە بىر - ئىككى سائەت ساقلاپ، ئەل - جامائەتنىڭ ئايىقى بېسىلىشىنى كۈتتى.

سائەت 12 گە يېقىنلاشقاندا مەمەتجان: يا پىرىم، بىسمىللاھ! دەپ چامادانىنى ئېلىپ، ئېتىز - ئېرىق، چىغىر يوللارنى بويلاپ بىرەر سائەتكە قالمايلا، ئىلى دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى.

ئەتراپ شۇ قەدەر جىمجىت ئىدى. ئىنس - جىنىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى، ئۇ قۇرئان قاچىلانغان سومكىنى ئاستا دەرياغا تاشلىدى - دە، دەرياغا باشقىدىن نەزەر تاشلىدى: ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيى خۇددى توغان سېلىپ توسۇۋېلىنغان كەلكۈن سۈيىدەك ئىلگىرىكى دولقۇنلۇق، شاش ئېقىشىنى يوقاتقان ئىدى. دەريانىڭ سۈيى خېلىلا تۆۋەنلەپ قالغان بولۇپ، شۇ قەدەر جىمجىت ۋە تىۋشسىز ئېقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن بىر خىل مۇڭلۇق سادا كېلىۋاتاتتى. بۇ ھالەتكە چىدىمىغان مۇھەممەتجان: ئەي، ئىلى دەرياسى! ئانا دەريا! ساڭا نېمە بولدى؟ قېنى سېنىڭ شاۋقۇنلىرىڭ؟ قېنى سېنىڭ سورتلۇق ئىلى ئارغىماقلىرىنىڭ يالدەك دولقۇنلاپ ئېقىشلىرىڭ؟ سېنىڭ باغرىڭمۇ ئاشۇ سەن ئۆستۈرگەن خەلقىڭنىڭ باغرىدەك لەختە - قان قىلىۋېتىلدىمۇ - يا؟ قېنى بىر جاۋاب بەرسىنا؟ - دەپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇنىڭ كۆزى ياشقا تولغان ئىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆزىگە يىراقتىن بىر ئاقساقاللىق بوۋاينىڭ سىيماسى كۆرۈندى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۆتتەك بىر نۇر چاقناۋاتاتتى. ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى: ھەي، يىگىت! مەن سادىر بوۋاڭ بولىمەن. نېمىشقا كۆزۈڭ ياش، روھىڭ چۈشكۈن؟ سېنى كىم بىر ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى؟ يىغلىشىڭنىڭ سەۋەبىنى بىلىمەن يىگىت! ھازىر خەلقىمىزنى مەن ئۆز ۋاقتىدا يوقاتقان مانجۇلار زېمىنىدىن كەلگەن يەنە بىر كاپىرلار قاڭغىر - قاقشاتماقتا، قىرغىن قىلماقتا، سەۋر قىل يىگىت! بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇنى بىلىپ قال يىگىت: ئۆز ۋاقتىدىكى ماڭا جاسارەت بېغىشلىغان ئەجداتلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇق روھى تېخى يوقاپ كەتكىنى يوق، ئۇنىڭ ئارغىماقلىرى تېخى ھېرىپ قالغىنى يوق، ئۇ قايتىپ كېلىش ئالدىدا، ئۇ يولغا چىقتى. ئۇ يېتىپ

كەلگەنىدە، سىلەرنىڭ روھىڭلارنى قايتىدىن تاۋلاپ چىقىدۇ.ئاندىن سىلەر يەنە ئىلگىرىكىدەك جەڭگىۋار روھقا ئىگە بولىسىلەر ! شۇنىڭ بىلەن سانسىزلىغان باتۇر ئەۋلادلار بارلىققا كېلىدۇ - دە، ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىپ، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جەڭگە ئاتلىنىدۇ. بىز ئۆز ۋاقتىدا زالىم مانجۇ باسقۇنچىلىرىنى قانداق يوقاتقان بولساق، ئۇلارمۇ ختاي باسقۇنچىلىرىنى - ئىلى دەريا دەرياسى بويلىرىدىن، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن، تارىم ۋادىسىدىن تامامەن قوغلاپ چىقىرىدۇ. جۇڭغار - تارىم بويلىرىدىن قانخورلارنىڭ نىجىس قەدەم ئىزىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ. سۆگەكلىرىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇيدۇ!»

مۇھەممەتجان سادىر بوۋىمىزنىڭ جاراڭلىق خىتابىدىن بىرئاز ئېسىگە كېلىپ، روھلانغاندەك بولدى - دە، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، خېلى ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىلىق ۋاقىتلىرىدا سادىر پالۋاننىڭ تارىخى ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى ئوقۇغان ئىدى.ئۇ ئۇنى ئويلاپ خىيالغا كەتتى: «ھەتتىڭەي، ئاشۇ سادىر بوۋىمىز ھازىر ھايات بولغان بولسىچۇ كاشكى، قولىغا قورال ئېلىپ، خەلقنى ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ كۆرەشكە ئاتلانغان بولسا، مەنمۇ شۇ كۆرۈشكە قېتىلىپ، ختاي باسقۇنچىلىرىنى بۇ پاك ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقارغان بولماسمىدۇق؟ سادىر بوۋىمىزنىڭ دېگەنلىرى توغرا، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ باتۇرلۇق روھى مەڭگۈ يوقمايدۇ! ئۇنىڭ ئىزباسارلىرى ھەر دائىم يېتىشىپ چىقىدۇ! تېخى بۇنىڭدىن قىرىق -ئەللىك يىل ئىلگىرىلا بىزنىڭ مۇشۇ ئىلى دىيارىدا، نىلقا تاغلىرىدا، غېنى باتۇر باشچىلىقىدا قەھرىمانلىرىمىز قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ختايلارنى ماناس دەرياسىغا قاپساپ قويمىدىمۇ؟ ھەي، مۇشۇ سوۋېت ھۆكۈمىتى دېگەن ناكەستىلەرنى، دەسلەپتە قوللاپ، كېيىن ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ توختىتىپ قويغىنى نېمىسى؟ ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ مىللىي ئارمىيەيىمىزنى ماناس دەرياسىدا توختىتىپ قويمىغان بولسا، بىر نەچچە كۈننىڭ ئىچىدىلا ئۈرۈمچىنى ئېلىپ، پۈتۈن ۋەتەننى

ئازادلىققا ئېرىشتۇرگەن بولماسمىدۇق؟ نېمىشقا مىللىي ئارمىيە زادى ماناس دەرياسىدا توختايدۇ؟ غېنى باتۇرنىڭ ئېتىغا نېمىشقا ماناس دەرياسىدا يۈگەن سېلىپ قويۇلىدۇ؟ ھەممىسى مۇشۇ سىياسەت دېگەن نېمىنىڭ كاساپىتىدىن بولغان ئىش؟ سىياسەتۋازلار نېمىشقا ئاشۇنداق ئاجىز، تەسلىمچى كېلىدۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، بىز قوزغىلاڭدا غەلىبە قىلىپ، - ئۇرۇش جەھەتتىن ئۈستۈن كەلگەن ئەمەسمىدۇق؟ ۋەتىنىمىزنى تولۇق دېگۈدەك ئازاد قىلىپ بولغان تۇرساق، بىزنىڭ سىياسەتچىلىرىمىز شۇ قەدەر ئەخمەق بولغان بارمۇ؟ يىغىن دەپ چاقىرسا، موسكۋاغا، بېيجىڭغا نېمە دەپ بارىدۇ؟ نېمە دەپ ئۆزلۈك كېلىش، گېپىڭ بولسا مۇشۇ يەردە دېگىن دېمەمدۇ؟ ھەي! ئەخمەتجان قاسىمى، ھەي! سەيپىدىن ئەزىزى، سىلەرنىڭ قاپاق باش، بوشاڭلىقىڭلار،ساتقۇنلىقىڭلار - مانا بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ بېشىمىزغا، ئەۋلادلارنىڭ بېشىغا بالا بولۇۋاتامدۇ؟!»

مۇھەممەتجان كۆڭلىدە بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ، ھېلى ئۇيان ئۆرۈلۈپ، ھېلى بۇ يان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالماي تاڭ ئاتقۇزىۋېتىشكە تاس قالغان ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكاپنى ئالدىغا تارتىپ، ئانا يۇرت رومانىنى ئىزدەپ قويغان يەرگە قولىنى تىقىپ سىلاپ باقتى. كىتاب جايىدا ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى. ئۇ كىتابنى تىقىپ قويغان يەرنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمىسىمۇ، يەنىلا ئەندىشە قىلىپ قالغان ئىدى. ئۇنى يوقىتىپ قويۇشنى خالىمايتى. ئۇ سادىر بوۋىمىزنى ياخشى كۆرگەندەكلا غېنى باتۇرلارنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. غېنى باتۇر ئىلقىدا باشلىغان ئىنقىلابنىڭ نەتىجىسىدە، 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى غۇلجىدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى بەك كاتتا ئىش دەپ قارايتتى. بۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا باشلامچى بولغان غېنى باتۇر ۋە ئىلقا قەھرىمانلىرىنى ھەقىقىي ئەزىمەتلەر دەپ قارايتى. غېنى باتۇرنى توختىماي ماختايتى. باللىرىغا ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. ئانايۇرت

رومانىنىڭ يازغۇچىسى زوردىن سابىرنى بولسا بەك كاتتا يازغۇچى، ئۇيغۇر خەلقى ئۇچۇن نۇرغۇن ئەسەر يازدى، ئەڭ ياخشى ئەسىرى - ئانا يۇرت رومانى دەپ ماختايتتى. نېمىشقا ئۇنداق دەپ قارايسىز دېگۇچىلەرگە:چۈنكى،ئانا يۇرت تېرولوگىيىسى ۋەتىنىمىزدە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ، بىر تارىخىي ئابىدە تىكلىدى - دەپ جاۋاب بېرەتتى.

(2)

مۇھەممەتجان يەنە ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلىش،تەقىب قىلىش دائىرىسى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە ئىدى. تېخى بىر نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا: «ئۆيىدە قۇرئان ساقلىغان، كىتاب ساقلىغان، يوشۇرغان» دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن بىر نەچچە خوشنىلىرى تۇتۇپ كېتىلگەن ئىدى. نۆۋەت ئەمدى ئۇنىڭغا كېلىپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى يوشۇرۇپ قويغان كىتاب «ئانا يۇرت» رومانىدا قالغان ئىدى. ئەگەر ئۇ ئانا يۇرت رومانىنى يوقىتىۋەتسە خۇددى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخى پۈتۈنلەي يوقۇلۇپ كېتىدىغاندەك ئويلاپ بىئارام بولماقتا ئىدى. ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ئىچى تىت - تىت بولۇپ كېتىپ باراتتى. ئۇ قايسى بىر مۇتەپەككۇر يازغۇچىنىڭ: [ قان بىلەن يېزىلغان تارىخ مەڭگۈ يوقالمايدۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭغا تازا ئىشىنىپمۇ كېتەلمەيۋاتاتتى.ئۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەس بولۇپ قالغان ئىدى. تالاغا چىقاتتى، ئۆيگە كىرەتتى. ھېلى ساقچىلار كىرىپ، ئۆينى ئاختۇرۇپ [ ئانار يۇرت»رومانىنى تېپىۋالىدىغاندەك، ئىشكاپنىڭ ئارقىسىغا بىر نەچچە قېتىم قاراپ باقتى. پەقەت كەچ كىرگەندىلا ئۇ: ئۇھ! - دەپ، بىرئاز يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ قالاتتى. ئەمما يەنىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى.

ئۇنىڭ بۇگۈنمۇ تىنچ - ئامان ئۆتتى. ئەمما، كېچىدە قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئەتە نېمە بولار؟ دېگەننى ئويلاپ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ كاللىسىغا يەنە بىر خىيال كېلىۋالدى: «مەن چوقۇم ئانا يۇرت رومانىنى ھېچكىم تاپالمايدىغان يەرگە يوشۇرۇپ قويۇشۇم كېرەك! - ئۇ بولسىمۇ ئۆيىنىڭ سىرتىغا يەنى باغقا ئېلىپ چىقىپ، كۆمۈۋېتىشىم كېرەك! باغنى ھېچكىم ئاختۇرمايدۇ!». ئۇ ئاستا ئىشكاپنى قايرىپ تارتىپ، ئانا يۇرت تىرولوگىيەسىنى - ئېسىپ قويغان يەردىن ئېلىپ، ھويلىغا چىقتى - دە، كۆمۈرخانىنىڭ ئىشىكى يېنىغا يۆلەپ قويغان گۈرجەكنى ئېلىپ، ھويلىسىغا تۇتاش بولغان باغچىسىغا كىردى ۋە بىر بولۇڭ تەرەپتىكى ئالما دەرىخىنىڭ يېنىنى كولاپ، ئانار يۇرت رومانىنى شۇ يەرگە كۆمۈۋەتمەكچى بولدى. ئۇ بۇ يەرنى بىر مېتىرغا يېقىن كولاپ بولغاندىن كېيىن، خالتىغا سېلىنغان ئانا يۇرت رومانىنى ئورەككە تاشلىدى. ئەمما شۇئان ئۇنىڭ كاللىسىغا : «ئانار يۇرت رومانىنى بۇنداقلا كۆمسەم خالتا بىلەن چىرىپ كېتەرمۇ؟ ياكى ئۇنىڭ ئاستىغا بىر نەرسە قويۇپ، ئۈستىگە كىتابنى قويۇپ، ئاندىن كېيىن كۆمسەم ياخشى ساقلىنارمۇ؟» دېگەن خىيال كېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قايتا ئۆيگە كىرىپ، ئېلېكتىر چىراقنى ئېلىپ چىقىپ كۆمۈرخانىغا كىردى ۋە بىردەم ياغاچ تاختىسى ئىزدەپ ئاۋارە بولۇپ قالدى.ئاخىرى بىر نەچچە پارچە ياپىلاقلانغان ياغاچ پارچىسىنى تېپىپ چىقىپ، ئورەكنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئانا يۇرت رومانى قاچىلانغان خالتىنى قويۇپ كۆمۈشكە باشلىدى. ئۇ كىتابنى كۆمۈپ بولۇشقا ئاز قالغاندا بىردىنلا ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ ھۇقۇيتىشقان سىگنال ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ساقچىلار دەرۋازىنى بۇزۇپ - چېقىپ، ھويلىغا بېسىپ كىرىشتى. ساقچىلار مەمەتجاننى كۆرمىگەن ئىدى. ئەمما ئۆينىڭ ئىشىكىنىمۇ بىردەمدىلا بۇزۇپ - چېقىپ كىرىپ،ئۇنىڭ ئايالىنى تۇتۇپ چىقتى. ساقچىلار ئۇنىڭ ئايالىغا: قېنى ئېرىڭ، ئۇ نەگە كەتتى؟ بۇ كېچىدە نېمىشقا ئۆيدە

يوق؟ - دەپ ۋارقىراۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ، بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ، باغدىن چىقىپ ھويلىغا كىردى - دە، مانا مەن، نېمە نېمە گېپىڭلار بار ئىدى؟ بۇ كېچىدە ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ، دەپ ساقچىلارغا سوئال قويدى. ساقچىلار ئۇنىڭغا: بىر ئاز ئىلگىرى بۇ ھويلىدا چىراق يېقىلدى، بىز ئۇ چىراقنىڭ نېمە ئۈچۈن يېقىلغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن كەلدۇق. قېنى ئېيتە! نېمىشقا بۇ ھويلىدا چىراق يېقىلدى؟ - دەپ، ئۇ چىقىۋاتقان باغ تەرەپكە قول چىراقلىرىنى يېقىشىپ، باغدا ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىشتى ۋە ئانار يۈرت رومانىنى كۆمۈپ قويغان ئورەكنىڭ ئورنىنى كۆرۈپ قېلىپ: «مانا ماۋۇ يەرگە بىر نەرسىنى يوشۇرۇپتىپتۇ» دېيىشىپ كېلىپ، گۈرجەك بىلەن ئورەكنى ئېچىپ،خالتىغا قاچىلانغان ئانار يۈرت رومانىنى تېپىۋېلىشتى - دە، ساقچىلاردىن ياشىقا چوڭراق بىرسى خىقىرغان ئاۋازدا ئۇنىڭغا ۋارقىراپ، مانا! سەن بۇ كىتابلارنى ماۋۇ يەرگە يوشۇرۇۋېتىپسەنغۇ؟ نەق پاكىت بىلەن تۇتۇلدۇڭ، ئېلىپ مېڭىڭلار - دەپ ئەتراپىدىكى غالچىلىرىغا بۇيرۇق قىلىپ، كىتابلار بىلەن بىللە مەمەتجاننى باغلاپ، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ، تۇتۇپ ئېلىپ مېڭىشتى.

مۇھەممەتجان ئاۋۋال يېقىن ئەتراپتىكى بىر ساقچى پونكىتىدا ئېلىپ كېلىنىپ، يەر ئاستىدىكى سوراقخانىغا ئېلىپ چۈشۈرۈلۈپ سوراق قىلىندى:

– قېنى ئېيتە، كىتابلارنى نېمىشقا يوشۇردۇڭ؟

– مەن ئۇ كىتابلارنى خاتالىق بىلەن يىغىۋېلىپتىمەن. كۆيدۈرۈۋېتىلمەسلىكى ئۈچۈن يوشۇرۇپ قويماقچى بولغان ئىدىم.

– نېمىشقا خاتالىق بىلەن دەيسەن؟ سەن تېخى بىزنىڭ كىتاب يىغىۋېلىشىمىزنى خاتالىق دېمەكچىمۇ؟

– ھەئە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغىنىڭلار چوڭ خاتالىق. چۈنكى، بۇ كىتاب ئۆز ۋاقتىدا رۇخسەت بىلەن نەشر قىلىنغان. ئەمدىلىكتە

ئۇلارنى يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىشكىلار خاتالىق بولماي نېمە؟

– ھەي،جۆيلىمە! بۇ خاتالىق ئەمەس، پارتىيەمىزنىڭ يېڭى سىياسىتى، سەن تېخى بۇنى بىلمەمسەن؟

– ياق، بىلمەيدىكەنمەن، قانداق يېڭى سىياسەت ئۇ؟

– بىلمىسەڭ، ئەمدى بىلىپ قوي! ھازىر پارتىيەمىز دۆلەت بويىچە تىل - يېزىقنى بىرلىككە كەلتۈرمەكچى، دۆلەت تىلىدا يېزىلمىغان ھەر قانداق كىتاب يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈلىدۇ.بۇنىڭدەك ئەكسىيەتچى تارىخ كىتابلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

– ئەمما بۇ كىتابلار ئەكسىيەتچى تارىخ كىتابى ئەمەس، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»نىڭ تارىخى يېزىلغان رومان. ئىلگىرى سىلەرنىڭ رەھبىرىڭلار ماۋزېدۇڭ: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي جۇڭگو دېمكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دېگەنغۇ؟

– ھەي، جاھىل ئۇنسۇر! تولا كاپشىما؟ ھازىرقى ۋاقىت، ئۇ ۋاقىتقا ئوخشىمايدۇ. ھەممە نېمە ئۆزگەردى. ھازىر جۇڭگودا بىرلا تارىخ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخى.

– ئۇيغۇرلار جۇڭخۇا مىللىتىگە كىرمەمدۇ؟

– ياق، جۇڭخۇا مىللىتى دېگەن - خىتايچە سۆزلەيدىغان خۇئا، شىئالارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. ئۇيغۇرلار ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزگەرمىگىچە، جۇڭخۇا مىللىتى بولالمايدۇ.

– ئۇيغۇرلار قانداق ئۆزگىرىشى كېرەكتى؟

– ئۇيغۇرلار خىتايچە سۆزلىششى - يېزىشى، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىقى، بۇرۇنقى ئۆرۈپ -ئادەتلىرىنى تاشلىشى، خىتايلارنى، سوتسىيالىزمنى ياخشى كۆرۈشى، دۆلەتنى سۆيۈشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ جۇڭخۇا مىللىتى بولالايدۇ، چۈشەندىڭمۇ؟

– ياق، چۈشەنمىدىم! مەنمۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلمايمەن. ئۇيغۇرلار دېگەن تۈركى خەلقلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ.

– ھەي،ئەبلەخ! تىلىڭنى يىغىشتۇر. بىز سېنىڭ تىلىڭنى سۇغىرىۋالمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ؟ قېنى كېلىڭلار! بۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇڭلار - دەپ قول ئاستىدىكى غالچىلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈردى ساقچى باشلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى غالچا كېلىپ، مۇھەممەتجاننىڭ باش - كۆزلىرىگە توك كالتىكى بىلەن بەش - ئالتىنى ئۇرىۋەتتى. مۇھەممەتجان ھۇشىدىن كەتتى. غالچىلار ئۇنىڭ باش - كۆزىگە بىر چېلەك سۇ ئەكېلىپ تۆكۈپ، مۇھەممەتجاننى يەنە ھۇشىغا كەلتۈرۈشتى. سوراقچى باشلىقى يەنە ۋارقىراشقا باشلىدى:

– ئىقرار قىل!

– نېمىنى ئىقرار قىلىمەن؟

– قانۇنسىز كىتابلارنى ساقلىغان جىنايىتىڭنى ئىقرار قىل!

– كىتاب ساقلاش جىنايەت ئەمەس! - دېدى مەمەتجانمۇ بوش كەلمەي.



– جىنايەت ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق بولسا، ئۇرۇڭلار! بۇ جاھىل ئۇنسۇرنى - دەپ، يەنە ۋارقىرىدى سوراقچى باشلىقى، شۇنىڭ بىلەن يەنە ئىككى غالچا كېلىپ، مۇھەممەتجاننىڭ مەيدە ۋە كاسىسىلىرىغا توك كالتىكىنى يېقىشتى. مۇھەممەتجان يەنە ھۇشىدىن كەتتى. بۇ چاغدا سوراقچىلار بىر پارچە ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغان ئىقرارنامىنى ئېلىپ كېلىپ، ھوشسىز ياتقان مۇھەممەتجاننىڭ قولىغا قەلەمنى ئۆزلىرى تۇتقۇزۇپ، قول قويدۇردى - دە، بىر كامېرغا ئېلىپ كېلىپ سولىۋېتىشتى.

مۇھەممەتجان قانچىلىك ھۇشسىز ياتتىكىن بىلەلمىدى. بىر چاغدا ئويغىنىپ كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، ئۆزىنى بىر كامېردا كۆردى. كامېردا يىگىرمىگە يېقىن تۇتقۇن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ: مەن نەدە؟ - دەپ سورىدى ئۇلاردىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ياشقا چوڭراق، ئېگىزرەك كەلگەن بىرسى سۆز باشلىدى: بۇرادەر،

سەن بىر تۇرمىدە، سەن ئۇلۇشكۇن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىندىڭ، بىر كېچە - كۈندۈز ھوشسىز ياتتىڭ، ئەمدى ئورنۇڭدىن تۇر، بىراز ھەرىكەت قىل دەپ، ياشراق يەنە بىرسىگە ئىشارەت قىلىپ، بىر چىنە سۇ، بىر تال ھورنان ئەكەلتۈرۈپ، مانا بۇنى ئىچكىن، يېگىن! بۇلارنى بىز ساڭا ئېلىپ قويغان ئىدۇق - دېدى مۇھەممەتجانغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ، مۇھەممەتجان بىر كۆتۈرۈپلا، بىر چىنە سۇنى ئىچىۋەتتى. ئارقىدىن ھور ناننىمۇ قورۇقلا يەۋەتتى.شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۇت - قولىغا بىر ئاز جان كىرگەندەك بولدى - دە، تۇتقۇنلارغا باشقىدىن بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن: سىلەر نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەن؟ - دەپ سورىدى. ھېلىقى ئېگىز كىشى سۆز باشلاپ: بىزنى نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەندۇ؟ - دەپ ئويلاپ قالغان بولساڭ، بولۇپتۇ دەپ بېرەيلى: بىز بۇ يەردىكى ھېچقايسىمىز جىنايەت ئۆتكۈزمىدۇق. ھەممىمىزلا گۇناھسىز! مەسىلەن: مەن ئۆيۈمدە كىتاب ساقلىغانلىقىم ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىندىم. ئۇ كىتاب بولسا، يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئىز، ئويغانغان زېمىن دېگەن رومانلىرى ئىدى. شۇ ئارىدا ئوتتۇرا بوي كەلگەن يەنە بىر تۇتقۇن سۆز ئالدى: مېنىمۇ چەكلەنگەن كىتابنى ساقلىغان دېگەن سەۋەب بىلەن تۇتۇپ سولىغان.مەن ساقلىغان كىتاب بولسا، يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ داغ، تۇندىكى چاقماق، بوزدالا دېگەن رومانلىرى ئىدى. مەنمۇ شۇ، مەنمۇ شۇ دەپ، باشقا تۇتقۇنلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ساقلىغان كىتابلىرىنىڭ ئىسمىنى، خۇددى بىر تىزىملىككە ئېلىپ قويماقچى بولۇشقاندەك ئېيتىشقا باشلىدى: مەن تۇرغۇن ئالماسنىڭ - ئۇيغۇرلار دېگەن كىتابىنى، مەن پەرھات جىلاننىڭ - مەھمۇد قەشقىرى دېگەن رومانىنى، مەن ھاجى مىرزات كېرىمنىڭ - يۇسۇپ خاس ھاجى دېگەن رومانىنى، مەن ئايشەم ئەخمەتنىڭ - ئۆچمەس ئىزلار دېگەن رومانىنى، مەن ئابدۇۋەلى ئېلىنىڭ - تۇغلۇق تۆمۈرخان، ياقۇپ بەگ بەدۆلەت، تۇرغاق غوجىلار دېگەن رومانلىرىنى ساقلىغان. مەن خالىدە ئىسرائىلنىڭ - كەچمىش،

ئالتۇن كەش دېگەن رومانىنى ساقلىغان. مەن ئىلى دولقۇنلىرى دېگەن رومانىنى ساقلىغان. مەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دېگەن رومانىنى ساقلىغان. مەن قۇتادغۇبىلىك دېگەن كىتاپنىڭ لىنتىسىنى ساقلىغان. مەن ئۇيغۇرچە قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىنى، مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى، مەن ئەختەم ئۆمەرنىڭ - قىيامەتتە قالغان سەھرا دېگەن كىتابىنى، مەن باتۇر روزىنىڭ - يەتتە قىزلىرىم رومانىنى، مەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى دېگەن كىتابىنى، مەن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى ساقلىغان دېيىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ساقلىۋالغان كىتابلىرىنى ئېيتىپ بېرىشتى. دېمەك تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا گۇناھسىز كىشىلەر بولۇپ، پەقەت كىتاب ساقلىغانلىقى ئۈچۈنلا تۇتقۇن قىلىنىپ، «چەكلەنگەن كىتابلارنى ساقلىغان»دېگەن جىنايەت ئارتىلغان كىشىلەر ئىدى.



مۇھەممەتجان تۇتقۇن قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي يەنە بىر نەچچە كىشى بۇ كامېرغا قامالدى. ئۇنىڭ بىرى قازاق ياش ئىدى. ئۇ قازاق يازغۇچىسى ھاجى قۇمارنىڭ - قىلمىش دېگەن رومانىنى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىنىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر قىرغىز كىشى تۇتقۇن قىلىندى. ئۇ داڭلىق قىرغىز ئاقىنى ماناسىنىڭ - ماناس داستانىنى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىنىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر موڭغۇل كىشى تۇتقۇن قىلىندى. ئۇ چىڭگىزخاننىڭ رەسمىي ۋە موڭغۇل تارىخى كىتابىنى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىنغانىكەن. دېمەك بۇ رايوندىكى خىتاي بولمىغان باشقا بارلىق مىللەتلەرنىڭ كىتابلىرى چەكلەنگەن بولۇپ، ئۇلار يىغىلىپ كۆيدۈرۈۋېتىلمەكتە ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا كوممۇنىستلارنىڭ تەشۋىقات ئورگانلىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ - تەستىقلانغان كىتابلار بولۇپ، ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلىشى بىر غەلىتە ئىش بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ جاۋابى ئېنىق بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ،خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيە كومىتېتى - خىتاي دۆلىتىدە، خىتاي تىلى ۋە مەدەنىيىتىدىن باشقا بارلىق تىل

ۋە مەدەنىيەتلەرنى يوقىتىش سىياسىتىنى تۈزۈپ ئىجرا قىلىۋاتاتتى. بۇ بولسا، خىتاي دۆلىتىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىنكار قىلىنىشى ئىدى.

مۇھەممەتجان تۇتقۇن قىلىنىپ، بىر ئايدەك بولغان ۋاقىتتا كامېردىكى تۇتقۇنلارغا: ئەتىسى كۈنى ئۈچ ھالدا يېپىق سوت بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىندى. ئۇقتۇرۇشتا دېيىلىشىچە، بۇ سوتتا ھېچكىمگە ئاقلىغۇچى ئادۋوكات تەكلىپ قىلىشقا رۇخسەت بېرىلمەيدىكەن. چۈنكى، تۇتقۇنلارغا بېرىدىغان جازا ئالدىنئالا بېكىتىپ بولغان ئىكەن. دېگەندەك تۇتقۇنلار ئەتىسى بىردىن - بىردىن چاقىرتىلىپ، «بىز ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدىن كەلدۇق»دېگەن ئىككى كىشىنىڭ ئالدىنئالا تەييارلاپ ئەكەلگەن جازا ھۆكۈمنى تۇتقۇنلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇشتى. بۇ ھۆكۈمنامىدە تۇتقۇنلارغا ساقلىغان كىتابلىرىغا ئاساسەن جازا بېرىلگەن بولۇپ، بىر كىتابقا - بەش يىل، ئىككى كىتابقا - ئون يىل، ئۈچ كىتابقا - ئون بەش يىل، تۆت كىتابقا - يىگىرمە يىلدىن جازا بېرىلگەن ئىدى. مۇھەممەتجانغا بولسا: ئۈچ قىسىملىق «ئانار يۈرت تىرىلوگىيەسى»نى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن ھەر بىر كىتابقا بەش يىللىقتىن بولۇپ، جەمئىي ئون بەش يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىپ، ئون بەش يىل سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى دېيىلگەن ئىدى.

(3)

ئىلى دەرياسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلى ۋادىسىدىن ئېقىپ كېلىپ، قازاقىستاننىڭ يەركەنت، ئالمۇتا، تالداقورغان قورغان ۋىلايەتلىرىدىن بېسىپ ئۆتۈپ بايقال كۆلىگە قويۇلاتتى. قايدارلار يېزىسى - يەركەنت ۋىلايىتىگە تەۋە بولۇپ، ئىلى دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بىر ئاۋات يېزا ئىدى. قايدارلا خەلقى تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن باشقا يەنە بىر قىسمى - بېلىقچىلىق بىلەن

تۇرمۇش كەچۈرەتتى. نۇرغالى قايدارلىدىكى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا بىلىقچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بىر قازاق يىگىتى ئىدى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئۆزى ياسىۋالغان قېيىق بىلەن بېلىق تۇتۇشقا چىققان ئىدى. ئۇ بىر نەچچە قېتىم تور سېلىپ، بىر مۇنچە بېلىق تۇتتى. نېمىشقا كۈن بۈگۈن تۇتقان بۆلەكلىرى ساپلا چوڭ ۋە سورتلۇق بېلىقلار ئىدى. ئۇ بۈگۈن ئۆزىگە بىر ئامەتنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئۈچىنچى قېتىم تورنى سۇغا تاشلىدى. بىراز ۋاقىت ئۆتۈپ، تورنىڭ تارتقۇچى ناھايىتى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۇ ئىچىدە: بۇ نېمە كارامەتتۇر؟ بەك چوڭ بىر بېلىق ئىلىندىمۇ نېمە؟ دەپ ئويلاپ، ياپىرىم ! ـ دەپ تورنى يۇقىرىغا تارتىپ چىقىرىپ تۆكۈۋىدى، ئىچىدىن بىر سومكا چىقتى. ئۇ سومكا سولياۋ بىلەن چىڭ يۆگەپ ئېتىۋېتىلگەن بولۇپ، ئىچىدە نېمە بارلىقى سىرلىق بىر ئىش ئىدى. ئۇ ئۆزىچە: بۇنىڭ ئىچىدىن ھېكايىلەردىكىدەك بىر دېۋە، ياكى ئەجدەرھا چىقىپ قالسا قانداق قىلارمەن؟ ـ دەپ، بىر ئاز ئەندىشە ئىچىدە ئاستاغىنا باغلانغان يىپلارنى كېسىپ، سولياۋنى ئېلىۋېتىپ، چامدانىنى ئېچىپ قارىۋىدى، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر نەچچە تال كىتاب چىقتى. ئۇ دەسلەپتە ئۇنىڭ قانداق كىتابلىقىنى بىلەلمىدى. كېيىن ئىچىنى ئېچىپ قاراپ بېقىپ، بىردەم خىيال قىلغاندىن كېيىن، ھە-ئە، بۇ مېنىڭ ئايالىم ئوقۇيدىغان قۇرئانغا ئوخشايدىكەن! ـ دەپ ئويلىدى ـ دە، تۇتقان بېلىق ۋە سومكىنى ئېلىپ بالدۇرلا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

ئېرىنىڭ بالدۇرلا ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئۇنىڭ ئايالى ئەجەبلىنىپ: بۈگۈن بالدۇرلا قايتىپ كېلىسىزغۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ ھاياجانلان ھالدا: بۈگۈن چوڭ ـ چوڭ بېلىقلارنى تۇتقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئوقۇيدىغان كىتابلاردىن سۈزۈۋالغانلىقىنى ئايالىغا ئېيتىپ، سۈزۈۋالغان قۇرئاننى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. نۇرغالىنىڭ ئايالى قۇرئاننى كۆرۈپلا: ۋاي بۇ قۇرئانغۇ؟ بۇ قانداق ئىش؟ بۇ بىزگە – ئاللاھنىڭ بىر سوۋغىتى ئەمەسمۇ؟

ـ دەپ، قۇرئاننى قولىغا ئېلىپ پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ، ئېرىگە رەھمەت ئېيتتى. ئۇ قۇرئاننى ئوقۇپ بولماقچى بولۇپ، ئىچىنى ئېچىپ قارىۋىدى، قۇرئان بەتلىرىنىڭ نەملىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ،قۇرئاننىڭ بەتلىرىنى بىرتالدىن ـ بىرتالدىن ئاپتاپقا يېيىپ قۇرۇتتى. بۇنى كۆرگەن نۇرغالى ئايالىغا: ئۇنى قاچانلىققا قۇرۇتۇپ بولارسەن؟ ئۇنىڭدىن مەسچىتكە ئاپىرىپ بېرىۋېتەمدۇق ـ يا؟ دەپ سورىۋىدى ئايالى: ياق، بولمايدۇ! بۇ قۇرئاننى چېگرانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قېرىنداشلىرىمىز ئامالسىزلىقتىن، بىزدەك مۇسۇلمانلار سۈزۈۋېلىپ ئوقۇسۇن دەپ تاشلىۋەتكەن گەپ، بولمىسا قۇرئاننى كىم دەرياغا تاشلىۋېتىدۇ؟ ئۇ بىز ئۈچۈن ئامانەت! شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئۇنى ئۆزىمىز تارىخى خاتىرە قىلىپ ساقلاپ قويايلى ـ دېدى. نۇرغالى بىر ئىشلارنى ئويلىغاندەك قىلىپ، نېمىشقا قۇرئاننى دەرياغا تاشلىۋېتىدۇ؟ـ دەپ سورىدى بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە قىزىقىپ، ئايالى:

– ئۇ تەرەپتە كاپىر خىتايلار قۇرئان ـ كىتابلارنى يىغىۋېلىپ، كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ، ـ دەپ ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ھازىر خىتايلار قۇرئان ـ ھەدىسى كىتابلىرىنى ۋە ئۇيغۇرچە، قازاقچە كىتابلارنى يىغىۋېلىپ كۆيدۈرۈپ يوق قىلىۋېتىپتىمىش، ئۇنى ئوقۇغان ۋە ساقلىغانلارنى تۈرمىگە تاشلاپتىمىش ـ دېدى ئېرىگە چۈشەندۈرۈپ،

– ھەئە، مۇنداق دېگىن. شۇڭا ئۇلار كىتابلارنى سۇغا تاشلاپ ئېقىۋېتىپتىكەن ـ دە، ئۆتكەندە باشقا بېلىقچىلارمۇ جىق كىتابلارنى سۈزىۋاپتىكەن، ئەمما ئۇلار نېملىكىنى ئۇقالماي ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىپتىمىش.

– ئەمما بىز ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەرمەيلى! چۈنكى، ئۇلار بۇ كىتابلارنىڭ قۇرئان ئىكەنلىكىنى ئۇقماي، قالايمىقان يەرگە قويۇپ قويسا ياكى ئەخلەتكە تاشلىۋەتسە ئېغىر گۇناھ بولىدۇ.

– ھەئە، مۇنداق دېگىن ـ دېدى نۇرغالى ئايالىنىڭ گېپىنى

قوۋۋەتلەپ، ئۇنداق بولسا، قۇرئاننى بىز ئۆزىمىز ساقلاپ قويايلى.

– توغرا دېدى ئايالى ئېرىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ، بۇ قۇرئان - بىزگە ئۇلارنىڭ ئامانىتى بولۇشى مۇمكىن! بىز بۇ ئامانەتنى ياخشى ساقلاپ قويايلى! كۆڭلەرنىڭ بىرىدە شۇ قېرىنداشلىرىمىزمۇ بىزدەك ئەركىنلىككە ئېرىشىپ، بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قالسا، بىز ئۇلارغا: قۇرئان -كىتابلارنى ساقلاپ قويغانلىرىمىزنى ئېيتساق بىزدىن مەمنۇن بولماسمۇ؟

– توغرا دېدى نۇرغالى ئايالىغا بولغان قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇ تەرەپتىكى مۇسۇلمانلار بولسا بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزدۇر. دىنىمىز بىر، تىلىمىز بىردۇر. ئۇلارغا ھەقىقەتەن زۇلۇم بولۇۋاتىدۇ! ئۇلار ھەتتا قۇرئان - كىتابلارنىمۇ ساقلىيالمايۋېتىپتۇ، بىز ئۇلارغا ياردەم قىلالمىدۇق. ئۇلار كەلگۈسىدە بىزنى ئەيىبلىمەسمۇ؟

– بىزگە نېمە ئامال نۇرغالى، قازاقىستان تېخى ئاجىز، خىتايلارغا كۈچى يەتمەيدۇ. شۇڭا ھۆكۈمىتىمىز جىم تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئاللاھ ئاسان قىلسۇن! - دەپ كۆز يېشى قىلدى نۇرغالىنىڭ ئايالى.

– يىغلىما! - دېدى نۇرغالى ئايالىغا بىرمۇنچە تەسەللى سۆزلەرنى ئېيتىپ، بىزنىڭ قولىمىزدىن نېمە كېلىدۇ؟ بۇرۇن سوۋېت كوممۇنىستلىرىمۇ بىزنىڭ قۇرئان - كىتابلىرىمىزنى كۆيدۈرۈپ يوقاتقان، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ يىغا - زارىسىنىمۇ ھېچكىم كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغان، ئاخىرى ئاللاھ بىزگە شەپقىتىنى يەتكۈزدى. ئۇلارغىمۇ بىر كۈنى - مېھرىبان ئاللاھ شەپقىتىنى يەتكۈزىدۇ - دە، ئۇلارمۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلىدۇ.

– ئۇنداق بولسا دېدى نۇرغالىنىڭ ئايالى - مەن بۇ قۇرئاننى ئوقۇپ، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھقا ھەر كۈنى دۇئا قىلىمەن، چېگرانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھۆرلۈك -ئازادلىقىنى تىلەيمەن! ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئازادلىققا ئېرىشىپ، بۇ قۇرئاننى

تاپشۇرۇۋېلىشنى كۈتىمەن ۋە شۇنىڭغىچە ساقلايمەن! جېنىم ئامان بولسىلا، ئۆز قولۇم بىلەن ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەي مېھرىبان ئاللاھىم! ماڭا ئۇزاق ئۆمۈر ئاتا قىلغايسەن،ئامىن! - دەپ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇزاققىچە دۇئا قىلدى.

# ئاتا - ئانام نەدە؟

مۇبارەك رامىزان ئېيى كىرگەن ئىدى. قۇربانجان ئالدىنقى يىلدىكى رامىزاندىكىدەك بۇ يىلمۇ ئۆزى خالىغىنى بويىچە روزا تۇتالمىدى. چۈنكى، بۇ يىل خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چىقارغان يېڭى سىياسىتىدە: «روزا تۇتۇش - دىنى ئاشقۇنلۇقنىڭ ئىپادىسى»دەپ قارىلىپ چەكلەنگەن ئىدى.

ئۇ ناھىيەلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ ئادەتتىكى بىر ئىشچىسى ئىدى .ئۇنىڭ ئىدارىسىدە بۇ يىلمۇ: رامىزاندا روزا تۇتماسلىق، تەرەۋى نامىزىغا بارماسلىق، توپلىشىپ دىنى پائالىيەت قىلماسلىق ھەققىدە بىر قانچە قېتىم ئاگاھلاندۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى. رامىزان ئېيى كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا: «زىياپەت بېرىلىدۇ» دېگەن باھانە بىلەن ئىشچىلار ئىدارىسىنىڭ يىغىن زالىغا يىغىۋېلىنىپ، ھەقسىز تاماق ۋە سۇ بېرىلدى. بۇ رامىزان مەزگىلى بولغاچقا كىمنىڭ روزا تۇتقانلىقىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن قەستەنگە قىلىنغان ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى. سۇ ئىدارىسىدىكى ھەممە مۇسۇلمان ئىشچىلار قورقۇنچتىن روزا تۇتالمىغان بولۇپ، تاماق يېمىگەن ۋە سۇ ئىچمىگەن ئادەم چىقمىدى. قۇربانجانمۇ تاماق يەپ، سۇ ئىچتى. ئۇ بۇ قېتىمقى قىلتاقتىن ئۆتىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما روھىي جەھەتتىن ئازاب چەكمەكتە ئىدى.

رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. قۇربانجان روزا تۇتالمىغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئۆزىنى گۇناھقا پېتىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئىچىدە: ئاخىرقى ئۈچ كۈن بولسىمۇ روزا تۇتۇۋالايمۇ - يا؟ - دەپ ئويلىدى. ئەمما

ئۇنىڭ روزا تۇتقانلىقىنى باشقىلار بىلىپ قالسا، ھۆكۈمەتكە چېقىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ تاماقنى كۈندۈزى تەييارلىۋالسامچۇ؟ ھەئە بۇمۇ بولىدىغان چارە ئىكەن دەپ، ئۆز - ئۆزىچە بىر ئەقىل تاپقاندەك بولدى - دە، ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كېلىپلا، ئايالى مەريەمگە بۇ خىيالىنى ئېيتتى. ئايالى ئۇنىڭغا ماقۇل بولدى. ئۇلار قىزى ئالىيە ۋە ئالىمجانغا كەچلىك تاماقنى بېرىۋەتكەندىن كېيىن زوھۇرلۇق تاماقنىمۇ تەييارلىۋالدى.

زوھۇرلۇق ۋاقتى بولغان ئىدى. تەڭشەپ قويۇلغان قوڭغۇراقلىق سائەت جىرىڭشىغاندىن كېيىن، قۇربانجان ئايالى بىلەن ئويغىنىپ، چىراقنى ياقماستىن ئاخشام تەييارلىۋالغان زورلۇق تامىقنى سۇتچاي بىلەنلا يەپ، ئىچىۋالدى - دە، زوھۇرلۇق دۇئاسىنى قىلىشتى. ئەمدى قۇربانجان بىرئاز قۇرئان ئوقۇپ، ئاندىن بامدات نامىزىنى ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ قالدى. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مۇنچا ئۆينىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ تاھارەت ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ دەسلەپ ئىككىلەندى - يۇ، ئەمما نامازنى قازا قىلماسلىقنى ئويلاپ، قەتئىي بىر قارارغا كەلدى - دە، مۇنچىخانىنىڭ چىرىقىنى ياندۇرۇپ تاھارەت ئالدى. ئاندىن ياتاق ئۆيگە كىرىپ، چىراقنىمۇ ياندۇرماستىن بامدات نامىزىنى ئوقۇۋالدى. ئۇ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئۈچ كۈنىنى بولسىمۇ ئادا قىلىۋېلىشنى ئويلاپ، كېيىنكى كۈنىمۇ روزا تۇتتى. ئۇنىڭ روزا تۇتىۋاتقىنىغا بۈگۈن بىلەن ئۈچ كۈن بولاتتى.

بۈگۈن رامىزاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى ئىدى. ئۇ سائەت جىرىڭلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاخشام تەييارلاپ قويغان زوھۇرلۇق تامىقنى ئىسسىتىپ يەۋالدى - دە، دۇئا قىلىپ بولۇپ، تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن مۇنچىنىڭ چىرىقىنى يېقىشىغىلا، ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلۇپ تونۇلانغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

– ئىشىكنى ئاچ، بىر ساقچى!

– نېمە ئىشىڭلار بۇ بار بۇ كېچىدە؟ - دېدى قۇربانجاننىڭ

ئايالى ئۇ ھودۇققان ھالدا،

— ئىشىكنى ئاچ دەۋاتىمىز! سىلەر جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭلار - دەپ ۋارقىرىدى يەنە ساقچىلار. قۇربانجان بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ مۇنچىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ چىققاندا، ساقچىلار ئالللقاچان ئىشىكنى بۇزۇپ كىرىپ، مارىيەمنى تۇتۇپ، قولىغا كويزا سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ بولغان ئىدى. ئارقىدىن قۇربانجاننىمۇ تۇتۇپ، ئۇنىڭمۇ قولىغا كوي سېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ، ماشىنىغا چىقىرىپ ئېلىپ مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئالىيە ۋە ئالىمجاننى باشقا بىر ماشىنىغا سېلىپ، ئۇلارنىڭ: ئاپا، دادا ،-دەپ چىقىرىشىغىمۇ قۇلاق سالماستىن باشقا بىر تەرەپكە ئېلىپ كېتىشتى.

ساقچىلار قۇربانجان ۋە مەريەمنى ماشىنىدا يالاپ ئېلىپ ماڭغاندىن كېيىن يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ، نامەلۇم بىر جايغا كەلگەندە ماشىنا توختىتىلىپ ، بېشىدىكى قارا خالتا ئېلىۋېتىلدى. ئۇلار ئەتراپقا قاراپ: يوغان دەرۋازىلىق، ئېگىز تاملىق ۋە تاملىرى تىكەنلىك سىم بىلەن قورشالغان بىر يەرگە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشتى. ئۇلار يەنە كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ، بىنانىڭ كىرىش ئىشىكىدىكى خەتكە قارىغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ لاگېرغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى بىلدى. بىنانىڭ كىرىش ئىشىكىنىڭ يان تەرىپىگە: «بىرىنچى دەرىجىلىك قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىلىدىغانلار بىناسى»دەپ يېزىلغان ئىدى. ساقچىلار قۇربانجاننى بىر بىناغا، مارىيەمنى باشقا بىر بىناغا ئېلىپ كىرىشتى. ئاندىن ساقچىلار قۇربانجاننى بىنانىڭ يەر ئاستىدىكى بىر ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ ئىككى بىلىكىدىن ئىككى قېتىم قان ئالدى. ئاندىن نامەلۇم بىر ئوكۇل سۇيۇقلۇقنى ئوكۇل قىلىپ ئۇردى. ئاپئاق بىر خىل دورا كومىلىچىنى مەجبۇرى ئىچكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن قۇربانجاننىڭ بېشى قايغاندەك مەستخۇش بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يەنە بارماق ئىزى ئېلىندى. ئاندىن ساقچىلار قۇربانجاننى يەر ئاستىدىكى سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىپ قاپقارا بىر تۆمۈر ئورۇندۇقنى ئولتۇرغۇزۇپ، پۇت -

قوللىرىنى مەھكەم چېتىپ باغلاپ سوراقنى باشلىدى:

– نېمىشقا مۇنچە ئۆيگە چىراق ياندۇردۇڭ؟

– يۇيۇنماقچى ئىدىم.

– يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن، سەن سېنى ناماز ئوقۇيدۇ دەيدىغۇ؟

– ياق، مەن ناماز ئوقۇمايمەن

– سەن روزا تۇتۇپسەن؟

– ياق، مەن روزا تۇتمىدىم، ئىسپاتىڭلار بارمۇ؟

– بار! بىزنىڭ كۆزەتكۈچىلىرىمىزنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، سېنىڭ ئۆيۈڭدە ئۈچ كۈندىن بۇيان زوھۇر ۋاقتىدا تاماقنىڭ پۇرىقى چىققان، ئاندىن مۇنچا ئۆيىنىڭ چىرىقى يېقىلغان، ئۇ سېنىڭ روزا تۇتۇپ، ناماز ئوقۇغانلىقىڭنىڭ ئىپادىسىدۇر.

بۇ چاغدا قۇربانجان شۇنى چۈشەندىكى، ئۇنىڭ ئۆيگە پايلاقچى قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ روزا تۇتۇپ، ناماز ئوقۇغانلىقى پايلاقچى تەرىپىدىن ساقچىلارغا مەلۇم قىلىنىپ تۇرۇلغان ئىدى. پايلاقچى ئۆزىنىڭ بىر قوشنىسى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئەمدى سوراقچى بىلەن قارشىلىششىنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى چۈشەندى - دە، روزا تۇتۇپ، ناماز ئوقۇغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەگەردە ئۇ ئۆزىنىڭ روزا تۇتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىسا قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىنىشى تۇرغانلار گەپ ئىدى. چۈنكى ئۇ، سوراقخانا ئىچىگە ئېسىلغان ھەر خىل توك كالتەكلىرى، زەنجىر ۋە تاسمىلارنى كۆرگەن ۋە تېنى شۈركىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنى سوراققا تارتىۋاتقان سوراقچىلار قىيناش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىمايلا، ئۇنى ئورۇندۇقتىن بوشۇتۇپ، لاگېر ئىشخانىسىغا ئېلىپ چىقتى. لاگېر باشلىقى ئۇنىڭ ئۆز گۇناھىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىقرارنامىسىگە قول قويدۇرۇپ، ئۇنىڭغا: «قايتا تەربىيەلەش لاگېرىدا ئاۋۋال ئىككى يىل قايتا تەربىيە ئالىدىغانلىقىنى، ئاندىن

ئىپادىسىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىنى» ئۇقتۇردى.

قۇربانجاننىڭ ئايالى مەيىەم بولسا سوراقتا ھېچقانداق قارشىلىق قىلماي ئۆزىنىڭ ئېرى بىلەن بىلەن ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇ سوراقخانىدىكى جازا قوراللىرىنى كۆرۈپلا قورقۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ: «بىز بىر يامان ئىش قىلمىدۇق، باشقىلارغا زىيان سالمىدۇق، ياكى ھۆكۈمەتكە قارشى چىقمىدۇق، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن نېمىشقا قىلغان ئىشىمىزنى يوشۇرىمەن؟» دەپ ئويلىغان ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇ ھەقلىق ھەقلىق ئىدى. ئۇ روزا تۇتۇش ۋە ناماز ئوقۇشنىڭ - تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەت ئۈچۈن بۇ قەدەر قورقۇنچلۇق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىر جىنايەت دەپ قارىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتى. ئەمما ئۇ ئۆز ئېتىقادى ئۈچۈن تۇتۇلغانلىقىنى - بىر ناھەق، خاتا ئىش دەپ قارايتى. شۇڭا ئۇ بۇ قېتىمقى تۇتقۇندىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى. ئەمما قىزى ۋە ئوغلىنى ئويلىسىلا كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۇ ئاتا - ئانىسى لاگېرغا قامالغان باللارنىڭ مۇشۇ ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى بىر يېڭىدىن قۇرۇلغان «يېتىم باللار مەكتىپى» دەپ ئاتالغان يەرگە ئېلىپ كېتىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ لاگېردا ئىككى يىللىق قايتا تەربىيەلىنىدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرمەيلا قوبۇل قىلدى. ناۋادا ئۇ قارشىلىق قىلسا، ئىككى يىلدىن كېيىن لاگېردىن چىقالماي، قىزى ۋە ئوغلىنى مەڭگۈ كۆرەلمەسلىكىدىن، ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن قورقاتتى.

قۇربانجان بىلەن مەرىيەم تۇتۇپ كېتىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۆت ياشلىق قىزى ئالىيە بىلەن ئىككى ياشلىق ئوغلى ئالىمجانمۇ تۇتقۇن قىلىنىپ، ئىلگىرى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بولغان، ئەمما ھازىر بىر باللار لاگېرى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ،«يېتىم باللارنى تەربىيەلەش مەكتىپى» دەۋالغان يەرگە ئېلىپ كېلىنىپ سولىنىپ، سەبىيلەرنى ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىۋېتىشقان ئىدى. ئاتا - ئانىسىز قالغان بۇ باللارنىڭ ئاھۇ - زارىغا ھېچكىم قۇلاق

سالمىدى. ئالىمجان ۋە ئالىيەلەرمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىلىپ، باشقا بىر يەرگە يۆتكىۋېتىلدى.

ئالىيە مەجبۇرى ئېلىپ كېلىنگەن بۇ «يېتىم بالىلارنى تەربىيەلەش مەكتىپى»گە زادىلا كۆنەلمىدى. ئۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان: مىنىڭ ئاتا - ئانام نەدە؟ دەپ يىغلاپ ھېچكىمدىن جاۋاب ئالالمىدى. ئالىيە راۋان ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلىسىمۇ،ئەمما خىتايچە بىلمەيتى. ئۇ ئۇيغۇرچە گەپ قىلسا باشقا بالىلار چۈشەنمەي ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭغا خىتايچە گەپ قىلىۋاتاتتى. خىتايچىنى ئالىيە چۈشەنمەيتى. مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىلا خىتاي مىللىتىدىن بولۇپ، ئالىيەگە ۋارقىراپ - جارقىراپ گەپ قىلاتتى. ئالىيە ئۇيغۇرچە گەپ قىلسا خاپا بولۇپ، ئۇنى بىر نەچچە قېتىم تىللاپ - دۈشكەللىدى: نېمە دەۋاتىسەن؟ گېپىڭنى بىز چۈشەنمىدۇق - دەپ ئۇنىڭ قۇلىقىنى سوزۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئالىيە تاماق يېگىلى ئۇنىماي ئاغرىپ قالدى. ئوقۇتقۇچىلار ئالىيەنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، بىر خىتايچە - ئۇيغۇرچە تەرجىمان چاقىرىپ كېلىشتى. تەرجىمان ئالىيەگە: سىز نېمە دېمەكچى؟ - دەپ سورىۋىدى، ئالىيە: مىنىڭ ئانام - دادام نەدە؟ - دەپ سورىدى. تەرجىمان بۇ گەپنى خىتاي ئوقۇتقۇچىلارغا تەرجىمە قىلىپ بېرىۋىدى، بۇنى ئاڭلىغان خىتاي ئوقۇتقۇچىلار: بىز بىلمەيمىز!- دېيىشتى.

چاقىرتىپ كېلىنگەن تەرجىمان - بىر ئۇيغۇر ئايال بولۇپ، ئۇ ئالىيەنىڭ بىچارە ھالىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزاق گەپلىشىپ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلىدىغان گەپلەرنى قىلىپ تەسەللىي بەردى. شۇنداقتىمۇ ئالىيە يەنە: ئانام - دادام نەدە؟ - دەپ يىغلىدى. ئۇنىڭ يىغىسىغا چىدىمىغان تەرجىمان ئايال ئالىيەگە ۋەدە قىلىپ: قىزىم! مەن سىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىزنىڭ نەدىلىكىنى سۈرۈشتە قىلىپ، يەنە كېلىپ سىزگە دەپ بېرىمەن! دېگەندە ئالىيەنىڭ يۈزىدە بىر ئاز كۈلگەندەك ئالامەت پەيدا بولغان ئىدى.ئاندىن

كېيىن ئالىيە تاماق يېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئاستا - ئاستا ياخشىلىنىشقا باشلىدى. ئۇ قۇلىقىغا مۇشت تەگكەندەك ئاڭلىنىدىغان خىتايچىنىمۇ ئاستا - ئاستا ئۆگىنىشكە باشلىدى. باشقا بالىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوينايدىغان بولدى. ئالىيە تەرجىمان ئايالنىڭ بىر كۈنى كېلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ نەدىلىكىنى دەپ بېرىشىنى كۈتتى. ئەمما، ئۇ تەرجىمان ئايال خۇددى قۇدۇققا چۈشكەن پاقىدەك يوقاپ كەتكەن ئىدى.

ئالىيەنىڭ يېتىم بالىلار مەكتىپىگە كەلگىنىگە ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئالتە ئايدىن ئاشتى. ئۇ خىتايچىنى خېلى ئۆگىنىپ قالغان ئىدى. ئۇ خىتايچىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلاندى. چۈنكى، بۇ يەردە ئۇيغۇرچە گەپ قىلىش ئاقمايتى ۋە تولۇق چەكلەنگەن ئىدى. ئۇ خىتايچىنى تولۇق چۈشىنىدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۇ بۇ يەردىكى بەزى ئىشلارنى چۈشىنىشكە باشلىدى. بۇ يەردە بالىلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن قائىدە - تۈزۈملەر بار بولۇپ، بۇ بالىلار ئۈچۈن مەخسۇس يۇقىرىدىن تۈزۈلۈپ بېرىلگەن بىر سوئال - جاۋاب شەكلىدىكى قوللانما ئىدى. بالىلار ئۇنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلاندى. ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار مۇنداق ئىدى:

بىرسى ئاتا ئاناڭ نەدە؟ - دەپ سورىغاندا بالىلار: ئۇلار ھۆكۈمەت تەستىقلىغان تەربىيەلەش مەكتىپىدە دەپ جاۋاب بېرەتتى.

ئۇلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟ - دېگەنگە: ئۇلار تەربىيەلەشنى قوبۇل قىلىۋاتىدۇ - دەپ جاۋاب بېرەتتى.

ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى قانداق؟ دېگەنگە: ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ياخشى، ياتاق - تاماق ھەقسىز، سۈپەت ئۆلچىمىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى، ھەر كۈنلۈك تاماق چىقمى يىگىرمە سومدىن يۇقىرى، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى نورمال ئۆلچەمدىنمۇ يۇقىرى دەپ جاۋاب بېرەتتى.

بالىلار يۇقىرىقىدىكى قوللانما ئۆگىنىشتىن سىرت، ئەگەردە

سىرتتىن تۇغقانلىرى ياكى زىيارەتچىلەر كېلىپ سوراپ قالسا، بۇلارنى قوللانمىدىن ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتماسلىق توغرىسىدا قاتتىق تەھدىت قىلىناتتى. شۇنداقلا ئۇنى بىرەرسىگە دەپ سالسا قاتتىق جازالىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇپ قورقۇتۇلغان ئىدى. ئالىيە بۇ قوللانمىنى ئۆگىنىپ ئۇنى بىر ئاز چۈشەنگەندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇلار تۇتۇلغان كۈندىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىغا كويزا سېلىنىپ، بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈلۈپ ئېلىپ مېڭىلغانلىقىنى ئەسلەپ، قوللانمىدىكى ئۆگەنگەنلىرىدىن گۇمانلىنىپ كاللىسىغا غەلىتە خىياللار كېلىۋالاتتى. ئۇ خىيالىدا :«ئاتا ـ ئانام مەكتەپتە بولسا نېمىشقا ساقچىلار مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىدۇ. نېمىشقا ئۇلار مېنى يوقلاپ كەلمەيدۇ؟» دەپ سوئال قوياتتى. ئەمما ئۇنىڭغا جاۋاب تاپالمايتتى.

ئالىيە بەش ياشقا كىرىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيغۇرچىسى ياخشى بولغاچقا، ئۇ ئۇيغۇرچە تەپەككۇر قىلاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە گەپ قىلغۇسى كېلەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە گەپ قىلىشى چەكلەنگەن ئىدى. كىم ئۇيغۇرچە گەپ قىلسا، ئۇ جازالىناتتى. ئالىيە بىر قېتىم كۈندۈزلۈك ئۇخلاش ۋاقتىدا چۈش كۆرۈپ، چۈشىدە: «دادا، ئاپا سىلەر نەدە؟» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. بۇنى ئاڭلاپ قالغان نۆۋەتچى خىتاي ئوقۇتقۇچى ئالىيەنى كارىۋاتتىن سۆرىگەنچە چۈشۈرۈپ: نېمە دېدىڭ؟ نېمىشقا ئۇيغۇرچە گەپ قىلىسەن؟ ـ دەپ كاسىسىغا ئۇرۇپلا كەتتى. تاياققا چىدىمىغان ئالىيە يەنە ئۇيغۇرچە: دادا، ئاپا، سىلەر نەدە؟ ـ دەپ ۋارقىرىغانچە، ھوشىدىن كەتتى.

خىتاي ئوقۇتقۇچىلار ئالىيەنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ قالدىمۇ قانداق؟ دوختۇر ماشىنىسىنى چاقىرتىپ، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشتى. دوختۇرلار تەكشۈرۈپ كۆرۈپ: «ئالىيەنىڭ ـ قان ئازلىق كېسىلى»گە گىرىپتار بولغانلىقىنى، قان بېسىمىنىڭ بەكمۇ تۆۋەنلىكىنى، جىددىي قان سېلىنىشى

كېرەكلىكىنى ئېيتىشتى. بۇ دوختۇرخانىنىڭ قائىدىسى بويىچە، قان سالدۇرۇلىدىغانلار ھۆكۈمەت كادىرى بولمىسا نەق پۇل تۆلىشى كېرەك ئىكەن، بۇنىڭغا خىتاي ئوقۇتقۇچىلار بىر نەرسە دېيەلمەستىن ساقچىلارغا خەۋەر قىلىشتى. كېيىن ساقچىلار كېلىپ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ تېگىرقاپ قېلىشتى - دە، «بۇ ئىشنى يۇقىرىغا خەۋەر قىلىشىمىز كېرەك» دېگەنچە يوقاپ كېتىشتى. خىتاي ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئاللىقاچان قۇيرۇقنى تىكىۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دوختۇرلار ئالىيەگە ئوكۇل ئۇرمىدى ھەم دورا بەرمىدى. دوختۇرلار ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيتى، بىلىشنىمۇ خالىمايتتى.

ئالىيە دوختۇرخانىدا يالغۇز تاشلىۋېتىلگەن ئىدى. ئۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان ھېچكىم چىقمىدى. ھەتتا يەيدىغان تاماقمۇ بېرىشمىدى. ئۇ ياتاقتىن چىقىرىۋېتىلىپ، دوختۇرخانا كارىدورىغا ياتقۇزۇپ قويۇلغان ئىدى. دوختۇرخانا كارىدورىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئانچە - مۇنچە نان، توقاچ ۋە پارچە پۇللارنى تاشلاپ بېرىشتى. ئالىيە بارا - بارا ئاجىزلىشىپ، بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئىدى. ھېچنېمە گېپىدىن ئۆتمەيتتى. پەقەت ئاغزىنى خۇددى كەپتەرنىڭ باچكىسىدەك ماك - ماك ئېچىپ بوشقىنا ئاۋازدا: مېنىڭ ئاتا - ئانام نەدە؟ - دېگەننى تەكرارلايتى. ئۇنىڭ چىرايى ئاقىرىپ، بەدەنلىرى مۇزلاپ كېتىپ باراتتى. كۆزى يۇمۇلغاندەك بولۇپ، بوينى يان تەرەپكە ساڭگىلاپ كېتىپ باراتتى. شۇ ئەسنادا ئىككى ساقچى ئالىيەنىڭ ئانىسىنى قولىدا كويزا، پۇتىغا ئىشكەل سېلىنغان ھالەتتە ئېلىپ كەلدى. ئالىيە كارىۋاتتا كۆزى يۇمۇلاق ھالەتتە ياتاتتى. مەريەم قىزىنى كۆرۈپلا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى - دە: ۋاي مېنىڭ قىزىم، جېنى قىزىم! سىزگە نېمە بولدى قىزىم؟ - دەپ ھۆكۈرەك ئېتىپ يىغلاپ كەتتى. شۇ چاغدا ئالىيە كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ بىر قاراپ: مېنىڭ ئاتا - ئانام نەدە؟ - دېدى ۋە كۆزىنى قايتا ئاچالمىدى. ئۇنىڭ

يۈرىكى سوقۇشتىن توختىغان ئىدى.

مەريەم قىزى ئالىيەنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلىغانچە ھوشىدىن كەتتى. ساقچىلار ئۇنى دوختۇرخانىدا قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، مەريەم بىر ۋاقىتتا ھوشىغا كېلىپ، ئۆزىنى دوختۇرخانىدا كۆردى. ئۇنىڭ بىرىنچى سورىغان سوئالى: قىزىنىڭ جەسىتىنىڭ قانداق بولغانلىقى بولدى. ئۇنىڭغا دوختۇرلار: ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ ساقچىلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى، نەگە دەپنە قىلىنىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. بۇنى ئاڭلاپ مەريەم يەنە يىغلىدى. ئەمما ئۇنىڭ يىغىسىغا، دەريادەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشىغا ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى. نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ساقچىلارغا يەنە كېلىپ، ئۇنى لاگېرغا ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى. ئۇ ساقچىلاردىن قىزىنىڭ جەسىتىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورىدى. ساقچىلار ئۇنىڭغا: قىزىنىڭ جەسىتىنىڭ ئىگىسىز جەسەتلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى، جەسەت كۈلىنى لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئېلىۋېلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى لاگېرغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىشتى.

مەريەمنىڭ لاگېرغا قامالغان ۋاقتى ئىككى يىلغا يېقىن يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇ قويۇپ بېرىلىش كۈنىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى نەچچە مىڭ قېتىم ساناپ، تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئاخىرى ئۇ كۈنمۇ كېلىپ، مەريەم لاگېر ئىشخانىسىغا چاقىرتىلدى. لاگېر باشلىقى بولۇشى كېرەك! بىر پاكارراق كەلگەن، بوردىلىۋاتقان چوشقىدەك سېمىز بىر خىتاي مەريەمگە قاراپ: سەن بۈگۈندىن باشلاپ لاگېردىن قويۇپ بېرىلسەن، ئەمما ئۆيۈڭگە كېتىشكە بولمايدۇ. سەن ھۆكۈمىتىمىزنىڭ لاگېردىن ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىغا ئاساسەن، ۋىلايەت مەركىزىدىكى بىر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇڭ، ساڭا بىر كۈنلۈك تەييارلىق قىلىۋېلىش ۋاقتى

بېرىلىدۇ. ئۆيۈڭگە بېرىپ، كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپىلىرىڭنى ئېلىپ كەلگىن، ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىسەن! ئەگەر بۇنى قوبۇل قىلمىساڭ، لاگېردىكى ئوقۇش مۇددىتىڭ يەنە ئىككى يىل ئۇزارتىلىدۇ. مانا بۇ: «ئىشچىلىق توختامنامەڭ» دەپ، ئالدىغا بىر پارچە ھۆججەتنى تاشلىدى ۋە مەريەمنى ئۇنىڭغا مەجبۇرىي قول قويدۇردى. ئۇ ئېرى قۇربانجاننىڭ قويۇپ بېرىلگەن ياكى قويۇپ بېرىلمىگەنلىكىنى سورىۋىدى، ئۇ خىتاي باشلىق كومپيۇتېرغا قاراپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى تاپقاندىن كېيىن مەريەمگە: سېنىڭ ئېرىڭ ئىشچىلىققا بېرىشنى رەت قىلغانلىقى ۋە قارشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇش مۇددىتى يەنە ئىككى يىل ئۇزارتىلدى - دېدى. قاپىقىنى تۈرۈپ، مەريەم: نېمە؟ دېگەندەك قىلىپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قىلىۋېدى، خىتاي باشلىق: ھە-ئە، ئۇنىڭ لاگېردىكى ئوقۇش مۇددىتى يەنە ئىككى يىل ئۇزارتىلدى - دەپ تەكرارلىدى ھەمدە قارشىلىق قىلغانلارنىڭ جازاسى شۇنداق بولىدۇ، سېنىڭ كاللاڭ بىرئاز ئىشلەيدىكەن. ئىشچىلىققا بېرىش ئۈچۈن ئىمزا قويدۇڭ. ماڭ! ئۆيۈڭگە بېرىپ تەييارلىقىڭنى قىل، ئەتە يولغا چىقمىساڭ بولمايدۇ؟ - دەپ ئۇنى ئىشخانىسىدىن چىقىرىۋەتتى. مەريەم كۆزىگە ياش ئېلىپ: مەن ئوغلۇمنى كۆرۈۋالسام بولاتتى - دەپ يىغلىۋىدى، خىتاي باشلىق: نېمىنى خالىساڭ،شۇنى قىل! ئەمما، ساڭا ئەتە بىر كۈنلا ۋاقىت بېرىلىدۇ - دېگەنچە ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويدى.

مەريەم لاگېردىن چىققاندىن كېيىن، ئۇدۇل ئۆيىگە بارماستىن، يېتىم باللارنى تەربىيەلەش مەكتىپىگە باردى. ئۇ ئوغلى ئالىمجاننى كۆرۈشكە بەكمۇ تەقەززا ئىدى. ئۇ ئىشىك باققۇچى خىتايغا خېلى ئۇزاققىچە يېلىنىپ يىغلىغاندىن كېيىن، ئۇ ئىچكىرىگە كىرىپ بىر خىتاي ئوقۇتقۇچىنى چاقىرىپ چىقتى. ئۇ خىتاي ئوقۇتقۇچى مەريەمنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن - دەپ قايتىپ كىرىپ كېتىپ، بىرئازدىن كېيىن ئالىمجاننى باشلاپ چىقتى - دە، ئۇلارنىڭ بەش

مىنۇت كۆرۈشۈشىگە رۇخسەت قىلدى. ئالىمجان ئانىسى مەريەم بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئىككى يىل بولۇپ قالغاچقا ئۆز ئانىسىنى تونۇمايۋاتاتتى.ئۇ ئۆز ئانىسىنىڭ كىملىكىنى پەرقلەندۈرەلمەي بۇتتەك قاراپ تۇراتتى. مەريەم ئىغىز ئىچىپ: بالام ئالىمجان! دەپ، ئۇنى قۇچاقلىماقچى بولىۋىدى، ئۇ كەينىگە داجىپ قاچتى. مەريەم يەنە: بالام، جىنىم ئوغلۇم، مەن سىنىڭ ئاناڭ - دىۋىدى، ئۇ توختاپ، خىتاي تىلىدا: سەن كىم؟ - دىدى. مەريەم يەنە: بالام! مەن ئانىڭىز - دەپلا يىغلاپ كەتتى. ئالىمجان يەنە بۇتتەك قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئۆز ئانىسىنى تونۇمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇرچىنىمۇ چۈشەنمەيدىغان بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا خىتايچە تىل چىققان ئىدى. مەريەم نىمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. خىتاي ئوقۇتقۇچى خاپا بولغاندەك قىلىپ مەريەمگە: سەن دۆلەت تىلى بىلمەمسەن؟ قارا! ئوغلۇڭ دۆلەت تىلىدا سۆزلەۋاتىدۇ، سەنمۇ دۆلەت تىلىدا سۆزلە - دىدى. شۇ ۋاقىتتا مەريەم ئەقلىگە كىلىپ: خىتاي تىلىدا: مەن سىنىڭ ئاناڭ - دىۋىدى، ئالىمجان خىتايچە: مەن سىنى تونۇمايمەن! دەپ جاۋاب بەردى. مەريەم ئوغلىنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن خىتاي ئوقۇتقۇچى: بولدى، ۋاقىت توشتى - دەپ ئالىمجاننى ئىلىپ كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدى. مەريەم: بالام، جىنىم ئوغلۇم! مەن سىنىڭ ئاناڭ دىگەنچە يىغلىماقتا ئىدى. ئالىمجان ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئارقىسىغا قارىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى يىنىك تىترەۋاتاتتى. بەلكى ئۇ: «مىنىڭ ئاتا - ئانام نەدە؟» دىمەكچى بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

# مېنىڭ باللىرىم نەدە؟

ئابدۇرېھىمجان ئۈچتۇرپان ناھىيە ئىماملىرىم يېزىسىنىڭ ئىماملىرىم كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، باللارنىڭ ئۈچىنچىسى ۋە يالغۇز ئوغۇل ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى قولى قىسقا نامرات دېھقانلاردىن بولغاچقا، باشلانغۇچ مەكتەپكىچىلا ئوقۇپ، مەكتەپتىن توختاپ قالدى - دە، ئاتا - ئانىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. ئۇ كىچىك يېشىدىن باشلاپلا ئاتا - ئانىسىغا ئەگىشىپ، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا بىللە چىقاتتى. چوڭلار ئوت ئوتىسا، ئۇ ئوتلارنى يىغاتتى. ئۇ ئوتلارنى خالتا - تاغارلارغا تولدۇرۇپ بولۇپلا ئاتىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئاتا، مەن ئوتلارنى ئۆيگە ئاپىرىۋېتەي - دەپ، ئوتلارنى ئېشەك ھارۋىسىغا بېسىپ، ھارۋىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، بىردەمدىلا ئۆيگە يېتىپ كېلەتتى - دە، ئوتنى قوي - كالىلارغا سېلىپ بېرىۋېتىپ، يەنە بىردەمدىلا ئېتىزلىققا يېتىپ كېلىپ بولاتتى. ئاندىن ئۇ چوڭ يولنىڭ ياقىسىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، كېتىپ بارغان تىراكتور ۋە ماشىنىلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ كېتەتتى. يولدىن قانچە تىراكتور، قانچە ماشىنىنىڭ ئۆتكەنلىكىنى ساناپ چىقاتتى. ئابدۇرېھىمجاننىڭ ئاتىسى ئوغلىنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا قاراپ: ئوغلۇم چوڭ بولسا ئىشقا يارايدىغان ئادەم بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. ھارۋىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ. تىراكتور - ماشىنىلارغا بەك ھەۋەس قىلىدۇ. ئىنشائاللاھ! ئوغلۇم ئازراق چوڭ بولسا، قوي -كالىلارنى سېتىپ بولسىمۇ، تىراكتوردىن بىرنى ئېلىپ بېرىمەن! دەپ، ئويلاپ كېتەتتى.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە يەنە بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئابدۇرېھىمجاننىڭ بۇرۇتى خەت تارتىپ، چوپ - چوڭلا يىگىت بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىدىن چوڭ كەتمەنلەرنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئائىلىسىنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى. ئۇ ھەتتا سۇ تۇتۇش،

هاشارغا بېرىش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ياساش ئىشلىرىغا قاتنىشاتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ: «ئوغلۇم، پۇل تاپساق ساڭا بىر تىراكتور ئېلىپ بېرىمەن!» دېگەن گېپىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، قانداق قىلساق جىقراق پۇل تاپارمىز دېگەن غەمدە قالغان ئىدى. ئەمما، ئۇلار بىر نەچچە مو كېۋەزلىك يېرىگە، قورساقتا تۇشلۇق ئاشلىق چىقىدىغان بۇغدايلىققا قاراپ ھەمدە مۇشۇ يەرلەر ئۈچۈن تۆلىنىدىغان سۇ، توك پۇلى، يەر پۇلى، ئورۇق پۇلى، دورا ـ ئوغۇت پۇلى، سولياۋ يوپۇق پۇلى، كادىر پۇلى دېگەندەك تۈگىمەس ئالۋان ـ سېلىقلار ھەمدە يىلىغا نەچچە ئاي بىكارغا ئىشلەيدىغان ھاشار ئەمگىكى بىلەن قولىغا ئاشقۇدەك پۇل قالمايۋاتاتتى. ھەتتا يىل ئاخىرىدا كەنتكە قەرزگە بوغۇلۇپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرېھىمجاننىڭ تىراكتور ئېلىش خىيالى كۆپۈككە ئايلانغان ئىدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ ئوغلىغا بىر تىراكتور ئېلىپ بېرەلمىگەنلىكىدىن ئىنتايىن كۆڭلى يېرىم ئىدى. ئابدۇرېھىمجاننىڭمۇ تىراكتور توغرىسىدىكى غەلىتىسى بېسىقماي دومسىيىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتىسى ئەقلىگە كېلىپ: ئوغلۇمنى بىر تىراكتورچىغا شاگىرتلىققا بەرسەم بولماسمۇ؟ ئائىلىدىن بىرەرسىمىز بولسىمۇ دېھقانچىلىقتىن باشقا ئىشقا يۆتكەلسەك، بەلكى قولىمىز ئانچە ـ مۇنچە پۇل كۆرۈپ قالار؟ دېگەننى ئويلىدى ـ دە، يېزا بازىرىدا تىراكتورچىلىق قىلىدىغان بىر تونۇشىنى ئىسىگە ئېلىپ، ئۇ ئۇستام بىلەن كۆرۈشۈپ ئوغلى ئابدۇرېھىمجاننى شاگىرتلىققا بېرىشنى ئېيتتى، ئۇ ئۇستا بۇنى دەرھاللا قوبۇل قىلدى.

ئابدۇرېھىمجان تىراكتورچى ئۇستىغا شاگىرتقا كىرگەندىن كېيىن ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ، تىراكتور ھەيدەشنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇ تىراكتور ئۆگىنىشكە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا تىراكتورچى شوپۇر بولۇپ قالدى. تىراكتورچى ئۇستام ياشىنىپ

قالغـان كىشـى بولـۇپ، ئابدۇرېھىمجاننىـڭ چەبـدەس ھەرىكەتلىـرى، ئىشـچانلىقىغا قـاراپ، ئۇنـى ئۆزىگـە شـاگىرت ئىشـچىلىققا قوبـۇل قىلىشـنى ئېيتىـۋىدى، ئابدۇرېھىمجانمـۇ خۇشـال بولـۇپ ئۇنـى دەرھـال قوبـۇل قىلـدى. شـۇنىڭدىن كېيىـن ئابدۇرېھىمجـان ھارمـاي ـ تالمـاي ۋە كېچـە ـ كۈنـدۈز دېمـەي يـول مېڭىـپ، كۆمـۈر توشـۇپ، ھـەم ئۇسـتا خوجايىنىنـى خۇشـال قىلـدى، ھـەم ئۆزىمـۇ پـۇل تاپتـى. شـۇندىلا ئۇنىـڭ ئاتـا ـ ئانىسـى ئوغلىغـا ئۇنـى ئۆيلـەپ قويـۇش نىيىتىنـى ئېيتىـۋىدى، ئـۇ بۇنىڭغـا يـاق دېمـىدى.

ئابدۇرېھىمجـان بايدىـن كۆمـۈر توشـۇپ كېلىـۋېتىـپ بىـر قىزنىـڭ ئىمامىلىرىـم تەرەپكـە بارىدىغـان يېـزا يولىـدا يولۇچـى ماشىنىسـى ساقلاۋاتقانلىقىنى كـۆرۈپ، شـىپپىدە توختىـدى ـ دە، قىزنىغـا قـاراپ: تىراكتورنـى سـەت كۆرمىسـىڭىز چىقىۋالامسـىز؟ ـ دېـۋىدى، قىـز ماقـۇل بولـدى. ئـۇ قىزنـى كابىنـە ئىچىدىكـى بـوش ئورۇنغـا چىقىرىۋالـدى. ئـۇ قىـز ئەمدىـلا ئـون سـەككىز ياشـنىڭ قارىسـىنى ئالغـان بولـۇپ، ئاپئـاق تېرىسـى، يۇمىـلاق يـۈزى، قۇشـنىڭ تۇمشـۇقىدەك ئىنچىكـە، قاڭشـارلىق بۇرنـى ئۇنـى ئۆزىگـە جەلـپ قىلىۋالـدى. قولـى رولدىكـى ئابدۇرېھىمجـان ھـە دېيىـلا تىراكتورنىـڭ ئارقـا كـۆرۈش ئەينىكىگـە قارايتـى. ئەينەكتىن قىزنىـڭ بـاش قىسـمىدىن ـكۆكرىگىگىچـە بولغـان قىسـمى كۆرۈنـۈپ تۇراتتـى. قىزنىـڭ ھـەر تېنىقىـدا بىـر پەسـىيىپ، بىـر كۆتۈرۈلـۈپ تۇرۇۋاتقـان ئالمىچىلىـك چوڭلۇقتىكـى كۆكسـى ئۇنىڭغـا ئاجايىـپ سـىرلىق بىـر نەرسـىدەك كۆرۈنـۈپ كېتىـپ باراتتـى. ئەممـا ئـۇ يـان تەرەپكـە بۇرۇلـۇپ، ئـۇ قىزغـا گـەپ قىلىشـقا جۈرئـەت قىلالمايۋاتاتتـى. ئـۇ ئىلگىـرى ئۆيلىنىـش خىيالىـدا بولـۇپ باقمىغاچقا قىزلارغا تىكىلىـپ قـاراپ باقمىغـان ئىـدى. ئەممـا ئـۇ بۈگـۈن باشـقىچىلا ھېسسـىياتقا كېلىـپ، يۈرىكـى دۈپۈلـدەپ سـوقۇپ، بەدىنـى قىزىـپ كېتىۋاتاتتـى. ئـۇ بىـر قانچـە قېتىـم قىزغـا گـەپ قىلىشـقا ئىنتىلـدى ـ يـۇ، ئەممـا جۈرئـەت قىلالمىـدى. تىراكتـور يېـزا مەركىزىگـە كەلگەنـدە، ئـۇ قىزنىـڭ ئۆزىگـە قـاراپ: ئۇسـتام، مېنـى مۇشـۇ يـەردە چۈشـۈرۈپ قويامـلا؟ دېگـەن

ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ يېزا مەركىزىگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى ۋە تىراكتورنى توختاتتى. قىز ئابدۇرېھىمجانغا قاراپ: مانا كىرا پۇلى ـ دەپ، بەش سومنى تەڭلىۋىدى، ئابدۇرېھىمجان قىزارغان ھالەتتە قاراپ: خېنىم، مەن سىزدىن كىرا ھەققى ئالمايمەن، ئەمما ئىسمىڭىزنىڭ نېمىلىكىنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز؟ ـ دېۋىدى. قىز ئۇنىڭغا قارىماستىنلا، بەش سوم پۇلنى تاشلاپ قويىدى ـ دە، ئىسمىم ئامىنە ـ دەپلا تىراكتوردىن چۈشۈپ كەتتى.

ئابدۇرېھىمجان شۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە كۈنگىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ئامىنەنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. ئۇ ھەر قېتىم بايدىن كۆمۈر ئەكىلىۋېتىپ، ئىماملىرىم يېزىسىغا قايرىلىدىغان يولدا توختاپ، ئامىنەنى يەنە ئۇچراپ قالارمىكىن؟ـ دەپ، بىردەم ساقلاپ باقاتتى. ئەمما بۇ ئەتراپتا ئامىنەنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئابدۇرېھىمجان كۆڭلىرىنى «ئامىنەنى يەنە بىر ئۇچرىتىپ قالسام ـ ھە؟»دېگەن ئۈمىتتە ساناپ دېگۈدەك ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. شۇنىڭدىن ساق تۆت ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئابدۇرېھىمجان ئامىنەنى كىرا ماشىنىسى ساقلاۋاتقان يېرىدىن كۆرۈپ قالدى ـ دە، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇ ئامىنەنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئۇنىڭغا: ئامىنە تىراكتورغا چىقىۋالامسىز؟ ـ دېۋىدى، ئامىنە ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا تىراكتورغا چىقتى. ئۇلار يولدا كېتىۋاتقاندا ئابدۇرېھىمجان پات ـ پاتلا ئەينەككە قارايتتى. بۇ قېتىم ئامىنە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىگە قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى ـ دە، ئۇمۇ ئابدۇرېھىمجانغا بۇرۇلۇپ قاراپ باقتى. ئابدۇرېھىمجانىنىڭ بەستلىك قامىتى، سوزۇنچاق يۈزى ۋە قاڭشارلىق بۇرنى ئۇنىڭغا خېلى كېلىشكەن يىگىتكەن، دېگەن تەسىرات بەرگەندەك قىلاتتى. ئارىدا جىمجىتلىقنى ئابدۇرېھىمجان بۇزدى: شەھەرگە نېمە ئىشقا بارغانتىڭىز؟ ـ دەپ سورىدى ئابدۇرېھىمجان قىزارغان ھالدا دۇدۇقلاپ، ئامىنە: بىر ئوقۇتقۇچى خېنىمنىڭ ئۆيى

ئىشلىرىغا قارىشىۋاتىمەن - دېدى سەل خىجىل بولغاندەك بوش ئاۋازدا.

ئامىنە ئەسلى ئەسلى ئىمامىلىرىم بازىرى 2 - كەنتتىكى بىر دېھقاننىڭ قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى كەمبەغەل بولغاچقا، شەھەردە بالا باققۇچىلىق قىلىۋاتقان ئىدى. ئۇ ئايدا بىر قېتىم يېزىدىكى ئۆيىگە بېرىپ كېلىدىغان بولۇپ، كىرا پۇلى يۇقىرىراق بولغان ئاپتوبۇس ۋە تاكسىغا چىقماي نەچچە سائەتتە بېرىپ كېلىدىغان كىچىك كىرا ماشىنىسىنى ساقلايتى. بۇ ئۇنىڭ ئابدۇرېھىمجان بىلەن تونۇشۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى. بۇ قېتىم ئۇلار يېزىغا بارغۇچە خېلى ئازادە پاراڭلىشىپ ماڭدى. ئامىنە ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ كىملىكىنى ئابدۇرېھىمجانغا دەپ بەردى. بۇ ئۇنىڭ ئابدۇرېھىمجاننى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئۇلار يېزا بازىرىغا كەلگەندە ئابدۇرېھىمجان: مەن سىزنى تاماققا تەكلىپ قىلسام بولامدۇ؟ - دەپ سورىۋىدى، ئامىنە مەنمۇ ئاتامغا سامسا ئېلىۋالماقچى ئىدىم - دېدى قىزارغان ھالدا. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرېھىمجان تىراكتورنى بىر چەتكە توختىتىپ قويۇپ، ئامىنەنى بىر سامسىخانىغا باشلاپ كىردى. ئۇ سامسىچى ئۇستامغا گۆشلۈكرەك قىلىپ يىگىرمە دانە سامسا يېقىپ بېرىشنى بۇيرۇتىۋىدى، ئۇستام ماقۇل بولدى. سامسا پىشقاندا ئابدۇرېھىمجان ئون تال سامسىنى يۆگىتىپ ئامىنەنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. قالغان ئون تال سامسىنى ئۇلار بىللە ئولتۇرۇپ يېدى. ئامىنە سامسىغا پۇل تۆلىمەكچى بولغان ئىدى. ئابدۇرېھىمجان بۇنىڭغا ئۇنىماي ئۇ ئۆزى ئالدىدا سامسىنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتتى. ئامىنە ئابدۇرېھىمجاننىڭ سېخىيلىقىغا قايىل بولۇپ قالغانىدى، ئۇلار بىر - بىرسىدىن كۆزى قىيمىغان ھالدا ئايرىلىشتى.

ئابدۇرېھىمجان ئىنتايىن ھاياجانلانماقتا ئىدى. ئۇ: «مەن ئەمدى بۇ ئىشنى ئاتا - ئانامغا دەپ، ئامىنەگە ئەلچى ئەۋەتەي» دەپ ئويلاپ خۇشاللىقتا چۆممەكتە ئىدى. ئۇ بىر قارارغا كېلىپ،

ئامىنە بىلەن ئۆيلىنىش ئارزۇسىنى ئاتا - ئانىسىغا ئېيتىۋىدى، ئۇلار بۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، توي ھازىرلىقىغا كىرىشتى. مۇۋاپىق بىر كۈنى ئابدۇرېھىمجاننىڭ ئاتا - ئانىسى - قىزغا بەش نان تاشلاپ بولغۇسى قۇدىلارنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇلار جىق تالاش - تارتىش قىلىشمايلا تېزلا كېلىشىپ، توي كۈننى بېكىتىپ كۆڭۈللۈك بىر توي چېيى ئۆتكۈزۈۋالدى.

ئابدۇرېھىمجان ئامىنە بىلەن توي قىلىپ، بىر ياستۇققا باش قويغاندىن كېيىن، بىر - بىرى ئىنتايىن چىقىشىپ قالدى. ئۇلار ئابدۇرېھىمجاننىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ھويلىسىدا بىر بوش ئۆينى تۇتۇپ ئولتۇرۇشتى. بۇ ئابدۇرېھىمجاننىڭ ئاتا - ئانىسىنى يالغۇز قويماسلىق ئۈچۈن ئىدى. قېيىن ئانا ۋە كېلىنلەرمۇ ئۇ چىقىشىپ قالدى. ئىشچان ئامىنەنىڭ بۇ ئائىلىگە ئايىقى يارىشىپ، ئائىلىدىكى قىيىنچىلىقلار تۈگەپ تۇرمۇشى ياخشىلىنىشقا باشلىدى. بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ، ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئامىنە تۇنجى پەرزەنتىگە ھامىلىدار بولدى. بۇنىڭدىن ئابدۇرېھىمجانلارنىڭ ئاتا - ئانىسى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈپ، ئاللاھقا كېلىنىنىڭ تىنچ - ئامان يەڭگىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشتى. ئامىنە توققۇز ئاي - توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، ۋاقتى توشقاندىن كېيىن تىنچ - ئامان كۆزى يورۇپ، بىر ئوغۇل پەرزەنتنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلدى. بالىغا چوڭلار تاللىغان «ئابدۇللا» دېگەن ئىسىم قويۇلغان ئىدى.

ئابدۇرېھىمجان ۋە ئامىنە بۇ تۇنجى بالىسىغا بەكلا كۆيۈپ، ئىنتايىن ئەتىۋارلاپ بېقىشقا باشلىدى. ئامىنە تۇنجى ئوغلى ئابدۇللا يېشىغا توشۇپلا، يەنە ھامىلىدار بولۇپ قالدى. ئۇلار بۇ ھامىلىسىنىڭ قىز بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىشتى. ئامىنەنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ كۆزى يورىدى. بوۋاق ئوغۇل ئىدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ بەرگىنىگە شۈكرى قىلىپ ۋە خۇشال بولۇپ، يەنە چوڭلارنىڭ تاللىشى بىلەن ئىككىنچى ئوغلىغا: «ئابدۇكېرەم» دەپ ئىسىم قويدى. ئابدۇرېھىمجان ئۆزىنىڭ بۇ بىر جۈپ ئوغلىغا

بەكمۇ ئامراق ئىدى. ئۇلار: باللىرىمىز چوڭ بولسا بىزدەك «قارا تۇرۇك»بولۇپ قالمىسۇن، باللارنى ئالى مەكتەپكىچە ئوقۇتايلى! ئۇلار چوڭ بولغاندا زىيالىي، كادىر، ئالىم - ئىنژېنېر بولسۇن! دەپ ئويلايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق بەدەل تۆلەشكىمۇ رازى ئىدى.

باللار ساغلام چوڭ بولماقتا ئىدى. كىچىك ئوغلى ئابدۇكېرىممۇ ئىككى ياشقا كىرىپ، تالا - تۈزگە چىقىپ ئوينايدىغان بولۇپ بولغان ئىدى. ئامىنە يەنە ھامىلىدار بولۇپ قالدى. ئەمما ئامىنەنىڭ بېشىغا غەم چۈشتى. چۈنكى، ئۈچىنچى بالىسىنىڭ تۇغۇلۇشىغا يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى رۇخسەت قىلمايتى. شۇڭا ئامىنە ھامىلىسىنى ھەر قانچە يوشۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھامىلدارلىقىنى كەنت ئاياللار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بىلىپ قالدى. ئۇ كەنت ئىشخانىسىغا چاقىرتىلىپ، ئۇنىڭ بۇ ھامىلىنى تۇغۇشقا بولمايدىغانلىقى، ئۈچىنچى بالىسىنىڭ ئارىلىقى بەش يىل بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى، ئەگەر ھامىلىنى ئالدۇرۇۋېتىپ، «ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈزۈكى» سالدۇرمىسا ئېغىر ئىقتىسادى جازا قويۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت سېلىندى. ئامىنە ئۆيگە كېلىپ ئابدۇرېھىمجانغا بۇ شۇم خەۋەرنى ئېيتىۋىدى، ئابدۇرېھىمجان بۇنىڭغا قەتئىي قارشى چىقتى. ئۇ: ياق، بولمايدۇ! ئامىنە بىزنىڭ بىر قىزىمىز بولۇشى كېرەك! قىز بالا دېگەن ئانىنىڭ قول - قانىتىدۇر .ئائىلىنىڭ گۈلىدۇر! ئەگەر ئۇ ھامىلە قىز بولۇپ قالسا، ئالدۇرىۋەتكەندىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالمايمىزمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا ئالدۇرۇۋېتىش دىنىمىزدا - ئادەم ئۆلتۈرگەنلىك بىلەن باراۋەر دېيىلگەن ئەمەسمىدى؟ مەيلى قانچىلىك جازا قويسىمۇ، مەن ئۇنى تۆلەيمەن - دەپ، ئامىنەنى ھامىلىنى ئالدۇرۇۋەتمەسلىككە ئۈندىدى.

ئەمما ئامىنە يەنىلا ئىككىلەنمەكتە ئىدى. چۈنكى، بۇ ئائىلە ئۇنچىۋالا باي ئەمەس ئىدى. ئەگەر يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى بۇنىڭغا ئېغىر ئىقتىسادىي جازا قويۇۋەتسە، ئابدۇرېھىمجان

تىراكتور ئالىمەن دەپ يىغقان پۇلدىن ئايرىلىپ قالاتتى. ئۇ چاغدا ئۇ ئائىلىدە تاپا ـ تەنىگە قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كۆنلەردە ئابدۇرېھىمجاننىڭ ئاتا ـ ئانىسى بەكلا ياشىنىپ، كېسەلچان بولۇپ قالغان بولغاچقا، ئۇلارنى داۋالىتىش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن پۇل كېتىۋاتاتتى. ئامىنەم ئېغىر ئىقتىسادىي جازا سەۋەبىدىن كەمبەغەللىشىپ كېتىپ، ئىككى ئوغلىنى ئوقۇتالماي قېلىشتىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. ئۇ، بۇ ئەندىشىلىرىنى ئابدۇرېھىمجانغا ئېيتتۇدى، ئابدۇرېھىمجان: ئەنسىرىمەڭ! پۇل دېگەننى تاپقىلى بولىدۇ. بىزنىڭ رىسقىمىزنى خۇدا ئۆزى بېرىدۇ! «باشقا كەلگەندە باتۇر» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟ سىزنى باشقا يىراق بىر يەردىكى تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ يوشۇرۇپ قويۇمەن، شۇ يەردە تۇغىسىز. سىزنى پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى خادىملىرى تاپالمايدۇ ـ دېدى قەتئىيلىك بىلەن، لېكىن ئامىنە بۇ چارىنى مۇۋاپىق كۆرمىدى، ئۇ ئىككى ئوغلىنى تاشلاپ يىراق يەرگە كېتەلمەيتتى. ئۇ ئوغۇللىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئەمما ئابدۇرېھىمجان نېمىشقىكىن دائىم: «بىر قىزىمىز بولسا بەكمۇ ياخشى بولاتتى» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

ئامىنە ئابدۇرېھىمجاننىڭ يىراققا قېچىپ بېرىپ تۇغۇپ كېلىش پىلانىغا قىزىقمايتتى. ئۇ: «نېمە كۆرسەم ـ مۇشۇ يەردە كۆرەي» دەپ ئويلاپ، ئىككى ـ ئۈچ ئاينى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قالدى. ھاملە ئالتە ئايلىققا يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇ تالا ـ تۈزگە چىقماي يوشۇرۇنۇپ يۈرۈۋاتاتتى. ئابدۇرېھىمجان بايغا كۆمۈر توشۇشقا كەتكەن ئىدى. بىر كۈنى چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ، ئەمدى ھاجەتكە چىقىپ كىرەي دەپ، ھويلىغا چىقىشىغىلا كەنت ئاياللار مۇدىرى ئىككى ساقچىنى باشلاپ، ھويلىغا باستۇرۇپلا كىرىپ كەلدى ـ دە، ئامىنەنى ھەيدەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ كەنت ئىشخانىسىغا ئېلىپ كېلىنىپ، باشقا سولاپ قويۇلغان بەش ـ ئالتە ئايال بىلەن بىللە، بىر دوختۇر ماشىنىسىغا بېسىلىپ، يېزا دوختۇرخانىسىغا

ئېلىپ كېلىندى - دە، بىردىن - بىردىن ئوپېراتسىيە خانىغا ئېلىپ كېلىنىپ، ناركوز قىلىنغاندىن كېيىن، ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىشتى. ئامىنە بىر قانچە سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، قورسىقىنىڭ بوشاپ قالغىنىنى كۆرۈپ قاتتىق يىغلاشقا باشلىدى. ئەمدى يىغلىغاننىڭ پايدىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە بىر ئۆزى خالىمايدىغان ئىش تۇراتتى. ئۇنىڭغا ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈزۈنگە سېلىنىشى كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ بۇگۈن ئۆيگە كېتىشكە رۇخسەت قىلىنمىدى.

ئابدۇرېھمجان كەچكە يېقىن بايدىن قايتىپ كېلىپ ئاتا - ئانىسىدىن ئامىنەنىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايلا قالدى. ئۇ غەزەپلەنگەنچە ئۇدۇل يېزا دوختۇرخانىسىغا كەلدى. ئۇ پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنى ئىزدەپ يۈرۈپ، سوراپ تاپتى - دە، ئامىنەنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھامىلە پەرزەنتىنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىنىپ چۈشۈرۈۋەتىلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، غەزىپىنى باسالماي قالدى. ئۇ بۇنىڭدا ئامىنەنىڭ ئۆزىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ، ئۇنىڭغا خاپا بولۇۋاتاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن دوختۇر -سېسترالارنى بىر قانداق قىلىپ قويغۇسى كېلەتتى. ئەمما سېسترالار ئىشتىن چۈشۈپ كېتىشكەن ئىدى. ئۇ ئاچچىقىنى كىمدىن ئېلىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئېلىۋېتىلگەن ھامىلە قىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ: ئامىنەمدىن ھامىلە قىزمىكەن ياكى ئوغۇلمىكەن بىلەلىدىڭىزمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئامىنە: قىز ئىكەنتۇق، ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا قاتناشقان سېسترالار دەپ بەردى - دەپ جاۋاب بەردى ۋە يىغلاشقا باشلىدى. ئابدۇرېھمجان:ئەستا، ئەستا! - دەپ ساقىلىنى سىلايتتى. ئەمما ئاخىرىدا ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى - دە، ئامىنەگە تاماق ئەكېلىپ بېرىش ئۈچۈن دوختۇرخانىدىن ئايرىلدى.

ئامىنە دوختۇرخانىدا يالغۇز قالغان ئىدى. ئۇ يىغىسىنى توختىتىپ خىيالغا چۈشۈپ كەتتى: «ئەگەر قورسىقىمدىكى ھامىلەم

مەجبۇرى ئېلىۋېتىلمەي، دۇنياغا كۆز ئاچقان بولسا، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە، ئۇ چاغدا بىر قىزىم بولغان بولاتتى! ئاتىسى ئابدۇرېھىمجانمۇ چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمگەن بولاتتى. ئۇ قىز بالىنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەن بولغاچقا، ماڭا تېخىمۇ ئامراق كەتكەن بولاتتى. ئەپسۇس ماڭا بۇ قىز ھامىلەمنى يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىشقا ئىمكان بولماي قالدى. ئېرىم ئابدۇرېھىمجان بۇ قىزىمىزنىڭ تۇغۇلۇشى ئۈچۈن جېنىنى تىكىشكىمۇ رازى ئىدى. ئۇ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قويۇلىدىغان جېرىمانە ئۈچۈن قانچىلىك ئىقتىسات كەتسىمۇ مەيلى دەيتى. ئەمما، مەن بەك ئاجىز كېلىپ قالدىم. قېچىپ يۈرۈپ، يات كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە تۇغۇشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. چۈنكى، ئىككى ئوغلۇمدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلىپ قېلىشقا چىدىمايتتىم. بالىلارغا بوۋا ـ مومىسىغۇ قاراپ قوياتتى، ئەمما ئۇلار ياشىنىپ قالغاچقا بالىلارنى مەندەك باقالماي قالارمىكىن؟ تالا ـ تۈزگە قېچىپ كەتسە يېتىشىپ بولالماي، بالىلارنى يوقىتىپ قويامدىكىن؟ ـ دەپ ئەندىشە قىلاتتىم. بالىلارمۇ بەك كەپسىزلىشىپ كېتىپ بارىدۇ. ھەئە دېسىلا ئۆيدە تۇرماي، تالاغا چىقىپ ئوينايمىز ـ دەپ، قېچىپ كېتىپ بارىدۇ. بالىلارنىڭ تالاغا چىقىپ ئوينايمىز ـ دەپ، ئۆستەڭگە چۈشۈپ ئېقىپ كەتكەن ئىش نۇرغۇنغۇ؟ مەنمۇ بالىلىرىمنىڭ شۇنداق بولۇپ قېلىشىنى، ئۆستەڭدە سۇدا ئېقىپ كېتىپ، ئۆلۈپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەندىشە قىلاتتىم. بالا مېھرى نېمانداق يامان ـ ھە؟»

ئامىنە ئەتىسى ناھايىتى مىجەزى ئوسال ھالدا ئورنىدىن تۇردى. كېچىچە قالايمىقان چۈش كۆرۈپ جۆيلۈپ چىقتى. ئۇ مۇنداق چۈش كۆرگەن ئىدى: «چۈشىدە بىر قىز بوۋاق، بىر پەرىشتە بىلەن ئاسماندا بىللە ئۇچۇپ كېتىپ باراتتى. ئۇ پەرىشتىگە: مەن ئامىنە ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ ھامىلىسى ئىدىم. ئاتا ـ ئانامنىڭ مېنى تۇغۇشىغا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن رۇخسەت قىلىنمىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار مېنى ئالتە ئايلىق بولۇشۇمغىلا مەجبۇرىي ئوپېراتسىيە قىلىپ،

جېنىمدىن جۇدا قىلدى. مېنىڭمۇ دۇنياغا تۇغۇلۇپ، ئىنسان بولۇپ ياشاش ھەققىم يوقمىدى؟ رەھمەت سىزگە! سىز مېنىڭ روھىمنى قۇتقۇزۇۋالدىڭىز، سىز مېنى ئىنسان خارلانمايدىغان بەختلىك بىر دۇنياغا ئېلىپ كېتىۋاتىسىز، مەن سىزنى ئانا دېسەم بولامدۇ؟ - دەپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر جۈپ بولۇپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى»

ئامىنە چۈشىنى ئەسلەپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. دەردىنى ئېيتىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ھېچقاچان بۇنداق يالغۇز قالمىغان، قورقمىغان ئىدى. ئۇ ئەتىگەندە تۈزۈك ناشتىلىقمۇ قىلالمىدى. ئابدۇرېھىمجان چاشكا ۋاقتى بولغاندا نان - توقاچ ئەكېلىپ بەرگەندىلا، قايناق سۇ بىلەن ناشتا قىلىۋالدى. ئابدۇرېھىمجان يەنىلا خاپىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئامىنەمدىن رەنجىۋاتامدۇ ياكى بىر ھەپتىدەك ئىشقا بارالمىغانلىقىدىن پۇشايمان قىلىۋاتامدۇ؟ ئۇنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ جىمغۇر، خاپاخان بولۇپ قالغان ئىدى. ئامىنە بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىسا ئۇنىڭغا ئېرىنچەكلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ، تىنچلىق، ئەنسىرىمەڭ! دەپلا قويىدى - دە، دومسىيىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن بالدۇرراق ئۆيگە بارمىسام بولمايدۇ - دەپ، دوختۇرخانىدىن ئايرىلدى.

ئامىنەمگە شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈزۈكى سېلىندى. ئۇنىڭ باشقا چارىسى يوق ئىدى. ئۈزۈك سالدۇرماي يەنە ھامىلدار بولۇپ قالسا مەجبۇرىي ئالدۇرۇۋېتىلەتتى. بۇ يالغۇز ئامىنەنىڭ ئۇلار بېشىغا كەلگەن خاپىلىق بولمىغاچقا، ئابدۇرېھىمجان توغرا چۈشەنسە بولاتتى. ئەمما ئۇ، توغرا چۈشىنىش ئورنىغا ئامىنەمدىن خاپا بولۇۋاتاتتى. ماڭا نېمە ئامال؟ - دەپ ئويلىدى ئامىنە - «مەن بىر ئايال كىشى بولغاندىن كېيىن ئاجىز ئىكەنمەن. ھەممە ئىشقا ئەر كىشىدەك تەۋەككۈل قىلالمايدىكەنمەن، قورقىدىكەنمەن. ئەنسىرەيدىكەنمەن. بۇنى بىر توغرا چۈشەنسە بولمامدىغاندۇ؟ نېمىشقا ئەر كىشىلەر ئاياللارنىڭ

يۈرىكىنى بەزىدە چۈشەنسە، بەزىدە چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ ياكى چۈشىنىشنى خالىمايدىغان بولۇۋالىدىغاندۇ؟» ئۇ خىيالىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمىدى ۋە جاۋاب تاپالمىدى.

ئامىنە ئىككى كۈندىن كېيىنلا دوختۇرخانىدىن چىقىرىۋېتىلدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئىككى ئوغلى سىرتقا ئويۇنغىلى چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئامىنە قېيىناتا ۋە قېيىن ئانىسىغا سالام بېرىپ كىرىۋىدى، ئۇلارمۇ ئامىنەگە سوغۇق نەزەردە قارىغانىدەك، ئۇنىڭ سالىمىغا بۇرۇنقىدەك قىزغىنلىق بىلدۈرمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئامىنە ئۆزىنى خۇددى بىر گۇناھكاردەك ھېس قىلىپ، دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئوچاق بېشىغا ئۆتۈپ، بالىلىرىم كەلگىچە تاماق قىلىپ تۇراي دەپ ئويلاپ، تاماق ئېتىشكە تۇتۇش قىلدى. تاماق پىشىشقا ئاز قالغاندا بالىلىرى كېلىپ ئاپىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ: ئاپا، ئاپا، سىز بىزنى تاشلاپ نەگە كەتتىڭىز؟ بىز سىزنى بەك سېغىندۇق، قورسىقىمىز ئاچ قالدى ـ دەپ دەرتلىرىنى ئېيتىشىپ كەتتى.ئامىنەمۇ بالىلىرىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: بالىلىرىم، مەن دوختۇرخانىدا ئىدىم. ئاغرىپ قالغان، ھازىر ياخشى بولۇپ كەتتىم. ئەمدى سىلەرنى تاماق ئېتىپ ياخشى باقىمەن ـ دەپ بالىلارنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بەردى.

تاماق پىشقان ئىدى. ئامىنە تاماقتىن ئالدى بىلەن قېيىنئاتا، قېيىنئانىسىغا ئەكىرىپ بېرىپ، ئاندىن بالىلىرىغا بەردى. ئابدۇرېھىمجان تېخىچە قايتىپ كەلمەيۋاتاتتى. ئامىنە تاماق قاچىلىرىنى يۇيۇپ بېسقتۇرۇشىغا ئابدۇرېھىمجان خاپا چىراي ھالدا كىرىپ كەلدى ـ دە، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بىر ۋاراق قەغەزنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، مانا سىزگە ھامىلىنى ئالدۇرۇۋەتسىڭىزمۇ جازا كېلىپتىغۇ؟ ئەجەب سىزگە ھامىلىنى ئالدۇرغان دەپ ئېتىبار قىلماپتۇ ـ يا؟ مانا كۆردۈڭىزمۇ؟ بىزگە بەش مىڭ سوم جەرىمانە قويۇلۇپتۇ، بۇ ئاز پۇلمۇ؟ قېچىپ كېتىپ تۇغقان بولسىڭىزمۇ شۇنچىلىك ياكى ئۇنىڭدىن جىقراق

جەرىمانــە قويۇلغــان بولاتتــى. ھــەي ئىســىت! خوتــۇن كىشــىنىڭ چېچــى ئــۇزۇن، ئەقلــى قىسقا دېگــەن مۇشــۇ-دە - دەپ، خېلــى ئــۇزاق غۇدۇڭشــىدى. ئامىنــەم: تامــاق يەۋېلــىڭ! - دەپ ئۇنىــڭ ئالدىغــا بىــر چىنــە ئاشــنى قويۇۋىــدى، قورســىقىم تــوق دەپ، ئاشــقا قاراپمــۇ قويمــاي چىقىــپ كەتتــى.

كەچتــە ئابدۇرېھىمجــان غــەرق مەســت ھالەتتــە ئۆيگــە كەلــدى. ئــۇ ئامىنــەم ئېتىــپ ئېلىــپ قويغــان تاماقنىمــۇ يېمىــدى. ئامىنە گەپ قىلســا، ئۇنىڭغــا قوپاللىــق بىلــەن جــاۋاب قايتــۇردى. ئــۇ خېلــى ئــۇزاق ئــۆزى بىلــەن ئــۆزى گەپلەشــتى: «مېنىــڭ بىــر قىزىــم بولۇشــى كېــرەك ئىــدى. قىزىــم ئالتــە ئايلىــق بولغانــدا ئۆلتۈرۈۋېتىلــدى. ھەئــە، نېمىشــقا ئۇنــداق بولــدۇ زادى؟ ھەممىنــى قىلغــان مۇشــۇ ئامىنــە، قېچىــپ كــەت دېســەم، ئۇنىمىــدى - ھــە، ماقــۇل دېگــەن بولســا، قىزىــم تۇغۇلــۇپ بولغانــدا نېمــە قىلالايتــى؟ ھــەي ئامىنــە، ھــەي ئامىنــە! قورقۇنچــاق ئامىنــە!» دەپ، بالىلىرىغىمــۇ گــەپ قىلمــاي ۋە ئەركىلەتمــەي غودۇڭشــىغىنىچە تەتــۈر قــاراپ ئۇخــلاپ قالــدى.

شــۇنىڭدىن كېيىــن ئابدۇرېھىمجــان بىلــەن ئامىنەنىــڭ ئارىســى ياخشــى بولمــاي كەلــدى. ئابدۇرېھىمجــان ھەدېســىلا ھــاراق ئىچىــپ، مەســت ھالەتتــە ئۆيگــە كىرىــپ، ئامىنەگــە قوپاللىــق قىلاتتــى. تىللايتــى. ئامىنــە دەسلەپتە بالىــلار چــوڭ بولىۋالسۇن دەپ سەۋر قىلــدى. بالىلارمۇ چــوڭ بولــۇپ قېلىۋاتاتتــى. ئــۇلار ئارقــا - ئارقىدىن باشــلانغۇچ مەكتەپكە ئوقــۇش باشــلىدى. ئامىنــە پۈتــۈن كۈچــى بىلــەن بالىلارنىــڭ ياخشــى ئوقۇشــى ئۈچــۈن زېھنىنــى ســەرپ قىلــدى. ئەممــا ئابدۇرېھىمجاننىــڭ پۈتــۈن خىيالــى بىــر قىــز بالىســىنىڭ تۇغۇلۇشــىدا بولــۇپ، ئامىنەگــە پــات -پاتــلا: ئۈزۈكىڭنــى ئالــدۇرۇەت، ســەن مــاڭا بىــر قىــز تۇغــۇپ بېرىشــىڭ كېــرەك! - دەپ، بېســىم قىلىشــقا باشــلىدى. ئامىنــە بىــر يىــل، ئىككــى يىــل چىدىــدى، ئەممــا ئاخىرىــدا بەرداشــلىق بېرەلمىــدى. ئۇنىــڭ دەردىنــى ئابدۇرېھىمجــان چۈشــەنمەيتى. يەنــە تۇغــۇش ئۈچــۈن ھامىلىدارلىقتىــن ساقلىنىش ئۈزۈكىنــى ئالدۇرۇۋېتىــش كېــرەك ئىــدى.

بۇنى خالىغانچە ئالدۇرىۋەتكىلى بولمايتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن پىلانلىق كومىتېتىنىڭ رۇخسىتى كېرەك بولاتتى. ئەگەر بىرەر شەخسى دوختۇرنى تېپىپ، پۇل بېرىش ئارقىلىق ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈزۈكنى ئالدۇرىۋاتقان تەقدىردىمۇ، ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يەنە ھامىلدار بولۇپ قالسا، بەرىبىر ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى بالىنى تۇغۇشقا يول قويمايتى. بەلكى ھامىلىنى مەجبۇري ئالدۇرۇۋېتىپ، ئېغىر ئىقتىسادىي جازا قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ئامىنە بىر تەرەپكە قارىسا ئات ئۆلدىغان، يەنە بىر تەرەپكە قارىسا ھارۋا سۇنىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان ئىدى.

ئابدۇرېھىمجاننىڭ بېسىم قىلىشى بىلەن ئامىنەنىڭ ھالى كۈندىن - كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئامىنەنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ قىزىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، ئابدۇرېھىمجاندىن نەپرەتلەنىدى. ئىش چېكىدىن چىققان ئىدى. ئاخىرى ئامىنە ئابدۇرېھىمجانغا ئاجرىشىش تەلىپى قويىدى. ئابدۇرېھىمجان دەسلەپتە ئاجرىشىشقا قوشۇلماي كەينىگە سۈردى. ئەمما ئامىنەگە تۇتقان مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتمىدى. ئامىنەنىڭ قايتا - قايتا تەلەپ قىلىشى ۋە كەنتكە بېرىپ كادىرلارغا ئەرز - شىكايەت قىلىشى بىلەن ئۇلار ئاخىر كەنت كادىرلىرىنىڭ ئارىلىشىشى ئارقىلىق ئاجراشتۇرۇۋېتىلدى. ئاجرىشىش كېلىشىمدە: «ئامىنەنى بالىلارنى باقالمايدۇ»دەپ قارىلىپ، ئىككى بالا ئابدۇرېھىمجانغا قالدۇرۇلدى. بۇ چاغدا بالىلار خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغان بولۇپ، سەبىيلەر ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن يىغلىدى، قاقشىدى. ئەمما ئۇلار بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىمكانسىز ئىدى.ئۇلار تىرىك يېتىملىكنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.

ئابدۇرېھىمجان ئامىنە بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىنتايىن چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. ياشانغان ئاتا -ئ انىسىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپ، ئاخىرەتكە سەپەر قىلغان ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ھاراق ئىچىدىغان بولۇۋېلىپ، ھاراقتا ئۆگىنىپ

قالغاچقا، تولا ئىش تاشلاپ، تىراكتور خوجايىنىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدى - دە، شوپۇرلۇق كەسپىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، كەنتتە دېھقانچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى - ئاتا - ئانىسىدىن قالغان بىر قانچە مو يەرگە قاراشلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا -ئانىسىدىن قالغان بىر ساغلىق ئىنىكى بولۇپ، بۇ ئائىلىنى سۈت - قايماق بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئىدى. ئۇ ھاراق ئىچىدىغانغا پۇلى قالمىغاندا بۇ ئىنەكنىمۇ سېتىپ خەجلەپ تۈگەتتى. ئوغۇللىرى ئابدۇكېرىم ۋە ئابدۇللا بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق ياشاشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى.

ئابدۇرېھىمجان ئۇزاق مەزگىل تىراكتورچىلىق قىلىپ دېھقانچىلىقتىن ئايرىلىپ قالغاچقا، بەكمۇ ھۇرۇنلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ بېلىگە تولا يەل تۇرۇۋالىدىغان بولۇپ، دائىم: «بېلىم ئاغرىيدۇ» دەپ قاقشاپ يۈرەتتى. ئېغىر ئىشلارغا چىدىمايتى. قىش پەسلىنىڭ كېلىشى بىلەن دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئازلاپ قالغاچقا كەنت كادىرلىرى دېھقانلارنى ھاشارغا ئىشلەشكە ھەيدەشكە باشلىدى. كەنتكە بىر سۇ سىڭمەس تاش ئۆستەڭنى ياساش پىلانلانغان ئىدى. دېھقانلار ئالدى بىلەن ئۆستەڭنى كەتمەن بىلەن چېپىپ، تاراشلاپ تەييار قىلغاندىن، كېيىن ئاستى ۋە يان تەرەپلەرگە تەييار قىلىپ قويۇلغان يىگىرمە - ئوتتۇز كىلو ئېغىرلىقتىكى سېمونت تاختايلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقىغا يېپىشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئابدۇرېھىمجان سېمونت تاختايلارنى توشۇۋاتاتتى. توساتتىن بېلى چىم بولۇپ، قولىدىكى تاختاينى يەرگە تاشلىۋېتىپ، ئولتۇرۇپ قالغانچە ئۆرە تۇرالمىدى. ئۇ دوختۇرخانىغا بېرىپ بىر مەزگىل داۋالانغان بولسىمۇ ياخشى بولالمىدى. ئۇ پالەچ بولۇپ قالغان ئىدى.



ئابدۇرېھىمجان پالەچ بولۇپ قالغاندىن كېيىن، باللارنىڭ تۇرمۇشىغا قارايدىغان ھېچكىم قالمىدى. باللارنىڭ ئانىسى يۇرتنى تاشلاپ باشقا يەرگە كەتكەن ئىدى. ئۇلار مېيىپلار پاراۋانلىق

ئىدارىسى تەرىپىدىن بېرىدىغان ئازغىنە پۇلغا قاراشلىق بولۇپ قالدى. ئۇ پۇل ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا يەتمەيتتى. بالىلار ئاچ قېلىشقا باشلىدى. مەكتەپتىنمۇ ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمدىلا ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلارغا كىرگەن بالىلار ئۆز غېمىنى ئۆزى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار ئوقۇشنى توختىتىپ يېزا مەركىزىگە بېرىپ، ئاشخانىلاردا يالىنىپ ئىشلەشكە باشلىدى. چۈنكى، ئۇ بالىلارغا ئۆيدە ئانىسى ئاش، تاماق قىلىپ بېرەلمەيتتى. بالىلار قورساق بېقىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئاشخانىدا قاچا يۇيۇشتىن - كۆكتات ئادالاشقىچە بولغان ئىشلارنى ئېغىر - يېنىك دېمەي قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ھەتتا بۇ بالىلار ئانىسىنىڭ قورسىقىنىمۇ بېقىشى كېرەك ئىدى. ئاشخانا خوجايىنلىرى خېلى ئىنساپلىق كىشىلەر بولۇپ، بالىلارغا ئانچە - مۇنچە ئىش ھەققىمۇ بەردى. ئۇلار ئانىسى بىلەن ئالاقە قىلىش ئۈچۈن بىر تال يانفونىمۇ سېتىۋالغان ئىدى.

ئەمدىلا ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلاردىكى بالىلارنىڭ قارا ئەمگەكچى بولۇپ قېلىشى، تەقدىرنىڭ رەھىمسىزلىكىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ پېشانىسىنىڭ شورلۇقىدىنمۇ بۇنىڭغا ھازىرچە بىر نەرسە دېيىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنى كەلگۈسىدە يەنە نېمىلەرنىڭ كۈتىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئابدۇللا مەكتەپتە ئىنتايىن ياخشى ئوقۇغان ئىدى. ئابدۇكېرىممۇ ياخشى ئوقۇدى. ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق چوڭ بولغان بۇ بالىلارنى ئۇلارغا سىنىپ مەسئۇلى بولغان ئوقۇتقۇچىسى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئوقۇتقۇچى ئابدۇللا بىلەن ئابدۇكېرىمنىڭ ئاشخانىدا مەدىكار ئىشچى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھالىغا بەكمۇ ئېچىندى. ئۇ ئوقۇتقۇچى بەكمۇ رەھىمدىل كىشى بولۇپ، دائىم كەمبەغەل، يېتىم بالىلارغا ياردەم قىلاتتى. ئۇ بۇ ئىككى يېتىم بالىنىمۇ قۇتقۇزۇۋېلىشنى قارار قىلدى. ئۇ سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇرۇمچىدىكى بىر كەسپىي تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ

ئـۆز خىراجىتـى بىلـەن ئوقۇيدىغـان ئوقۇغۇچىلارنـى قوبـۇل قىلىدىغانلىقىدىـن خـەۋەر تېپىـپ، ئابدۇلـلا بىلـەن ئابدۇكېرىمنـى ئىـزدەپ تېپىـپ سۆزلىشـىپ قايىـل قىلـدى - دە، ئوقـۇش خىراجىتىنـى ئـۆزى ئۈسـتىگە ئېلىـپ، بـۇ ئىككـى يېتىم باللارنـى ئوقۇشـقا ئۇرۇمچىگە ئەۋەتتـى. ئابدۇلـلا بوغالتىرلىقتـا، ئابدۇكېرىـم ئاشـپەزلىك كەسـپىدە ئوقـۇش باشـلىدى.

ئابدۇلـلا بىلـەن ئابدۇكېرىـم ئۆزىنىڭكـى بـۇ مەكتەپكـە قوبـۇل قىلىنغانلىقىدىـن خۇشـال بولـۇپ، تىرىشـچانلىق بىلـەن ئوقـۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىـڭ ئالدىـدا شـۇنداقلا نەمۇنىلىـك ئوقۇغۇچـى بولـۇپ ماڭماقتـا ئىـدى. ئـۇلار ئارىلىقتـا ئاپىسـى ئامىنەنـى ئۈرۈمچىدىـن ئىــزدەپ تاپتــى. ئامىنــە باللىرىنــى كــۆرۈپ ئۆزىنــى تۇتۇۋالالمــاي كـۆز يېشـى قىلىـپ يىغلىـدى. باللىـرى بىلـەن ئـۇزاق مۇڭداشـتى. ئامىنــە باللىرىغــا: ئۆزىنىــڭ ئۈرۈمچىــدە تازىلىــق ئىشچىســى بولــۇپ ئىشـلەۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىـن كېيىـن يەنـە ئىـزدەپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىــپ، باللارنىــڭ قولىغــا پــۇل بېرىــپ، باللارنىــڭ يېتىملىــك، مۇسـاپىرچىلىق جاراھىتىگـە بىرئـاز بولسـىمۇ مەلھـەم سـۈركىگەن ئىـدى. ئامىنـە ئىككىنچـى قېتىـم كەلگەنـدە باللارغـا ئالدىنقـى قېتىـم كەلگەنــدە دېمىگــەن بىــر ئىشــنى دەپ بــەردى. ئۇنىــڭ دېيىشــىچە، ئامىنـە ئۈرۈمچىـدە بىـر بويتـاق كىشـى بىلـەن تـوي قىلغـان بولـۇپ، ئۇنىڭدىـن بىـر قىـز پەرزەنـت كۆرۈپتىمىـش، ئىسـمى ئارزۇگـۈل ئىكـەن. باللـار بـۇ گەپنـى ئـاڭلاپ ئىنتايىـن خۇشـال بولۇشـتى ۋە ئانىسـىنى تەبرىكلـەپ، سىڭلىسـىنىڭ بەختىنـى تىلـەپ، ئانىسـىنىمۇ ئىنتايىـن خۇشـال قىلىۋەتتـى.

تەتىـل ۋاقتـى يېتىـپ كەلگـەن ئىـدى. ئابدۇلـلا بىلـەن ئابدۇكېرىـم تەتىـل قىلىـپ، يۇرتـى ئۈچتۇرپانغـا قايتىـپ كەلـدى. ئاتىسـى ئابدۇرېھىمجان جۇدەپ - ئورۇقلاپ، يـاداپ كەتكـەن بولـۇپ، ئىنتايىـن جاپالىـق كۈنگـە قالغـان بىرسـىدەك قېرىپـلا كەتكـەن ئىـدى. بىـر كۈنـى ئابدۇلـلا ئاتىسـىغا ئۆزلىرىنىـڭ بىـر سىڭلىسـى بولغانلىقىنـى،

ئاپىسى ئامىنەنىڭ بىر قىز تۇغقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىۋىدى، بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇرېھىمجان: ھە ـ ئە، شۇنداقمۇ؟ مۇبارەك بولسۇن! مېنىڭ قىزىم بولۇپتۇ دېمەكچى بولۇپ، ئارقىدىن گېپىنى بوغۇزغا يۇتۇۋېتىپ، ئامىنەنىڭ بىر قىزى بولۇپتۇ ـ دە،دەپ ياتقان يېرىدىن قوپۇپ كەتكىلى تاسلا قالغان ئىدى. تەتىل ۋاقتىدا ئابدۇللا بىلەن ئابدۇكېرىم يەنە بىكار تۇرماي بۇرۇن ئىشلىگەن ئاشخانىسىغا بېرىپ ئىشلەپ، بىر ئاز پۇل تاپتى ۋە پۇلنىڭ بىر قىسمىنى ئاتىسى ئابدۇرېھىمجانغا بېرىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالدى.

تەتىل ۋاقتى توشۇپ ئابدۇللا بىلەن ئابدۇكېرىم ئۈرۈمچىگە خۇشاللىق بىلەن قايتىپ كېلىپ ئوقۇشىنى باشلىۋالدى. ئاپىسى ئامىنە بىلەنمۇ پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇراتتى. ئاپىسى ئامىنە ئابدۇللا بىلەن ئابدۇكېرىمگە ھەر ئايدا دېگۈدەك، ئانچە ـ مۇنچە قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ باشقىلارنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالمىسۇن، ياخشى ئوقۇسۇن، كەلگۈسىدە بەختلىك بولسۇن دەپ، ئۆزىنىڭ نەچچە يىلدىن بۇيان بالىلارغا بېرەلمىگەن مېھرىنى تولۇقلاپ بېرىپ، بالىلارنى ئىنتايىن خۇشال قىلماقتا ئىدى. بالىلارمۇ ھەر تەتىلدە يۇرتىغا بارغان چاغدا بىكار يۈرمەستىن بۇرۇنقى ئۆزى ئىشلىگەن ئاشخانىسىدا ئىشلەپ، تاپقان پۇللىرىغا قاق ـ يېمىش ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە قايتقاندا ئاپىسىنى يوقلاپ باراتتى. ئابدۇرېھىمجان بالىلىرىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلالمىسىمۇ، كۆڭلىدە يەنىلا خاتىرجەم بولدى. چۈنكى، بالىلارنىڭ ئاپىسى ئامىنەنىڭ ئۇلارغا نەقەدەر ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ تەتىلدە بالىلىرى كەلگەن چاغدا ئۇلارغا: ئاپاڭلارنى ۋە سىڭلىڭلارنى ئېلىپ كەلسەڭلار بولمامدۇ؟ يازدا كېلىپ باغ ـ ۋارانلاردىن مېۋە ـ چېۋىلەردىن يەپ، يازنىڭ تەمىنى تېتىپ كەتسە بولمامدۇ؟ ـ دەپ سوئال قوياتتى. بالىلار ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاپىسىغا بۇ گەپنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا ئاپىسى ئامىنە بىر قىزىرىپ، بىر كۈلۈپ: بالىلىرىم بۇمۇ ياخشى گەپ بولۇپتۇ، ھازىرچە سىلەر

ئوقۇشنى ياخشى ئوقۇۋېلىڭلار! ئوقۇشۇڭلار تۈگىگەندە، مەن سىلەر بىلەن بىرىپ ئاتا - ئانامنى يوقلىغاچ، سىلەرنىڭ ئۆيلەرنىمۇ كۆرۈپ كېلىمەن! يېزىنىڭ ھاۋاسىنى، مېۋە - چېۋىلىرىنى بەكمۇ سېغىندىم دېگەن ئىدى.

ئابدۇللا بىلەن ئابدۇكېرىمنىڭ ئوقۇشىنىڭ پۈتۈشىگە بىر نەچچە ئاي ۋاقىت قالغان ئىدى. «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە بۇرنى»قاناپتۇ دېگەندەك، يېتىملارنىڭ ئۈچ يىللىق ئوقۇشىنىڭ ئاخىرقى ئايلىرىغا كەلگەندە ئۇلارنى يەنە بالا - قازا ئىزدەپ تاپتى. بۇ 2017 - يىلى ئەتىيازدىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا چوڭ تۇتقۇن ئېلىپ بېرىشىنىڭ باشلانغان مەزگىلى ئىدى. ئابدۇللا 2017 - يىلى 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى دەرس ئوقۇۋاتقان سىنىپىدىنلا تۇتقۇلۇق قىلىندى. ئاشپەزلىك كەسپىدە ئوقۇغان ئابدۇكېرىم بولسا ئۈچتۇرپاندا پىراكتىكا قىلىۋاتقان بولۇپ، ئابدۇللادىن بىر كۈن كېيىن يەنى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى پىراكتىكا قىلىۋاتقان ئاشخانىسىدىن تۇتقۇن قىلىندى ۋە ئۈچتۇرپاندىكى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئېلىپ كېتىلدى.

ئابدۇللا ۋە ئابدۇكېرىم ئۆزلىرىنىڭ نېمە گۇناھ قىلغانلىقىنى؟ نېمە ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى بىلمەيتى. ئۇلار تۇتۇلۇپ بىر كۈندىن كېيىنلا سوراققا ئېلىپ چىقىلدى:

– مەسىلەڭنى تاپشۇر! - دەپ ۋارقىرىدى سوراقچى

– نېمە مەسىلەمنى تاپشۇرىمەن؟ - سورىدى ئابدۇللا تېڭىرقاپ،

– سەن بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن تەبلىغ ئاڭلاپسەن - دېدى سوراقچى قاپىقىنى تۈرۈپ،

– ئىسپاتىڭلار بارمۇ؟ -دەپ، يەنە سورىدى ئابدۇللا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي.

– بار، مانا بۇ يانفونىدا سەن تەبلىغ ئاڭلاپسەن - دەپ، ئابدۇللانىڭ يانفونىدىن سۈزۈۋېلىنغان، بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن

يۇرتى ئۈچتۇرپاننىڭ ئىماملىرىم يېزىسىدىكى ئاشخانىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقتىدا، نامەلۇم بىرسىدىن ئەۋەتىلگەن، ئابدۇللا ئۇقۇشماستىن ئىچىپ قويغان تەبلىغ لېنتىسىنى قويۇپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇللا:

– مەن ئۇنى ئۇقۇشماستىن ئىچىپ قويۇپتىكەنمەن. ئەمما رەسمىي باشتىن - ئاخىرغىچە ئاڭلىمىغان ئىدىم. مېنى كەچۈرۈۋېتىڭلار! - دېدى ئۇلاردىن رەھىم - شەپقەت كۈتكەندەك تەلمۈرۈپ،

– بولمايدۇ،بولمايدۇ! تەبلىغ ئاڭلاش مۇقىملىقىا، دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشتۇر! ئاشقۇنلۇقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

– ئەمما مەن ئۇنى ئۇقۇشماي ئىچىپ قويۇپتىكەنمەن. ئۇكام ئابدۇكېرىم كۆرمىگەن ئىدى -دېدى ئابدۇللا ئىنىسى ئابدۇكېرىمنى قوغداپ قالماقچى بولۇپ.

– يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن. بىز ساڭا ئىشەنمەيمىز! يانفۇننى ئىككىڭ بىللە ئىشلەتكەن، بۇ ئاۋاز خاتىرىسىدىن ئېنىق چىقىپ تۇرۇپتۇ - دەپ، ئابدۇكېرىمنىڭ بۇ يانفوندا باشقىلار بىلەن گەپلەشكەن ئاۋاز خاتىرىسىنى قويۇپ كۆرسەتتى.

ئابدۇكېرىم ئۈچتۇرپان ئىماملىرىمدىكى پىراكتىكا قىلىۋاتقان ئاشخانىدىن تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇمۇ ئاكىسى ئابدۇللاغا ئوخشاش ئەتىسىلا سوراققا تارتىلدى. ئۇنىڭغىمۇ ئاۋۋال «تەبلىغ ئاڭلىغان» دېگەن تۆھمەت ئارتىلدى. ئارقىدىن قىيىن -قىستاققا ئېلىنىش ئارقىلىق مەجبۇرى ئىقرار قىلدۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭغا: «سەن بۇ جىنايىتىڭ ئۈچۈن قايتا تەربىيەلىنىپ، ئىدىيىڭنى ئۆزگەرتىشىڭ كېرەك!»دەپ، ئابدۇكېرىمنى دەسلەپ ئۈچ تۇرپاندىكى بىر لاگېرغا قاماپ، نېمىشقىكىن بىر ئايدىن كېيىن ئۈرۈمچىدىكى بىر لاگېرغا يۆتكەپ كېتىشتى.

ئابدۇرېھىمجان ئوغۇللىرىنىڭ ئوقۇش پۇتتۇرۇپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. تەتىل ۋاقتىمۇ توشتى. ئەمما ئابدۇللا ۋە ئابدۇكېرىمدىن خەۋەر يوق ئىدى. يانفونمۇ ئۇلانماس بولۇپ قالغان ئىدى. ئابدۇرېھىمجان نېمە ئىش بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇقالماي جىلە بولۇپ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ چاقلىق ئورۇندۇقىغا ئولتۇرۇپ كەنت ئىشخانىسىغا كەلدى. ئىشخانىدا كەنت سېكرېتارى تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقان ئىكەن، ئۇ بىردەم ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن سېكرېتار سۆزىنى تۈگىتىپ، ئابدۇرېھىمجانغا قارىدى ۋە ئۇنىڭدىن بىر ئىش بىلەن كەلگەنمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئابدۇرېھىمجان كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا: مېنىڭ بالىلىرىم نەدە؟ - دەپ سورىدى. ئۇنىڭ سوئالىدىن سېكرېتار ھەيران قېلىپ، ئوغۇللىرىڭىز قايتىپ كەلمىدىمۇ؟ - دەپ قايتۇرۇپ سورىدى. ئابدۇرېھىمجان: ئابدۇكېرىم قايتىپ كەلگەن، ئەمما كېيىن يوقاپ كەتتى -دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، سېكرېتار خىيال قىلىپ تۇرۇپ كەتتى - دە، مەن سۈرۈشتۈرۈپ باقاي -دەپ، يېزا ساقچىسخانىسىغا تېلېفون قىلدى. تېلېفوننى ئالغان ساقچى كومپيۇتېرغا قاراپ، ئۇچتۇرپان تەۋەسىدىن تۇتۇلغان نەچچە ئون مىڭ ئادەمنىڭ تىزىملىكىنى بىردىن - بىردىن ئاختۇرۇپ نەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇللا ۋە ئابدۇكېرىمنىڭ تۇتۇلۇپ، «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە يوللانغانلىقىنى، ئابدۇللانىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، ئابدۇكېرىمنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى لاگېردىن باشقا بىر يەرگە يۆتكەپ كېتىلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇرېھىمجاننىڭ بېشى قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، چاقلىق غالتىلىكىدىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. ئۇ سېكرېتاردىن باللارنىڭ نەدىلىكىنى تېپىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. سېكرېتار ئابدۇرېھىمجانغا ئىچ ئاغرىتىپ ئىزدەپ بېقىشقا ۋەدە بەردى. ئابدۇرېھىمجان نائىلاج ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

ئابدۇرېھىمجان ھازىر ھېچقانداق بىر قارىغۇچىسى يوق ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدى. كەنتنىڭ مېيىپلارغا بېرىدىغان ئازغىنە قۇتقۇزۇش پۇلىغا تايىنىپ، بىر كۈن توق، بىر كۈن ئاچ ياشايتتى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك كەنت مەركىزىگە كېلىپ، كەنت ئىشخانىسى ئالدىدا سېكرىتارغا: مېنىڭ بالىلىرىم نەدە؟ دەپ يىلىناتتى. ئەمما ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمەي بېشىنى ساڭگىلاتقانچە كەچتە ئۆيىگە قايتىپ كېلەتتى.

ئامىنە ئابدۇللا ۋە ئابدۇكېرىمنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ۋاقتىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇ ئالدىنقى قېتىم بالىلىرىنى يوقلاپ كەلگەندە كىچىك ئوغلى ئابدۇكېرىمنىڭ پىراكتىكا ئۈچۈن ئۈچتۇرپانغا كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ئابدۇللا ئۈرۈمچىدىكى مەكتىپىدە يەنىلا ئوقۇۋاتاتتى. بالىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئانىسىنى يوقلاپ كېلىشكە ۋەدە بېرىشكەن ئىدى. ئەمما ئۇلار كەلمىگەندىن كېيىن ئۆزى ئىزدەپ مەكتەپكە كەلدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلارغا يېلىنىپ يۈرۈپ، ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە كۈن مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنى مۇئاۋىن مۇدىر دېگەن بىر كىشى ئۇنىڭغا: ئابدۇللانىڭ يانفوندىن چاتاپ چىققانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلۇپ، «كەسىپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئابدۇكېرىمنى سورىۋىدى، بىزنىڭ ئۇنىڭدىن خەۋىرىمىز يوق - دېدى. بۇ خەۋەر ئامىنەنى بەكمۇ بىئارام قىلغان ئىدى. ئۇ يىغلىدى، قاقشىدى، ئەمما، نېمە قىلىشنى، بالىلىرىنى نەدىن ئىزدەشنى بىلەلمەي، يۈرىكىنىڭ بىر تەرىپىگە پىچاق تىقىۋېتىلگەندەك ئازاب ئىچىدە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

ئامىنە ئۆزىنى تۇتۇۋالمىسا بولمايتتى. قىزى تېخى كىچىك ئىدى. كېيىن تەگكەن ئېرى بىر ئاددىي تىجارەتچى بولۇپ، ئۇنىڭمۇ بۇ ئىشقا بىر چارە تاپالىشى ناتايىن ئىدى. ئامىنە بوش ۋاقىت چىقسىلا بالىلىرىنى ئىزدەشنى توختىتىپ قويمىدى. بالىلارنىڭ مۇشۇ شەھەردە ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇ بىر نەچچە قېتىم ساقچى ئىدارىسىغا

بېرىپ، بالىلىرىنى سۈرۈشتە قىلدى. ئەمما، ھېچكىمدىن جاۋاب ئالالمىدى. ئۇ بارغان يەرنىڭ ھەممىسىدىلا ساقچىلار: ئۇ بىزنىڭ دائىرىمىزدە ئەمەس ئىكەن، ئۇنى بىز بىلمەيمىز، ئۆز دائىرىسىدىن سوراڭ - دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئامىنە بالىلىرىنى ئىزدەشتىن زېرىكمىدى. ئاخىرى ئۇ بالىلىرى ئوقۇغان مەكتەپكە يېقىن بىر يەردىكى ساقچى پونكىتىدىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، بالىلىرىنىڭ «كەسپىي قائىدە تەربىيەلەش تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى بىلدى. ئەمما، ئۇلارمۇ بالىلارنىڭ نەدىلىكىنى دەپ بېرەلمىدى. ئۇ ئەمدىلا يېشى 15 - 16 كىرگەن سەبىيلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن لاگېردا تەربىيەلىنىشى كېرەكلىكىنى چۈشەنمەيتى. شۇنداقلا ئۇ لاگېرنىڭ قانداق بىر جاي ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتى. ئەمما ئۇ شۇنداق ئويلايتتى: «نېمىشقا ئۇ يەرگە بارغىلى بولمايدۇ؟ نېمىشقا ئۇ يەردىكىلەر ئاتا -ئانىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈلمەيدۇ؟ نېمىشقا ئۇ يەر مەخپىي تۇتۇلىدۇ؟» دەپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى. ئەمما ئۇ ئۇنىڭ جاۋابىنى تاپالمىدى.

ئابدۇللا ۋە ئابدۇكېرىم لاگېرغا سولانغاندىن كېيىن، نۇرغۇن قىيىن - قىستاق ۋە جاپا مۇشەققەتتە ئىككى يىلنى توشقۇزغان ئىدى. ئۇلار: ئۆزلىرىنىڭ لاگېردىن قويۇپ بېرىلسە، يەنە ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە تۈگىتىپ، يۇرتى ئۈچتۇرپانغا قايتىپ، بىرەر يەردىن ئىش تېپىپ ئىشلەپ، ئانىسىغا ھەمراھ بولۇپ ياشاشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما، ئۇلار بۇ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى بىلمەيتى. مانا ئىككى يىلمۇ توشتى. ئۇلار قويۇپ بېرىلىشىنىڭ ئورنىغا، ئۇلارغا يېپىق سوت ئېچىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش كەلدى. سوتقا ھېچقانداق ئاقلىغۇچى ئادۋوكات تەكلىپ قىلىنمىغان ئىدى. سوتتا ئۇلارغا: «قانۇنسىز ئۆن - سىن بۇيۇملىرى ئاڭلىغان»دېگەن جىنايەت ئارتىلىپ، بەش يىللىقتىن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى ۋە دەرھال تۈرمىگە يۆتكەپ كېتىلدى.

ئابدۇرېھىمجان ئىككى يىلدىن بۇيان ھەر كۈنى كەنت

مەركىزىگە كېلىپ، كەنت كادىرى ۋە ساقچىلىرىدىن: مېنىڭ بالىلىرىم نەدە؟ - دەپ سورايتى. ئەمما ھېچ بىر جاۋاب ئالالمايتى. ئۇ بۇ ئىشتىن قىلچىمۇ زېرىكمىدى. ئۇ ھامان بىر كۈنى بالىلىرىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتاتتى. نېمە دېگىنىنى بىلمەيدىغان، ئۆيلىغانلىرىنى دېيەلمەيدىغان، قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان كەنت ئىشخانىسى ئالدىدا كۆرۈنمىگەندىن كېيىن كادىرلار ئابدۇرېھىمجاندىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇنى ئۆيىگە ئىزدەپ كېلىشتى. ئۇ ھوشسىز ھالدا ياتاتتى. كۆزى تېخى تولۇق يۇمۇلۇپ كەتمىگەن ئىدى. سېكرېتار: ئابدۇرېھىمجان دەپ چاقىرىۋىدى، ئۇ لاپپىدە كۆزىنى ئېچىپ، بوش ئاۋازدا: سېكرېتار، مېنىڭ بالىلىرىم نەدە؟ - دېدى - دە، قايتا كۆزىنى ئاچالمىدى.

# ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئىدى

ئابدۇراخمان توختى 1989 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاقسۇ شەھىرى بەشتۈگمەن يېزىسىنىڭ يېڭى ئۆستەڭ كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بىر ئائىلىدىكى بەش قېرىنداشنىڭ ئوتتۇرانچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى دېھقان بولۇپ، 2000 مودىن كۆپرەك تېرىلغۇ يېرى ۋە باغۋارانلىرى بار ئىدى. شۇنداقلا ئۇلار دېھقانچىلىقتىن باشقا يەنە قوشۇمچە يەل - يېمىش ۋە ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئابدۇراخمان توختى ئىككى ئاكىسى ۋە ئىككى سىڭلىسى بىلەن چوڭ بىر قورۇدا بىللە ياشايتى. ئۇلارنىڭ بۇ چوڭ ھويلىسى شۇنداق ئاۋات ئىدىكى، توختى مەمەت بوۋاي بىلەن ئاينۇرخان موماينىڭ ئون تۆت نەۋرىسى بۇ قورۇنى خۇددى بىر كىچىك بازاردەك ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولدۇرۇپ بەكلا ئاۋاتلاشتۇرىۋاتقان ئىدى. بوۋاي مومايلار بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى. ئوغۇل بالىسى ۋە نەۋرىلەر بىلەن بىللە ياشاش بەش تۈگمەنلىكلەرنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادىتى بولۇپ، قىزلار ياتلىق بولۇپ تالالىق قىلىنىسىمۇ، ئەمما ئوغۇل بالىلار ئاساسەن چوڭ ھويلىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىدا بىللە ياشايتى. بۇنداق ئادەت چوڭلارنى يالغۇز تاشلاپ قويماسلىق ئۈچۈن بولۇپ، پەرزەنتلەرنىڭ ۋاپادارلىق بۇرچىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

ئابدۇراخمان توختى كىچىكىدىن ئائىلىسىدە دىنى جەھەتتىن تەربىيەلەنگەن ئىدى. ئۇ پەننى مەكتەپتە تولۇقسىزغىچە ئوقۇغان بولسىمۇ، قوشۇمچە ئائىلىسىدە دادىسىدىن قۇرئان ئوقۇشنى

ئۆگەنگەن ۋە قۇرئاندىن بىر قانچە پارىنى يادلاپ، قىرائەت قىلالايدىغان دەرىجىگە يەتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدا دىنى بىلىملەردە ئىچكىرىلەپ ئوقۇش ياكى چەت ئەللەردە ئوقۇش ئارزۇسى شەكىللەنگەن ئىدى. ئەمما ئۇ بىر دېھقاننىڭ بالىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنداق ئىشلار ئۇنىڭغا بىر چۈشتەك بىلىنەتتى. چۈنكى، ئۇيغۇرلاردا -بولۇپمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىدا پاسپورت بولمايتى. بىر دېھقان بالىسىنىڭ پاسپورتقا ئىلتىماس قىلىشى خۇددى تاغنى تەۋرەتكەندەك بىر ئىش ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن تونۇشتۇرۇش، ھۆججەت - ئىسپات كېرەك بولۇپلا قالماي يەنە ئۇ ئادەمنىڭ نەچچە ئەۋلاد ئارقا كۆرۈنۈشى، ھۆكۈمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيەسى قاتارلىقلار كېرەك بولاتتى. ئەمما ئابدۇراخمان ئۇ نەرسىلەردىن تەييار قىلىپمۇ پاسپورت ئالالمىدى. ئۇنىڭغا بىردىن - بىر چارە پاسپورتنى قاراڭغۇ بازاردىن سېتىۋېلىش ئىدى. ئۇ ئاخىرى نۇرغۇن پۇل خەجلەپ قاراڭغۇ بازاردىن ئارىچىلارغا پارا بېرىش ئارقىلىق پاسپورت سېتىۋالدى.

ئابدۇراخمان توختى 2013 - يىلى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرەگە يېتىپ كەلدى. دۇنيا ساياھەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان قاھىرە شەھىرىنىڭ شۇنچە ئاۋاتلىقى ۋە چوڭلۇقى ئۇنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى. مەسچىتلەرنىڭ مۇنارلىرىدىن كۈنلۈك بەش قېتىم ئاڭلىنىدىغان ئۇنلۇك ئەزان ساداسى ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكەن ئىدى. ئۇ مۇنداق ئويلارغا پاتتى: «ھەي، ئىنسانىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى بولسا، نېمىدېگەن ياخشى - ھە، مانا! مىسىرلىقلارنىڭ ئۆزىنىڭ دۆلىتى بولغاچقا، بۇ يەردە ھەممە نېمە باشقىچە ئىكەن. ئادەملەر چەكسىز ئەركىنلىككە ئىگە ئىكەن. كىم نېمە دەيدۇ - دېمەيدۇ، كىم ناماز ئوقۇيدۇ - ئوقۇمايدۇ، ھېچكىم چەكلىمە ۋە بېسىمغا ئۇچرىمايدىكەن. كىشىلەر خالىغان مەكتەپكە كىرىپ، خالىغان

كەسىپتە ئوقۇيالايدىكەن. خالىغان يەردە تۇرالايدىكەن. خالىغان دۆلەتلەرگە ساياھەتكە چىقالايدىكەن. خالىغان پارتىيە - گۇرۇھلارنى قۇرالايدىكەن ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشالايدىكەن. بۇ نېمە دېگەن ياخشى - ھە، بىز ئۇيغۇرلارنىڭمۇ مۇستەقىل دۆلىتىمىز بولغان بولسا، بىزمۇ مىسىرلىقلاردەك مۇشۇنداق ئەركىن - ئازادە ياشىغان بولار ئىكەنمىز! ھازىرقىدەك تۈرلۈك - تۈمەن چەكلىمىلەرگە ئۇچرىمىغان ۋە قەپەس ئىچىدىكى قۇشتەك بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغان بولاتتىكەنمىز - ھە. ھەي ئىست! نېمىشقا بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز مۇستەقىل دۆلىتىمىزنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان بولغىيدى، ھەتتىڭگەي!»

ئابدۇراخمان توختى مىسىردا بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال مىسىردىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن بولۇشى كېرەك ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ: ئۇيان ئويلا، بۇيان ئويلا، ئۆزىنىڭ يېشىنىڭمۇ چوڭىيىپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھازىرچە ئوقۇشتىن ۋاز كېچىپ، ئاۋۋال توي قىلىپ، بېشىنى ئوڭشىۋېلىشنى قارار قىلدى - دە، 2013 - يىلى 10 - ئايدا تۈركىيەگە كەلدى. ئۇ تۈركىيەدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىغا تېلېفون قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆيلەنگۈسى بارلىقىنى ئېيتتى. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا يۇرتقا قايتىپ كېلىشنى، مۇشۇ يەردە توي قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقاندا، بۇ ئاتا - ئانىسىغا: دادا، ئاپا، مەن سىلەرنى چۈشىنىمەن! مېنىڭمۇ سىلەرنى ئىنتايىن كۆرگۈم كەلدى. ئەمما مەن ھازىرچە تۈركىيەدە بىر مەزگىل ئوقۇش ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانماقچى، شۇڭا مەندىن خاپا بولمىغايسىلەر! مەن ھامان بىر كۈنى سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا بېرىپ خىزمىتىڭلارنى قىلىمەن- دەپ، ئاتا - ئانىسىنى بەكمۇ تەستە قايىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغلىغا رازىلىق بىلدۈرۈپ: بولۇپتۇ بالام! ساڭا بىز مۇشۇ يۇرتىمىزدىن بىر قىز چىقىرىپ بېرەيلى - دەپ، ئۇزاق قالماي ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

2014 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۇ ئۆمرىدىكى ئەڭ بەختلىك كۈننى ئۆتكۈزۈشكە مۇيەسسەر بولدى. ئۇ بۇرۇندىن تونۇيدىغان، پەرىدە دېگەن چىرايلىق قىز بىلەن ئىككى تەرەپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كېلىشىشى بىلەن مەھەللىسىدە چوڭلارنىڭ قاتنىششى بىلەن توي قىلدى. ئۇنىڭغىچە ئابدۇراخماننىڭ يول كۆرستىشى بىلەن قاراڭغۇ بازاردىن پاسپورت سېتىۋېلىپ، پەرىدەنى تۈركىيەگە يولغا سالدى. ئابدۇراخمان پەرىدەنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئايرودۇرۇمغا چىققان ئىدى. چىقىش ئىشىكىدە پەرىدەنى كۈتۈۋاتاتتى. ئاخىرى كۈتكەن ۋاقىتمۇ كەلدى. پەرىدە بىر چامادانىنى سۆرەپ چىققاندا ئابدۇراخماننىڭ يۈرىكى هاياجاندىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. كۆز ئالدىدا بىر گۈزەل پەرىزات تۇراتتى. ئابدۇراخمان بىر تەرەپتىن خۇشاللىقتىن هاياجانلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن پەرىدەگە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ بىر ئىشقا خىجىل بولۇۋاتقان كىچىك بالىدەك هېسسىياتقا كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇ ناهايىتى تەستە ئېغىز ئېچىپ: ياخشىمۇ سىز، تىنچ ئامان كەلدىڭىزمۇ؟ ـ دېيەلىدى. ئابدۇراخمان پەرىدەنىڭ كىچىكىدىن تونىسىمۇ، ئەمما يۈز تۇرانە گەپلىشىپ باقمىغان ئىدى. پەرىدە هازىر بوي تارتىپ، زىلۋالىشىپ، قاش ـ كىرپىك چىقىرىپ باشقىچە چىرايلىق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ تېرىسى ئاپئاق ۋە يۈزى يۇملاقىراق كەلگەن بولۇپ، قىزىرىپ تۇرىدىغان زىڭاقلىرى ئۇنى ئەمدىلا پىشىۋاتقان بىر قىزىل ئالمىغا ئوخشىتىپ قويغان ئىدى.

ئابدۇراخمان پەرىدەنى بىر يۇرتلۇق تونۇشىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ئابدۇراخماننىڭ تەلىپى بىلەن بۈگۈن بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ نىكاھ چېيىنى قىلىپ بېرىشكە قوشۇلغان ئىدى. چاقىرىدىغان مېهمانلارمۇ كەلدى. نىكاھ ئوقۇتىدىغان موللاملارمۇ، تەكلىپ قىلىنغان مېهمانلارمۇ يېتىپ كەلگەن ئىدى. داستىخان تارتىلىپ مېهمانلار بىرەر قۇر غىزالانغاندىن كېيىن، نىكاھ ئوقۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇراخمان بىلەن پەرىدە ئىناق ئەر ـ

خوتۇنلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇزاق قالماي، پەرىدە ھامىلىدار بولدى. بۇنىڭدىن ئابدۇراخمان ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئاللاھقا ھەمدە سانالار ئېيتىپ دۇئا قىلدى. پەرىدە توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن 2014 - يىلى 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ساق - سالامەت يەڭگىدى. بالا ئوغۇل ئىدى. ئابدۇراخمان ئۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ئوغلىغا: «ئابدۇل ئېزىز»دەپ ئىسىم قويدى. كېيىنكى يىلى پەرىدە يەنە ھامىلىدار بولۇپ، 2016 - ئالتىنچى يىلى 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يەنە يەنە بىر پەرزەنت كۆردى. ئىككىنچى پەرزەنتى قىز ئىدى. ئۇنىڭغا نادىرە دېگەن ئىسىم قويۇلدى.

بۇ قېتىم پەرىدە يەڭگىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئانىسى - ئائىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاتايىتەن تۈركىيەگە كەلگەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن پەرىدە ئانىسىنىڭ يېنىدا بولغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. كۆيۈمچان ئانا نەۋرىسى ئۈچ ئايلىق بولغۇچە ئاش - تاماق ئېتىپ، قىزىنىڭ تۇغۇتتىن كېيىنكى سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن كۆپ جاپالارنى چەكتى. ئۇ جاپاكەش ئانىنىڭ قارىشىچە، بۇلار تېخى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئۇ: نەۋرىلىرىم ئۈچ -تۆت ياشلارغا كىرگىچە بېقىشىپ بەرسەم دەپ ئويلايتتى. پەرىدەنىڭ: بولدى قىل ئانا، مەن باللارنى ئۆزۈم باقىمەن دېگىنىگە ئۇنىمايتتى. پەرىدەنىڭ تۇغۇتىغا ئۈچ ئايمۇ بولۇپ قالدى. ئانىسى ۋەتەنگە قايتىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ۋىزىسىنىڭ تۇرۇش مۇددىتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. ئابدۇراخماننىڭ ۋەتەندىكى ئاتا - ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى نەۋرىلىرىمىزنى بىر كۆرسەك دەپ تەلەپ قىلىشماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەرىدە ئانىسى بىلەن بىللە ۋەتەنگە قايتىپ، باللارنى ۋەتەندە قالغان بوۋا - مومىلىرى ۋە تۇغقانلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈپ كەلمەكچى بولدى. ئابدۇراخماننىڭ شۇنداق بارغۇسى بولسىمۇ، ئەمما تۈركىيەدە قىلىدىغان بەزى ئىشلارغا تارتىنىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ

پاسپورتىنى قاراڭغۇ بازاردىن سېتىۋالغان بولغاچقا، بىرەر چاتىقى چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. ئۇلار ئۆز - ئارا مەسلىھەتلىشىپ، بىر پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن، پەرىدە ئىككى بالىسىنى ئېلىپ، ئانىسى بىلەن ۋەتەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

پەرىدە ئىستانبۇلدىن كەچتە يولغا چىقىپ، ئەتىسى ئۈرۈمچىگە تىنىچ - ئامان يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچىدىن ئابدۇراخمانغا تېلېفون قىلىپ، ئۆزىنىڭ تىنىچ - ئامان يېتىپ كەلگەنلىكىنى، كەچتە پويىز بىلەن ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ئىدى. پەرىدە ئاقسۇغا يېتىپ بېرىپ، ئارانلا بىر كۈن چوڭلار بىلەن يۈز تۇرانە كۆرۈشۈپ، دىدار غەنىمەت كۈنىنى ئۆتكۈزەلىدى. چوڭلار بولۇپمۇ ئابدۇراخماننىڭ ئاتا - ئانىسى ئوماق نەۋرىلىرىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بولغان ئىدى. ئەپسۇس بۇ خۇشاللىق كۈن ئۇزاققا بارمىدى.

پەرىدە ئاقسۇ - ئۈچتۇرپانغا كېلىپ بىر كۈن ئۆتۈپلا، بەش تۆگمەن يېزىلىق ساقچى كومىتېتىدىن تۆت ساقچى كېلىپ، پەرىدەنىڭ كىملىك، تۇرۇش رۇخستى، پاسپورت دېگەندەك ھەممە ھۆججەتلىرىنى تارتىۋالدى. ئارقىدىن تۈركىيەگە بېرىش سەۋەبى ۋە كېلىش سەۋەبىنى، تۈركىيەدە نېمە ئىش قىلغانلىقى، كىملەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكى قاتارلىق بىر قاتار سوئاللارنى سوراپ، نەچچە كۈن، نەچچە سائەت ئاۋارە قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېيىشتى : «سېنىڭ بۈگۈندىن باشلاپ ئۆيدىن سىرتقا چىقىشىڭغا، چەتئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىشىڭغا بولمايدۇ. ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيسەن، ھېچكىمگە تېلېفون قىلمايسەن، بىز يەنە بىر نەچچە كۈننىڭ ئىچىدە سېنىڭ بىلەن قايتا كۆرۈشكىلى كېلىمىز! سەن ھازىردىن باشلاپ نازارەتكە ئېلىنىدىڭ، ھەر بىر ھەرىكىتىڭ ۋە قىلىدىغان ئىشىڭدىن بىزگە خەۋەر بېرىپ تۇرۇشىڭ كېرەك!»

پەرىدە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېلىۋاتاتتى. ئۇ ساقچىلار

تەرىپىدىن نازارەتكە ئېلىنىپ، ئۆيدىن تالاغا چىقالماس قىلىپ قويۇلغان ئىدى. پەردىدىن بىر ھەپتىگىچە تېلېفون كەلمىگەندىن كېيىن، ئابدۇراخمان ئەنسىزلىك ئىچىدە چوڭ ئۆيگە تېلېفون قىلىۋىدى، چوڭلارمۇ ھودۇقۇپ تۇرۇپ: بالام! بىز تىنچلىق - ئامانلىق، بىزدىن ئەنسىرىمە! ئەمما ئىشلار چاتاق تۇرىدۇ، بىز ساڭا ھەممە گەپنى دېيەلمەيمىز. ئەمدى سەن ئۇلارنى بىر مەزگىل ئىزدىمە! بىزمۇ بىر قانچە قېتىم تەكشۈرۈلدۇق، سېنىڭ تۈركىيەدە بولۇشۇڭ بىزگە ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كەلدى. سەن ئۇ يەردە نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانسەن ئوغلۇم! كەلسە - كەلمەس ئىشلارغا ئارىلاشما! بولمىسا بىزگە چوڭ ئاۋارىچىلىك بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇ چاغدا بىز سەن بىلەن يەنە كۆرۈشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن!- دېدى.

ئابدۇراخماننىڭ ئاتا - ئانىسىغا نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ مەن ئۇنداق قىلمىدىم، مۇنداق قىلمىدىم، دېسۇنمۇ؟ ئەمما،نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمايتتى. ئابدۇراخماننىڭ ئاتا - ئانىسى ھازىرغىچە: «بالىمىز ئوقۇش ئۈچۈن مىسىرغا كەتكەن، ھازىر تۈركىيەدە تىجارەت قىلىۋاتىدۇ»دەپ چۈشىنەتتى. شۇڭلاشقا، ئوغلىنى ھۆكۈمەتنىڭ چىشىغا تېگىدىغان بىرەر ئىش قىلمايدۇ - دەپ ئويلايتتى، ئەمما نېمىشقىكىن ھۆكۈمەت ساقچىلىرى كېلىپ ئۇلارغا: ئوغلۇڭلار قايتىپ كېلىشى كېرەك! سىڭگەن نېنىنى يەپ، جىم يۈرۈشى كېرەك! ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، بىز ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ ھەممىڭلارنى قوشۇپ، بىللە جازالايمىز - دەپ قورقۇتقان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە توختى ئەمەت ئائىلىسى دىنىي ئېتىقادى چىڭ، ھەممىسىلا قۇرئان ساۋاتلىق، بەشۋاق نامازنى تاشلىمايدىغان، مۆمىن كىشىلەر ئىدى. ئابدۇراخماننىڭ چوڭ ئىككى ئاكىسى ۋە سىڭىللىرىمۇ قۇرئان ئوقۇيالايتتى. ناماز ئوقۇيتتى ۋە ساقال قويۇپ، ياغلىق ئارتىپ، قويۇق دىنىي مۇھىت ئىچىدە ياشايتتى. ھەتتا توختى مەمەتنىڭ چوڭ نەۋرىسى ئابدۇللا زامان شارائىتىغا بېقىپ،

ختاي مەكتىپىدە ئوقۇغان بولسىمۇ، توختى مەمەت نەۋرىسىنىڭ ئۆزى بىر قوللۇق قۇرئان ساۋاتىنى چىقارغان ئىدى. باللار ۋە نەۋرىلەرنى قۇرئان ساۋاتلىق قىلىش توختى ئەمەتنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن بۇ ئائىلىگە قالغان ئۇدۇم ئىدى.

ئابدۇراخماننىڭ ئىچى تىتىلداشقا باشلىدى. چوڭلارغا تېلېفون قىلسا ئۇلار: ئەسسالامۇئەلەيكۇم دېگەنگە ـ ياخشى، تىنچلىقمۇ؟ دېگەنگە ـ ھە-ئە دەپلا جاۋاب بېرەتتى ھەمدە: بالام بىزدىن ئەنسىرىمە! بىزگە تېلېفون قىلما! دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتكىلى ئالدىرايتتى. ئايالى ۋە باللىرىنى سورىسا، ئۇلار بار، ئەندىشە قىلما دەيتى ـ يۇ، ئەمما كۆرۈشۈشكە چاقىرمايتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىگەن ئابدۇراخمان گاڭگىراپ قالماقتا ئىدى. پەرىدەگە نېمە ئىش بولۇپ كەتكەندۇ؟ پاسپورتىدىن چاتاق چىققانمىدۇ؟ چوقۇم شۇنداق بولدى ـ دەپ ئويلىدى ئابدۇراخمان. چۈنكى، پەرىدەنىڭ پاسپورتىمۇ ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش قاراڭغۇ بازاردىن سېتىۋېلىنغان پاسپورت ئىدى. ئەگەر بۇ ئىش بىلىنىپ قالسا پەرىدەنىڭ جازالىنىشى ئۈچۈن توقۇناق باھانە بولۇپ بېرەتتى. ئابدۇراخمان غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئولتۇرغانچە خىيالغا كەتتى: «بۇ دۇنيادا ئالاھىدە ئادالەت دېگەن نەرسە بارمۇ؟ ئىنسان ھەقلىرى دېگەن نەرسە بارمۇ؟ بار بولسا نەدە بار؟ مېنىڭ يۇرتۇمدا بارمۇ؟ بىر ئىنساندا ئەقەللى بولۇشقا تېگىشلىك پاسپورت دېگەن نېمىنىمۇ بىز ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن ئالالمىساق، ئۇ بولمىغاچقا چەتئەللەرگە سایاھەتكە چىقالمىساق، بىز قەپەسگە سولانغان قۇشقا ئوخشاپ قالدۇق دېگەن گەپتە، ئەگەردە مېنىڭ پاسپورتۇم تۈز يول بىلەن ۋە ھەق ـ ھوقۇقۇم بويىچە بېرىلگەن بولسا، مەنمۇ يۇرتىمىزغا بېرىپ، ياشانغان ئاتا ـ ئانام بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ كەلمەمدىم؟ مانا ئەمدى مېنىڭ بېشىمغا كېلىشكە تېگىشلىك ئىش ـ ئايالىمنىڭ بېشىغا كەلدىمۇ نېمە؟ ئۇنىڭ پاسپورتىمۇ تۈز يول بويىچە بېرىلمىگەچكە، قاچاق يول بىلەن سېتىۋېلىنغان ئىدى. ھەي ئىست، شور پېشانىلىكىمىز!

ئەمدى ئاياللىرىم ۋە بالىلىرىم تۈركىيەگە قايتىپ كېلەلمىسە قانداقمۇ قىلارمەن؟ ئۇلارنى ئۇ يەردە ئاتا - ئانىسىز بېقىشقا مەجبۇر قالارمۇ؟ ئەگەر ئاياللىرىم جازالىنىپ كېتىپ قالسىچۇ؟ سەبىي بالىلاردا نېمە گۇناھ؟ ئۇلار ئۇيغۇرنىڭ بالىلىرى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن تىرىك يېتىملىك تەقدىرىگە دۇچار بولارمۇ؟ ھەي، ئىلاھىم! بالىلىرىمنى پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، ئامىن!»

ئابدۇراخمان ئۆتكەن قېتىم قىلغان تېلېفوننىڭ ئەڭ ئاخىرقى تېلېفونىدا كۆرۈشۈش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېچ ئويلىمىغان ئويلىمىغان ئىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى قېتىم قىلغان تېلېفونلىرى قەتئىي ئۇلانماس بولدى. ئۇ ئاتا - ئانىسىغا تېلېفون قىلسا: كەچۈرۈڭ، بۇنداق نومۇر مەۋجۇت ئەمەس! دېگەن ئاپتوماتىك قالدۇرۇپ قويۇلغان ئاۋاز كېلەتتى. مانا ئۈچ ئايمۇ ئۆتتى. ئايالى پەرىدەنىڭ: بالىلىرىمنى ئېلىپ، ئۇزاق قالماي قايتىپ كېلىمەن ! - دېگەن مۇددەت ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنىڭ ئاتا - ئانا ۋە بارلىق ئۇرۇق -تۇغقانلىرى قۇدۇققا چۈشكەن پاقىدەك يوقاپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار نەگە كەتكەندۇ؟- دەپ ئويلايتى ئۇ. ئۆزىنىڭ 21 - ئەسىردىن ئىبارەت ئۇچۇر دۇنياسىدا ياشاۋېتىپمۇ ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلىشالمىغانلىقىدىن كۆڭلى ئىنتايىن غەش بولاتتى. كىمدىنلا سورىسا ئوخشاشلا مۇنداق جاۋاب بېرەتتى: ماڭا، ئاتا - ئانام بىلەن كۆرۈشمىگىلى بىر يىلدىن ئاشتى. ماڭا ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشەلمىگىلى ئىككى يىلدەك بولۇپ قالدى. مېنى تۇغقانلىرىم ئۈندىدارىدىن ئۆچۈرۈۋەتتى. مېنى دوستلىرىم ئۈندىدارىدىن چىقىرىۋەتتى. مېنىڭ نومۇرۇمنى يانفوندىن ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ. دوستلىرىمنىڭ يانفونلىرى سىگنال بەرمەيۋاتىدۇ. پالانىدا مۇنچىلىك ئېلىشىم بار ئىدى، پوكۇنىدا مۇنچىلىك مېلىم قالغانتى، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلالمايۋاتىمەن. دېمەك ھەممە كىشىنىڭ دەردى ئوخشاش بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇچۇر

-ئالاقە يوللىرىنى، تور ئۇلانمىلىرىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋەتكەن ئىدى.

مانا! ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئابدۇراخماننىڭ ۋەتەندىكى ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئايالى ۋە پەرزەنتلىرى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغىلى بىر يىلدەك ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ۋەتەندىن يېڭى كەلگەنلەرنى ئىزدەپ، توختىماي سۈرۈشتۈرۈشنى داۋام قىلدى. ئاخىرى 2017 - يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلىدە ئۇنىڭ يۇرتى ئاقسۇ - بەشتوگمەندىن كەلگەن بىر تونۇشى ئۇچراپ قىلىپ مۇنداق شۇم خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى: ئۇ تونۇشىنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ ئاقسۇ - بەش تۇگمەندىكى ئائىلىسىدىن - ئاتا - ئانىسى، ئاكىلىرى ۋە ئاياللىرى، سىڭىللىرى ۋە ئەرلىرى ھەتتا نەۋرە - چەۋرىلىرىگىچە ھەممىسى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ئېغىر جازالارغا ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن تۇتۇلۇپ جازالانغانلىقى، قانچىلىك كېسىم كېسىلگەنلىكى، قەيەردىكى تۈرمىلەرگە سولانغانلىقى قاتارلىقلارنى بىلمەيدىكەن. يەنە ئۇ تونۇشىنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ ئايالى پەرىدە ئون يىللىق كېسىۋېتىلىپ، بالىلىرى ھۆكۈمەت قۇرغان ئاتالمىش «يېتىم بالىلار مەكتىپى» دېيىلگەن بالىلار لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەنمىش. يەنە تېخى ئۇلارنىڭ بەش تۈگمەندىكى قورۇ - جايىنىڭ ئىز - تىرنىمۇ يوقمىش، چۈنكى قورۇ - جايلار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىپ تۈپتۈز قىلىۋېتىلىپتىمىش!

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئابدۇراخماننىڭ بېشى خۇددى تاغ يىقىلغاندەك ئېغىرلىشىپ كېتىپ بارماقتا ئىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭغا ئىنسانلارنىڭ قولىدىن ياردەم قىلىش كەلمەيتى. ئۇ پەقەت ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ ئىزدىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇ يەنە ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپ: نېمىشقا ياشانغان ئاتا - ئانام تۇتقىن قىلىندۇ؟ ئۇلار نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيدى؟ نېمىشقا دېھقانچىلىق بىلەن جان بېقىۋاتقان، تۇرمۇش غېمىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان، تىجارەت قىلىپ ھۆكۈمەتكە باج - سېلىق تۆلەۋاتقان

قېيىــن ئــاكام تۇرغــۇن ســايىم تۇتقــۇن قىلىنىــدۇ؟ ئۇيــلا، ئۇيــلا، ئــۇ ئاخــىرى بــۇ ســۇئاللارنىڭ جاۋابىنىمــۇ تاپتــى: ئۇنىڭچــە، ئۇلارنىــڭ تۇتۇلۇشىنىڭ بىردىــن - بىــر سەۋەبى - قۇرئــان ئوقۇشنى بىلگەنلىكى، نامازنــى تــەرك قىلمايدىغــان مۆمىــن مۇسۇلمان بولغانلىقىدىــن ئىــدى. ئۇنىڭدىــن باشقا يەنــە نېمــە گۇناھــى بولسۇن؟ ئۇلار ياكــى ھۆكۈمەتكە قارشــى بىــرەر پارتىيــە - گۇرۇھقــا قاتناشــمىدى ياكــى ھېچقايسىســى ئــۇرۇش - جېدەل قىلىــپ، بىرەرسىــنى ئــۇرۇپ يارىلانــدۇرۇپ قويمىــدى. شــۇنداقلا ئوغرىلىــق - بۇلاڭچىلىقمــۇ قىلمىغــان ئىــدى ۋە قىلمايتــى. چۈنكــى ئــۇلار، ھــالال ئەمگىكــى بىلــەن دېھقانچىلىــق ۋە تىجــارەت قىلىــپ جــان بېقىۋاتقــان ئاددىــي - ساددا ۋە پــاك كىشــىلەر ئىدىغۇ؟ ھە-ئــە، ئەمــدى چۈشــەندىم دېــدى ئابدۇراخمــان ئــۆز - ئۆزىگــە پىچىــرلاپ: خىتايلارنىــڭ مەقسىتى - ئۇيغــۇرلار مۇســۇلمان بولغانلىقىمىز ئۈچــۈن ئۇلارنــى دۈشــمەن كــۆرۈپ، ئەۋلادلىرىمىزنــى خىتايلاشــتۇرۇپ ۋە ئاسسىمىلياتســيە قىلىــپ يوقاتماقچــى بولغــان گــەپ. بــۇ نېمــە دېگــەن رەزىللىــك - ھــە، ئىنســانىيەت دۇنياســى بۇنىڭغــا شــۇنداقلا سۈكۈت قىلىــپ قــاراپ تۇرارمۇ؟ ئــۇ ئاخىرقى سوئالغا ھازىرچە جــاۋاب تاپالمىــدى.

ۋاقىــت شــۇ قــەدەر ئاســتا ئۆتمەكچــى ئىــدى، ئابدۇراخماننىــڭ پۈتــۈن غېمــى ۋەتەندىكــى ئاتــا - ئانىســى، ئــۇرۇق -تۇغقانلىــرى ۋە ئايالــى پەرزەنــت بىلــەن بالىلىرىــدا قالغــان ئىــدى. ئــۇلار ھەققىــدە توختىمــاي ئۇچــۇر ئىزدەيتــى. ئــۇ ئۇچــۇر ئىزدەۋېتىــپ 2019 - يىلــى 10 - ئايــدا تــوردا تارقالغــان بىــر ۋىدىئــودا - ئــۆز ئوغلىنىــڭ بىــر خىتاينىــڭ سورىغان سوئالغا خىتايچە جــاۋاب بېرىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى ئۇچرىتىــپ قالــدى - دە، ئــۆز ئوغلىنــى تونــۇپ: «ئــۇ مېنىــڭ ئوغلــۇم ئىــدى»دەپ ۋارقىرىۋەتتــى. ئۇنىــڭ يۈرىكــى ھاياجاندىــن قاتتىــق سوقۇپ كەتكەنىــدى. كۆزلىرىگــە ئىسسىــق يــاش كەلــدى. ئــۇ - بــۇ ۋىدېئونى ساقلىۋېلىپ، قايتــا - قايتــا قويــۇپ ئاڭلىــدى. ئۇنىــڭ ئوغلى ئابــدۇل ئېزىــز نامەلۇم بىرسىنىڭ سورىغان سوئالغا خىتايچە مۇنــداق

جاۋاب بېرىۋاتاتتى:

– سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟

– ئىسمىم ئابدۇل ئېزىز.

– سەن قانچە ياش؟

– مەن تۆت ياش.

– دۆلىتىمىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

– جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى.

– بايرىقىمىزنىڭ رەڭگى قانداق؟

– بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق

– كەچلىك تاماقنى نەدە يەيسەن؟

– مۇشۇ يەردىكى ئاشخانىدا.

– بانان شۆپۈكىنى نەگە تاشلايسەن؟

– ئەخلەت ساندۇقىغا.



ئابدۇراخمان ئوغلىنىڭ بۇ ۋىدىئوسىنى كىمنىڭ، نېمە مەقسەتتە يوتۇپقا چىقىرىپ قويغانلىقىنى چۈشىنەلمىدى. ئۇ بۇ ۋىدىيونى ئاختۇرۇپ، ئوغلى بىلەن سۆزلەشكەن خىتاينىڭ تېلېفون نومۇرىنى تېپىۋېلىپ، ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ سورىۋىدى، ئۇ خىتاي:مەن ئۇ يەرنى زىيارەت قىلغاچ، ئوينىغىلى بارغان ئىدىم. جىق بالىلارنىڭ خىتايچە ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن سېنىڭ بالاڭ ماڭا باشقىچە ئوماق ۋە زېرەك كۆرۈندى. شۇڭا سىنىغا ئېلىپ چىقىرىپ قويدۇم ـ دېگەن جاۋاپنى بەردى. لېكىن ئۇ خىتاي ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى يوشۇرۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

بۇ ۋىدېئو ئابدۇراخماننىڭ كاللىسىنى تېخىمۇ سەگەكلەشتۈردى. ئۇ پەرزەنتلىرىنىڭ ھاياتلىقىنىڭ بىر نىشانىسى بولغان ئىدى. ئەمما ئوغلىنىڭ چوڭلارنىڭ قېشىدا ئەمەس، بەلكى بىر ئاتا ـ ئانىسىز بالىلارنى يىغىپ، ئەسلى كىملىكىدىن تاندۇرۇپ، ماڭقۇرتلاشتۇرۇش

ئۇچۇن قۇرۇلغان بىر جايدا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. بۇنداق جايلارنى خىتاي ھۆكۈمىتى ؛ «يېتىم باللارنى بېقىش مەركىزى ۋە پەرىشتىلەر مەكتىپى» دەپ چىرايلىقناملاردا ئاتىۋالغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق يەرلەرنى چەتئەل مۇخبىرلىرى ۋە كۆزەتچىلەر: «باللار لاگېرى» دەپ ماھىيەتلىك ئىسىم بىلەن ئاتاشقان ئىدى. چۈنكى، ئۇ يەر ئادەتتىكى باللار باغچىلىرىغا ئوخشىمايتى. ئۇ يەرگە يىغىۋېلىنغان باللارنىڭ ـ ئاتا ـ ئانىسى لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ، باققۇچىسىز قالغاچقا مەجبۇرىي يىغىۋېلىنغانىدى. بۇ يەردە ئۇلارغا خىتاي تىلى ۋە مەدەنىيىتى ئۆگىتىلەتتى. ئۆز ئانا تىلىدا گەپ قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايتى. مۇسۇلمانچە تاماق بېرىلمەيتى. باللارنىڭ تاماق تاللاش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئۇلارغا دۇنيادا ھالال ـ ھارام دېگەن نەرسىنىڭ بارلىقى سۆزلەنمەيتى. قورسىقىغا چوشقا گۆشى سېلىنغان تاماقلارنى بېرەتتى. ئۇ باللار ـ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىلگەنلىكىنى ۋە نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتى. ئۇلارغا: «ئاتا ـ ئاناڭلار كەسپىي قايتا تەربىيىلەش مەركىزى دېگەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشى» دەپ ئۆگىتىلەتتى، قىسقىسى ئۇ باللارنىڭ بۇ باللار لاگېرىدا مېڭىسى يۇيۇلۇپ، ماڭقۇرتلاشتۇرۇلىۋاتاتتى.

ئابدۇراخمان توختى ئەمدى قاتتىق ئىرادىگە كەلدى. ئۇ تۇتۇلۇپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ ھازىرقى دۇنيادا مودا بولۇۋاتقان ئىس ـ تۈتەكسىز ئۇرۇش ـ ئاخبارات جېڭى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئىستانبۇلدىكى ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ «پارتلىغان سۈكۈت» پروگراممىسىدا ـ ئاقسۇدىكى ئائىلىسىنىڭ بىر ئادەممۇ قالدۇرۇلماي تۇتۇلۇپ كېتىلگەنلىك پاجىئەسىنى بايان قىلدى. ئارقىدىن تۈركىيەدىكى بىر قاتار گېزىت مۇخبىرلىرى ۋە يۇتۇب چىلەرگە ـ ئائىلىسىنىڭ پاجىئەسىدىن دوكلات بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇراخمان توختىنىڭ

ئائىلە پاجىەسى دۇنيادىكى داڭلىق مەتبۇئاتلارنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە 2019 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئەنگلىيەنىڭ داڭلىق خەۋەر قاناللىرىدىن بىرى بولغان ئاسمان خەۋەرلىرىگە، ئاندىن شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى 12 ـ ئايدا دۇنياغا داڭلىق BBC قانىلىدا ئائىلىسىنىڭ تىراگېدىيەسىنى بايان قىلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەسۇم بالىلىرىنىڭ ئانىسىدىن ئايرىۋېتىلىپ، ئاتالمىش «بالىلار لاگېرى» غا ئېلىپ كېتىلگەنلىكى ـ پۈتۈن دۇنيادىكى مەتبۇئاتلارنىڭ قىزىق تېمىسىغا ئايلانغان ئىدى. ئابدۇراخمانمۇ بۇ نۇقتىنىڭ مۇھىملىقىنى، چۈشىنىپ، ئاتا ـ ئانىسى ۋە باشقا ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بىللە ئوغلى ئابدۇل ئېزىزنىڭ چوڭايتىلغان رەسىمى چۈشۈرۈلگەن لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ، ئىستانبۇل كوچىلىرىدا، مىرزەخمەت ئىلياس، ئالمجان تۇردى. جەۋلان شىرمەمەت قاتارلىق ئون نەچچە نەپەر پىداكار ياشلار بىلەن بىللە تۈرۈك خەلقىگە بىشىدىن ئۆتكەن ئائىلە پاجىئەلىرى ۋە خەلقىمىزنىڭ دەرت ـ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشكەن خىتاي بىخەتەرلىك نازارىتىنىڭ ساقچىلىرى بىر كۈنى ئۇنى ئىزدەپ تېلېفون قىلدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا ئابدۇراخماننىڭ ئوغلى ئابدۇلئېزىزمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ پارىڭى مۇنداق بولدى .

– ۋەي، ئابدۇراخمانمۇ؟

– ھە ـ ئە، مەن شۇ، سىلەر كىم؟

– بىزنىڭ كىملىكىمىزنى ھازىر سورىمىساڭمۇ بولىدۇ، بىزنى دوستلاردىن دەپ بىلسەڭ بولىدۇ.

– گەپنى ئوچۇق دېمەمسىلەر؟ مەن بىلەن نېمە ئىشىڭلار بار ئىدى.

– مۇنداق گەپ، ئوغلۇڭ ھازىر بىزنىڭ يېنىمىزدا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى خالامسەن؟

ھە ـ ئە، خالايمەن! قېنى ۋىدىئودا كۆرسەتمەمسىلەر؟

– ياق، بولمايدۇ! ۋىدىئودا كۆرسىتەلمەيمىز، تېلېفوندا سۆزلىشىشىڭلار كېرەك!

– مەيلى ئەمىسە تېلېفوننى ئوغلۇمغا بېرىڭلار! ساقچىلار دەرھال تېلېفوننى ئۇنىڭ ئوغلىغا بېرىشتى بولغاي، قارشى تەرەپتىن ئابدۇراخماننىڭ ئوغلى ئابدۇل ئېزىزنىڭ:- ۋەي دېگەن ئاۋازى كەلدى. ئابدۇراخمانمۇ جاۋاب قايتۇرۇپ:

– ئوغلۇم، ئابدۇل ئېزىز، مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟ -دېدى ئۇ تېلېفوندا ئوغلىغا ئۈيغۇرچە، ئەمما ئابدۇل ئېزىز خىتايچە گەپ قىلىۋاتاتتى. تېلىفۇندا ئۇ ئاتا - بالا ئىككىيلەن چۈشىنىشەلمىدى. شۇ ئارىلىقتا قارشى تەرەپتىن بىرسىنىڭ: مەن تەرجىمانلىق قىلىپ بېرەي - دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. نامەلۇم بىرسى ئابدۇراخمان بىلەن ئوغلىنىڭ تېلېفوندا قىلىشىۋاتقان گەپلىرىنى ئۇدۇللۇق تەرجىمە قىلىپ بېرىۋاتاتتى:

– ئوغلۇم ئابدۇل ئېزىز، مەن دادىڭىز بولۇمەن. مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟ تەرجىمان:

– تونۇمىدىم دەيدۇ. ئابدۇراخمان:

– نېمىشقا تونۇمايسىز ئوغلۇم؟ مەن دادىڭىز ئابدۇراخمان بولىمەن، تەرجىمان:

– مېنىڭ دادام يوق دەيدۇ. ئابدۇراخمان:

ئوغلۇم ئانىڭىز تىنچلىقمۇ، ئۇ نەدە؟ تەرجىمان:

– بىلمەيمەن دەيدۇ. ئابدۇراخمان:

– سىز نەدە ئوغلۇم؟ تەرجىمان:

– مەن يېتىم باللارنى تەربىيەلەش مەكتىپىدە دەيدۇ، ئابدۇراخمان:

– مېنىڭ قېشىمغا كېلىشنى خالامسىز ئوغلۇم؟ تەرجىمان:

– ياق، بارمايمەن دەيدۇ.

ئابدۇراخمان ئوغلى بىلەن تەرجىمان ئارقىلىق ئاران تۆت - بەش جۈملە گەپلىشەلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ساقچىلار تېلېفوننى قولغا ئېلىپ گەپ باشلىدى:

– ئابدۇراخمان بالا - چاقاڭ بىلەن بىللە ياشاشنى خالامسەن؟

– ئەلۋەتتە خالايمەن، مەن ئۇلارنى بەكمۇ سېغىندىم.

– ئۇنداق بولسا، سەن بىز بىلەن دوست بولۇشۇڭ كېرەك!

– بىز قانداق دوست بولىمىز؟ مەن سىلەرنى تونۇمسام، سىلەر كىم؟ گەپنى ئوچۇق دېمەمسىلەر؟

-ئۇنداق بولسا ئاڭلا: بىز دۆلەت بىخەتەرلىك خادىملىرى، سەن بالىلىرىم بىلەن بىللە ياشايمەن دەيدىكەنسەن - بىزگە ئاخباراتچى بولۇپ، خىزمەت ئىشلەپ بېرىشىڭ كېرەك ! شۇنداق قىلساڭ بىز بالىلىرىڭنى يېنىڭغا چىقىرىپ بېرىمىز.

– ياق، بولمايدۇ! مەن ئاخباراتچىلىق قىلىشنى بىلمەيمەن.

– بۇ ئىش ئاددىي، سەن ئەتراپىڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ؟ كىم نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ كىم نېمە دەۋاتىدۇ؟ شۇلارنى يەتكۈزۈپ بەرسەڭلار بولىدۇ.

– ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن! بۇنداق ۋىجدانىمغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىشنى خالىمايمەن.

– راست شۇنداقمۇ؟ بۇ ئاخىرقى قارارىڭمۇ؟ بالا - چاقىلىرىڭنىڭ تەقدىرىنى ئويلىمامسەن؟ ئۇلار بىلەن بىللە ياشاشنى خالىمامسەن؟

-ئەلۋەتتە، مەن بالا چاقىلىرىم بىلەن بىللە ياشاشنى خالايمەن، ئەمما سىلەرنىڭ تەلىپىڭنى قوبۇل قىلالمايمەن - دېدى ئابدۇراخمان كەسكىنلىك بىلەن.

– ئۇنداق بولسا، سەن بالا چاقىلىرىمنى كۆرىمەن دەپ خام خىيال قىلما! ئۇلارنى مەڭگۈ كۆرەلمەيسەن! -دېدى ساقچىلار ئابدۇراخمانغا تەھدىت سېلىپ،

– مەيلى، مەن ۋە بالىلىرىمنىڭ-پېشانىمىزگە نېمە پۈتۈلگەن بولسا شۇنى كۆرىمىز؟

– ئۇنداق بولسا، نېمە قىلىشنى خالىساڭ-شۇنى قىل. ۋاي ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئەخمەق.

– مەن سىلەرنىڭ ياخشىلىقىڭلارغا موھتاج ئەمەس، ئايالىم ۋە بالىلىرىمنى قويۇپ بېرىڭلار! بولمىسا ئۈستۈڭلاردىن خەلقئاراغا ئەرز قىلىمەن. ئاخباراتلارغا ئېلان قىلىمەن! - دېدى ئابدۇراخمان غەزىپىنى قەتئىي باسالماي،

شۇنىڭدىن كېيىن ساقچىلار يەنە بىر نەچچە قېتىم ئابدۇراخماننى ئىزدەپ ئاۋارە قىلدى. ئەمما ئابدۇراخمان ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلدى ۋە قىلغان تېلېفونلىرىغا جاۋاب بەرمىدى. ئابدۇراخمان شۇنداق ئويلايتتى: «مەن نېمە دەپ خىتاي ساقچىلىرىغا خىزمەت قىلاتتىم، ئۇ بىر ئېغىر گۇناھ ئىش تۇرسا؟ خائىنلىق - جاسۇسلۇق قىلىش دېگەن بىر ئەركەك ئۈچۈن نومۇس قىلارلىق ئىشتۇر! خائىنلار ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيادا خارلىققا دۇچار بولىدۇ. بىزنىڭ مۇشۇ كۈنلەرگە قېلىشىمىز - خائىن، ساتقۇنلارنىڭ ئاسىيلىقىدىن بولغان ئەمەسمۇ؟ خائىنلار - خائىنلىق قىلغان بولغاچقا - بىزنىڭ نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز تۇتۇلۇپ كەتمىدىمۇ؟ خائىنلارنىڭ - خائىنلىق قىلىشى بىلەن ئىچكى سىرىمىزنى دۈشمەنلەر بىلىۋېلىپ، بىزنى توزاققا چۈشۈرگەن ئەمەسمۇ؟ مەن بىر ئەركەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە كامىل بىر مۇسۇلمان، ھەرگىزمۇ مىللىتىمنى، قېرىنداشلىرىمنى ساتىدىغان ئىشنى قىلمايمەن! بۇ دۇنيادا «خائىن» دېگەن نامنى ئېلىپ ياشىغۇچە - ئۆلگىنىم تۈزۈك ئەمەسمۇ؟»

ئابدۇراخمان ئەمدى يەنىمۇ قەتئىي ئىرادىگە كەلدى. ئۇ خەلقئارا ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پاجىئەسىنى دۇنيا خەلقىگە، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىغا،

هەتتا ب، د، ت غىچە ئاڭلىتىپ، ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاشقا بەل باغلىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ 2019 ـ يىلى 17 ـ ئاپرېل كۈنى «ئامېرىكا ھاياتى رادىيوسى» مۇخبىرى دەرەي ئىستانبۇلغا كېلىپ، ئابدۇراخماننىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلىرى ۋە دەپ بەرگەنلىرىنى ئۈچ ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئىستانبۇلدىن ـ ئۈرۈمچى ـ ئاقسۇلارغا تېلېفون قىلىپ، ئۇچۇر ئىگىلەپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى ھەممە كىشىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، ئابدۇراخماننىڭ پاجىئەلىرىنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللەپ، ئۇنى چاتما خەۋەر قىلىپ ئىشلەپ تارقاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىستانبۇلدىكى خىتاي كونسۇلخانىسىدىن، ئۇ ئىلگىرى ئائىلىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى سوراپ ئەۋەتكەن خەتكە جاۋاب كەلدى. خىتاي كونسۇلدىن ئۇنىڭغا كەلگەن جاۋاب خەتتە: ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نەدىلىكى توغرۇلۇق جاۋاب بېرىلىشىنىڭ ئورنىغا مۇنداق تەھدىت قىلىنغان ئىدى: «ھەددىڭنى بىلىپ يۈر! بولمىسا، سېنى ماشىنا سوقۇۋېتىشى مۇمكىن».

ئابدۇراخمان خىتاي كونسۇلىنىڭ بۇ خېتىدىن قاتتىق غەزەپلەندى ۋە قورقۇپ قالمىدى. ئەكسىنچە ئائىلىسىدىكىلەرنى ئىزدەش ۋە ئاخباراتلارغا بايانات بېرىش پائالىيىتىنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى. ئۇ ئىستانبۇلدىكى ئالىمجان تۇردى قاتارلىق ئونغا يېقىن سەپداشلىرى بىلەن بىللە، ھەر ھەپتىدىكى بەش كۈنلۈك ئىش ۋاقتى ئىچىدە بويىنغا ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ سىڭىللىرى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنىڭ رەسمىي چۈشۈرۈلگەن تاختاينى ئېسىپ كۆتۈرۈپ، ئىستانبۇلنىڭ ئاۋات كوچا ۋە رايونلىرىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى ئاڭلىتىشنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئۇ بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق بىرىنچىدىن، تۈرك خەلقى ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىغا ۋەتىنىمىزدىكى زۇلمەتلەرنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا

كەلتۈرمەكچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن،خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان دادىسى توختى ئەمەت 67 ياش، ئانىسى ئاينۇرخان قاسىم 57 ياش، چوڭ ئاكىسى -ئەمەت توختى، كىچىك ئاكىسى - مەمەتجان توختى، چوڭ سىڭلىسى - ئايگۇل توختى، كىچىك سىڭلىسى - ئارزۇگۇل توختى، ئايالى پەرىدە، پەرزەنتلىرى - ئابدۇل ئېزىز، نادىرە ۋە يەنە چوڭ ئاكىسىنىڭ 14 ياشلىق ئوغلى ئابدۇللا ئەمەت قاتارلىق سەككىز نەۋرە بولۇپ، جەمى 21 ئادەمنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن - ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەكتە، شۇنداقلا ئۇلارنى قۇتقۇزۇشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ قاراپ، ئۇ بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، تىنىمسىز پائالىيەت قىلماقتا.

ئاخىرىدا ئۇ خىتايلار تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن سۆيۈملۈك ئايالى پەرىدە، ئوماق پەرزەنتلىرى - ئابدۇل ئېزىز ۋە نادىرەلەرگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: باللىرىم! بىز بىر كۈنى جەم بولىمىز. ئەگەر ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن قايتا جەم بولۇپ قالساق، سىلەرنى چوقۇم ئۆزۈم باقىمەن. جېنىم باللىرىم! سىلەرگە مەن ئاتا بولالمىدىم، مېنى كەچۈرۈڭلار! ئاللاھ نېسىپ قىلىپ سىلەر بىلەن جەم بولۇش كۈنلىرى كېلىپ قالسا، قولۇمدىن كېلىدىغان ھەممىنى قىلىپ، سىلەرنى ياخشى باقىمەن ئىنشائاللاھ! سىلەرنى مەن ھەرگىزمۇ - يات مىللەتنىڭ قولىغا تاشلاپ قويمايمەن!»

# ئۇ مېنىڭ قىزىم ئىدى!

قەمبەرنىسانىڭ قەلبى ئازابلانماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى: «مەن باللارنى ئېلىپ كېلەي!» دېگەنچە ۋەتەنگە يولغا چىقىپ، ئىز - دېرەكسىز غايىب بولدى. ئۇ ياكى تېلېفون قىلمىدى ياكى ئۇچۇر قالدۇرۇپ قويمىدى. يولدىشىمغا نېمە بولغاندۇ؟ - دەپ ئويلىدى قەمبەرنىسا: «ساقچىلارغا تۇتۇلۇپ قالغانمىدۇ؟ باشقا بىر پالاكەتكە ئۇچرىغانمىدۇ؟ تىرىكمىدۇ ياكى؟» ئۇ بۇ سوئالنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى، ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر مۇسىبەت ياكى بىرەر پېشكەللىكنىڭ كېلىپ قېلىشنى خالىمايتى. چۈنكى ئۇ، بەش يۈرەك پارىسىنىڭ دادىسى ئىدى. ئۇ باللار ئۈچۈن بولمىسا بولمايتى. باللارنىڭ دادىسىز قېلىشتىن بەكرەك يامان ئىش بولامدۇ بۇ دۇنيادا؟ باللار تېخى كىچىك تۇرسا، ئۇلار دادىسىنىڭ ئايرىلىپ قالسا كۆڭلى سۇنۇق، يۈۋاش - بوزەك چوڭ بولۇپ قالامدۇ؟ ئاھ، خۇدا! باللىرىمنى دادىسىز قويمىغايسەن، ئامىن!»

قەمبەرنىسا خىيالىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى - دە، قولىدا يانفونى بار تۇغقانلىرى، تونۇشلىرى ۋە دوستلىرى ئارقىلىق ئېرىنى سۈرۈشتۈردى. ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭغا نېمە بولغانلىقىنى دەپ بېرەلمەيۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىنى ھېچكىم كۆرمىگەن ئىدى. ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئېرى نەگە كېتىدۇ؟ قەمبەرنىسا چوقۇم بۇنىڭغا جاۋاب تېپىش كېرەك ئىدى. ئۇ تۇغقانلىرىغا يېلىنىپ كۆرۈۋىدى، ئارىسىدىن جەمئىيەتتە ئورنى، قول - ئىلكىدە ئىقتىسادى بولغان تۇغقىنىدىن بىرسى ئۆزى تونۇيدىغان ساقچى

باشلىقى دېگەنلەرگە پارا بېرىپ، مېھمان قىلىش ئارقىلىق يىپ ئۇچىغا ئىگە بولدى. بىر ساقچىنىڭ دەپ بېرىشىچە، قەمبەرنىسانىڭ ئېرى ئابدۇرېھىم روزى ئىستانبۇلدىن ئۇچۇپ ئۇرۇمچى ئايرودۇرۇمىغا چۈشكەندىلا تۇتقۇن قىلىنغان ئىكەن. ئەمما ئۇنىڭ نەدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقى، نېمىشقا تۇتۇلغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. ئۇ تۇغقىنى بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەندە قەمبەرنىسا قاتتىق قايغۇغا چۆمدى. بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى ـ دە، ئىتتىك كېلىپ ساپادا ئولتۇرىۋالدى. چۈنكى، قەمبەرنىسانىڭ ۋەتەندە يەنە ئۈچ بالىسى بار بولۇپ، هازىر ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ئائىلىسى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى.

قەمبەرنىسا ۋە ئابدۇرېھىم روزى ئەسلى قەشقەر يوپۇرغىدىن بولۇپ، ئۇرۇمچى ۋە يوپۇرغا ئارىسىدا ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى سېتىپ تۇرمۇشىنى قامداپ كەلگەن ئادەتتىكى بىر تىجارەتچىلەردىن ئىدى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ 3 بالىسى بار بولۇپ، قەمبەرنىسا 4 ـ بالىسىغا هامىلىدار بولۇپ قالغاندا يوپۇرغىدىن باشقا يەرگە قېچىپ بېرىپ، مۆكۈنۈپ يۈرۈپ تۆتىنچى بالىسىنى تۇغقان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بالا ئۈچۈن نۇرغۇن جەرىمانە تۆلەپ، جىق ئەرزىيەتلەرنى چەكتى. ئەمما بۇ بالىسىنى نوپۇسقا ئالدۇرالمىدى. بۇنىڭغا قارىتا ئابدۇرېھىم روزى: «بالىنى نوپۇسقا ئالمىسا نېمە بولاپتۇ؟ ئۇنىڭ مەجبۇرىي ئالدۇرۇلۇپ، ئۆلتۈرۈۋېتىلمەي تىرىك قالغىنى ھەممىدىن ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ بالىنىڭ رىزقىنى ئاللاھ بېرىدۇ. بالىنى ياخشى بېقىپ چوڭ قىلىپ ئوقۇتۇپ قويساق ياكى بولمىسا بىرەر ھۈنەر ئۆگىتىپ قويساق، جېنىنى ـ جان ئەتمەمدۇ؟ كۆپ بالىلىق بولغانغا يېتەمدۇ؟ بىزنىڭ ئاتا ـبوۋىلىرىمىز تا ئەلمىساقتىن كۆپ بالىلىق بولغان ئىكەن، شۇڭا بىز بىر جەمەت بولۇپ، ئۆملۈك ئىچىدە ياشاۋاتىمىزغۇ؟ نەگىلا بارساق تۇغقانلار بار، ۋاي ئەھۋالىڭ قانداق؟ ـ دەۋاتقان. ياردەم قىلىۋاتقان، ھېيت ـ بايرام بولسا،ئاۋۋال تۇپراق بېشىغا بېرىۋېتىپ، ئاندىن قۇربانلىق قىلىپ بولۇپ، ھېيتلىششىنى

باشلىساق، نەچچە كۈنگىچە تۇغقانلارنى ھېيتلاپ -پەتىلەپ تۈگىتەلمەي تۇرۇپ بولالمايتتۇق، كۆڭلىمىز يايراپ روھىمىز كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى!» دېگەنلىرىنى ئويلىدى.

(2)

مانا! «پىلاندىن سىرت تۇغۇلدى» دەپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتەك قارا قىسمەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان تۆتىنچى بالىسىمۇ چوڭ بولۇپ، دادا، ئاپا! دەپ، قىلىق چىقىرىپ، ھويلا -ئارامدا ئوينىغۇدەك بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن قەمبەرنىسا ۋە ئابدىرېھىم روزى بەكمۇ خۇشال ئىدى. ئۇلار: «بالىلىرىمىز قانچە جىق بولسا، شۇنچە ياخشى بولىدۇ» دەپ ئويلايتى. ئۇلار ئاشۇنداق ياخشى تەرەپنى ئويلىغاچقىمۇ، ئاللاھ ئۇلارغا يەنە بىر پەرزەنت ئاتا قىلىش ئالدىدا تۇراتتى. قەمبەرنىسا يەنە ھامىلىدار بولۇپ قالغان ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەگەر بۇنى پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ قاتىللىرى بىلىپ قالسا، ھامىلىنى ئالدۇرۇۋېتىپ، ئېغىر ئىقتىسادى جازا قويۇشى مۇمكىن ئىدى. قەمبەرنىسا ئېرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ بەشىنچى بالىسىنىمۇ ئالدۇرماسلىق قارارىغا كېلىشتى. باشقا بىر يەرگە كېتىپ مۆكۈنۈپ بېرىپ تۇغۇشىمۇ خەتەرلىك ئىدى. ئەگەر بىرەرسى چېقىپ قويۇپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە بىلىنىپ قالسا، ھەممە ئىش تۈگەيتى. شۇڭا ئۇلار بىخەتەررەك بىر جاينى تېپىشنى ئويلىشىپ، چەتئەلگە چىقىپ كېتىشنى قارار قىلىشتى - دە، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەڭ قولايلىق ئولتۇراقلىشىش ئىمكانىيىتى بولغان تۈركىيەگە كۆچۈپ كېتىشنى تاللىدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇرېھىم روزى ئاۋۋال ئۈرۈمچىدىن ئۆي سېتىۋېلىپ، ۋاقىتلىق نوپۇس چىقاردى. بۇ ئۆزلىرىگە پاسپورت ھەل قىلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئىدى. ئارقىدىن ئۇلار ئارىچىلارنى ئىزدەپ تاپتى - دە، نۇرغۇن پۇل بېرىپ، ئەر - ئايال ئىككىسى ۋە بىر بالىسىغا قوشۇپ ئۈچ كىشىگە پاسپورت ئىشلىتەلىدى. قالغان

باللارغا كېيىنچە ئىشلىتىپ بېرەيلى!- دەپ ۋەدە قىلغانلار بولدى. شۇڭا ئۈچ كىشى ئاۋۋال تۈركىيەگە چىقىپ تۇرماقچى بولدى - دە، مۈۋاپىق پۇرسەتنى كۈتۈپ، ئاساسلىق مال - مۈلكىنى سېتىپ، بىرئاز پۇل جەملەپ، 2016 - يىلى 4 - ئايدا تۈركىيەگە كېلىۋالدى.

ئۇلار تۈركىيە توغرۇلۇق كۆپ نەرسە بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ تۈركىيەدە ئەڭ كۆپ كۆرگىنى: ھەر دوقمۇشتىكى ھەيۋەتلىك مەسچىت ۋە كېچە - كۈندۈز ئاڭلىنىدىغان ئەزان ئاۋازى بولدى. شۇنداقلا ئۇلار بۇ يەردە پىلانلىق تۇغۇت كونترولى بارلىقىنى ئاڭلىمىدى. يول -يول، دوقمۇش - دوقمۇش ماگىزىنلاردىكى ئادەم كونترول قىلىدىغان سان - ساناقسىز كۆزەتچى كامېرالارنىمۇ كۆرمىدى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى سالام - سائەتلىك، مۇلايىم، ئەدەپلىك ئىدى. تونۇش - تونۇمىسۇن ئادەملەر ھەر يەردە بىر - بىرىگە سالام بېرىشەتتى.بىر - بىرى بىلەن ئاسانلىقچە ئۇرۇش - تالاش ۋە جېدەل - ماجىرا قىلمايتتى. ھەممە ئادەم قورقۇنچتىن خالىي، خاتىرجەم ياشايتتى. تۈركچە سۆزلەرمۇ ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا يېقىملىق ۋە چۈشىنىشلىك ئاڭلاندى. بىر - ئىككى ھەپتە ئىچىدىلا نۇرغۇن سۆزلەرنى چۈشىنىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆپ ئاڭلىغىنى: «پارا ۋە ۋەتەن» دېگەن گەپلەر بولدى. ئابدۇرېھىم روزى ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەنلەردىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىۋىدى، بىر يۇرتلۇق تونۇشى ئۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق دەپ چۈشەندۈردى: تۈرۈكلەر تىجارەتكە ماھىر بولۇپ، ھەممە ئادەم تىجارەت ئارقىلىق پۇل تېپىپ، بېيىشنى بىرىنچى مەقسەت قىلىدىكەن. شۇڭا ئۇلار پۇل ئۈچۈن جېنىنى تىككىشكە تەييار تۇرىدىكەن، بەزىدە پۇل ئۈچۈن بىر -بىرسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتەك ۋەقەلەرمۇ يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن. يەنە بىر تەرەپتىن تۈركلەردە ۋەتەن سۆيگۈسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدىكەن. ھەرقانداق يەردە؛«ۋاتان ئىچىن سانا - جانىم پىدا»دېگەن گەپلەر ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھېچقاچان ۋەتەنسىز بولۇپ

قالمىغان ئىكەن. ئۇنىڭ يەنە دېيىشىچە، ئۇيغۇرلار تۈركىيەنى ئۆزلىرىنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنى دەپ قارايدىكەن. چۈنكى، ئۇيغۇرلار بۇ يەردە خۇددى ئۆرۈمچى ۋە قەشقەرلەردىكىدەك ئەركىن - ئازادە ياشىيالايدىكەن. ئابدۇرېھىم روزى بۇنى ئاڭلاپ،«ۋەتەن» دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇ ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋاقتىدا ۋەتەن دېگەننى -جۇڭگو يەنى خىتاي دۆلىتى دەپ چۈشىنىپ قالغانلىقىدىن نومۇس قىلىپ كەتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ بىرىنچى ۋەتىنىنىڭ - شەرق تۈركىستان ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغان ئىدى.

قەمبەرنىسانىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. تۈركىيەنىڭ قائىدىسى بويىچە، دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ، بالىنىستىنا تۇغۇت دوختۇرلىرىنىڭ ئانىلىق قىلىشى بىلەن تىنىچ - ئامان يەڭگىۋالدى. قەمبەرنىساغا ھېچكىم : بۇ قانچىنچى بالاڭ؟ نېمىشقا تۇغىسەن؟ ئۈچ يىلدىن كېيىن تۇغىسەن، بەش يىلدىن كېيىن تۇغىسەن، پىلانلىق تۇغىسەن!- دېمىدى. ئەكسىنچە، دوختۇر - سېسترالار خۇشاللىقىدىن قەمبەرنىسانى تەبرىكلىدى. قەمبەرنىسا بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلدى. ئۇ تۆتىنچى بالىسىنى قېچىپ يۈرۈپ تۇغقاندا تارتمىغان جاپالىرى قالمىغان ئىدى. ئەگەردە ئۇ چاغدا، ئۇ - پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ دوختۇر قاتىللىرىغا تۇتۇلۇپ قالغان بولسا، بالىسى چۈشۈرۈۋېتىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن بولاتتى.

قەمبەرنىسا تۇغۇتتىن كېيىنكى دەم ئېلىشنى ياخشى ئۆتكۈزدى. بوۋىقىمۇ ئىككى ئايلىقتىن ئېشىپ قالغان ئىدى. ئەمدى ئۇلار ۋەتەندە قالغان ئۈچ بالىسىنىڭ غېمىنى قىلىشى كېرەك ئىدى. بالىلارنى ئاتا - ئانىسى تاشلاپ قويۇشقا بولمايتى. ئابدۇرېھىم روزى ۋەتەندە قالغان بالىلىرىنى تۈركىيەگە ئەكىلىۋېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

(3)

ئىستانبۇلدىن ئۇچقان ئايروپىلان ئۈرۈمچى ئايرودۇرۇمىغا قوندى. ئابدۇرېھىم روزى كونترول ئىشىكىگە كەلدى. تەكشۈرۈش نۆۋىتى ئۇنىڭغا كەلگەندە، ساقچى ئۇنىڭ پاسپورتىغا ئۇزاق - ئۇزاق قاراپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئولتۇرغان يېرىدىكى كومپيۇتېرنى بىر بېسىۋىدى، بىردەمدىلا ئىككى ساقچى كېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ تۇتۇپ، بىر ساقچى ماشىنىسىغا بېسىپ چىقىرىپ ئېلىپ ماڭدى. ئالاھەزەل يېرىم سائەتتىن كېيىن بىر ساقچى پونكىتىغا كېلىپ، ئۇنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ، بىنانىڭ يەر ئاستى قەۋىتىگە ئەكىرىپ، بىر قارا تۆمۈر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، پۇت - قوللىرىنى مەھكەم چېتىپ، مىدىر - سىدىر قىلالماس قىلىپ قويغاندىن كېيىن سوراقنى باشلىدى:

– تۈركىيەگە نېمىشقا باردىڭ؟

– تىجارەت ئۈچۈن باردىم.

– نېمىشقا دەرھال قايتىپ كەلمەي ئۇزاق تۇردۇڭ؟

– ماللارنى سېتىپ بولالمىغان ئىدىم.

– ئايالىڭ ۋە بالاڭنى نېمىشقا ئېلىپ كەلمىدىڭ؟

– ھە-ئە، ئۇلارمۇ؟ ئايالىم ئاغرىپ قالغان ئىدى. دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ.

– تۈركىيەدە كىملەر بىلەن كۆرۈشتۈڭ؟

– ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىدىم، مەن باشقىلارنى تونۇمايمەن.

– ھەي، يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن.بىز ساڭا ئىشەنمەيمىز!

– مەن يالغان گەپ قىلمىدىم.

– دەرنەكلەرگە باردىڭمۇ؟

– ياق، بارمىدىم، مەن ئۇنداق يەرلەرنى بىلمەيدىكەنمەن.

– ھەي، يالغان گەپ قىلما! زەيتۇنبۇرنىغا بارمىدىڭمۇ؟ نەدە

تـۇردۇڭ؟

– ياق، بارمىدىم! تۇرغان يېرىمنىڭ ئىسمىنى بىلمەيمەن.

– بىلمەمسەن؟

– يـاق، بىلمەيمـەن! ئىسـتانبۇل بـەك چـوڭ شـەھەر ئىكـەن - دېـدى ئابدىرىـم روزى گـەپ سـۆزلەردە تۇتۇلـۇپ قالماسـلىققا تىرىشـىپ، ئەممـا سـوراقچىلار ئۇنـىڭ گېپىنـىڭ بىـر يېرىدىـن تۇتۇۋېلىـش ئۈچـۈن خېلـى ھەپىلىشـىپ كـۆردى. لېكىـن ئاددىـي ساۋاتلىق بولغـان تىجارەتچـى ئابدۇرېھىـم روزى بـوش كەلمەيۋاتاتتـى. سوراقچىلار ئەمـدى قـۇرۇق سـوراقنىڭ پايدىسـى بولمايدىغىنـى تونـۇپ يەتكـەن چېغـى، ئابدۇرېھىـم روزىنـى تـوك كالتـەك بىلـەن بىـر نەچچىنـى ئۇرىۋىـدى، ئـۇ ھۇشـىدىن كەتتـى. شـۇنىڭ بىلـەن سـوراقچىلار ئالدىنئـالا تەييـارلاپ قويۇلغـان ئىقرارنامىغـا مەجبۇرىـي قـول قويغۇزىۋالـدى. ئىقرارنامىـدە مۇنـداق جۈملىلـەر يېزىلغـان ئىـدى: «مـەن ئابدۇرېھىـم روزى تۈركىيەگە بېرىـپ، شـەرقىي تۈركىسـتانچى ئۇنسـۇرلار بىلـەن تىـل بىرىكتـۈرۈپ، ئـۇلار تەرىپىدىـن - شـىنجاڭنى جۇڭگودىـن بۆلـۈپ چىقىـش ئۈچـۈن تويـلاڭ چىقىرىشـقا ئەۋەتىلدىـم».

ئابدۇرېھىـم روزى بىـر نەچچـە ھەپتـە تۇتـۇپ تۇرۇلغاندىـن كېيىـن، ئـۆز ئىقرارنامىسـى ئۇنـىڭ ئالدىغـا تاشـلىنىپ، ھېچقانـداق سـوت ئېچىلماسـتىنلا قولىغـا 14 يىللىـق مۇددەتلىـك قامـاق جازاسـىغا ھۆكـۈم قىلىنغانلىـق ئۇقتۇرۇشـى تۇتقـۇزۇپ قويۇلدى.ئابدۇرېھىـم روزى قولغـا ئېلىنغاندىـن كېيىـن، ئۈرۈمچىدىكـى بىـر تۇغقـان ئىنىسـىنىڭ ئۆيىگـە قـاراپ بېرىشـكە قويـۇپ قويۇلغـان ئـۈچ يېرىـم ياشـلىق ئائىشـە ئىسـىملىك قىـزى بىلـەن قوشـۇپ،جەمى ئـۈچ بالىسـىنى سـاقچىلار تۇتقـۇن قىلىـپ. ئەسـلى ئۈرۈمچـى نوپۇسـى ئەمەسـكەن دەپ قارىلىـپ، يوپۇرغـا ناھىيەسـىگە ئېلىـپ بېرىـپ، يوپۇرغـىدا يېڭىدىـن قۇرۇلغـان «يېتىـم باللار مەكتىپـى» دېگـەن ئاتـا - ئانىسـىز قالغـان باللارنـى يىغىۋېلىـش ئورنىغـا يىغىۋېلىشـتى. باللارغـا قارايدىغانـلا بـوۋا -

مومىسى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بېقىشىغا بېرىشمىدى. شۇنىڭدىن بۇيان باللارنىڭمۇ كۆز يېشى قۇرىمىدى. بولۇپمۇ ئائىشە توختىماي يىغلايتتى. ئانىسى تۈركىيەگە مېڭىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا:«قىزىم، بىز تۈركىيەگە بېرىپ هامىلە ئۇكىڭىزنى دوختۇرخانىدا تۇغۇپ بولغاندىن كېيىنلا قايتىپ كېلىمىز!»دېگەندە، ئائىشە چۈشەنمەي:

– ئانا، نېمىشقا ئۇكامنى بۇ يەردە تۇغماي، باشقا يەرگە بېرىپ تۇغىسىز؟ - دەپ سورىغان ئىدى.

– قىزىم، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ - دەپ چۈشەندۈردى قەمبەرنىسا - بۇ يەردىكى هۆكۈمەت هامىلە ئۇكىڭىزنىڭ تۇغۇلۇشىنى خالىمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇكىڭىزنىڭ قورسىقىمدا بار ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسا، ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىپ تاشلىۋېتىدۇ. ئائىشە ئانىسىنىڭ بۇ گەپلىرىنى چۈشەندىمۇ - چۈشەنمىدىمۇ؟ بىلگىلى بولمايتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قايتا سوئال سورىمىدى، ئەمما ئانىسىدىن ئايرىلىشقا چىدىماي خېلى ئۇزاق يىغلىغان ئىدى.

ئائىشە يېتىم باللار مەكتىپىگە كەلگىلى بىر نەچچە ئاي بولۇپ قالدى. بۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ هەممىسى خىتاي بولۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىدىن كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلار بىر ئېغىزمۇ ئۇيغۇرچە بىلمەيتى. ئۇلارنىڭ هەتتا خىتايچە يەرلىك شېۋىسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر باللار ئاسانلىقچە ئۇلارنىڭ گېپىنى چۈشەنمەيتى. ئۇيغۇر باللارنىڭ بولسا، ئۆز ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇرچىدە سۆزلىشىش چەكلەنگەن ئىدى. ئەگەر باللار ئۆز - ئارا ئۇيغۇرچە گەپلىشىپ قالسا، ئوقۇتقۇچىلىرى تەرىپىدىن جازالىناتتى. بۇ يەردە باللار دائىم: ئاۋۇنى قىلدىڭ، ماۋۇنى قىلمىدىڭ. كىردىڭ - كىرمىدىڭ، يېدىڭ - يېمىدىڭ، ئىچتىڭ - چىشتىڭ دېگەندەك تۇتامغا چىقمايدىغان سەۋەبلەر بىلەن ئۇرۇپ خورلىناتتى. ئائىشە ئۆز ئانا تىلىنى شۇقەدەر ياخشى كۆرەتتى. دائىملا ئۇيغۇرچە سۆزلەپ سالاتتى. شۇڭا ئۇ بىر نەچچە

قېتىم ئوقۇتقۇچىلىرى تەرىپىدىن جازالاندى. ئائىشە تولا يىغلاپ كېسەل بولۇپ قالغاچقا، مومىسىنىڭ ئۇنى يوقلاپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىندى.

ياشانغان موماي مىڭ تەسلىكتە ئائىشە تۇرۇۋاتقان يېتىم بولغان مەكتىپىنى ئىزدەپ تېپىپ كەلدى.ئۇ باشقۇرغۇچى خىتايلارغا نەۋرىسىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىۋىدى، ئۇلار بۇ يەردە ئۇنداق ئائىشە ئىسىملىك قىز بالا يوق - دېدى. بۇ چاغدا موماي كەنت ئاياللار مۇدىرىدىن ئېلىۋالغان خەتنى كۆرسىتىۋىدى، ئاندىن ئۇلار ئائىشەنىڭ كەلگەن يېرىگە قاراپ ئىزدەپ تېپىپ، «ئا ي شا» ئىسىملىك بىر قىزنى چاقىرىپ كەلدى. دېمەك ئائىشەنىڭ ئىسمى «ئا ي شا»دەپ ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ئىدى. ئائىشە مومىسىنى كۆرۈپ ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ كەتتى. مومايمۇ يىغلىدى. موماي نەۋرىسىگە ئۆزى ئۆيدىن ئېلىپ كەلگەن بىر تال قاتلىمىنى بېرىۋىدى، ئائىشە قاتلىمىنى بىردەمدىلا يەپ بولۇپ، يەنە بارمۇ؟ - دېگەندەك قىلىپ مومىسىغا قارىدى. موماي ئۇنىڭغا يەنە بىر تال قاتلىما بېرىۋىدى، ئائىشە ئۇنىمۇ يەۋەتتى. ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان بۇ يەردە تويغىچە تاماق يەپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ مومىسىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتاتتى، ئەمما ئۇ ئۇيغۇرچىنى ئۇنتۇشقا باشلىغان بولۇپ، كېكەچلەپ گېپىنى تېپىپ قىلالمايۋاتاتتى. ئائىشە: موما، موما! دەپ بولۇپ، گېپىنىڭ ئاخىرىسىنى چۈشەندۈرەلمەي، خىتايچە: (خۇي جىئا چۈ كې يى لى ما؟ ) يەنى موما ئۆيگە كەتسەم بولامدۇ؟- دەپ سورىغان ئىدى. موماي ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمىدى. ئۇلارنىڭ بىر -بىرىسىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتاتتى. شۇ شۇ ئارىدا بىر خىتاي ئوقۇتقۇچى كېلىپ: بولدى قىلىڭلار! گەپلىشىش ۋاقتىڭلار توشتى -دەپ ئائىشەنى ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئائىشەنىڭ كۆزىدىن ئېقىۋاتقان ياشنى كۆرگەن مومايمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى.

قەمبەرنىسا ئېرى ئابدۇرېھىم روزى تۇتۇلۇپ كېتىلگەندىن

بۇيان، بولۇپمۇ 2017 - يىلى ۋەتەن بىلەن تېلېفون ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، ۋەتەندىن كېلىدىغان خەۋەرلەر بارغانسېرى ئازىيىپ، ۋەتەندە قالغان باللىرى ۋە ئۆز جەمەتىدىن سەكسەندەك كىشىنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىشىنى بولسا تېخىمۇ چۈشىنىپ بولالمىدى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلالمىدى. ئەمما ئۇ توختىماي تور ئارىلاپ، ۋاتسىياپ ۋە ئۈندىدارلاردىكى تونۇيدىغان، تونۇمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئۈچۈرلىرىغا گەپ قىستۇرۇپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ۋە ئېرى ئابدۇرېھىم روزىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ ئاتالمىش «كەسپىي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى ـ دېيىلگەن لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكى ۋە تۈرمىگە قامالغانلىقىنى ئۇقۇپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ، قويغان ۋە تۇتقۇننى بىلمەيدىغان بولۇپ قالماقتا ئىدى. ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن لاگېرلارنى قۇرغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن شۇنچە جىق ئادەملەرنى تۇتۇپ سولىغانلىقىنى چۈشەنمەيتى. بولۇپمۇ ئۆز جەمەتىدىن چوڭ - كىچىك بولۇپ، سەكسەندەك كىشىنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىشىنى تېخىمۇ چۈشىنىپ بولالمىدى .ئۇ: «بۇ لاگېرلارنى ئۇلار مەكتەپ دەيدىكەن، ئەمما نېمىشقا كىچىك باللاردىن تارتىپ - ئاتمىش - يەتمىش ياشقىچە بولغان، ھېچ بىر ئوقۇشقا ئېھتىياجى بولمىغان ئادەملەرنى ئوقۇتماقچى بولىدۇ؟» دەپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى. ئەمما قەمبەرنىسا ھازىرغىچە بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ بولالمىدى. لېكىن ئۇ بۇنىڭ چوقۇم بىر كۆزلىگەن مەقسىتى بار دەپ قارايتى.

قەمبەرنىسانىڭ پۈتۈن خىيالى تۇتقۇن قىلىنغان جەمەتى ۋە يېتىمخانىلارغا ئېلىپ كېتىلگەن باللىرىدا قالغان ئىدى. ئۇ ۋەتەندىن كەلگەن ھەر قانداق بىر ئۇچۇر -خەۋەرلەرگە دىققەت قىلاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ قېرىنداشلار توپى (ۋاتساپ )گە كۆچۈرۈپ قويۇلغان،«شەرقىي تۈركىستاندىكى مەلۇم بىر يېتىم باللار مەكتىپى ئىكەن» دېگەن ۋىدېئونى كۆرۈۋېتىپ، سىندىكى ئۆزىنىڭ قىزىنى تونۇپ قېلىپ، يۈرىكى غارتىتىدە قىلىپ قالدى - دە، ئائىشە، بۇ مېنىڭ قىزىم ئائىشەغۇ، جېنىم قىزىم! خۇداغا

شۈكرى، سەن ھايات ئىكەنسەن! - دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

قەمبەرنىسا قىزىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمدى ۋە كۆز يېشى قىلدى. شۇنداقلا ئۇ خىيالغا چۆكۈپ كەتتى: «مېنىڭ قىزىم! خۇددى بىر ئەسىردەك تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما قانداقلا بولمىسۇن ھايات ياشاۋېتىپتۇ، بۇ بىر ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى ئەمەسمۇ؟ چوڭلاردا:«كەتكەنلەرغۇ كېلەر بىر كۈنى ، كەلمەيدىكەن كەتمەنلەنگەنلەر» دەيدىغان ماقال بار ئەمەسمۇ؟ قىزىمنىڭ دادىسى تېخى ھايات، ناۋادا مەن بارالمىسامۇ، قىزىمنىڭ دادىسى ساق - سالامەت تۈرمىدىن چىقسا، چوقۇم قىزىمنى ئىزدەپ تاپىدۇ. ئۇنىڭغا، ھازىر بېرەلمىگەن ئاتا - ئانا مېھرىنى بېرىپ، كەلگۈسى ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بەلكى، ئاللاھ نېسىپ قىلسا ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ، دادىسى - بالىلارنى تۈركىيەگە ئېلىپ كەلسە، مەن بالىلىرىم بىلەن دىدار غەنىيمەت كۆرۈشىمەنغۇ؟ ھەي، ئۇلۇق ئاللاھىم! بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھامان بىر كۈنى دىدار غەنىيمەت كۈنىگە ئېرىششىمىزگە نېسىپ قىلغانسەن، ئامىن!»

قەمبەرنىسا ھازىر تۈركىيەدە ئىككى بالىسىنى ئۆزى جاپاغا چىداپ ئىشلەپ بېقىپ كەلمەكتە، ئۇ ھەر كۈنى تورغا قارايدۇ. ئەمما، ۋەتەن بىلەن بولغان تور - تېلېفون ئالاقىسى ئۈزۈلۈپتىلگەچكە، ئۇ ۋەتەندە قالغان بالىلىرىدىن شۇنىڭدىن كېيىن ھېچبىر خەۋەر ئالالماي كەلمەكتە. ئاللاھتىن قەمبەرنىسانىڭ بالىلىرىنىڭ تىنىچ - ئامان بولۇشىنى، ئېرى ئابدۇرېھىم روزىنىڭ قويۇپ بېرىلىپ، بالىلىرىنى ئېلىپ تۈركىيەگە يېتىپ كېلىپ، بىر ئائىلىنىڭ جەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ئىنشائاللاھ!

## ئۇ نېمىشقا ئۆلۈۋالدى؟

ئۆلۈۋېلىش ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ۋە قاباھەتلىك بىر ئىشتۇر. پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، بىر ئادەم ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالمىغاندا، ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە پېتىپ قېلىپ، ئۆلۈۋېلىش يولىنى تاللايدىكەن. ئادەتتە ئۆلۈۋېلىش - مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئېتىقاتنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرايدىغان بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئېتىقادسىز كىشىلەردە كۆپرەك ئۇچرايدىكەن. چۈنكى، ئېتىقاتسىز كىشىلەر بىر مەنىۋى كۆزدىن مەھرۇم بولۇپ، ئالدىدىكى پارلاق مەنزىرىنى كۆرەلمەيدىكەن. ئېتىقادلىق كىشىلەر بولسا دىنىي ئەقىدە ۋە ئەخلاقنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۈمىدسىزلىك ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدىكەن.

ئىسلام دىنىدا ئۆلۈۋېلىش قاتتىق چەكلەنگەن بولۇپ، ئۆلۈۋالغۇچىلار خۇددى بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىلغا ئوخشاش گۇناھكار ھېسابلىنىدىكەن. ھەدىس - شېرىپتە ساھابىلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلۈۋالغۇچىلار ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن:«ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئىنتايىن ئېغىر گۇناھتۇر! ئۆلۈۋالغۇچىلار قانداق ھالەتتە ئۆلۈۋالغان بولسا، قىيامەتتە شۇ ھالەتتە قوپىدۇ ۋە شۇنداق ھالەتتە جازالىنىدۇ.» ئەمما مەجبۇرلانغان ئۆلۈۋېلىش قانداق بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە ھەدىس شېرىپتە ھېچقانداق بىر نەرسە دېيىلمىگەن. بەلكى مۇسۇلمانلار ھەر قانداق ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ سەۋر قىلىش تەكىتلەنگەن بولۇپ، زۇلۇمغا چىدىماي ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنى

قوغــداش ۋە ھاياتــى بەدىلىگــە بولســىمۇ، ئۇنىڭغــا قارشــى كــۈرەش قىلىــپ، شــەرەپ بىلەن ياشــاش ياكــى ئۆلۈش ئەۋزەل ھېسابلىنىدىكەن. بىــز ئىبراھىــم قاســىمدەك خىتايلارنىــڭ جــازا لاگېرىدىــن قورقــۇپ، ئۆلۈۋالغانلارنىــڭ ئاللاھتىــن گۇناھىنىــڭ كەچۈرۈۋېتىلىشــىنى تىلەيمىــز، ئالــلاھ مەرھەمەتلىــك زاتتــۇر، ئەپــۇ قىلغۇچىــدۇر!

ئىبراھىــم قاســىم 2001 ـ يىلــى شــەرقىي تۈركىســتاننىڭ قەشــقەر ۋىلايىتىنىــڭ يېڭىســار ناھىيەســىدە دېھقــان ئائىلىســىدە تۇغۇلغــان بولــۇپ، ئــۇ باشــلانغۇچ ۋە ئوتتــۇرا مەكتەپنــى پۈتتۈرگەندىــن كېيىــن، قەشــقەردە شەخســلەر ئاچقــان كومپيۇتېــر مەكتىپىــدە ئوقۇيــدۇ ۋە ئوقۇشــنى تۈگىتىــپ، يېڭىســارغا قايتىــپ كېلىــدۇ. ئــۇ ئالىــي مەكتەپتــە ئوقۇيالمىغىنىغــا تــەن بەرمــەي، ئۆزلۈكىدىــن ئىزدىنىــپ، قەشــقەردىكى شەخســىيلەر ئاچقــان كومپيۇتېــر مەكتىپىــدە ئوقۇۋاتقــان مەزگىلــدە قوشــۇمچە ئىنگلىــز تىلىنىمــۇ ئۆگىنىۋالغــان ئىــدى. ئەگــەردە ئۇنىڭغــا ئوقــۇش ئىمكانىيىتــى يــار بەرگــەن بولســا، ئالىــي مەكتەپتــە، ھەتتــا چەتئەللــەردە ئوقۇشــنىمۇ ئــارزۇ قىلاتتــى. ئەممــا ئۇنىــڭ بۇنــداق ئالىــي بىلىــم يۇرتلىرىــدا ئوقــۇش پۇرســىتى ياتــلار تەرىپىدىــن تارتىۋېلىنغــان ئىــدى. ئۇنىــڭ ئاتــا ـ ئانىســىدىن باشــقا، ھېچكىــم ئۇنىــڭ ئىســتىقبالىغا كۆڭــۈل بۆلمەيتــى.

ئــۇ ئــۆز تەقدىرىدىــن بەكمــۇ ئۆكۈنەتتى.ئــاھ، ياشلىقىم! مۇشــۇنداق يــول تاپالمــاي، گاڭگىــراش ئىچىــدە نابــۇت بولــۇپ كېتەرســەنمۇ؟ ـ دەپ ئويلايتــى. شــۇنداقلا ئــۇ ئــۆز ئىســتىقبالىدىن ئۈمىدســىزلىنىپ، نېمــە قىلىشــنى بىلەلمــەي تۇيــۇق يولغــا كىرىــپ قالغــان ئىدى. ئۇنىــڭ بۇنداق ئاســانلا ئۈمىدسىزلىنىشــىدىكى يەنــە بىــر ســەۋەب شــۇكى، ئۇنىــڭ يــاش قورامىدىكــى باللار خىتايــلار قۇرغــان ئاتالمىــش «كەســپىي قايتــا تەربىيەلــەش مەركىــزى» دەپ ئاتالغــان جــازا لاگېرلىرىغــا تۇتۇلــۇپ، مەجبۇرىــي ئېلىــپ كېتىلىۋاتقانلىقــى ئىــدى.

مۇشــۇ كۈنلــەردە ئىبراھىــم قاســىمنى لاگېرغــا تۇتۇلــۇش قورقۇنچــى

بېسىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ مەجبۇرلانغان بۇنداق تەربىيەلەشكە ئېھتىياجى يوق ئىدى. ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىزدىنىپ كومپيۇتېر ئىشلىتىشنى ۋە خىتايچە - ئىنگلىزچىنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى. ئۇ بۇ سەۋىيەسى بىلەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا لايىق ئىدى ۋە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما بۇ تەتۈر پەلەك ئۇنىڭ ئارزۇسىغا باقمايۋاتاتتى. ئەكسىنچە، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قارا تەقدىر -لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىش خەۋپى تۇراتتى. تېخى بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىر نەۋرىسى ئىنىسى مۇھەممەت مەتىمىن: «قوشۇمچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان» دېگەن باھانە بىلەن تۇتۇلۇپ، لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن ئىدى. ئەمدىكى نۆۋەت ئۇنىڭ ئۆزىگە كېلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ لاگېرغا تۇتۇلۇپ كېتىپ، ياشلىق ھاياتىنىڭ نابۇت بولۇپ كېتىشىنى خالىمايتتى. ئۇ ئاخىرى بىر قارارغا كېلىپ، يېڭىساردىن ئايرىلىش ۋە چەتئەلگە چىقىپ كېتىشنى نىيەت قىلدى. يېڭىساردىن چىقىپ، بىر ئاماللارنى قىلىپ قەشقەرگە بېرىۋالسىلا، ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە توساقسىز بېرىۋالغىلى بولاتتى. ئەمما ئۇنىڭ تۇغۇلغان تۇپرىقى ۋە سۆيگەن ۋەتىنى قاتمۇ - قات توساق، تەكشۈرۈش پونكىتى بىلەن مۇھاسىرىگە ئېلىنغان ئىدى. ئۇ ئەقلىنى ئىشلەتمىسە يولدىلا تۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر كېچىدە ھېچكىمگە تۇيدۇرماي يولغا چىقىپ، ئاۋۋال قەشقەرگە كېلىۋالدى - دە، ئاندىن ئىچكىرىگە بېۋاستە قاتنايدىغان پويىز بېلىتىنى ئېلىپ، يىراقتىكى ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى كۈنمىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىلگىرى نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ كۈنمىڭغا كېلىپ، ئاندىن شۇ يەردە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تونۇشتۇرۇپ قويۇشى بىلەن، چېگرادىن ئۆتكۈزگۈچى دەللاللارغا پۇل بېرىپ، تايلاند، مالايسىيا، ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ، شۇ يەردە سىياسىي پاناھلىق تىلىگەنلىكى، ھەمدە بىر مەزگىلدىن كېيىن،

تۈركىيەدىكى ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلىرىنىڭ يول مېڭىشى بىلەن نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيەگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدى.

ئەمما ئىشلار ئىبراھىم قاسىمغا كەلگەن چاغدا، پەلەك ھەمىشە تەتۈر ئايلىنىۋاتاتتى. ئۇ كۆنمىگەن، نەنىڭ قاتارلىق شەھەرلەردە ئىزدىنىپ يۈرۈپ، بىر يۇرتلۇق تونۇشلىرىنى تاپالمىدى. بۇ يەرلەردىكى ئىلگىرى يەرلىشىپ كاۋاپچىلىق ۋە سودا سودا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار 2017 - يىلى ھەممىسى دېگۈدەك قايتۇرۇلۇپ كېتىلىپ، لاگېرلارغا سولانغان ئىدى. ئىبراھىم قاسىم ئۇلارسىز چېگرادىن ئۆتكۈزگۈچى دەللاللارنى تاپالماي قالدى. بۇ يەردە ئۇزاق تۇرىۋېرىشكە بولمايتى. چۈنكى، ئۇ ھەدىسىلا تەكشۈرۈلۈشكە ئۇچراۋاتاتتى. ئۇ كۆنمىگەدىن ئايرىلىپ گۇئاڭجۇغا كەلدى. گۇئاڭجۇدا بىر مەزگىل تۇرۇش جەريانىدا بىر قانچە ئادەملەر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇيغۇرلار گۇئاڭجۇدىمۇ ئىنتايىن ئازلاپ كەتكەن بولۇپ، ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇ جەريانىدا ئۇ بىر خىتاي دەللالغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئىككى مىڭ سوم پۇل بەرسە ئۇنى خوڭكوڭغا ئۆتكۈزۈپ قويالايدىكەن، بۇ ئىشتا ئىبراھىم قاسىم قاتتىق ئىككىلىنىپ قالدى. چۈنكى، خوڭكوڭغا بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن چەتئەلگە چىقىپ كېتىش ئىمكانىيىتى بولۇشى ناتايىن ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ خوڭكوڭغا كىرگەن ۋىزىسى ياكى ئۆلتۈرمىسى بولمايتى. ئەگەر تۇتۇلۇپ قالسا، ئۇ خوڭكوڭغا قاچاق كىرگەن ھېساپلىنىپ، جازالىنىشى ۋە پۇل - ماللىرى تارتىۋېلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

ئىبراھىم قاسىم گۇئاڭجۇدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، «فۇجيەن ئەتراپىدا تىجارەتچى ئۇيغۇرلار بار ئىكەن» دېگەننى ئاڭلاپ فۇجيەنگە كەلدى. ئۇ فۇجيەندە تىجارەتچى ئۇيغۇرلارغا تەرجىمانلىق قىلىش، مال ئېلىپ بېرىش، ئۇچۇر - ئالاقە ئىشلىرىدا ياردەملىشىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر مەزگىل جان بېقىپ يۈردى. فۇجيەندىمۇ ئۇ چەتئەلگە چىقىپ كېتىشنىڭ

يوللىرىنى تاپالمىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ : «شىنجاڭلىق ئىكەن، ئۇيغۇر ئىكەن» دېگەن سەۋەب بىلەن دائىم تەكشۈرۈلۈپ، سوراق قىلىنىشقا دۇچ كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە بىر مەزگىل فۇجيەندە تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ، يۇرتى يېڭىسارغا قايتىپ بارسا، دەرھال لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئۇ فۇجيەندىكى دىمىق ۋە نەم ھاۋادىن شۇ قەدەر زېرىككەنىمۇ، ئەمما ئۇ يەردە يەنە ۋاقىتلىق تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. فۇجيەننىڭ دېڭىز ئىقلىمى تىپىگە كىرىدىغان نەم ھاۋاسى ئۇنىڭغا ياراشمايۋاتاتتى. ئۇ ھەر قانچە يېپىسىمۇ، ئىچىسىمۇ چىرايىغا چىقماي ئورۇقلاپ، بەكلا جۇدەپ كەتتى. ئۇ يۇرتى ۋە ئاتا - ئانىسىنى سېغىنىپ، ئۆيگە چۈشۈپ كەتتى: «ئاھ، ئېزىز يۇرتۇم يېڭىسا!! سەن نېمە دېگەن گۈزەل دىيار - ھە، سېنىڭ شورلۇق تۇپراقلىرىڭ، قۇم بارخانلىرىڭ مەن ئۈچۈن بىر تۇتىيادۇر، سېنى بەكمۇ سېغىندىم. نېمىشقا شۇ تۇپراقتىن بىر سىقىم بولسىمۇ يېنىمغا بىللە ئالغاچ كەلمىگەندىمەن؟ شۇ ئېزىز تۇپراقتىن بىر چىمدىن پۇرىۋالغان بولسام، بىر چىمدىم يەۋالغان بولسام، بەلكىم ھازىرقى سولغۇن چىرايىم ئوڭشىلىپ كەتكەن بولامتى؟ بۇ يەرنىڭ نەم ھاۋاسى جېنىمدىن -جاق تويغۇزدىغۇ؟ يېڭىساردا كۈندۈزلىرى - كۈن ئادەمنى شۇ قەدەر قىزىتقان بىلەن، كەچتە ئىللىق شامال چىقىپ، ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايتى ئەمەسمۇ؟ بۇ يەرنىڭ گۆشلىرىنىڭ تەمسىزلىكىنى دېمەمدىغان؟ ئادەم ئىلاجسىز قالمىسا بۇ يەرنىڭ گۆشىنى يەمدۇ؟ ئەتىدىن - كەچكىچە بېلىقلا يەيدىغان گەپكەن بۇ يەردە؟ يۇرتۇمنىڭ پاقلان گۆشلىرىنى، كاۋاپلىرىنى ئەجەب سېغىندىمغۇ؟ ئاتا - ئانامچۇ؟ ئۇرۇق - تۇغقانلارچۇ؟ ئۇلار تىنچ - ئامان تۇرىۋاتقانمىدۇ؟ ئۇلارنى بەكلا سېغىندىم. مەن ماڭىدىغان چاغدا ئانام: ئوغلۇم بالدۇرراق قايتىپ كەلگىن! كىشىلەرنىڭ يۇرتىدا ياشىماق بەك تەس، ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت دېمىگەنمىدى؟ ئانام ھەقىقەتەن توغرا ئېيتقان ئىدى.ئەمما، ماڭا نېمە ئامال؟ ئۆزۈمنىڭ ھازىر قانداق

بىر پىسخىكىغا گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدىم؟ بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئەركىن -ئازادە ياشاۋاتقانلىقىنى ئويلىسام، بىزنىڭ يۇرتىمىز قانداق جاي؟ قانداق بولۇپ كەتتى؟ دەپ ئويلىغۇم كېلىدۇ. نېمىشقا بۇ يەردىكى سىياسەت بىلەن مېنىڭ يۇرتۇمدىكى سىياسەت ئوخشاش بولمايدىغاندۇ؟ - دەپ، ئۆزۈمچە تىتىلداپ كېتىپ بارىمەن! ئەگەردە مېنىڭ يۇرتۇمدىمۇ، بۇ يەردىكىدەك بىراز نەپەس ئالغۇدەك مۇھىت بولغان بولسا، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلاتتىم؟ ئەلۋەتتە، ئۆز يۇرتۇمدا ياشىغان بولاتتىم، يۇرتۇمدا ئاتا - ئانامغا خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالغان بولاتتىم. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم گۈلئايىم بىلەن مۇھەببەتلىشىپ، بەلكى بۇ ۋاقىتقىچە ئۆيلەنگەنمۇ بولاتتىم! ئۇ ماڭا بەكمۇ ئامراق ئىدى. بىز چوڭ بولغاندىن كېيىن، ھازىرقىدەك جۇدالىققا مۇپتىلا بولىدىغانلىقىمنى ھېچ ئويلىماپتىكەنمەن! بۇ كۈنلەرنىڭ بېشىمغا كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، گۈلئايىمغا بۇرۇنلا گەپ قىلىپ، سۆزىنى ئېلىپ قويماسمىدىم! ھەي، گۈلئايىم! مېنىڭ غايىۋانە ئاشىقىم، ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتقانسەن؟ بىرەر قېتىم چۈشۈڭگە كىرگەنمەنمىدۇ؟ ئەگەر يېڭىسارغا قايتىپ بارسام، ئاتا - ئانام بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپلا، مەن سېنى ئىزدەيمەن، بۇرۇنقى تارتىنىشنى چۆرۈپ تاشلاپ، ساڭا ئالدى بىلەن ئېغىز ئېچىپ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىمەن! ئاھ، گۈلئايىم، مېنىڭ جېنىم! مەن بىلەتتىم، سەن بىز تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندىن باشلاپلا، ماڭا يەر تېگىدىن قارايدىغانلا بولۇۋالغان ئىدىڭ! ئۇ ۋاقىتتا يۈزلىرىڭ ئالمىدەك قىزىرىپ كېتەتتى. مېنىڭ يۈرىكىم بۇنى سېزىپ تۇراتتى. ئەمما، نېمىشقىكىن؟ ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بەلكى تارتىنچاقلىقىمدىن بولسا كېرەك؟ كۆزۈمنى سېنىڭدىن ئېلىپ قېچىپ، باشقا ياققا قارىۋالاتتىم. نېمىشقا ئۇنداق قىلغان بولغىيتتىم؟ نېمىشقا مەن سېنىڭ كۆزۈڭگە تىكىلىپ قاراپ: گۈلئايىم، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن! - دەپ، مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلىۋالمىغان بولغىيتتىم!

بۇ خاتالىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن پۇشايمان قىلىمەن. ناۋادا بۇ قېتىم يۇرتقا قايتىپ قالسام، چوقۇم ساڭا يۈرىكىمنى يېرىپ كۆرسىتىمەن! ئاھ،گۈلئايىم! سەن مېنىڭ جېنىم، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن دەيمەن. ئاللاھىم! مېنىڭ شۇ غايىۋانە سۆيگۈنۈم گۈلئايىمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!»

ئۇنىڭ خىياللىرى ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. فۇجىيەندىكى زېرىكىشلىك كۈنلىرى ناھايىتى تەستە ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قانىتى بولغان بولسا، خۇددى ھازىرلا ئۇچۇپ كەتكۈسى كېلىپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ قانىتى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قۇش بولۇپ قالمىغانلىقىغا ئۆكۈنمەكتە ئىدى. ئەگەر ئۇ بىر قوش بولۇپ قالغان بولسا، خالىغان يەرگە ئۇچۇپ بارالايتتىغۇ؟ كاككۇك بىلەن زەينەپتەك سايرىشىپ، بىر - بىرسىگە ئاۋازى ئارقىلىق بولسىمۇ، مۇھەببەت ئىزھار قىلالايتتىغۇ؟ ئەمما، مەن ھازىر ئۇنداقمۇ قىلالمايمەن. دىلىم داغلاقلىق، تىلىم باغلاقلىق! ئەگەر ئۇنىڭغا تېلېفون قىلسام ساقچىلار دەرھاللا ئۆيىگە كېلىپ، ساڭا نېمشقا يىراقتىن تېلېفون كەلدى؟ تېلېفون قىلغان كىم؟ سېنىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟ - دەپ سوراپ، ئۇلارنى ئاۋارە قىلىشى تۇرغان گەپ. ئۆتكەندە ئانامغا تېلېفون قىلسام ئۇنى بىلىۋېلىپ، ئانامغا بېسىم ئىشلىتىپ، مېنى قايتىپ كېلىشكە مەجبۇرلىغان ئەمەسمىدى؟ ھەي، ئۇلۇغ ئاللاھ! نېمشقا مېنى مەجبۇرلىنىدىغان، باشقىلارنى مەجبۇرلايدىغان قىلىپ يارىتىپ قويغانسەن؟ توغرىسى نېمشقا مېنى ئۇيغۇر قىلىپ يارىتىپ قويغانسەن؟ دېگۈسى كەلدىيۇ، ئەمما ئويلىغانلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئۇ ئاشۇنداق بەزى ۋاقىتتا ئاللاھقا زارلىناتتى -يۇ، كەينىدىنلا ئاللاھقا زارلانغانلىقىدىن پۇشايمان قىلىپ، ياقىسىنى تۇتۇپ، تەۋۋا قىلىپ كېتەتتى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئىرادىلىك، قەيسەر چوڭ بولغان ئىدى. شۇنداق ئىكەن، ئۇ نېمشقا بېشىغا كەلگەنلەردىن زارلانسۇن؟ ئۇ ئاخىرى ئۆزىگە كەلدى - دە، بېشىمغا نېمە كەلسە - شۇنى كۆرەرمەن دەپ

ئويلىدى.

ئۇ فۇجىيەندىكى ۋاقتىدا دائىم ئاتا ـ ئانىسىغا تېلېفون قىلاتتى. ھەر قېتىملىق تېلېفوندا گەپلەشكەندە، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا: بالام سەندىن بىز بەكمۇ ئەنسىرەيمىز، قايتىپ كەلگىن جېنىم قوزام ـ دەپ، يالۋۇراتتى. ئۇ ئانىسىغا: ئانا، مەن چەتئەلگە چىقىپ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيمەن. مەن ئۆزۈمگە ـ ئۆزۈم چوقۇم بىر يول تاپىمەن ـ دەپ، ئۇلارنى بىر ئامال قىلىپ قايىل قىلغان ئىدى. ئۇ ئالدىنقى ھەپتە تېلېفون قىلغاندا ئانىسىدىن: لاگېرغا تۇتۇلۇپ كەتكەن نەۋرە ئىنىسى مۇھەممەت مەمەتئىمىننىڭ قويۇپ بېرىلگەن ياكى قويۇپ بېرىلمىگەنلىكىنى سورىغاندى، ئانىسى: ياق، بالام، تېخىچە خەۋەر ئالالمايۋاتىمىز، ھېچقانداق كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتى بولمايۋاتىدۇ ـ دەپ، جاۋاب بەرگەن ئىدى. ئۇ نەۋرە ئىنىسى مۇھەممەت مەمەتئىمىننى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى بىلمەيتى. ئۇ بۇ توغرىسىدا مۇنداق ئويلايتتى: «ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەن بالا نېمە سەۋەبتىن لاگېرغا مەجبۇرلاپ ئېلىپ كېتىلىدۇ؟ ئۇ بىر تۈرمىگە ئوخشاش باشقۇرۇلىدىغان يەر ئىكەنغۇ؟ ئاشۇنداق تۈرمىگە ئوخشايدىغان يەرگە كىممۇ ئۆز ئىختىيارلىق بىلەن بارسۇن؟ ئەگەردە ھۆكۈمەت ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلىسا، ئۇلارنى ئالىي مەكتەپتە، تېخنىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇتماي، نېمىشقا لاگېرغا ئېلىپ كېتىدۇ؟ ئۇلار لاگېردا ئىدىيەۋى تەربىيەلەشتىن باشقا، ئىدىيە ئۆزگەرتىشتىن باشقا ھېچقانداق بىر كەسپىي بىلىم ئالالمايدىكەنغۇ؟ 16 ياشلىق بىر بالىنىڭ ئىدىيەسىدە نېمە مەسىلە بولسۇن؟ مەجبۇرلاپ ئۆگىتىلگەن نەرسىلەر ئادەمنىڭ كاللىسىغا قانداقمۇ ئورنىسۇن؟ مەن بۇنداق مەجبۇرلاپ تەربىيەلىنىشنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلالمايمەن!» ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى توغرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

دۈشەنبە ئەتىگەنلىكى ئىدى. ئۇنىڭ يانفونى تۇيۇقسىز

سايراپ كەتتى. تېلېفوندىن كەنت سېكرېتارىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. سېكرتار بىر نەچچە ئېغىز ئەھۋال سورىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆز گېپىنى ئۇدۇللا دېيىشكە باشلىدى: ئىبراھىم دەرھال قايتىپ كەل! قايتىپ كەلمىسەڭ بولمايدۇ، ساڭا جىددىي بىر ئورۇنلاشتۇرۇش بار!

– قانداق جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇ سېكرېتار؟

– بەك جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇش، يۇقىرىدىن چۈشكەن يوليورۇق، سەن قايتا تەربىيەلىنىشنى قوبۇل قىلىشىڭ كېرەك! ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، سېنىڭ ئورنۇڭدا ئاتا -ئاناڭ تەربىيەلىنىشكە ئېلىپ كېتىلىدۇ؟

– قېرى ياشانغان كىشىلەرنىڭ تەربىيەلەشكە نېمە ئېھتىياجى بولسۇن؟

– ئۇنى مەن بىلمەيمەن، بۇ يۇقىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشى، ئۇقتۇرۇشتا شۇنداق دېيىلگەن. باللىرىنى قاچۇرۇۋەتكەنلەر چوقۇم ئۆزى بالىسىنىڭ ئورنىدا تۇتۇپ تۇرۇپ تەربىيەلىنىدۇ.

– سېكرېتار، مەن بۇ يەردە ئىشلەۋاتىمەن. ئازراق پۇل تاپقاندىن كېيىن، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماقچى ئىدىم - دېدى ئىبراھىم قاسىم بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر يولىنى ئىزدەپ،

– ياق، بولمايدۇ! ئىبراھىم، سەن چوقۇم قايتىپ كەل! ناۋادا قايتىپ كەلمىسەڭ، ئاۋۋال ئاتا - ئاناڭ تۇتۇلىدۇ، ئاندىن سېنى ساقچىلار بېرىپ تۇتۇپ ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن؟

– ئۇنداق بولسا سېكرېتار، مەن بىر نەچچە كۈن ئىچىدە يېتىپ بارىمەن. ئاتا - ئانامنى تۇتماڭلار؟

– تېز قايتىپ كەل! مەن سېنى لاگېرغا بېرىپ قايتا تەربىيەلىنىشنى قوبۇل قىلىدۇ - دەپ، تىزىملىتىپ قويسام ئاتا - ئاناڭ تۇتۇلماسلىقى مۇمكىن!

– بولىدۇ، ئۇنداق بولسا، خوش! بارغاندا كۆرۈشەيلى!

ئەمدى ئىبراھىم قاسىم ئۆزىنىڭ يېڭىسارغا قايتىپ كېتىشتىن باشقا يولى قالمىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى. ئەگەردە ئۇ قايتىپ بارمىسا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بالىسىنى قاچۇرۇۋەتكەن ھېساپلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا تەربىيەلىنىشكە ئېلىپ كېتىلىش ئېھتىمالى تۇرماقتا ئىدى. ئۇ دەرھال بازارغا بېرىپ ئاتا ـ ئانىسى ۋە گۈلئايىم ئۈچۈن سوۋغاتلىقلارنى ئالدى. ئاندىن پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ، ئەتىسى كەچتە ماڭىدىغان پويىز بېلىتىنى ئالغاندىن كېيىن، بىر قانچە تىجارەتچى تونۇشلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزىنىڭ يۇرتى يېڭىسارغا قايتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، خوشلىشىۋالدى.

ئۇ پويىزدا كېتىۋاتاتتى. ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىققان بۇ پويىزدا لىققىدە ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇ پويىز ئىچىگە سەپ سېلىپ قارىۋىدى، ئۆزىگە تونۇشلۇق بىرمۇ ئادەمنى، يەنى بىرمۇ ئۇيغۇرنى كۆرمىدى. ھەممىسى خىتايلار بولۇپ، كۆپىنچىسى بىردىن ـ ئىككىدىن چامدانلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىشقا ئىدى. ئۇلار ناھايىتى ئۈنلۈك گەپلىشەتتى، قالايمىقان ۋارقىرايتتى. قول ئىشارىتى بىلەن بەلگىلىنىدىغان بىر خىل ئويۇننى ئويناپ، ئۈنلۈك ۋارقىراشماقتا ئىدى. ئىبراھىم قاسىم بۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا تاقەت قىلالمىدى ـ دە، يانفونىنىڭ تىڭشىغۇچىنى قۇلىقىغا تىقىپ، كۆزىنى يۇمۇپ، ئورۇندۇقنىڭ ئارقا تەرىپىگە يۆلىنىپ، بۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى قۇلىقىم ئاڭلىمىسۇن دېگەندەك قىلىپ، كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

ئۇ كۆزىنى يۇمۇپلا ئۇزاق قالماي ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۇخلىدىكىن بىلگىلى بولمايتى. بىر كەمدە ئۇ: «گۈلئايىم، گۈلئايىم!» دەپ ۋارقىرىغانچە، چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۈمۈلۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ مۇنداق چۈش كۆرگەن ئىدى: «ئىبراھىم قاسىم بىلەن گۈلئايىم بىر مېۋىلىك باغ ئىچىدە بىر ـ بىرىگە يۈرەك سىرلىرىنى ئىزھار قىلىشىپ، ھەقىقىي ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك بىر ـ بىرىگە يېقىن ھالەتتە تۇرۇپ مۇڭدىشىۋاتاتتى. گۈلئايىم ئىبراھىم قاسىمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ: ئىبراھىم،

مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن. سىز ئۈچۈن ھەممە نېمەمنى قۇربان قىلىشقا تەييارمەن. بىز بالدۇرراق تويىمىزنى قىلىۋېتىشىمىز كېرەككەن، بولمىسا تەقدىرىمىز چاتاق بولىدىغان ئوخشايدۇ! كەنت كادىرلىرى ئاتامغا: باۋۇدۇن ئاخۇن، سىز دېگەن بىر ئىلغار پارتىيە ئەزاسى، پارتىيەمىزنىڭ سىياسەتلىرىنى ياخشى چۈشىنىسىز، پارتىيە كادىرلىرىنى ياخشى ھىمايە قىلىشىڭىز كېرەك! ئۇلارغا ئاكتىپ ماسلىششىڭىز كېرەك! بۇنىڭ ئۈچۈن سىز قىزىڭىز گۈلئايىمنى ئىچكىرىدىن كەلگەن خەنزۇ كادىرلارغا ياتلىق قىلىشنى ئويلىشىپ كۆرۈڭ؟ بىزنىڭ كەنتكە يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن بىر خەنزۇ كادىرنىڭ قىزىڭىزغا كۆزى چۈشكەن ئىكەن، ئۇ بىزگە گۈلئايىم بىلەن ئۆيلىنىش نىيىتى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمدى سىز بۇنىڭغا ئىدىيەۋى تەييارلىقتا بولمىسىڭىز بولمايدۇ؟ - دەپتۇمىش. ئىبراھىم ئەمدى مەن قانداق قىلارمەن؟ مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، مەن يات مىللەتتىن بولغان بىرسىگە ياتلىق بولۇشنى ئۆلسەممۇ خالىمايمەن! جېنىم ئىبراھىم! تېزدىن بىزنىڭ ئۆيگە ئەلچى كىرگۈزۈڭ، بىز ۋاقتىدا تويىمىزنى قىلىۋېتەيلى! شۇنداق قىلساق، بىز ئۇ يات مىللەتتىن بولغان مەلئۇندىن قۇتۇلۇشىمىز مۇمكىن- دەپ، كۆز يېشىنى توختىتالماي يىغلاۋاتاتتى. ئىبراھىم قاسىم بولسا ئۇنىڭغا: گۈلئايىم، سىزمۇ مېنىڭ جېنىم! مەنمۇ سىز ئۈچۈن ھاياتىمنى قۇربان قىلىشقا تەييارمەن! بۈگۈنلا ئانامغا دەپ، سىلەرنىڭ ئۆيگە ئەلچى كىرگۈزىمەن. بىز چوقۇم بىر ياستۇققا باش قويىمىز. سىز ئەندىشە قىلماڭ - دەپ، ئۇنىڭ چېچىنى سىلاپ تۇرۇپ، تەسەللى بېرىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا كۆكتىن بىر ئەجدىھاسىمان مەخلۇق ئاغزىدىن ئوت چاچراتقانچە، ئۇلارغا يېقىنلىشىپ كېلىشكە باشلىدى. ئىبراھىم قاسىم بىلەن گۈلئايىم بىر شاپتۇل دەرىخىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى، ئەمما ئۇ مەخلۇق ئاغزىدىن چاچراتقان ئوت شاپتۇل دەرىخىنى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. ئارقىدىن ئۇلار بىر ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى.

ئەجدەرھا ئۇنىڭغىمۇ ئوت چاچ چاچرىتىپ، ئۇنىمۇ كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. ئاندىن كېيىن ئۇلار بىر نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى. ئەجدەرھا ئۇنىڭغىمۇ ئوت چاچرىتىپ، ئۇنىمۇ كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. ئۇلار قايسى دەرەخنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالسا،ئەجدەرھا شۇ دەرەخكە ئوت چاچرىتىپ، كۆيدۈرۈپ تاشلاۋاتاتتى. شۇ تەرىقىدە باغدا بىرمۇ مېۋىلىك دەرەخ قالمىدى. ئىبراھىم قاسىم بىلەن گۈلئايىم باغدىن قېچىپ چىقىپ، بىر ئېگىز سۇۋادان تېرەكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋالدى. ئۇ چاغدا ئەجدەرھانىڭ ئىچىدىكى ئوت تۈگەپ كەتتىمۇ قانداق؟ ئالدىغا كەلگەنلىكى نەرسىلەرنى دەم تارتىپ، سۈمۈرمەكتە ئىدى. ئۇ ياۋۇز مەخلۇق دەم تارتىپ گۈلئايىمنىمۇ سۈمۈرمەكچى بولىۋىدى، ئۇ ئىبراھىم قاسىمغا مەھكەم چاپلىشىۋالدى. ئەمما ئەجدەرھانىڭ كۈچلۈك بىر دەم تارتىشى بىلەن ئۇلار خۇددى ئوت - چۆپلەردەك ئۇنىڭ ئاغزىغا سۈمۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. تۇساتتىن گۈلئايىم ئىبراھىم قاسىمدىن ئاجراپ كەتتى. ئەجدەرھا گۈلئايىمنى سۈمۈرگەنچە يۇتۇپ كەتتى. ئىبراھىم قاسىم :گۈلئايىم، گۈلئايىم! مەن سىزنى قۇتقۇزۇۋالىمەن! ئەجدەرھانىڭ قارنىنى يېرىۋېتىمەن! دەپ ۋارقىرىغانچە دەپ ۋارقىرىغانچە كۆكتە لەيلەپ قالدى»

ئىبراھىم قاسىم چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەنچە ئويغىنىپ كەتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشىنىڭ مەنىسىنى بىلەلمىدى. ئۇ تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، دېرىزىدىن سىرتقا قارىۋىدى، قاراڭغۇلۇقتا چۈمكەلگەن ئاسمان غۇۋا ئاقىرىشقا باشلىغان بولۇپ، تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندەك قىلاتتى. پويىز تېخى ئىچكىرى خىتاي تۇپراقلىرىدا مېڭىۋاتقان بولۇپ، دېمىق ئىسسىق ۋە قاڭسىق ھاۋا ئۇنىڭ بۇرۇنلىرىنى قىچىشتۇرۇشقا باشلىدى. بەلكى پويىز بىر شەھەرگە يېقىن يەردىن ئۆتۈۋاتقان بولۇشى كېرەك! يىراقتىن كۆرۈنگەن غىچچىدە چىراق نۇرلىرى بۇ يەرنىڭ نۇرغۇن ئاھالىلىك بىر شەھەر رايونى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئىبراھىم قاسىم بۇ يەرنىڭ قايسى شەھەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى ۋە بىلىشنىمۇ

خالىمايتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى تېزراق يېڭىسارغا يېتىپ بېرىپ، سۆيگەن ئاشىقى گۈلئايىمنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئىدى. پويىز بىر خىل سۈرەتتە يېنىك تەۋرىنىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ جىم ئولتۇرۇپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى پىچىرلىششقا باشلىدى: «ئاھ! يۇرتۇم يېڭىسار، سەن نەدە قالدىڭ؟ قانچىلىك ئۇزاقلىقتا، ئەزىز دىيارىم! ساڭا قاچانلىققا يېتىپ بارارمەن؟ بۇ پويىز نېمانداق ئاستا ماڭىدىغاندۇ؟ مەن ئاشىقىم گۈلئايىمنى كۆرەلەرمەنمۇ؟ ئۇنى بىر كۆرۈشكە بەكمۇ تەقەززا بولماقتىمەن. ئاھ، خۇدا، يولۇمنى تېزرەك قىلىپ بەرسەڭچۇ؟» ئۇنىڭ ئىچى سىقىلىپ، كۆڭلى بىر نېمىنى تۇيغاندەك غەلىتە بولۇپ قالماقتا ئىدى. كۆرگەن چۈشىنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلماقتا ئىدى.

پويىز بىر كېچە - كۈندۈز يول ماڭغاندىن كېيىن ئۈرۈمچى ۋوگزالىغا يېتىپ كەلدى. ئىبراھىم قاسىم پويىزدىن چۈشۈپ، بىر بوتكىدا دۇكىنىدىن بىر قۇتا سۇ ئېلىپ ئىچىۋالدى -دە، بېلەت ساتىدىغان يەنە بىر بوتكىغا بېرىپ، قەشقەرگە ماڭىدىغان پويىزنىڭ بېلىتىنى ئېلىۋالدى. پويىزنىڭ يولغا چىقىشىنى بىرەر سائەتتەك ساقلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ساقلاۋاتقان شۇ ئارىلىقتا يولۇچىلار پويىزدىن يەنە بىر نەچچىسى كەلدى. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق خىتايلار ئىدى. ئۇلار يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ پويىزدىن چۈشۈپلا، بىردەمنىڭ ئىچىدە تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ، غايىب بولۇپ كېتەتتى. ئۇلار نەگە بارىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدى ئىبراھىم قاسىم - شىمالغا بارامدىغاندۇ ياكى جەنۇبقىمۇ؟ ئالتايغىمۇ ياكى قەشقەرگىمۇ؟ ئۇ بۇنىڭ جاۋابىنى تاپالمىدى. بۇ ئاققۇنلار نېمىشقا بۇنداق جىق كېلىدىغاندۇ؟ ھەر كۈنى نەچچە ئون پويىزدا لىقمۇ - لىق ئادەم كېلىۋاتقان؟ نەلەرگە سىغىدىغاندۇ بۇلار؟ بەلكى ئۇلار توختاملاشقان ئىش ئورۇنلىرىغا كېتىشىدىغاندۇ؟ بۇ يەرلەردە ساپلا خىتايلار زاۋۇت - فابرىكىلارنى قۇرۇۋاتىدىغۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۇ يەرلەردە تۇغقانلىرى بولۇشى مۇمكىن؟ ياكى شۇ يەرگە خىزمەتكە قوبۇل قىلىنىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن؟ ھۆكۈمەت نېمىشقا

بۇلارنى كۆپلەپ يۆتكەپ كېلىشىرىدۇ؟ بىز يەرلىك ئۇيغۇرلار تۇزۇك ئىشقا ئورۇنلىشالمايۋاتساق؟ بەلكى بۇلارغا ئىش ـ خىزمەت دېگەن نەرسە تەييار! شۇڭا ئۇلار ئۇۋىسى چۇۋۇلۇپ كەتكەن چۈمۈلىدەك كېلىشىرىدىكەن ـ دە! ھەي، ئانا تۇپراق، سەن نېمىشقا بۇنچە چوڭ بولۇپ قالغان بولغىيتىڭ؟ بەلكى كىچىكرەك بولۇپ قالغان بولساڭ، شۇنچىۋالا جىق ئادەملەر كېلىۋالمىغان بولاتتىمىكىن؟ ناۋادا ھەقىقىي ھالدا ئۆزۈڭگە ـ ئۆزۈڭ خوجا بولۇپ قالغان بولساڭچۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇلار ئەلۋەتتە كېلەلمەيتى. ناۋادا كەلسىمۇ قايتىپ كەتكەن بولاتتى! بىز ئۇيغۇرلارمۇ ئەركىن ـ ئازادە ياشىغان بولاتتۇق»!

ئۇ خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ، پويىزنىڭ قوزغىلىش ۋاقتىنىڭ توشۇپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالغان ئىدى. قەشقەرگە ماڭىدىغان پويىز دۈدۈكلىرىنى چېلىشقا باشلىدى. ئۇ پويىزغا چىقىپ ئولتۇرۇپ يەنە ئەتراپقا قارىۋىدى، پويىز لىقمۇ ـ لىق ئادەم بىلەن تولغان بولۇپ، ھەممىسىلا يەنە شۇ خىتايلار ئىدى. قانداق بولۇپ كەتكىنى؟ ھېلىقى ئىچكىرىدىن كەلگەن پويىزدىكى خىتايلارنىڭ كۆپىنچىسى قەشقەرگە ماڭىدىمۇ نېمە؟ ھەي، قوينى كەڭرى يۇرتۇم، قەشقەر ـ يېڭىسار! نېمىشقا يات تائىپىلەرنى قوينۇڭغا ئالىدىغانسەن؟ ئۇلارنى ساپ ھاۋارىڭ بىلەن نەپەسلەندۈرىدىغانسەن؟ ئۇنداق قىلماي يات تائىپىلەرنى تونۇۋېلىپ،باغرىڭنى يېرىپ، ئۇلارنى يىتۈپ كەتسەڭ بولماسمىدى؟ بىلمەن، ھەي ئانا تۇپراق! بەلكى ئۇلارنى قوينىڭدا ساقلاشنى خالىمايسەن! مەينەت تەنلىرىنىڭ باغرىڭنى بولغىۋېتىشىنى ئىستىمەيسەن؟ ئۇلار ساڭا خوجايىن بولۇش ئۈچۈن كېلىشتى. سەن بىلەمدىغانسەن؟ ئۇلار سېنى تويماس نەپسىدىن چىققان پاسكىنىچىلىقلار بىلەن مەينەت قىلمىدىمۇ؟ سېسىق گاز قويۇپ بېرىپ ساپ ھاۋارىڭنى بۇلغىمىدىمۇ؟ مۇنبەت يەرلىرىڭلارنى خىمىيەلىك ئوغۇت، سولياۋ يوپۇق دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن توشقۇزۇپ بۇلغىمىدىمۇ؟ تويماس نەپسى ئۈچۈن ئۇنى تېرىيمىز، بۇنى تېرىيمىز دەپ، باغرىڭنى تىلىپ، ئۆتمە ـ تۆشۈك قىلىۋەتمىدىمۇ؟

تېخى بۇلارنىڭ يالغانچىلىقىنى بىلسەڭدىڭ، ئۇلارغا بولغان غەزىپىڭ تېخىمۇ قايناپ -تېشىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇلار قىلچىلىك ئۇيالماستىن ساڭا ئىگە بولۇۋېلىپ، ئۆزۈڭگە ھېچ ماسلاشمايدىغان «يېڭى چېگرا» دېگەن ئىسمنى قويۇۋېلىشتى. ھەممە بۇ يەر «ئەزەلدىن بىزنىڭ، مەڭگۈ جۇڭگوغا تەۋە» دەپ چالۋاقىماقتا. يالغان تارىخ ئويدۇرۇپ چىقارماقتا. ئۇنى ئاز دەپ، ئەزىز قوينۇڭدا ئەۋلىدتىن - ئەۋلاتقا سېنى ياشنىتىپ كەلگەن بىز ئۇيغۇرلارنى خورلىماقتا! قىرغىن قىلماقتا، ئىززەت -ھۆرمىتىمىزنى دەپسەندە قىلماقتا، خالىغانچە تۇتۇپ سولىماقتا، مەجبۇرى ئىشلەتمەكتە! ھەي، ئانا تۇپراق! مېنىڭ ئەرزىمنى بىر ئاڭلىساڭچۇ؟ ئاشۇ ياۋۇز قەۋمنى باغرىڭغا يۇتۇپ -ئېزىپ، كۈل - تالقان قىلىۋەتسەڭچۇ؟»

شۇنداق، خىياللار ئىچىدە ئۇ قەشقەرگە كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيمايلا قالدى. ئۇ پويىزدىكى يولۇچىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ، يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ چۈشۈشكە باشلىغاندىن كېيىنلا ئېسىگە كېلىپ، قەشقەرگە كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇمۇ يۈك -تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ پويىزدىن چۈشۈپ، ۋوگزالغا يېقىن سېلىنغان ئاپتوبۇس بېكىتىگە بېرىپ، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ يېڭىسارغا قاراپ يولغا چىقتى. قەشقەر بىلەن يېڭىسارنىڭ ئارىلىقى بىر نەچچە سائەتلىك يول بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزاق بىلىنمەكتە ئىدى. ئاپتوبۇسمۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئاستا كېتىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ يېڭىسارغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپلا، كەنت ئىشخانىسىغا بارماستىن گۈل ئايىمنى بىر كۆرۈۋېلىشنى، يۈرىكىدىكى ئارمانلىرىنى ئېيتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا گۈلئايىمنىڭ چىرايى كېلىۋالدى : ئاقپىشماق، يۇمىلاق يۈزلۈك، قوشۇما قاش كەلگەن، زىڭاقلىرى ھەر دائىم قىزىل ئالمىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان گۈلئايىم، ئۇنىڭغا پىششىش ئالدىدا تۇرغان، لېكىن ئۈزگىلى ۋە يېگىلى بولمايدىغان بولمايدىغان ئالمىدەك بىلىنەتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا تا مۇشۇ كەمگىچە

ئېغىز ئاچالمىغان ئىدى. ئۇ بۇ گۈزەل ئالەمنى تۇتۇپ باقاي، ئۇزۇپ باقاي دېيەلمىگەن ئىدى. ئەمدى چوقۇم «تۇتۇپ باقمەن، مۇمكىن بولسا ئۈزۈۋالىمەن»دەپ ئويلىدى ئۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىشتەك قىسمەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىنى ئويلىغاندا بولسا، يۈرىكى پىچاق تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. تۇيۇقسىزلا يۈرىكى قاناپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ يۈرىكىنى تۇتۇپ باقتى. ئەمما ئۇنىڭ يۈرىكى كۈچلۈك ـ كۈچلۈك ۋە تېز ـ تېز گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتاتتى.

ئاپتوبۇس يېڭىسارغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، بىر كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، ئۇدۇل ئۆيىگە كېلىپ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كۆرۈشتى. ئاللاھقا شۈكۈر بولسۇنكى، ئاتا ـ ئانىسى تېخى لاگېرغا ئېلىپ كېتىلمىگەن ئىدى. ئۇ ئانىسى قىلىپ بەرگەن ھاردۇق ئېشىنى ئىچىپ بولۇپلا، سىرتقا ماڭماقچى بولدى. ئانىسى: نەگە بارىسەن ئوغلۇم؟ بىرەر كۈن ياخشى ئارام ئېلىۋالساڭ بولماسمىدى؟ كەنت ئىشخانىسىغا ھازىرلا بېرىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق ! ـ دېدى. ئانا ئوغلىنىڭ قەلبىنى چۈشەنمەيتى ! ئۇ ئانىسىغا: ئانا مەن ئۇزاققا قالماي قايتىپ كېلىمەن. ھازىرچە تېخى كەنتكە بارغۇم يوق، دەپ ئۆيدىن چىقتى ـ دە، ئۇدۇل چوڭ يولغا چىقماستىن، چىغىر يول بىلەن مېڭىپ، گۈلئايىملارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ ھويلىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كىچىك باغچىدىن يورۇق ئېچىپ كىرىپ، خېلى ئۇزاققىچە ئۆي ئىشىكىگە قاراپ تۇرۇۋىدى، نە گۈلئايىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىدى. نە ئۇ سىرتقا چىقمىدى. ھويلىدا گۈلئايىم سۇ توشۇغىلى چىققاندا كۆتۈرۈۋالىدىغان قاپاقمۇ كۆرۈنمەيتتى. بىر كەمدىن كېيىن بىر موماينىڭ توخۇلارنى: «تاق، تاق» دەپ قوغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىبراھىم قاسىم باغدىن چىقىپ، ھويلا دەرۋازىسىنى قاقتى. موماي كېلىپ دەرۋازىنى ئېچىپ:

– بىر ئىشىڭ بارمىدى بالام؟ ـ دەپ ئۇنىڭدىن سورىدى.

ئىبراھىم قاسىم سەل دۇدۇقلاپ، مەن، مەندە بىر سوۋغات بار ئىدى - دېدى.

– كىمگە؟

– شۇ،شۇ، گۈلئايىمغا!

ھەئە، شۇنداقمىدى ئوغلۇم، ئەمما كەچ قېلىپسەن!

– نېمە، نېمە دېدىڭىز ئانا! ئىبراھىمجان دۇدۇقلاپ، ئۇ تويى قىلىپ كەتتىمۇ؟ - دەپ سورىۋىدى، موماي:

– ھە-ئە، ئوغلۇم! تېخى تونۇگۈن ئۇنىڭ يېزا ئىشخانىسىدا ئىچكىرىدىن كەلگەن بىر خەنزۇ كادىر بىلەن تويى بولغان ئىدى. بۈگۈن ئۇ ئىچكىرىگە ساياھەتكە ئېلىپ مېڭىلماقچى ئىدى. ئەمما نىمىشقىكىن بىر سائەت ئاۋۋال ئوغلۇم بىلەن كېلىنىم يېزىغا چاقىرتىپ كېتىلدى. كەلگەن كادىرنىڭ چىرايى بەكلا ئۆڭگۈسۈلە كۆرۈنەتتى،ئەمما نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىزگىمۇ دېمىدى. ئاھ،خۇدا! نەۋرەمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! - دەپ، ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ قويدى موماي،

– نېمە ئانا؟نېمە دېدىڭىز؟ گۈلئايىمنىڭ تويى بولغانمىدى؟يەنە كېلىپ بىر خىتاي بىلەن؟

– ھە-ئە، ئوغلۇم! گۈلئايىم بۇ تويغا قوشۇلمىغان ئىدى. ئەمما گۈلئايىمنىڭ دادىسى كەنت كادىرى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى بولغاچقا،يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن گۈلئايىمنى خىتاي كادىرىغا خۇتۇنلۇققا بېرىشكە مەجبۇرلاندى. ئۇلار: ئەگەر گۈلئايىمنى ئۇنىڭغا بېرىشكە قوشۇلمىساڭلار، سىلەرنى ئائىلە بويىچە لاگېرغا ئېلىپ كېتىمىز» دەپ، تەھدىت سېلىشقان ئىدى. شۇڭا بىز بۇ تويغا مەجبۇرى قوشۇلغان ئىدۇق.

ئاھ خۇدا! بۇ نېمە ئىش؟ ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟ - دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئىبراھىم قاسىم، ئۇنىڭ بېشى قېيىۋاتاتتى. يىقىلىپ چۈشۈشكە تاسلا قالغاندا، ئۇ مومايىنىڭ ئالدىدا يىقىلىپ چۈشۈشتىن

خىجىل بولۇپ، تامغا يۆلىنىپ تۇرۇۋالدى. موماي ئۇنىڭغا نېمە بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ھەيران بولماقتا ئىدى. چارەك سائەتتەك ۋاقىتتىن كېيىن ئىبراھىم قاسىم ئۆزىگە كېلىپ:خوش موما! مەن يەنە كېلىمەن ـ دېگەنچە ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

ئىبراھىم قاسىم ئۇدۇل يېزا مەركىزىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ چوڭ يولغا چىقىپ، كۆچىنىڭ يېتىشىچە يۈگۈرمەكتە ئىدى. ئۇ شۇ يۈگۈرگەنچە ئۇدۇل يېزا مەركىزىگە يېتىپ كەلدى. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن ئادەم يىغىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئەتراپىنى مىقىقىدە ساقچىلار قورشىۋالغان ئىدى. يېزا ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدا يە بىر نەچچە جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى تۇراتتى. ئىبراھىم قاسىم ئادەملەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، ئىشخانا بىناسى تەرەپكە قاراپ مېڭىۋىدى، ساقچىلار ئۇنى توسۇۋېلىپ ئۆتكۈزمىدى. بۇ يەردە خۇددى چوڭ بىر ئىش بولغاندەك، ۋەزىيەت بەكلا جىددىي كۆرۈنەتتى. يىغىلغان ئادەملەر بىر ـ بىرى بىلەن كۇسۇرلۇشۇپ: تۈنۈگۈن تويى بولغان گۈلئايىم ئىسىملىك قىز ھاشارەت ئۆلتۈرۈش دورىسى ئىچىۋېلىپتىمىش! ئەھۋالى خەتەرلىك ئىكەن، دوختۇرلار قۇتقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىۋېتىپتىمىش، قانداق بولار؟ ئىلاھىم، بۇ سەبى قىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! ئامىن،ئامىن! دېيىشىۋاتاتتى. ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى بىناغا تىكىلگەن ئىدى. ئالاھەزەل بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، گۈلئايىمنىڭ ئانىسىنىڭ: ۋاي قىزىم، ئۇن گۈلنىڭ بىرسىمۇ ئېچىلمىغان قىزىم، بۇ دۇنيا تار كەلگەن قىزىم ـ !دەپ، يىغلىغان ئاۋازى بىنادىن ئەكس سادا قايتۇرۇپ چىقىپ، ئەتراپقا تارالدى. ئارقىدىن گۈلئايىمنىڭ جەسىتىنى ئۈچ ـ تۆت ساقچى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ، ماشىنىغا باسماقچى بولۇشۇۋاتاتتى. گۈلئايىمنىڭ دادىسى: قىزىمنىڭ جەسىتىنى ماڭا بېرىڭلار؟ ـ دەپ ساقچىلارغا يېلىنىپ، جەسەتكە ئېسىلىپ يىغلىماقتا ئىدى. ئىبراھىم قاسىم: «ئاھ،گۈلئايىم! مېنىڭ جېنىم!» دەپ، ۋارقىراپ كەتكىلى تاسلا

قالدى. ئەمما، ئۇ: «خەقلەرنىڭ ئالدىدا سەت بولمىسۇن» دېگەننى ئويلاپ، ئۆزىنى بېسىۋالدى.

ساقچىلار گۈلئايىمنىڭ جەسىتىنى بىر ماشىنىغا سالدى. ئاتا - ئانىسىنى باشقا بىر ماشىنىغا چىقىرىپ، ماشىنىنى ھەيدەپ ماڭماقچى بولۇشىغا، ئىبراھىم قاسىم يۈگۈرگەنچە كېلىپ، ماشىنىنىڭ ئالدىنى توستى. ساقچىلار ماشىنىدىن چۈشۈپ، سەن كىم؟ نېمىشقا ماشىنىنىڭ ئالدىنى توسىسەن؟ - دەپ سورىدى ئۇنىڭغا ۋارقىراپ،

– مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋالاي، ئۇنىڭ جامالىنى بىر كۆرۈۋالاي!

– نېمىشقا؟ سەن ئۇنىڭ نېمىسى بولىسەن؟

– مەن ئۇنىڭ ئاشىقى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم!

– نېمە ئۇ ئاشىق - مەشۇق دېگەن؟ بىز ئۇنى ئېتىراپ قىلمايمىز، يوقال بۇ يەردىن!

– ياق، يوقالمايمەن. سىلەر جەسەتنى نەگە ئېلىپ بارىسىلەر؟ كۆيدۈرىۋاتماقچىمۇ؟

– ياق، كۆيدۈرمەيمىز، ئەسلى كۆيدۈرۋاتماقچى ئىدۇق، لېكىن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيەگە سادىقلىقىنى ھېساپقا ئېلىپ، ئائىلىسىگە ئۆزلىرى دەپنە قىلىش ئۈچۈن بېرىمىز، ئەمما سېنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىشىڭلارغا بولمايدۇ! ئىبراھىم قاسىم نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ئارقىسىغا بۇرۇلىشىغا، كەنت سېكرېتارى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى - دە، جايىدا قېتىپلا قالدى. سېكرېتار ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى بىرسىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان قاۋاندەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى.

– ھە-ئە ئىبراھىم، قايتىپ كېلىپسەندە، جەدىۋېلىڭ تەييار قىلىپ قويۇلدى. ئەتىگچە كەنت ئىشخانىسىغا كېلىپ،جەدۋەلگە ئىمزا قويۇپ، لاگېرغا بېرىش رەسمىيىتىڭنى بېجىرىۋەت، بولمىسا يېزىدىن ساقچى كېلىپ، سېنى مەجبۇرى ئېلىپ كېتىدۇ.

ئاڭلىدىڭمۇ؟ قايسىسىنى تاللاش ئۆزەڭدە!

– بولىدۇ سېكرېتار، مەن ئەتە بارای ئەمسە، ئەتە مېنى ساقلاڭ!

– بولىدۇ. ساقلايمەن، چوقۇم كەل!

ئىبراھىم قاسىم نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. خۇددىنى يوقىتىپ قويايلا دېگەن ئىدى. جەسەتنى ئېلىپ كېتىپ بارغان ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىدىن خېلى ئۇزاق قوغلاپ باقتى، ئەمما ئۇنىڭغا يېتىشەلمەي، ئۆپكىسى تىقىلىپ قالدىغاندەك ھاسراپ - ھۆمۈدەپ توختاپ قالدى - دە، ماشىنا ماڭغان يولنى بويلاپ، كەنت تەرەپكە قاراپ، تېز -تېز قەدەم ئېلىپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ كەنتكە يېتىپ كېلىپ، ئۇدۇل گۈلئايىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قەدىمىنى ئاستىلىتىپ توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. دەرۋازا ئالدىغا نۇرغۇن ساقچى ۋە كادىرلار ئولىشىۋالغان بولۇپ، ھېچكىمنى ھويلىغا كىرگۈزمەيۋاتاتتى. ئىبراھىم قاسىم بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ھويلا ئالدىغا كەلدى ۋە ساقچىلارغا دېدى:

– مېنى كىرگىلى قويساڭلار؟ مەن گۈلئايىم بىلەن خوشلىشىۋالاي!

– ئۇنىڭ بىلەن قانداق خوشلىشاتتىڭ، ئۇ ئۆلگەن تۇرسا؟

– مەيلى ئۇ ئۆلگەن بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭ چىرايىنى بىر كۆرۈۋالسام، بىر ئېغىز گەپ قىلىۋالسام بولاتتى؟

– نېمە دېمەكچى ئىدىڭ، ئۇ سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىمايدۇكى؟

– مەيلى ئاڭلىمىسىمۇ، ئەمما مەن ئۇنىڭغا: مەن سىزنى سۆيىمەن! دەۋالسام بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئارمىنىمغا يەتكەن بولاتتىم.

– بولمايدۇ، بولمايدۇ! بۇ ئۆيگە ھېچكىمنىڭ كىرىشىگە، جەسەتنى ھېچكىمنىڭ كۆرۈشىگە يول قويۇلمايدۇ، ماڭ، ماڭ!

ياخشىلىقچە بۇ يەردىن كەت، ئىشىڭنى قىل! بولمىسا سېنى: «قالايمىقانچىلىق چىقارماقچى بولغان دەپ» ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قايتا تەربىيەلەش لاگېرىغا ئېلىپ كېتىمىز!

شۇ ئەسنادا سېكرېتار يىراقتىن ساقىلى قىرقىۋېتىلگەن بىر قېرى ئادەمنى باشلاپ كېلىۋاتاتتى. ئىبراھىم قاسىم ئۇنى كۆرۈپلا تونۇدى، ئۇ ئىلگىرى چېقىۋېتىلگەن كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئىدى. ئەسلىدە بۇ ئىمام ئۇزۇن ساقاللىق، مويسىپىت بىر كىشى بولۇپ،ھازىر ساقىلى قىرقىۋېتىلىپ، خۇددى كوسا ئادەمدەك زاڭقى پارقىرايدىغان قىلىپ قويۇلغان ئىدى. ئىبراھىم قاسىم سېكرېتارنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، باغ تەرەپكە ئۆتۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ئارقىدىن كەنت ئاياللار مۇدىرى ئىككى نەپەر ياشانغان، ئارقىسىغا قىلىپ بېشىغا ياغلىق ئارتىۋالغان ئاياللارنى باشلاپ كېلىپ ھويلىغا كىرىپ كەتتى. قارىغاندا ئۇلار گۈلئايىمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئەكەلتۈرۈلگەن موللا - قۇشناچىملاردەك قىلاتتى. ئىبراھىم قاسىم گۈلئايىمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشىنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئىشىدەك كۆرۈپ، پۈتۈن جەريانىغا دىققەت بىلەن كۆڭۈل بۆلمەكتە ئىدى. ئۇ جەسەت يۇغۇچى قۇشناچىملارنىڭ كەلگەنلىكىدىن ئۆزىچە خۇشال بولغاندەك بولدى. ئۇنىڭچە قۇشناچىملار گۈلئايىمنى يۇيۇپ - تاراپ، ئۇنىڭ بەدىنىنى ياتلارنىڭ تەگكەن قولىدىن، قونغان پۇرىقىدىن پاكىزلاپ، خۇش - پۇراقلاردىن چېچىپ، ئىپار بەدەن ھالىتىدە، پاك - پاكىزە قىلىپ، يەرلىكىگە قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن يەتتە كەتمەن توپا تاشلىغاندىن كېيىن گۈلئايىمنى سوئال - سوراق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۇنكىر - نېكىرلەر ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ خۇش پۇرىقىدىن لەززەتلىك ھىدلىنىپ، ئۇنى سوئال - سوراق قىلمايلا، روھىنى جەننەتكە ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

ئىبراھىم قاسىم، ئەمدى سەبىرسىزلىنىشكە باشلىدى ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى -گۈلئايىمنىڭ يۈزىنى بىر كۆرۈۋېلىش،

ئاخىرقى ھىدىنى بولسىمۇ بىر پۇرىۋېلىش ئىدى. ئۇ ئەمدى قەتئىي ئىرادىگە كەلدى ـ دە، باغنىڭ ئاراشىراق يېرىدىن يوچۇق ئېچىپ كىرىپ، ئۆينىڭ ئارقىسىغا كەلدى. ئۇنىڭ تەلىيىگە بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى تامغا يېقىن تىكىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا يامىشىپ چىقىپ، تۆت بۇرجەك قىلىپ ياسالغان دېرىزىگە يېقىن يەرگە جايلىشىۋالدى ـ دە، ئۆينىڭ ئىچىنى ماراشقا باشلىدى. ھەقىقەتەن ئۇ ئويلىغاندەك ئىككى موللام ئايال ئايەت ئوقۇغاچ گۈلئايىمنىڭ بەدىنىنى يۇيۇۋاتاتتى. ئىبراھىم قاسىم: «ئاھ،مېنىڭ گۈلئايىمىم!» دەپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ گۈلئايىمنىڭ يۈزىنى كۆرگەن ئىدى. گۈلئايىمنىڭ زاڭىقى تېڭىپ قويۇلغان بولۇپ، يۈز قىسمى ئوچۇق ئىدى. ئۇ ئىبراھىم قاسىمغا ھېچ ئۆلگەندەك كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ يۈزى ئاپئاق پارقىراپ تۇراتتى. كۆزى تولۇق يۇمۇلمىغان بولۇپ، خۇددى بىرسىگە تارتىنىپ قىيا بېقىۋاتقان ئادەمدەك كۆز قارچۇقى يان تەرەپتە ئىدى. ئىبراھىم قاسىمنىڭ كۆزى ياشقا تولدى. ئۇمۇ جەسەت يۇيۇۋاتقان ئاياللاردەك ئىچىدە ئايەت ئوقۇپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى: ئىي، ئاللاھىم! بۇ مەسۇم قىز گۈلئايىمنىڭ بارلىق گۇناھىنى كەچۈرۈپ، ئۇنىڭغا جەننەتتىن ئورۇن بەرگەيسەن! ئاھ، سۆيۈملۈكۈم گۈلئايىم! بىز بۇ بىۋاپا دۇنيادا ئارزۇيىمىزغا يېتەلمىدۇق، بىر ياستۇققا باش قويالمىدۇق، سەن بۇ پانى دۇنيادىن ۋاقىتسىز ئايرىلدىڭ، باقى دۇنياغا سەپەر قىلدىڭ، سەن سەپەر قىلغان ئۇ دۇنيا ئادالەت دۇنياسىدۇر، بىز ئارزۇيىمىزغا ئۇ دۇنيادا يېتىمىز، مەنمۇ ئۇزاق قالماي ئارقاڭدىن ئۇ دۇنياغا ـ سېنىڭ يېنىڭغا بارىمەن! مېنى ئۇ دۇنيادا كۈتكىن، ئامىن!»

ئارىدىن بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتتى بولغاي، مېيىت يۇيغۇچى ئاياللار گۈلئايىمنى ئاق كېپەنگە يۆگەپ، بىردەم دۇئا قىلىشتى. ئۇنىڭ ئارقىدىن يان ئۆي تەرەپتىن ۋاراڭ ـچۇرۇڭ ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەن گۈلئايىمنىڭ ئانىسىنىڭ يىغا ئاۋازى ئۆينى بىر ئالدى. ئاياللار مېيىتنى كۆتۈرۈشكە باشلىغاندا، گۈلئايىمنىڭ ئانىسى

ئۇنىڭغا ئېسىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا يىغلاشقا باشلىغان ئىدى. بۇ چاغدا كەنت سېكرېتارىنىڭ خىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى: ھاي، ئايتتىللاخان، بولدى قىلسىلا، يىغلىمىسىلا، ھازىرقى پارتىيەمىزنىڭ سىياسىتىدە ئۆلۈم ئۈچۈن يىغلاشقا، قايغۇرۇشقا بولمايدۇ. تۇپراق بېشىغا بېرىشىڭلارغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بىز يېزىلىق قانۇن كومىتېتى ۋە ساقچىلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن كەنتتىن كادىرلار بېرىپ، ئۆزىمىز جەسەتنى دەپنە قىلىۋېتىپ كېلىمىز. سېپىتاخۇن سىلىمۇ ئۆيدە قالسىلا، سىلە دېگەن كەنت كادىرى بولغاندىن كېيىن، پارتىيەنىڭ سىياسىتىنى ياخشى چۈشىنىلا، ئۆيدىكىلەرگە ھاي بەرسىلە! يىغلاپ، جېدەل - ماجىرا چىقىرىشقا بولمايدۇ!

ئىبراھىم قاسىم ئۆزىمىدىن چۈشۈپ، باغ ئىچىدىكى بىر شاپتۇل دەرىخىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، يەنە نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى كۆزەتمەكتە ئىدى. ئۇ كۆردىكى، گۈلئايىمنىڭ جەستى بىر تاۋۇتقا سېلىنىپ، ساقچى ماشىنىسىغا بېسىلىۋاتاتتى. ماشىنىنىڭ غارقىرىتىپ ماڭغان ئاۋازى بىلەن تەڭ يەنە يىغا - زارە ئاڭلاندى. گۈلئايىمنىڭ جەستى يەرلىككە قويۇلۇش ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىلغان ئىدى. ئەمما ساقچىلار كەنت كادىرلىرى ۋە قېرى ئىمامدىن باشقا ھېچكىمنىڭ بىللە بېرىشىغا يول قويمىدى. ماشىنىلار مېڭىپ بولغاندىن كېيىن، ئىبراھىم قاسىم باغدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئېتىز - ئېرىق ۋە قىرلارنى بويلاپ، ئۇمۇ قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلدى - دە، بىر بۇلۇڭدىكى يوغان ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، نېمە ئىشلارنىڭ بولىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىشكە باشلىدى: قەبرە ئالدىنئالا تەييار قىلىپ قويۇلغان بولۇپ، گۈلئايىمنىڭ جەستى ھاپىلا - شاپىلا ماشىنىدىن چۈشۈرۈلۈپ، كەنت كادىرلىرى بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىككى ياش دېھقان ساقچىلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تېز - تېز توپا تاشلاپ، بىردەمدىلا گۈلئايىمنىڭ جەستىنى لەھەت ئىچىگە قويۇپ، توپا تاشلاپ ئېتىۋېتىلگەندىن كېيىن، موللامنىڭ كۆرستىشى بويىچە لەھەت ئۈستىگە ئۇدۇل كەلتۈرۈپ، بىر يېرىم

مېتىر ئۇزۇنلۇقتا توپا دۆۋىلەنگەندىن كېيىن، بىر تال دەرەخ شېخى قادىلىپ، قەبرە ئورنىغا بەلگە قىلىندى.

ئىبراھىم قاسىم ئۆجمە دەرىخىنىڭ ئارقىسىدا خېلى ئۇزاققىچە ماراپ تۇردى. ئۇنىڭ گۆلئايىمنىڭ قەبرىسىگە ئۆزىنى ئېتىپ، ياش تۆكۈپ يىغلىغۇسى، ئۇنىڭ بىلەن خىيالەن سۆزلەشكۈسى باردەك قىلاتتى. ئەمما نېمىشقىكىن ساقچى ۋە كادىرلار يەنە ئىككى كىشىنى قالدۇرۇپ قايتىپ كېتىشتى. ئىبراھىم قاسىم يىراقتىن سىنچىلاپ قاراپ ئۇلارنى تونۇدى. ئۇلار مۇشۇ كەنتتىكى بىرىنچى ئەترەتنىڭ ياشلىرىدىن بولۇپ، كىيىۋالغان ئادەتتىكى ساقچى فورمىسىدىن ئۇلارنىڭ كەنتكە يېڭىدىن ساقچىلىققا قوبۇل قىلىنغان ياللانما ساقچىلاردەك قىلاتتى. گۆلئايىمنىڭ ئۆلۈمى، قىسقىسى بىر ئىنساننىڭ ئۆلۈمى ئۇلارنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغاندەك قىلاتتى. ئۇلاردا بىرەر قايغۇنىڭ ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار ئۆز - ئارا چاقچاقلىشىپ، ۋە كۇسۇلدىشىپ خېلى ئۇزاققىچە قەبرە يېنىدا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرۇشتى. ئىبراھىم قاسىمنىڭ تاقىتى - تاق بولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ئۇسساپ ئۆچەيلىرى تارتىشىپ كېتىۋاتاتتى. پەم بىلەن يەرگە ئېگىشىپ، ئەتراپىدىكى يەرگە چۈشۈپ قۇرۇپ كەتكەن دۇمبۇللاردىن تېرىپ يەپ باقتى. دۇمبۇللار ئۇنى تېخىمۇ ئۇسسىتىۋاتماقتا ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇنىڭ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇ قەبرىستانلىققا كېلىۋېتىپ، ئۆزى ئاتلاپ ئۆتكەن ئېرىقنى يادىغا ئالدى - دە، پەم بىلەن يەرگە ئېگىشىپ مېڭىپ، قەبرىستانلىقتىن ئايلىنىپ ئېرىق بويىغا كەلدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا پۈتۈن ئېرىقتىكى سۇنى ئىچىپ بولسىمۇ، ئۇسسۇزلۇقى قانمايدىغاندەك قىلاتتى، ئۇ ئوچۇملاپ - ئوچۇملاپ، قورسىقى كۆپۈپ كەتكۈچە سۇ ئىچتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ پۇت - قولىغا بىر ئاز جان كىرگەندەك بولدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆيىگە قايتىپ بارسا، ئانىسى بەلكى مەززىلىك ئاش ئېتىپ ئېلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما نېمىشقىكىن،ئۇنىڭ

قەبرىستانلىقتىن زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتاتتى.

ئىبراھىم قاسىم يەنە قەبرىستانلىققا قايتىپ كېلىپ، ئۆزى نەچچە سائەتتىن بۇيان ماراپ تۇرغان ئۇجمە دەرىخىنىڭ ئارقىسىغا كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان كەچ كىرىپ قالغان بولۇپ، ئاسماندىكى بۇلۇت پارچىلىرى ئۈپۈق تەرەپكە سۈرۈلۈپ، قاراڭغۇلۇق پەردىسى ئەتراپقا يېيىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئىبراھىم قاسىم ئۇجمە ئارقىسىدىن گۈلئايىمنىڭ قەبرىسى تەرەپكە ماراپ قارىۋېدى، ھېلىقى كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ئىككى نەپەر يالالنما ساقچى ئاللىقاچان قايتىپ كېتىشكەن بولۇپ، قەبرە تەرەپتىن:«ئىبراھىم تېز كەل، ئاشىقىڭ گۈلئايىمنىڭ روھى سېنى كۈتمەكتە، ئەگەر تېز كېلىپ، خوشلىشىۋالمىساڭ ئۇنىڭ روھى شەپقەت پەرىشتىلىرى بىلەن بىللە ئەرشكە چىقىپ كېتىش ئالدىدا تۇرماقتا،»دېگەن سادا كېلىۋاتاتتى. ئىبراھىم قاسىم غايىبتىن كېلىۋاتقان بۇ سادانى تۇيدى - دە، ئۇچقاندەك يۈگۈرگەنچە، گۈلئايىمنىڭ تۇپراق بېشىغا كېلىپ، تېخى نېمى كەتمىگەن تۇپراققا يۈزىنى يېقىپ: «ئاھ، گۈلئايىم، مېنىڭ گۈلئايىمىم!» دەپ ھۆكىرەك ئېتىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يىغىسى شۇ قەدەر مۇڭلۇق چىقتىكى، ئەتراپتىكى ئۇچار قۇش ۋە قۇرۇت - قوڭغۇزلارمۇ ئۇنىڭغا جۆر بولۇپ سايراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يىغىسىغا چىدىيالمىغان شەپقەت پەرىشتىلىرى تۇپراق بېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىشكە باشلىدى: «ھەي، يىگىت، بولدى قىل، يىغلىما! سەن سۆيگەن قىز گۈلئايىم سېنىمۇ چىن دىلىدىن سۆيەتتى. مۇھەببىتىنى سېنىڭ ئۈچۈن ئاتاپ قويغان ئىدى. ئۇ پاك مۇھەببىتىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىشىنى قوغداش ئۈچۈن بۇ ئۆلۈم يولىنى تاللىۋالدى. ئۇ ھارامدىن - ئۆز تېنىنىڭ پاكلىقىنى ساقلىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قارشى بولغان نىكاھسىز بىر ئەر -خوتۇنلۇققا قارشى ئىسيان قىلىپ، ئۆز پاكلىقىنى قوغداپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنى كەچۈرۈپ، ئۇنىڭ روھىنى جەننەتكە ئېلىپ كېتىش ئالدىدا

تۇرۇۋاتىمىز، سىلەر جەننەتتە بىر جۈپلەردىن بولۇپ، ئارزۇيۇڭلارغا يېتىسىلەر!» شەپقەت پەرىشتىلىرىنىڭ تەسەللىسى بىلەن ئىبراھىم قاسىم يىغىسىنى توختىتىپ، پەرىشتىلەرگە رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزى بىلگەن ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ، گۈلئايىمنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى: «خەير خوش، گۈلئايىم! بىز ئاخىرەتتە جەم بولۇپ، ۋىسالىمىزغا يېتىمىز. ئىنشائاللاھ!»

خۇپتەن نامىز ۋاقتى ئاخىرلىشىپ، ئەتراپ جىمجىت قاراڭغۇلۇققا چۆكۈشكە باشلىدى. ئىبراھىم قاسىمنىڭ قەبرىستانلىقتىن ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتاتتى.ئۇ پەرىشتىلەرنى تېخىچە مۇشۇ يەردە بار دەپ ئويلاپ، ئۇلارغا يېلىنىشكە باشلىدى: «ئەي،ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى، جەننەتنىڭ خەۋەرچىلىرى، مېنىڭمۇ بىر تەلپىم بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ـ مېنىڭمۇ جېنىمنى ھازىرلا ئېلىپ، روھىمنى گۈلئايىمنىڭ روھى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتسەڭلار؟ شۇئانلا كۆكتىن ئۇنىڭغا مۇنداق سادا كەلدى: ياق، بولمايدۇ يىگى!! ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ يەيدىغان رىزقى تۈگەپ، ئەزرائىل ئۇنىڭ جېنىنى ئالمىغۇچە، بىز ئۇنىڭ روھىنى ئېلىپ كېتەلمەيمىز، سەن يەنە بۇ دۇنيادا ياشىشىڭ كېرەك! ئاللاھنىڭ سىناقلىرى سېنى كۈتۈپ تۇرماقتا، ئۇ سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، يەنە ياشىشىڭ كېرەك! ئەجىلىڭ تۈگەپ، ئەزرائىل كېلىپ جېنىڭنى ئالغاندىلا، ئاندىن بىز سېنىڭ روھىڭنى ئەرشكە ئېلىپ چىقالايمىز، شۇ چاغدىلا سېنىڭ روھىڭ گۈلئايىمنىڭ روھى بىلەن جەم بولالايدۇ!»

كۆكتىن كېلىۋاتقان سادا شۇنىڭدىن كېيىن ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىبراھىم قاسىم پەرىشتىلەرگە يەنە بىردەم يالۋۇرۇپ باقتى. ئەمما ئۇلاردىن قايتا سادا كەلمىدى. ئۇ ئىچىدە يەنە خېلى ئۇزاققىچە دۇئا قىلدى. ئۇ ھەددىدىن زىيادە ھېرىپ كەتكەنلىكتىن ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا قەبرە بېشىدىلا ئۇخلاپ قالدى. قانچىلىك ئۇخلىدىكىن ئۆزىمۇ بىلمەيتى. بىر ۋاقىتتا قەبرىستانلىققا قاراپ كېلىۋاتقان بىر ماشىنىنىڭ غارقىرىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ

كەتتى. ئۇ دەرھال يېقىن يەردىكى باشقا بىر قەبرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ يېتىۋالدى-دە، ماشىنىدا كەلگەن كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ماراشقا باشلىدى. كەلگەن ماشىنا قەبرىستانلىقتا يېقىن يولنىڭ ياقىسىدا توختاپ، ئۇنىڭدىن بىر يالاڭ باشتاق ئادەم چۈشۈپ، ئۇدۇل گۈلئايىمنىڭ قەبرىسىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى - دە،خىتاي تىلىدا گەپ قىلىشقا باشلىدى: «گۈلئايىم مېنى كەچۈرگىن، مەن سېنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇپ خاتا قىلدىم، سېنىڭ ماڭا مەيلىڭ يوقلىقىنى بىلەتتىم، شۇنداق بولسىمۇ، مەن نەپسىمنىڭ كەينىگە كىرىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى كۆرسىتىش ۋە خەنزۇ - ئۇيغۇر ئىككى مىللەت توي قىلسا، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلىدىغان نۇرغۇن پۇلنى كۆزلەپ، سېنى ئۆزۈم بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلىدىم! ئەمما توي كۈنى سەن ماڭا قاراپمۇ قويمىدىڭ، كارىۋاتتا بىللە يېتىش تەلىپىمنى رەت قىلدىڭ، نۇرغۇن پۇل بېرىشنى ۋەدە قىلساممۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلىپمۇ قويمىدىڭ، يېنىڭغا كەلمەكچى بولۇۋىدىم، سەن مەندىن قېچىپ، قەتئىي يېقىن كەلتۈرمىدىڭ. مەن تېخىمۇ بەك ھەددىمدىن ئېشىپ ۋە ساڭا تەھدىت قىلىپ، سېنى ئائىلەڭ بويىچە جازا لاگېرىغا سولىتىۋېتىمەن - دېدىم. سەن مېنىڭ بۇ گېپىمدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ئىدىڭ، ماڭا شۇنداق بىر تىكىلىپ قارىدىڭكى، كۆزۈڭدىن ئوت چاقناۋاتاتتى. مەن قورققىنىمدىن تىترەپ كەتكەن ئىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ساڭا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ئەگەر يەنە يېقىنلاشسام، سېنى - مېنى ئۆلتۈرىۋېتەرمىكىن؟ - دەپ قورققان ئىدىم. لېكىن سەن ئۆزۈڭ ھاشارەت دورىسى ئىچىپ ئۆلۈۋالدىڭ! بۇنىڭ سەۋەبچىسى ئەلۋەتتە مەن! ياق، ئەلۋەتتە بۇ ئىشتا يالغۇز مېنىلا سەۋەبچى دېيىشكە بولمايدۇ. ناۋادا ھۆكۈمەت بۇ ئىشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ھەتتا ئۇنى سىياسەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ تەشۋىق قىلمىغان بولسا، بىز خەنزۇلار ھەرقانچە كادىر بولساقمۇ، بۇ ئىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتۇق! چۈنكى، سىلەر ئۇيغۇرلار ھېچقاچان بىز خەنزۇ

مىللىتىنى ياقتۇرۇپ ۋە ياخشى كۆرۈپ باقمىدىڭلار! بىزگە باسقۇنچى دەپ قاراپ، نەپرەت بىلدۈرۈپ كەلدىڭلار! مەن بۇلارنى ئويلىسام ئۆزۈمنىڭ ھۆكۈمەتكە كادىر بولغانلىقىمدىن، تۆۋەنگە چۈشتۈم دەپ بۇ يەرگە كېلىپ، سىلەرگە بىسىم ۋە تەھدىت قىلغانلىقىمدىن بەكمۇ خىجىل بولىمەن، پۇشايمان قىلىمەن! مەن ئەمدى بۇنداق ئىشلارنى قىلمايمەن! مېنى كەچۈر گۈلئايىم، مەنمۇ بىر ئىنسان، مەنمۇ باشقىلارنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرۈشنى خالىمايمەن! مەن ھازىر شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، مەن بالدۇرراق ئۆز يۇرتۇمغا كەتسەم توغرا بولغىدەك، چۈنكى، مەن شۇنداق قىلسام باشقىلارغا ئازاب سېلىشتىن ساقلىنىپ قالالىغۇدەكمەن! مېنى كەچۈر، مېنى كەچۈر!»

ئىبراھىم قاسىم دەسلەپتە ئۇنىڭ گۈلئايىمنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغان خىتاي ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن،«مانا، ماڭا پۇرسەت كەلدى. مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، گۈلئايىمنىڭ قىساسىنى ئالىمەن» دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ باياتىن بۇيان قەبرە بېشىدا ئولتۇرۇپ قىلغان پۇشايمان سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش خىيالىدىن يېنىپ قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كاللىسىغا: ئۇنىڭ گۈلئايىمنى خوتۇنلۇققا ئېلىشقا مەجبۇرلىشىغا سەۋەبچى بولغان ھۆكۈمەت ئىكەن، ناۋادا ھۆكۈمەت ئۇ ئىشلارنى قوللاپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇكاپاتلاپ، ئۇنى كۈشكۈرتمىگەن بولسا، ئۇ بۇ ئىشلارنى ئۇ ئۆزلۈكىدىن قىلماس ئىكەن!» دېگەن خىيال كېلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يېنىغا ھېچقانداق ئادەم ئۆلتۈرۈش قورالى ئېلىۋالمىغان بولۇپ، قانداق ئادەم ئۆلتۈرۈشنى بىلمەيتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ياشانغان ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ ئويلاپ قالغانىدى: «بولدى قىلاي،ئۇنى ئۆلتۈرمەي، ناۋادا مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋاتسام، ئۇنىڭ جاۋابكارلىقى ئۆزۈم بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، بۇ ۋەھشىي ھۆكۈمەت يالغۇز مېنى جازالاپلا قالماي،بەلكى يەنە ئاتا ـ ئانامنىمۇ ئېغىر جازالىشى مۇمكىن! ئۇ چاغدا ئاتا ـ ئانىسىز قالغان ئاچا ـ سىڭىللىرىم قانداق قىلار؟»! ئۇ ئاخىرى خىتاي كادىرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن ۋاز كەچتى.

بۇ خىتاي كادىرنىڭ ئەجلى تۈگىمىگەن بولسا كېرەك؟ ئىبراھىم قاسىمنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىنى خىيال قىلغانلىقىنى بىلگەندەك، قەبرىستانلىقتا ئۇزاق تۇرمايلا ماشىنىسىغا چىقىپ كېتىپ قالدى. خىتاي كادىر كەتكەندىن كېيىن، ئىبراھىم قاسىم يەنە گۈلئايىمنىڭ قەبرە بېشىغا كېلىپ، ئۇزاق - ئۇزاق دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى: «گۈلئايىم بىز ئۇزاققا قالماي كۆرۈشىمىز،سەنسىز بۇ دۇنيادا ياشاشنى خالىمايمەن!» دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

تاڭ خورىزى چىللاشقا باشلىغان ئىدى. ئىبراھىم قاسىم: «باشقىلار مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىمنى كۆرۈپ قالمىسۇن؟» دېگەننى ئويلاپ، قەبرىستانلىقتىن ئايرىلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئاتا - ئانىسى تېخىچە ئويغانمىغان بولۇپ، ئۆيلەرگە چىراق يېقىلمىغان ئىدى. ئۇ باغ تەرەپتىن ھويلىغا، ئاندىن تىۋىش چىقارماستىن ئاستا ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ، ئۇخلاپ ئارام ئالماقچى بولغان ئىدى. ئەمما ئۇ زادىلا ئۇيقۇ تاپالمىدى. بىر تەرەپتىن گۈلئايىمنىڭ خۇددى ئۇنىڭغا تارتىشىپ قاراپ تۇرغاندەك ھالەتتىكى جەسىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋالسا، يەنە بىر تەرەپتىن كەنت سېكرېتارىنىڭ تۈنۈگۈن: «ئىبراھىم، لاگېرغا بېرىش جەدۋىلىڭ تەييار قىلىپ قويۇلدى. ئۇنى ئېلىۋالغىن، دەرھال لاگېرغا تەربىيەلىنىشكە مېڭىشىڭ كېرەك!» دېگەن گېپى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ، ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپ، ئارامىنى بۇزىۋاتاتتى. بۇ بىر «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك ئىش بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئۇيان ئۇرۇلۇپ، بۇيان ئۇرۇلۇپ قانچىلىك ۋاقىتتا ئۆتتىكى بىر ۋاقىتتا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇخلاپ قالغان ئىدى.

تاڭ ئېتىپ، چاشكا ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ: ئوغلۇم، ئورنۇڭدىن تۇرغىن! چېيىڭنى ئىچىۋال، ناشتا قىلىۋال! - دەپ، توۋلىغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ، ئانىسىغا قارىدى. ئانىسى ئۇنىڭغا: ئوغلۇم تۈنۈگۈن نەگە بارغان ئىدىڭ؟ كەچكىچە ساقلىدۇق، كەلمىدىڭ؟ بىز بەكمۇ ئەندىشە قىلىپ كەتتۇق - دەپ،

ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىغا زەڭسېلىپ قارىماقتا ئىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆزىدىكى سولغۇنلۇق ئالامىتىدىن بىرەر نەرسىنى سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، غاچچىدە ئورنىدىن تۇرىدى ـ دە، ھويلىغا چىقىپ يۈزىنى يۇيۇۋالغاندىن كېيىن، چوڭ ئۆيگە چىقىپ ناشتا قىلدى. ناشتىلىق ئارىلىقىدا ئانىسى ئۇنىڭغا گۈلئايىمنىڭ ۋەقەسىنى سۆزلەپ بېرىپ كۆز يېشى قىلدى. ئىبراھىم قاسىممۇ ئىختىيار ھالدا ئانىسىنىڭ گېپىگە قېتىلىپ، مۇنداق دەپ سالدى: ئانا، يىغلىما! گۈلئايىم ئۆلۈۋېلىپ توغرا قىلدى. ئەگەر ئۇ ئۆلىۋالمىغان بولسا، ئىپپەت ـ نومۇسى بۇلغىنىپ، مۇھەببىتىگە خىيانەت قىلغان بولاتتى. ئەمدى ئۇ مۇھەببىتىگە سادىق، ۋاپادارلارنىڭ گۈل تاجىسى بولدى. ئۇ ـ ئۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ. ئىبراھىم قاسىمنىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ بۇنداق شائىرانە گەپىنى قىلالىغىنىغا ھەيران قېلىپ ئۇنىڭغا قارىدى ۋە مۇنداق دېدى: ئوغلۇم، بولدى قىل! ئۇنداق گەپنى قىلما، ھازىر ھېچكىم ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىر ئىشنى قىلالمايدۇ، ھۆكۈمەت ھازىر قىز ـ يىگىت، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىغىمۇ چاڭگال سېلىشقا باشلىدى. كىم ـ كىمنى ياخشى كۆرىدۇ، كىم ـ كىم بىلەن توي قىلىشنى خالايدۇ؟ ئۇنداق ئىشلارغا قىلچىلىكمۇ ئېتىبار قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھازىرقى بۇ سىياسىتى ـ ھەممە نېمىگە چات كىرىۋېلىپ، بىزنى مىدىر ـ سىدىر قىلالماس قىلىپ قويماقتا! ياشاش ئىمكانىيىتىمىز قالمايۋاتىدۇ! ھازىر بىز بۆرىلەر سۈرۈپ قوغلايدىغان پادىغا ئايلىنىپ قالدۇق ئوغلۇم! ئەمدى سەنمۇ باشقا خىياللارنى قىلما،ئوغلۇم! ئۆز ئىشىڭغا كۆڭۈل بۆلگىن! بالدۇرراق كەنتكە بېرىپ، ئۆزۈڭنىڭ لاگېرغا تەربىيەلىنىشكە بارىدىغان ئىشىڭنى بىر تەرەپ قىلىۋەتكىن، سەن ئۇ ئىشتىن ئەمدى قېچىپ قۇتۇلالمايسەن!

ئىبراھىم قاسىم ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە باشقا بىر نەرسە دېيىشنى خالىمىدى ـ دە، ئاستا ئۆيدىن چىقىپ، كەنت ئىشخانىسىغا يېتىپ كەلدى. ئىشخانىدا ئۆزى بىلەن

تەڭ دېمەتلىك ئۇن تۆت نەپەر بالا تۇراتتى. ئوتتۇرا بوي، سېمىزراق كەلگەن بىر ئۇيغۇر كادىر ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ ئىبراھىم قاسىم ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىن سۆزىنى توختىتىپ، ئۇنىڭ ئىسىم فامىلىسى، ئاتا -ئانىسىنىڭ كىملىكىنى سورىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قايتىدىن چۈشەندۈرۈش بېرىشكە باشلىدى: ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ ياشلار مۇقىملىق ساقلاش كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن 2 يىلدىن - 5 يىلغىچە بولغان كەسپىي قايتا تەربىيەلىنىشنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىكەن. ئەگەر بۇنى قوبۇل قىلمىغاندا، ئۇلارنىڭ بېشىغا ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر جازالار كېلىدىكەن. ئۇ كادىر ئىبراھىم قاسىمغا چۈشەندۈرۈشنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىر تالدىن جەدۋەل تارقىتىپ، ياشلارغا بىردىن - بىردىن قول قويغۇزۇشقا باشلىدى.ئۇنىڭغا ھېچكىم قارشى چىقمايۋاتاتتى. ھەممە ياشلار بىردەك ئۇنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېيتىشىپ، جەدۋەلگە ئىمزا قويۇشتى. ئاخىرىدا ئۇلارغا ئۆيلىرىگە قايتىپ بېرىپ، كىيىم -كېچەك ۋە يوتقان -كۆرپىلىرىنى تەييارلاپ كېلىش ئۈچۈن كەچكىچە ۋاقىت بېرىلدى.

ئىبراھىم قاسىم ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئانىسى تاماق ئېتىپ ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرغان ئىكەن. بۇ تاماقتىن بىر قاچا يەپلا، ئانىسىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ چارچاپ كەتكەنلىكىنى، بالدۇرراق ئۇخلىغۇسى بارلىقىنى ئېيتىپ، ياتاق ئۆيىگە قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ بېشى قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. كاللىسى ئىرماش - چىرماش خىياللارغا تولۇپ كەتكەن ئىدى. خىيالىغا بىردەم گۈلئايىمنىڭ جەسىتىنىڭ ئۇنىڭغا تارتىشىۋاتقاندەك ھالىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. يەنە بىردە بولسا، يېزا مەركىزىنىڭ ئىشخانىسىدا مۇقىملىقنى ساقلاش كادىرلىرىنىڭ ئۇلارغا دېگەن: «2يىلدىن 5 يىلغىچە تەربىيەلىنىشنى قوبۇل قىلىسىلەر» دېگەن گېپى كاللىسىنى قوچىماقتا ئىدى. ئۇ زادىلا ئۇيقۇ تاپالمىدى. بىردەم ئۇ تەرەپكە ئۆرۈلەتتى، بىردەم بۇ تەرەپكە ئۆرۈلەتتى. قانداق ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغاندىكىن ئۇ

ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىر ۋاقىتتا يەنە كۆرگەن چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى: ئۇ قولىغا كويزا، پۇتىغا ئىشكەل سېلىنغان ۋە بېشىغا قارا خالتا كۆيدۈرۈلگەن ھالەتتە ئېلىپ كېتىلىۋاتاتتى. ئىككى ساقچى ئۇنى دۈمبىسىدىن ئىتتىرگەنچە ھەيدەپ، بىر يەر ئاستى كامېرغا ئەكىرىپ، ئاق خالات كىيىۋالغان ئىككى دوختۇرغا تاپشۇرۇپ بېرىشتى ــ دە، ئۇلارغا: ئۇ تېخى ئۇن توققۇز ياشلىق يىگىت، ئۇنىڭ جىگىرىنى ئالامسىلەر؟ ياكى بۆرىكىنى ئالامسىلەر؟ سېتىۋالماقچى بولغان كىشىلەرگە قايسى نېمىسى لازىم بولسا، شۇنى ئېلىۋالساڭلار بولىدۇ ــ دەپ، چىقىپ كېتىشتى.

ئۇ ئىككى دوختۇر بىردەمدىلا پىچاق ــ قايچىلارنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، جىگىرىنى كېسىپ ئېلىشقا باشلىدى. ئىبراھىم قاسىمنىڭ جىگىرىگە پىچاق تېگىشى بىلەن تەڭ ئاغرىق ئازابىنى ھېس قىلدى ــ دە، ۋارقىرىغانچە ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ چىلىق ــ چىلىق تەرىگە چۆمۈلۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ بېقىنى تەرەپ قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ جىگىرىم بارمىدۇ ــ يوقمىدۇ؟ ــ دەپ، بېقىنىنى تۇتۇپ باقتى. جىگىرى باردەك قىلاتتى، ئەمما قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ قاتتىق ئويغا چۆكۈپ كەتتى: «ھەي، ئىش چاتاق ئىكەندە، ئۇلارنىڭ مېنى لاگېرغا سولاشتىكى مەقسىتى ــ مېنىڭ ئىچكى ئەزايىمنى ئېلىۋېلىشى ئىكەندە، كەنت كادىرلىرى ئۇ يەرنى مەكتەپ دەۋاتاتتىغۇ؟ ئەمما ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك مەكتەپ بولسا، ئادەمنى نېمىشقا ساقچى تۇتۇپ ئاپىرىدۇ؟ ئۇ يەردە دوختۇرلار نېمىشقا ئادەمنى ئوپېراتسىيە قىلىدۇ؟ ئۇلار ئادەم ئورگانلىرىنى ئېلىۋېلىپ، باشقىلارغا ساتامدۇ نېمە؟ ئەگەر ھەقىقەتەن شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ «كەسىپي قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»گە بېرىشىم ــ ئۆز ــ ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك بولامدۇ؟ مەن بىر قۇربانلىق قوي بولۇپ قالغان بولامدىمەن؟ ھەرگىزمۇ قايتا تەربىيەلەش لاگېرىغا بارمايمەن! ئەمما قانداق قىلىشىم كېرەك؟ قېچىپ كېتەيمۇ ــ يا؟ ياق، ئۇنداق قىلىشىمغا بولمايدۇ!

مەن گۈلئايىمنىڭ قەبرىسىنى يالغۇز تاشلاپ قويالمايمەن! مېنىڭ جىسمىمۇ، روھىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشى كېرەك»!

ئۇنىڭ خىيالى بىر باشقا چىقمايۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ كاللىسىغا شەيتان كىرىۋالدى. شەيتان ئۇنىڭغا: «ھەي، ئەخمەق، سەن بۇ ھۆكۈمەت قۇرغان لاگېرغا بارمىغىن، ئەگەر بارساڭ ئۆزۈڭنى - ئۆزۈڭ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بولىسەن، ئۇلار سېنى خۇددى قۇربانلىق قوينى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلايدۇ -دە، ئىچكى ئەزالىرىڭنى ئېلىۋالىدۇ. دۈشمەنلىرىڭگە بۇنداقلا جاننى سېلىپ بەرگىنىڭدىن، ئۆلىۋالغىنىڭ ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ سېنى ئۇ دۇنيادا ئاشىقىڭ گۈلئايىم كۈتىۋاتسا؟ ئۇنىڭ يېنىغا كەتكىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟»

ئىبراھىم قاسىم شەيتاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىككى قولى بىلەن كاللىسىنى تۇتۇپ، كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۇنىڭ بېشى شۇ قەدەر قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، شەيتاندىن يەنە مۇنداق ئاۋاز كەلدى: «ئىبراھىم ئۆلۈۋال، ئۆلۈۋال! بۇ سېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تاللىشىڭ، ئۆلىۋالساڭلار ھەممە نېمىدىن قۇتۇلىسەن، بولمىسا سەن بەربىر ئۆلتۈرۈلىسەن! ھازىر ئورگانلىرى كېرەكتىن چىققان نەچچە ئادەم ئىشتىھا بىلەن سېنىڭ ئورگانلىرىڭنى سېتىۋېلىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا، بولدى قىل! ئۇ دۇنياغا كەم ئورگانلىرىڭ بىلەن بارساڭ، گۈلئايىمغا نېمە دەيسەن؟ ئۇنىڭدىن ھازىرلا ئۆلىۋالغىنىڭ ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ ئۆلۈۋال، ئۆلۈۋال!»

ئاخىرى ئىبراھىم قاسىم ئەس - ھۇشىنى يوقاتتى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىشىكنى ئاۋاز چىقارماستىن ئېچىپ،ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن قازناق ئۆيگە كىرىپ، بىر ئارغامچىنى ئېلىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئۆيى لاي تامدىن ياسالغان ياغاچ ۋاسىلىق ئۆي بولغاچقا، ئارغامچىنى ئاسانلا ۋاسىغا چېتىپ باغلىغىلى بولاتتى. ئۇ بىر ئورۇندۇقنى قويۇپ ئۈستىگە چىقىپ، ئارغامچىنى ۋاسىغا باغلىدى. ئاندىن يەنە بىر ئۇچىنىمۇ باغلاپ، كاللىسى پاتقۇدەك ھالەتتە بىر يۇمىلاق چەمبەردەك قىلىپ

تۇگۇۋالدى. ئۇ شۇ چاغدا يەنە ئىككىلىنىپ، مۇشۇنداق ئۆلۈۋالسام توغرا بولارمۇ؟ ئاتا ـ ئانام نېمە بولۇپ كېتەر؟ ـ دەپ ئويلاپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئەمما، شۇ چاغدا يەنە شەيتاندىن ئاۋاز كەلدى: «ئىبراھىم، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ ئۆلۈۋال، ئۆلۈۋال! ئۆلۈۋېلىشلار سېنىڭ قۇتۇلۇش يولۇڭ!» ئۇ ئەمدى تاقەت قىلالمىدى. بوينىنى ئاغامچىغا ئىلدى ـ دە، پۇتىدىكى ئورۇندۇقنى تېپىپ ئىتتىرىۋەتتى. ئۇ بىر دەقىقىنىڭ ئىچىدىلا خىقىراپ قالدى. ئۇ بۇ رەھىمسىز دۇنيا بىلەن خوشلاشقان ئىدى.